ئالتۇنگۈل رەجەپ

# ئاق ۋە قارا





مىللەتلەر نەشرىياتى



ئالتۇنگۈل رەجەپ

# ئاق ۋە قارا

(رومان)



مىللەتلەر نەشرىياتى



ئالتۇنگۈل رەجەپ

Altungul Rejep

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

خەتتات: مۇھەممەتئابدۇللا نۇرمۇھەممەد



ISBN 978-7-105-13920-0

定价：35.00 元

扫一扫获得更多资讯

# نەشرىياتتىن

ئالتۇنگۈل رەجەپ 1968 - يىلى 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيەسىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1987 - يىلى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن ۋە خوتەن ناھىيەسىدە ئىككى يىل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1990 - يىلدىن 2014 - يىلغىچە خوتەن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدە سوتچى بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك ئەدلىيە ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇ 1986 - يىلى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «زەنجىرى ئۈزۈلگەن مېداليون» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن بۇيان «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «يېڭى قاشتېشى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئۇنىڭ «قارا رەڭلىك كادىلاك»، «قىش يامغۇرى»، «قىرىق ياشلىق ئايال» قاتارلىق پوۋېستى ۋە «جۇمە سەھرا»، «ئەزىمەت»، «ئۇيقۇسىز كېچە»، «ئاق سېپىل دوقمۇشى»، «غورتەك» قاتارلىق 50 پارچىگە يېقىن ھېكايىسى ئېلان قىلىنغان. «زۇمرەتتەك زۇمرەت» ناملىق ھېكايىسى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك «ئالتۇن چاغ» مۇكاپاتىغا، «قارا رەڭلىك كادىلاك» ناملىق پوۋېستى «تارىم»ژۇرنىلىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

1998 - يىلى، ئۇنىڭ «يېنىڭىزدا مەن بار» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 1998 - يىلىدىن باشلاپ ئۇ سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. «ئەيىب بىزدە

ئەمەس» ناملىق ئېپوتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن قۇربان ھېيتلىق سەنئەت كېچىلىكىدە ئوينالغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇنىڭغا يېقىن ئېپوتى ھەر دەرىجىلىك ئۆمەكلەر تەرىپىدىن ئوينىلىپ تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. 2012 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «بېشى ئۈزۈلگەن ۋېناس ھەيكىلى» ناملىق پوۋېست ـ ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان. 2012 ـ يىلى يەنە شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن «قىرىق ياشلىق ئايال» ناملىق پوۋېست ـ ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان.

ئالتۇنگۈل رەجەپ 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «تۆھپىكار ئايال ئەدىب» بولۇپ باھالانغان. 2007 ـ يىل 5 ـ ئايدا «تارىم» ژۇرنىلى تەرىپىدىن «تۆھپىكار ئەدىب» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

يازغۇچى ئالتۇنگۈل رەجەپنىڭ «ئاق ۋە قارا» ناملىق رومانىدا زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ ئەخلاق مەسىلىسىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى قەلەم ئوبيېكتى قىلىنغان بولۇپ، رېئال تۇرمۇشنىڭ رەڭگارەڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن كۆرە ئىنسان پسىخىكىسىنىڭ مۇرەككەپ، نازۇك قاتلاملىرىدىن چىقىپ، مۇھەببەت، ئائىلە، ئەخلاق ۋە مەسئۇلىيەت ھەققىدە چوڭقۇر مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزۈلگەن. رومانىدا ۋەقەلىكتىن بەكرەك پېرسوناژنىڭ ئىچكى تۇيغۇسى ئاساسىي بايان ئوبيېكتى قىلىنغاچقا، پەردازلانغان، قۇراشتۇرۇلغان سۈنئىي رېئاللىقتىن خالىي ھالدا ئىنسانىنىڭ ئاجايىباتقا تولغان خىيالىي دۇنياسى ئارقىلىق رېئاللىقتىنمۇ كەڭرى، تۇرمۇشتىنمۇ مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك تۇيغۇ دۇنياسى سەنئەت يۈكسەكلىكىدە نامايان قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئەنئەنىۋى ئادەت، ئەخلاق بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ باسىلىدا تېپىرلاۋاتقان ئاياللارنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسى ئارقىلىق ئائىلە بىلەن مۇھەببەت ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن تاللاشتا، ئەخلاق ۋە ئېتىقاد نۇقتىسىدىن چىقىپ، نېمىنىڭ ئىنسانغا ئەڭ مۇھىملىقى ھېس قىلدۇرۇلىدۇ. ئىنسانىنىڭ پىنھان تۇيغۇلىرىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان مۇھەببەت ھېسسىياتى كۆڭۈللەرنىڭ پەردە كۆۋەجەپ دولقۇن كۆتۈرسە، مەۋجۇت رېئاللىقنىڭ چەكلىمىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقىتىدۇ. ئەسەر قەھرىمانى لەيلى رېئال

تۇرمۇشتا ھەممە ھۆرمەتلەيدىغان، ھەممە ئەيمىنىدىغان، ئائىلە ۋە ئەخلاقنىڭ ئۆلگىسى سۈپىتىدىكى پېرسوناژ بولۇپ، ئۇزۇن يىللار ئۇنىڭ ئىچىدە تىنىپ، تولۇپ كەتكەن مۇھەببەت ھېسسىياتى كۈنلەرنىڭ بىر يەردە پارتلاپ تېشىغا تېپىدۇ. ئۇنىڭ تىنچ دۇنياسى، تۇرمۇشى، خىيالى... ھەممىسى ئۆزگىرىدۇ. رېئاللىق بىلەن تۇيغۇ دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كۈرەشتە قايسى يولنى تاللاش ئەلۋەتتە ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق. ئەسەردە ئىنسان پسىخىكىسىنىڭ ئىچكى قاتلاملىرى چوڭقۇر قېزىلىپ، ئىككى خىل تۇيغۇ ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن مۇنازىرىلەر ئارقىلىق مۇرەككەپلىككە تولغان ئىنسان تەبىئىتى ئىپادە قىلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئەسەردە يەنە رېئال تۇرمۇشىمىزدىكى نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگىمۇ تېگىشلىك ئورۇن بېرىلگەن بولۇپ، زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ ئەخلاق، تۇرمۇش قاراشلىرىغا چوڭ بىر سوئال تاشلانغان. ئەسەرنىڭ تىلى يېنىك، شېئىرىي تىل بىلەن نەسرىي تىل جانلىق بىرلەشتۈرۈلۈش ئارقىلىق جەلپكارلىقى تېخىمۇ ئاشۇرۇلغان. ئەسەرنىڭ تېمىسىدىكى رەڭدارلىق، كەڭلىك، قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىچىلىك ئوقۇرمەنلەرگە يېڭى بىر ئېستېتىك دۇنيانى بەخش ئەتكۈسى.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب .......................... 1
ئىككىنچى باب ........................ 24
ئۈچىنچى باب ......................... 68
تۆتىنچى باب ......................... 95
بەشىنچى باب ........................ 110
ئالتىنچى باب ....................... 129
يەتتىنچى باب ....................... 154
سەككىزىنچى باب ................... 214
توققۇزىنچى باب..................... 264
ئونىنچى باب ........................ 292
ئون بىرىنچى باب ................... 346
ئون ئىككىنچى باب .................. 372
ئون ئۈچىنچى باب ................... 383
ئون تۆتىنچى باب ................... 400

# بىرىنچى باب

سىرتتا يامغۇر يېغىپ تۇرغىنى راست، دېمەكچى بولغىنىم ئۇمۇ مەندەك يىغلاۋاتقان تەبىئەتنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۆيەمدىغاندۇ؟ ئۇ چاغدا تېخى بۇنى بىلمەيتتىم... شۇنداق، بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئايرودرومنىڭ سالقىن كۈتۈش زالىدا ساقلاپ تۇرغاندا دۇنيادا تېخى مۇنداق بىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھەم ئۇنىڭمۇ مەندەك يامغۇرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتىم... قارا رەڭلىك چامادانىم غالتەكلىك يۈك ھارۋىسىدا ئىدى. قەمىس ياغلىقىم تۇرمەكلەنگەن سۇمبۇل چاچلىرىمنى ئوراپ، قاپقارا مۇز يىپەك كۆڭلىكىم ئۇششۇقۇمنى سۆيۈپ تۇراتتى. تىللا ئۈزۈكلەر سىقىپ تۇرغان بارماقلىرىم بىلەن غالتەكلىك ھارۋىنىڭ مۇزدەك سوغۇق پولات تۇتقۇچىنى تۇتۇپ يېنىك ئىتتىرىپ بىخەتەر ئۆتۈش ئىشىكىگە يېقىنلاشقاندا، سائەتنىڭ 14 تىن 45 مىنۇت ئۆتكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ياكى كېيىن ئەمەس، دەل شۇ ۋاقىتتا كۈتۈش زالىنىڭ ئايلانما ئىشىكىدىن چاقلىق ئورۇندۇقتا قىيپاش قاراپ ئولتۇرغان ھاۋا رەڭ كۆڭلەكلىك بىر ئايالنى ئىتتىرىپ زالغا كىرگەن بىرىگە لاپپىدە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى... زال ئىچىدە قانچىلىك ۋاقىت چاقماق چېقىلغىنىنى بىلمەيمەن، ئاياغلىرىم ئاستىدىكى چاقچۇقلارغا توك قويۇۋەتكەندەك پۈتۈن بەدىنىم يېنىك سىلكىندى. قارا رەڭلىك خىرۇستال كۆزەينىكىمنى قاچانلاردا كۆزۈمدىن يۇلۇپ ئېلىۋەتكىنىم ئېسىمدە

يوق، قارىچۇقلىرىمنى چاقىقان چاقماقتا كۆزەينەكنىڭ چىقىل-مىغىنىغا ھەيرانمەن... زال بوران سوققان غايەت زور قۇش چاڭگىسىدەك سىلكىنىپ كەتتى...

— ھاجى خېنىم يول بەرسىلە.

يوچۇن بىرىنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمدىن ئۇچۇپ ئۆتتى. چۆ-چۇپ يېنىمغا قارىدىم، ئۆتۈش يولىنى توسۇپ، ئۆچرەتتىن چىقىپ كېتىپتىمەن، دەررۇ سەپ ئىچىگە كىردىم. تېخىچە ئېسىمگە كېلەلمەيۋاتاتتىم، كۆزلىرىم ئۇنى ئىزدەيتتى، ئەزبىرا-يى، ئەمدى ئۇنى يەنە كۆرەلمىسەم، قىيامىتىم مۇشۇ دۇنيادا بو-لىدىغانلىقى ئېنىق. ئۇنىڭ بويى ئوتتۇرا ھال، ئۆڭى قارىمۇتۇق ئىدى، ئەت رەڭگە مايىل سۇس سىزىقلىق مايكىسىنىڭ ئۇچ بۇرجەك ياقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان چىرايلىق بوغدىيەكلىرى توخۇ ئەت بولۇپ، ساقاللىرى پاكىز، پېشانىسى كەڭ ئىدى، بەلكىم ئالدى چاچلىرى چۈشۈپ كەتكەندۇ ۋە ياكى ئانىسى ئۇنى ئاشۇنداق پېشانىسى كەڭ تۇغقاندۇ. قاپاقلىرى سەل ئىششىغان، قارىچۇقلىرى تۇم قارا ئىدى. دەقىقە ئىچىدە قارىچۇقلىرىمنىڭ سىپىرىسىز چاستوتىسى ئۇنى شۇنچىلىك ئېنىق سۈرەتكە ئېلە-ۋالدىكى، قەلبىمگە ئورناشقان بۇ سۆيۈملۈك سىما ۋۇجۇد — ۋۇجۇدلىرىمنى زىلزىلىگە سېلىشقا باشلىدى. ئۇ ھاۋا رەڭ كۆڭ-لەكلىك خېنىم ئولتۇرغان ھارۋىنى ئىتتىرىپ، يېنىمدىنلا ئۆ-تۈپ كەتتى، ئارىلىقىمىز شۇنچىلىك يېقىن ئىدىكى، ئۇ ئۇدۇل ئالدىغا قارىغىنىچە ئىككى يېقىغا زىنھار قاراپ سالماي ئاجايىپ چاققانلىق بىلەن گويا شامالدەك تېز ئۆتۈپ كەتتى... ئوتتەك بىر ئېقىم، ئىسسىق بىر نەپەس تېخى ئۇ كېسىپ ئۆتكەن بوش-لۇققا سىڭىپ ئۈلگۈرمىدى... مەن ئالدىمغا نەچچە قەدەم سىل-جىسامىلا لەيلەپ تۇرغان ئۇ پۇراقلارنى سۈمۈرۈپ ئالالايتتىم، جۈرئەتسىز بولمىسام ئۇنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ، بىرەر باھا-نە بىلەن كىم ئىكەنلىكىنى، نەگە بارىدىغانلىقىنى بولسىمۇ

سورىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولار ئىدىم، بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قېتىمقى ئۇچۇشتىن قېپقېلىپ، ھەتتا 100 قېتىم قېپقېلىپ، 100 بې-لەت ئالماشتۇرساممۇ ئەرزىيتتى. ئەپسۇس، بۇ ئۇنتۇلغۇسىز سىما، سۆيۈملۈك يوچۇن گەۋدە بىر ئەگىمىدىن ئۆتۈپلا كۆزۈم-دىن غايىب بولغاندا چەكلىك كۆز نۇرۇم ئۇنى قوغلاپ ئۈلگۈر-مىدى، چەكسىز تەلپۈنۈشلىرىم ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىشەلمىدى... ئۇنى ئادەملەر توپى ئىچىدىن رېنتىگېن نۇرىدەك پەرق ئېتەلەيدىغىنىم ئېنىق بولسىمۇ، كۆز ئالدىمدىن شۇنچى-لىك تېز يوقىتىپ قويغىنىمغا ئۆكۈندۈم. يىغلاشنى ئۇنتۇپ قالغان كۆز چاناقلىرىمغا مۆللىدە ياش كەلدى، ئىچىمدە قايسى-دۇر بىر ئەزايىم تېشىلىپ قانىغاندەك شۇرۇدە ئاققان ئاچچىق بىر ئېقىم يۈرىكىمنى قوروۋ، ئىنتىزار قارىچۇقلىرىم زال ئى-چىدىن ئۇنى ئىزدەشكە باشلىدى... ئارىدىن يېرىم ئەسىر، ياق بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەندەك بىلىندى... خا-سىيەتلىك نۇر زالنى ۋال قىلىپ يەنە بىر قېتىم يورۇتقاندا، مۇجۇپ تۇرغان ھىجراننىڭ چاڭگىلىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتىم، كۆزئالدىم يەنە بىر قېتىم يوپيورۇق يورۇپ كەتتى. بەلكىم مې-ڭەمدە ئىككىنچى قېتىم چاقماق چېقىلدى. ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدىم. ئۇ تازىلىق ئۆيى تەرەپتىن ئايال ئولتۇرغان چاق-لىق ھارۋىنى ئىتتىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ سەل ئېڭىشىپ تۇرۇپ ھاۋا رەڭ كۆڭلەكلىك ئۇ ئايالغا قىيسىيىپ، ئوڭ قولىقىغا قو-لىنى دالدا قىلىپ نېمىدۇر بىرنېمىلەرنى دېۋىدى، ئايالنىڭ قې-نى قاچقان سولغۇن يۈزلىرىدە كۆلكىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر ئىپادە كۆرۈلۈپ، قارىمۇتۇق تېرىلىرى تارتىشىپ كەتتى، ئاندىن ئۇ ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ھارۋىنى ئىتتىرىپ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. مانا شۇ چاغدا كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ ئاشۇ تاپتىكى ھالىتى ئۆلسەممۇ قارىچۇقلىرىمدا قېتىپ قالار ئىدى. ئۇ دەسلەپ سەل مەڭدىدى، ئاندىن كۆزلىرىدىن

سەندەلدىكى قىپقىزىل چوغلانغان تۆمۈردىن چاچرىغاندەك ئوت چاچرىدى، ئۇچقۇن ئۇدۇل كېلىپ يۈرىكىمگە چېچىلغاندەك تۇ-يۇلدى، كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم، يۇمۇلۇپ قالدىمۇ، يۇمۇۋالدىمۇ ئۇنىمۇ بىلمىدىم... مەن يۇمۇلغان قارىچۇقلىرىمنى ئاچقۇچە ئۇ دەررۇ كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قاچتى. لېكىن زارىققان قارىچۇقلىرىم ئەمدى ئۇنىڭغا لازىر نۇرىدەك سانجىلىپ تۇرغاچ-قا، ئاخىرى ئۇ نەزەرىنى ماڭا قايتا ئاغدۇرۇپ، سايىلىغا سەدىقە بەرگەندەك بېشىنى سۇس لىڭشىتىپ قويدى. لېكىن چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈنمىدى. چاقلىق ھارۋىدىكىسى ئۇنىڭ يا ئاچىسى، يا سىڭلىسى بولۇشى مۇمكىن، مەيلى كىم بولسۇن، ئۇ ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ ئايالنىڭ ئۇنىڭ خوتۇنى بولۇش ئېھتىماللىقىنى مۇتلەق چەتكە قاققىنىمنى ئىنكار قىلالمايمەن. نىھايەت، ئىككىنچى رەت ئۇ ماڭا نەزەر كۆ-زىنى تاشلاپ قويمىدى، مۇتلەق تاشلىمىدى... تېخى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كەينىنى قىلىپ تۇردى.

شۇ چاغدا كاللامغا توساتتىن بىر ئەخمىقانە خىيال كىرىپ قالدى. ئۆمرۈم بويى بۇنداق شېرىن، بۇنداق رەزىل، لېكىن شۇنچىلىك راست ھەم لەززەتلىك خىيال قىلىپ باقمىغىنىمغا قەسەم قىلىپ بېرەلەيتتىم. خىيال بولار، بۇنىڭدەك قاباھەت-لىك، ئەمما تاتلىق بولماس... ئىلاھىم، قۇدرىتىڭ چەكسىز، ئا-لىقىنىڭنى قىمىرلىتىپلا قويساڭ ياكى چۈشكۈرۈپ قويساڭمۇ ئىش پۈتەتتى. مەن دەسسەپ تۇرغان مۇشۇ زالنى تەۋرەت! زې-مىننى تەۋرىتىش سېنىڭ ئىلكىڭدىكى ئىش، ئەلۋەتتە مېنىڭ ئۈنى بۇگۇن مۇشۇ يەردە ئۇچرىتىپ قالغىنىم ھەم سېنىڭ ئىل-كىڭدە بولغىنىدەك، دۇنيانىڭ خاسىيەتلىك ئىشلىرى تاساد-پىيلىق ئىچىدە بولىدۇ... زال گۈمۈرۈلۈپ يىقىلسۇن، پۈتۈن ئادەملەر قاچ ـ قاچ بولۇپ ئۇۋۇسىغا سۇ كىرىپ كەتكەن قارا چۈمۈلىدەك ئۆرىتۆپە بولۇپ كەتسۇن، ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى

ھېچكىمگە ئاغدۇرما، بىر ـ بىرىنى ماگنىتتەك تارتىشىپ، بىر-بىرىگە زەنجىردەك چېتىلىپ كەتكەن، يىلىمدەك شىلىم-شىق، پاخپاق چاچقا چاپلاشقان بۇدۇشقاقتەك ئاشۇ نەزەرلىرىنى بىر ـ بىرىگە زىنھار ئاغدۇرمىغىن، بولۇپمۇ مەن ۋە ئۇنىڭغا! ھەممىگە جان تاتلىق بولۇپ كەتسۇنكى، مەن شۇ چاغدىلا يۈگۈ-رۈپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىۋالىشىم، ئۇنىڭغا بەكمۇ يېقىن تۇرۇ-ۋالىشىم ئۇچۇن تولۇق ئاساسقا ھەم گۇمانسىز سەۋەبكە ئېرىد-شەلىشىم مۇمكىن. بەلكىم ئۇ ئەڭ ئاۋۋال ھاۋا رەڭ كۆكلەكلىك خېنىمنى ھارۋىسىدىن يۇلۇپ ئالغىنىچە باغرىغا بېسىپ، ھاياد-لىقى ئۇچۇن ئىمكان ئىزدەر... ۋەياكى شۇ ھالدا بۇنداق قىلىش-نىڭمۇ ئىمكانى بولماس، مۇتلەق بولماس، چۇنكى، ئۇنىڭ باش-قىلارنىڭ ئۆلەر ـ تىرىلىشى بىلەن كارى يوق، پالاكەتتىن قا-چىدىغان قورقۇنچاقلاردىن ئەمەسلىكىگە مانا مەن ھۆددە قىلالاي-مەن. بەلكىم ئۇ چاقلىق ھارۋا ئۇستىگە قالقان بولۇپ يېتى-ۋالار... يېنىدا قەمىس ياغلىقلىق بىر ئايالنىڭ جان ـ پېنى چىقىپ، ئۆزىدىن ھىمايە تىلەپ لاغىلداپ تىترەپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئۇلگۇرەر... ئامال بولمىغاندا قۇتقۇزۇڭلار دەپ ۋارقىراش كېرەك، بەلكىم بۇنداق ۋارقىراشمۇ بىھاجەتتۇر، چۇنكى، ئۇنىڭ كۆچلۈك ئەرلىك تۇيغۇسى يېنىدىكى قەمىس ياغلىقلىق ئايالنى يۇراپ ئۇلگۇرەر، بېلىدىن تارتىمىسىمۇ بىلىكىدىن تارتىپ ئۇنىد-مۇ يېنىغا، ياق، باغرىغا بېسىپ ھىماتى ئاستىغا ئالار، ھەتتا ئىككى بىلىكى بىلەن يوغان بېتون لىمنى تىرەپ تۇرۇپ «قورقماڭلار، يېنىڭلاردا مەن بار» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرار... قەلد-بىمگە قەندەك تاتلىق، ھەسەلدەك شېرىن بىر سېزىم ئېقىپ كىردى...

ۋۇجۇدۇمدىكى شۇ تاتلىقلىق تېخى تاراپ كەتمىگەنىدى، قەلبىمدە شۇ شېرىنلىك بۇلۇتتەك لەيلەپ تۇراتتى... كۇتۇش سۇپىسىدىن ئۇچۇش سۇپىسىغا ئۆتىدىغان ئەڭ ئاخىرقى تەكشۈ-

رۇشتە تۇرۇپ قاتتىق ئىككىلىنىپ قالدىم، نەزەر ـ كۆزلىرىم،
پۈتۈن خىيالىم ئۆزۈم ياكى باشقا ھېچكىمدە ئەمەس، پەقەت شۇ-
نىڭدىلا ئىدى. توۋا، مەن ئۇنى ئىسسىق جېنىم بىلەن تىنىپ
تۇرغان پانىي دۇنيادا ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ پەقەت مۇشۇ
بىر قېتىملا كۆرۈپ باقتىم. لېكىن، مەندەك ئادىمىزاتقا قارىتا
جىنس ئۇقۇمى خىرەلەشكەن، ئەر كىشىگە قاراش تۇگۇل ئويلى-
سىمۇ كۆڭلى ئېلىشىپ تۇرىدىغان بىر ئايال ئۈچۈن بۇ ئەرنىڭ
تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت ۋە شۇنچىلىك تېز ئىچىمگە كىرىۋې-
لىپ، يۈرىكىمگە ئورناپ، قەلبىمگە چاپلىشىۋېلىشى؛ پۈتۈن
ئارزۇ، مەقسەت، ھەتتا تىنىق ـ نەپەسلىرىمگىچە ئۆزىگە باغلاپ
سېھىرلىۋېلىشى توۋا دېگۈدەك بىر ئىش... لېكىن مېنىڭ بۇ
روھىي تۇتقۇنلۇقۇم، بەختىيار ئەسىرلىككە پەقەتلا توۋا دېگۈم
كېلىدۇ، قارشى چىققۇم يوقتەك ئىچىمنىڭ بىر يەرلىرى شۇن-
چىلىك تاتلىق جۇغۇلداپ تۇراتتى... بەلكىم ئۇ ھېلىھەم ھاۋا
رەڭ كۆڭلەكلىك خېنىم ئولتۇرغان ھارۋىنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ
زالدا ئۆرە تۇرغاندۇ، ئېھتىمال بەك ھېرىپ كەتكەن بولسا يۆ-
لەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا بىردەم بولسىمۇ ئولتۇرۇۋالغۇسى كەل-
گەندۇ... ياق، چوقۇم بەك ئۇسساپ كەتتى... مىنېرال سۇ ئېلىش
ئۈچۈن پوكەيگە بارغاندۇ... ئۇسساش؟!... بىردىنلا گېلىمنىڭ
قۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم، بوراندەك باستۇرۇپ كەلگەن
قاتتىق چاڭقاش بوغۇزلىرىمنى چاك ـ چاك قۇرۇتتى، (يا بول-
مىسا راستىنلا ئۇسساۋاتسام كېرەك...) بەك ياخشى بولدى...
ھېچبولمىغاندا مىنېرال سۇ ئېلىپ ئىچىشكە مەجبۇر بولىمەن،
خەيرلىك بىر پۇرسەتتە ئۇنىڭ بىلەن پوكەيدە يانمۇيان تۇرۇپ
بوتۇلكىلىق سۇ ئالىمىز، يېنىدا مۇتلەق پارچە پۇل بولماسلىقى
مۇمكىنغۇ... ساتارمەن پارچە پۇللارنى قايتۇرغۇچە، بەلكىم كۆز-
نى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئاجايىپ مۆجىزىلەرنىڭ يۈز بەرمەسلىكى-
گە كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟... چاڭقاش بىراقلا مېڭەمگە تەپتى،

ئۆچرەتتىن غىپپىدە سوغۇرۇلۇپ، توساق ئاراچىلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان سوغۇق ئىچىملىك يايمىسىغا قاراپ ماڭدىم.

— خانىم، ئۆتۈشكە بولمايدۇ.

فورما كىيگەن مۇلازىم قىز قولىلىرىنى ئېلېكترونلۇق قونچاقتەك چۈشۈرۈپ يولۇمنى توسۇۋالدى.

— بەك ئۇسساپ كەتتىم، دىيابېت كېسىلىم بار، سۇ ئىچمىسەم بولمايدۇ، مىنېرال سۇ!... — يالغانغا كۆنۈك ئېغىزىم يالغان دېگەننى شۇنچىلىك كەلتۈرۈپ دەل جايىدا خەجلىدىكى، ئۇ مېنىڭ مۇشۇ تەقۋا ئۇستىبېشىم بىلەن ئۆزىنىڭ تىلىنى شۇنچىلىك توغرا تەلەپپۇز قىلغىنىمغا مەستلىكى كېلىپ، ئۆزىنى باسالماي قولىدىكى ئېغىزىنى ئېچىپ ئۈلگۈرمىگەن بىر بوتۇلكا مىنېرال سۇينى قولۇمغا تۇتقۇزدى. مۇلازىمنىڭ قارا چېكىتتەك كۆزلىرىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارىدىم، لەنەت ساڭا دېدىم ئىچىمدە، ئىشىڭنى قىلىپ سۇيۇڭنى ئۆزۈڭ بىر ئىچسەڭچۇ نايناق! دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە تېتىقسىز، تۇزسىز، مەززىسىز رەھىم - شەپقەت بولماس! غىققىدە بوغۇلۇپ قالدىم، نېمانداق ئاتىكارچى جىنتەك بۇ؟ كىم ئۇنىڭغا سۇيۇڭنى بەر دېدى؟ كىرسەم چىقالمايدىغانغا يا مەن مەھبۇس، يا بۇ تۈرمە ئەمەس. ئىچىم ئەلەمگە لىق تولدى، شۇ چاغدا ھەركىم ماڭا بىر ئېغىز گەپ قىلىشتىن ھەزەر ئەيلىسۇن، پېشىمگە سۇۋۇلۇپ كەتسىمۇ چالۋاقاپ ئاچچىقىمنى شۇنىڭدىن چىقىرىۋېلىشىم ئېنىق ئىدى. كۆك پىتلىقىم، ئۇششۇقلۇقۇم چېكىگە يېتىپ، بۇدۇشقاق چاپلاشقىلى چاچ ئىزدىگەندەك، ئۇسكۇدەك يەر، ئېتىلغۇدەك جاي تاپالماي ئىچىم تۇتۇندەك ئاچچىققا تولۇپ كەتتى... توۋا، سەن خەقنىڭ مۇشۇنداق قىلىپ كېتىشلىرىگە دەيمىنا، ئۇچمىساچۇ قاقىرىڭدا؟ ئۇچۇش - ئۇچماسلىق تامامەن ئۆزۈمنىڭ ئەركىمدىكى ئىشقۇ؟... بىردىنلا قارارىمنى ئۆزگەرتمەكچى بولدۇم، لېكىن ئۇچماسلىق ئۇچۇن ئۆزۈمنى قايىل قىلالايدىغان

سەۋەبلەر ئىچىدە تۇنجۇقۇپ تۇرسامۇ، بۇ ھېچنېمىگە ھېساب ئەمەس، باشقىلارنى قايىل قىلالايدىغان ئاساسىم بولۇشى كېرەك ئىدى... بەلكىم ماڭا جىدديى تېلېفون كېلىپ كەينىمگە قايتىشىم زۆرۈردۇ، ئويلاپ باقاي، كىملەردىن، نېمە دەپ تېلېفون كېلىشى مۇمكىن... ئانىڭىز قەمەر خېنىمنىڭ يۈرەك كېسىلى تۇتتى دەيمۇ؟ ياق، ياشانغانلارغا ئۆلۈم يېقىن بولسىمۇ ئۇ مېنىڭ ئانام! ئۆزۈمنى دەپ بۇنداق شۇم ئىغىزلىق قىلالمايمەن، نېمە ئۈچۈن ئۆزۈم تېرىغان بالاغا ئۆزۈملا ئىگە بولمىغۇدەكمەن؟ تۇيۇقسىز سوقۇر ئۈچىيىم تۇتۇپ قالسۇنمۇ؟ تېخىمۇ چاتاق، بۇ ئالدىپەشلەر جىدديى قۇتقۇزۇشقا دەررۇ تېلېفون قىلىپ، ھايال ئۆتمەي ناسولكىلارنى كۆتۈرۈشكەنلەر شىلانكىلىرىنى بۇرنۇمغا تىقىشىپ، پۈت ـ قولۇمنى يەرگە تەگكۈزمەي ماشىنىسىغا باسىدۇ. قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ ئاۋازى دېگەن بەزىدە ئۆلۈم سىگنالى، ھاۋا رەڭ كۆڭلەكلىك خېنىم ئاڭلىسا كۆڭلى چوقۇم بىئارام بولىدۇ، ئاندىن ئوتنىڭ تېشىدا ئۇ كۆيسە، كۆزلىرىمدە چاقماق چېقىتقان قارا كۆزلۈك ئوت ئىچىدە كۆيىدۇ (قارا ماۋۇ ئالىيجانابلىقىمنى...). ئۆتۈپ كەتكەن قاپاقباشنىڭ خىيالى... ئەمىسە... توختا... باشقىدىن ئامال ئىزدەي! ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان بىردىنبىر نەرسە كىملىكىم! توغرا، ئۇ بولمىسا مەن ئۆزۈمنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى نېمە بىلەن ئىسپاتلايمەن؟ كىملىك دېگەن قاتتىق كارتا، قاتتىق كارتا دېگەن تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشى مۇمكىنغۇ؟...

قولىقىمغا مېنى يوقلىما قىلىپ چاقىرىلغان ئايرودۇرومنىڭ زۇۋۇكىدىكى نوخ ـ نوخ خېنىمنىڭ شامالدەك ئاۋازى نەشتەردەك سانجىلغاندا، ئۆزۈمنىڭ ئاخىرقى كۈتۈش زالىدىكى كاۋچۇك ئورۇندۇقتا خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ قالغىنىمنى كۆرۈپ دىرىلدىگىنىمدە چۆچۈپ كەتتىم. ئورنۇمدىن ئىتتىك تۇرۇپ، يىپەك ئېتەكلىرىمنى تۈزەشتۈردۈم، قارا كۆزەينەكىمنىڭ قاڭ-

شىرىنى كۆتۈرۈپ قويغاچ، ئەتراپقا ئەنسىز قاراپ ئۆلگۈردۈم...
شۇكۇر، ھېچكىمنىڭ نەزەرى مەندە بولماپتۇ، لېكىن مېنىڭ نە-
زەرىم باشقىلاردا ئىدى، زال ئىچىدە ئەمدى ئۇنىڭ سايىسىمۇ
كۆرۈنمەيتتى، كۆزلىرىم كۆرەلمىگىنى بىلەن سايە قەلبىمدە،
مېڭەمدە بۇلۇتتەك لەيلەپ، يۈرىكىمدە چاقماق چېقىپ، ئى-
چىمنى گۈلدۈرلىتىپ تۇراتتى... ئۇچۇش سۈپىسىغا قاراپ ماڭ-
دىم، ھېچنېمە ئىختىيارىمدا ئەمەس ئىدى، بەلكىم تەڭلىك -
تەڭقىسلىقلارغا، زورلاش - مەجبۇرلاشلارغا كۆنۈپ كەتكەن ئى-
تائەتمەن پۇتلىرىم مېنى شۇ ھالدا سۆرەپ كېتىۋاتاتتى...
بوينۇمدىن زەنجىر بىلەن باغلىغاندەك كىرىش تونېلىنىڭ
تۆمۈر ئىشىكىگە دەسسىدىم. شۇ ھامان چىدىغۇسىز
بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچ - تېشىمنى بىراقلا ئورىۋالدى. كۆڭلۈمنىڭ
قانچىلىك يېرىم، ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر بىچارە ھالغا چۈشۈپ
قالغىنىمنى ھېچكىمگە ھېچقانداق تىل بىلەن ئىپادىلەپ
بېرەلمەيتتىم...
بىيجىڭغا ئۇچىدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلان ھاۋاغا كۆتۈرۈل-
دى. لېكىن كۆزۈم كەينىمدە قېپقالدى. ئۇ كىم؟ قانچىنچى قې-
تىملىق ئايروپىلان بىلەن نەگە، نېمە سەۋەبتىن بارماقچى؟ شۇ-
نى بولسىمۇ ئۇتتەك بىلىۋالغۇم بار ئىدى، بىلىۋېلىشقا تامامەن
مۇمكىنچىلىكىممۇ يوق ئەمەس، ئازلا قالغان... لېكىن بىلىشكە
جۈرئىتىم، ئىمكانىم، ئامالىم بولمىدى... تۇۋا، ھاياتىم مۇشۇن-
داق بىلىپ، كۆرۈپ، پۇراپ تۇرۇپمۇ ئېرىشەلمەسلىكنىڭ ئازا-
بىدا، يالقۇنلاپ يانغان ئىستەكلىرىم كۆيۈپ كۈل بولۇشنىڭ
نالە - پەريادى ئىچىدە، قەلبىم ۋىسالسىز ئارمانلارنىڭ قەبرى-
سىگە ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟...
غايەت زور قوغۇشۇن كۆك قەرىنى يېرىپ ئۇچۇۋاتقان مۇ-
شۇ دەقىقە، مېڭەمنى تۇمەنمىڭ سوئاللار قوچۇپ يۈرەتتى... قاي
زامانلاردىن بېرى يوقاتقان ئاياللىق ئىستەكلىرىم بىلەن ئۆلگەن

ۋە ئۆلۈشكە باشلىغان نازۇك، لەۋەن، چۈچۈمەل، لىرىك تۇيغۇ-لىرىمنى زەرەتلەپ ئۆتكەن ھېلىقى قارىمۇتۇق كىشىنىڭ كۆز-لىرىدىن چېقىلغان چاقماق ۋۇجۇدۇمنى سىرقىرىتىپ، قەلبىم-نى چىدىغۇسىز غىدىقلاپ تۇراتتى... تارچۇق بوشلۇقتا ئۇنىڭ ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى ھەريان ئۇچۇپ، مەيلىمنى تارتات-تى. لېكىن، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى مۇتلەق ۋە زىنھار بىلـ-مەيتتىم، مۇشۇ ئۆمرۇمدە ئەمدى ئۇنى ئىككىنچى قېتىم ئۇچ-رىتىپ قالىدىغان شۇنداق بىر ئامەت ـ تەلەي، خەيرلىك پۇرسەت ماڭا نېسىپ بولسا دەيمەن... ھەممە ـ ھەممە نەرسەمنى ئالىقى-نىمغا ئېلىپ دو تىكىشكە مىڭ ـ مىڭ قەسەملەرنى قىلاتتىم...

قارا كۆزەينەك توسۇپ تۇرغان كىرپىكلىرىمدە ھەسرەتلىك بىر ئارمان تىترەپ، كۆزۈمنى يۇمساملا ئىسسىق ياشلىرىم مەڭزىمگە دومىلايتتى. «كۇلۇشنى بىلمىگەن بىر بەختسىز بول-سا، يىغلاشنى بىلمىگەن ئۆتە بەختسىز»، بۇ گەپنى يەنە بىر قې-تىم ئەسلەپ قالدىم، چۈنكى، مەن ئايال زاتى بولۇپ تۆرەلگەندىن بېرى ئۆمرۇمدە كۆرۈش ئەمەس، ھەتتا چۈشۈمگىمۇ كىرىپ باق-مىغان بىر ناتونۇش ئەر ئۇچۇن تۇنجى قېتىم ياش تۆكۈش بەخ-تىگە ئېرىشىپتىمەن... كىملەر مېنىڭدا كۇلدى، پەرۋايىم پەـ-لەك. لېكىن راست سۆزلەۋاتقىنىم ئۆزۈمگە بەش قولدەك ئا-يان... بايا نېمە دېدىم؟ توختا! يېنىۋېلىشقا ئۈلگۈرەمەنمۇ؟ ناۋا-دا گۇناھ پەرىشتىسى تۆمۈر دەپتىرىگە دېگەنلىرىمنى پۈتۈپ بولمىغانلا بولسا... ئۇنى ئوڭۇمدا كۆرۈپ باقمىغىنىمغا يۈزدەيۈز ھۆددە قىلالايدىغىنىم ئېنىق، بىراق چۈشۈمدە... ئەزبىرايى، ئۇ دەل ھېلىقى قارىمۇتۇق ئەمەسمۇ؟... مەن 18 ياشقا تولغان رە-سىدە كېچىسى چۈشۈمدە دېرىزەمدىن سەكرەپ چۈشكەن ئوغ-رى، ھال رەڭ لېچىكىمنى قايرىپ كۆزلىرىمگە تىكىلگەن قا-راقچى، ئاندىن جۇپ قارىچۇقلىرىدا چاقماق چېقىتىپ قەلبىمنى بۇلىغان بۇلاڭچى... مەن ئۇنى چۈشۈمدە كۆرۈپ باقمىغان دېگەن

يالغانچىلىقىمدىن يېنىۋېلىشنى قارار قىلدىم... توغرا، مەن ئۇنى تونۇيتتىم... ياق، تونۇيتتىم دېگىنىم ئۇنى جىسمىمغا تەئەللۇق مەۋجۇت بەدىنىم، يەتتە ئەزايىم، ئۇستىخان، مۇسكۇلۇم ئەمەس، قەلبىم، روھىم، جېنىم تونۇيتتى... شۇنىڭدىن بېرى مەن ئۇنىڭ مەۋھۇم سىماسى، گىرىمسەن قىياپىتىنى قەلبىمنىڭ ئەڭ يارقىن بوياقلىرىدا ئارزۇ ـ ئارمان پەلكۇچلىرى بىلەن سىزىپ چىقتىم... ئەپسۇس، پانىي دۇنيادا ئۇ سىمانى كۆرۈش ماڭا نېسىپ بولمىدى، تا بۇگۈنگىچە... نېسىپ بولغاندا ۋاقىت بەك قىسقا بولۇپ قالدى... چاقماق چېقىشى بىلەن ۋۇجۇدۇمنىڭ لەرزىگە كېلىشىنىڭ باغلىنىشىنى قەلبىمدىكى دەل شۇ سۇرەت بىلەن مۇشۇنداق كىرىشتۇرەلىشىم ئۆزۈمگە بەك توغرا بىلىندى.

زۇۋۇكچى خېنىمنىڭ شىۋىرلاپ ئېيتقان بىرنەچچە جۈملە چۈشەندۈرۈشلىرىدىن كېيىن، چاق يورغىلاش يولىغا چۈشتى. ئايروپىلان يېنىك سىلكىندى... سىلكىنىش تاتلىق خىياللىرىمنىڭ چىگىش يىپلىرىنى ئۈزۈپ قويدى... ساختا ئالىيجانابلىقتىن يىرگىنىپ تۇرۇپ، ئۆزۈمگە ئۆزۈم رېژىسسورلۇق قىلماي ئوچۇق گەپنى دېسەم، بۇ يەرگە نېمە سەۋەبتىن كەلگىنىمنى پەقەت ئويلىغۇم يوق، ئويلىماسلىقنىڭ نەقەدەر نومۇسلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرساممۇ يەنە ئويلىغۇم يوق! ئويلىماي ئامالىم تېخىمۇ يوق... چۈنكى، مەن ئۆزۈمنىڭ ئېرىنى، مېنى ئەمرىگە ئالغان، تۇزلىغان ناننى تەڭ چىشلەپ نىكاھ ئوقۇلغان 25 يىلدىن بېرى ئىنچىل بىر ئۆيدە ياشاپ، سۆيۈمدە ئېقىپ، ئوتۇمدا كۆيۈشكە شۇنچىلىك تىرىشىپ كەلگەن ئاشۇ بىچارە ئادەمنى ـــ ئوغلۇم بىلەن قىزىمنىڭ سۆيۈملۈك دادىسىنى يوقلاپ كەلگەنىدىم!

ئالدىمغا چىققان قارا كۆزەينەكلىك بالىنىڭ ئىسمى ئەخمەت، ئۇ ئائىلىمىزنىڭ ئاسراندى ئوغلى ئىدى. قېنىمدا شۇنداق بىرنەرسە بولغاچقىمۇ، بۇ بالىغا قانچە كۆيۈنگەندەك قىلساممۇ

مەندىن شۇنچە ئەيمىنىپ چوڭ بولدى. گۇناھنى نارەسىدە بىر بالىنىڭ پاكىز قېنىغا دۆڭگىگۈچە، ئۆزۈمنىڭ يۇمران بىر قەلبتە ئانىلىق تۇيغۇسى ئويغىتالمىغان قاتمال قەلبىمگە دۆڭ-گىسەمچۇ!... لاقا - لۇقىلىرىمنى ئېلىپ كۇتۇۋېلىش زالىغا كىردىم، مەن ئەخمەتنى ئىزدەۋاتقانىدا ئۇنىڭ كۆزلىرى مەندە ئىكەن. ئۇ قارامنى كۆرۈش بىلەنلا ھودۇقۇپ، كۆزىدىن دەررۇ ئەينىكىنى ئالدى - دە، 32 چىشىنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىپ كۇلۇمسىرىگىنىچە ئادەملەر توپىنى يېرىپ كېلىپ، قولۇمدىكى غالتەكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتتى.

— سىزنى ساق - سالامەت يەتكۈزگەن ئاللاھقا رەھمەت ھاجىم ئاچا، ھارمىغايسىز!

— ئىنشائاللاھ! ساقلىق ھەممىمىزگە يار بولسۇن!

ئەخمەت چامادانلارنى ماشىنىنىڭ ئارقا ساندۇقىغا سېلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇز يېپەك كۆڭلىكىمنىڭ ئۇزۇن ئېتەكلىد-رىنى يىپپىشتۇرۇپ ئارقا ئورۇندۇققا چىقتىم. ئەخمەت ئەيمى-نىپقىنا ئەينىكىنى قايتا تاقىدى، بىلىمەن، ئەينىكىنى تاقىماي چىدىمايدۇغۇ بۇ بالا، ھەتتا يامغۇر ياغسىمۇ ئوخشاش، چۈنكى، مۇشۇنداق بولغاندىلا ئۇ ئۆزىنى قالتىس ھېسابلىيالايتتى. كې-چىسى ئۇخلىغاندىمۇ قارا ئەينەكنى كۆزىدە بولامدىكىن - تاڭ؟ ئۇ قارا رەڭلىك CAMRY نىڭ ئىشكىنى يەڭگىل يېپتى، ئاند-دىن رول تەرەپكە چىقىپ ماشىنىنى قوزغىدى. ئايرودۇرۇمنىڭ ماشىنا توختىتىش مەيدانىدىن چوڭ يولغا بۇرۇلغىچە بىر ئې-غىزمۇ گەپ قىلىشمىدۇق، ماشىنا ئىچىنى جىمجىتلىق باسقا-نىدى.

— چارچىغانسىز ھاجىم ئاچا، ئالدى بىلەن غىزالىنىپ ئاندىن...

كۆزەينىكىنى ئېلىپ، كەينى ئورۇندۇققا قىيپاش بۇرۇلدى ئەخمەت.

ــ ئالدىڭغا قاراپ ھەيدە ئەخمەت، ــ قولۇم بىلەن ئىشا-
رەتلەپ، ئاگاھلاندۇردۇم ئۇنى.
ــ ماقۇل، لېكىن خاتىرجەم بولۇڭ ھاجىم ئاچا، ــ گېپ-
پىنىڭ تېمىسىنى يۆتكىدى ئۇ، ــ ھېلىقى قىزىل چاپان تاشنى
بىر مىليون ئۈچ يۈز مىڭ پايدىسىغا سوراۋاتىدۇ. مىللەتلەر ئۇ-
نىۋېرسىتېتىنىڭ يېنىدا بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسى بار، شۇ يەرگە
بارامدۇق؟
ــ غوجامنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ سورىمىسام ئەجەب گەپ
قىلمايسەنغۇ؟ ــ ئۇدۇلۇمدىكى كەينىنى كۆرۈش ئەينىكىگە قا-
راپ، قەمىس ياغلىقىمنىڭ بۇرجىكىنى ئوڭشىۋالدىم.
ــ ئۇۋۇلاپ داۋالاۋاتىدۇ شۇ. يۇرتتىن ئېلىپ چىققان ھېي-
لىقى ھەمشىرە خېنىمنىڭمۇ قولى يېنىك، ئايىغى چاققان خو-
تۇنكەن، كۈندە نەچچە ۋاق يۇيۇپ، تازىلاپ بەك پاكىز كۈتتى،
مۇھىمى سىزدەك بىر ۋاپادار ئايالنىڭ بولغىنى ــ ئۇنىڭ پە-
رىشتىگە يولۇققىنى.
ــ كىمنى دەۋاتىسەن؟ كىم ئۇ، ئۇنىڭ دېگىنىڭ؟ ــ ئەخ-
مەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئاتىسىدىن چارە بىر ئادەمنىڭ ھۆرمەتكە سا-
زاۋەر نامۇئەمەلىنى يۈزۈمچىلا «ئۇ» دەپ ئاتىشى راستىنلا چىد-
شىمغا تەگدى، ــ بىلىسەن يىگىت، غوجامنىڭ قانتى ئاستىدا
مۇشۇ كۈنگە ئېرىشكەنمەن، ھەرقانچە كاتتا ھاجى خېنىم بولۇپ
كەتسەممۇ ئۇنىڭ بىر تال يېتىم قوۋۇرغىسىمەن. مەنلا ئەمەس،
سېنىمۇ توپا توزۇپ تۇرىدىغان كونا تاملىقتىن ئاچىقىپ، پايد-
تەختنىڭ كاتتا يوللىرىدا قارا كۆزەينەك تاقاپ يۈرەلىگۈدەك
قىلىپ قويغانمۇ شۇ غوجام.
ــ بىلىمەن ھاجىم ئاچا، غوجام يېتىملارنىڭ ئاتىسى، ئۇ-
نىڭغا ئاللاھنىڭ رەھىم ـ شەپقىتى ياغسۇن، بىر سەھەرلەردە
چۈشىدىن ئويغانغاندەك لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتسۇن،
ئىنشائاللاھ، ــ ئەخمەتنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

ماشىنا غۇيۇلداپ كېتىۋاتاتتى، دېرىزىنىڭ سىيرىلما ئەي-
نىكىنى چۈشۈرۈۋەتتىم، چىللە ئېيىنىڭ سەلكىنى يۈزلىرىمگە
مەيىن ئۇرۇلدى. ئازادە يولنىڭ ئىككى قاسنىقى گۈللەر بىلەن
تولغان، ياپىيېشىل چىملىقلاردا قىرقىلغان دۈپ دەرەخلىرى
ھەرخىل شەكىلدە ياشارغان، ئەت رەڭ بىنالار پەلەككە تاقىشىپ
تۇراتتى... ئىمارەتلەرنىڭ ئاراچىلىرىدىن كۆزلىرىمدە چاقماق
چېقىتقان قارا كۆزلۈك ئاشۇ ئادەم ھاۋا رەڭ كۆڭلەكلىك خېنىم
ئولتۇرغان چاقلىق ئورۇندۇقنى ئىتتەرگىنىچە چىقىپ كەلسە
ماشىنىدىن ئۆزۈمنى ئاتارمەنمۇ؟ ئىككىنچى قېتىم ئۇ ماڭا يەنە
كۆزلىرىدىن سەندەلدىكى چوغدەك ئوت چاچرىتىپ بىر نەزەر
تاشلاپ ياكى سايىلغا سەدىقە بەرگەندەك باش لىڭشىتىپ قويى-
سا... ماشىنىنىڭ سىگنالىدىن چۆچۈپ كەتتىم.

— كەچۈرۈڭ ئاچا! — ئەخمەت ئورنىدا قىمىرلاپ ئىلاج-
سىزلىقىنى بىلدۈرۈپ قويدى، ئاندىن ماشىنىنىڭ ئارقىنى كۆ-
رۈش ئەينىكىدە ئۇنىڭ 32 چىشى تەڭلا كۆرۈندى. يۈزلىرىمگە
لاپپىدە ئىسسىق تەپتى، بەلكىم قۇلاقلىرىمغىچە قىزىرىپ كەت-
تىم. شۇ چاغدا ئۇ ئىچىمدىكىنى بىلىپ قالغاندەك، ئۇيۇغان
قېتىقىمنىڭ ئۈستىدىكى قايماق، ئاستىدىكى ئوغا ئىكەنلىكىنى
سېزىپ قالغاندەك ئوڭايسىز بىر ھالدا قالدىم، — پايتەختتە
ماشىنىلارنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا سىگنال بېرىشى چەكلەنگەن، لې-
كىن «كۆنگەن خۇي، مىنگەن ئۇي» دەپ، تۈزەتمەك تەسكەن، بۇ-
دا قېتىم لابا دېگەننى چورت ئالماشتۇرۇۋەتمىسەم ئىگەكىم، —
تەلىيىمگە ئەخمەت ئوڭايسىزلىنىشىمنى باشقىچە چۈشەنگەندەك
تۇراتتى. شۈكۈر دېدىم ئىچىمدە، شۈكۈرلەرنى قىلىپ تۇرۇپ
ھېلىقى بالا باققۇچى قىزنىڭ سۆيگىنى بىلەن تېلېفوندا سۆز-
لىشىمەن دەپ، قورسىقى ئاغرىپ، ئىچى سۈرۈپ قالغان يىغلاڭ-
غۇ بوۋاقنى يەتتىنچى قەۋەتنىڭ دېرىزىسىدىن تاشلىۋەتكىنى
ئېسىمگە كېلىپ قالدى... توۋا، مېنىڭ شۇ تەلۋە قىزدىن نەرىم

كەم؟ ئېرىمنى كۆرمىگىلى نە چاغ؟ ئۇ توققۇز ئاينىڭ ياقى بېيىجىڭدا دوختۇرخانىدا ياتقاندىن بېرى، مەن ئۇنىڭ ئايىغىنى تازىلاپ، كالتە ئىشتىنىنى بىر قېتىم يۇيۇپ باقتىممۇ؟ ئالتۇن كان، زەرگەرخانا، قاشتېشى كان... قۇرسۇن نامى ئۇلۇغ شىركەتلەر... قول ئاستىمدا نەچچە ئون ئادىمىم پېتىراپ يۇرىدۇ، شۇلارغا تاپشۇرۇپ قويسامىمۇ ئالەمنى يەۋالماس ئىدى. بىچارە ئېرىم مېنى، ئىككى بالىسى ۋە مۇشۇ ئائىلىمىزنى دەپ يەرنى تىترىتىپ گۈس ـ گۈس ماڭىدىغان پۇتۇن ـ سۇرۇك بىر ئەر، ئوق تەگكەن جەڭ ئېتىدەك يەر چىشلىدى. بۇنىڭدىن توپتوغرا 15 يىل بۇرۇنقى نەس باسقان بىر كۈنى، مەھەللىمىزدىكى پوپۇنا قاشتېشى كانىمىزدا كان گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئومۇرتقا يۇلۇنى زەخىملەنگەندىن بېرى، بېلىنىڭ ئاستى تامام سېزىمنى يوقاتتى... مۇشۇنداق بولغىنى راست، لېكىن مۇشۇ مىنۇتتىلارنى خىيال قىلغىنىم تاڭ؟... خىياللىرىم مېنى خېلى ئىندىسابلىق، ساداقەتمەن ئايالغا ئوخشىتىپ قويدى ـ ھە؟... كاشكى، مۇشۇلارنى ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئىختىيارىي، بىر رەت بولسىمۇ تەبىئىي رەۋىشتە ئويلىيالىسامچۇ... مۇشۇنداق چاغدا ئېرىم توغرىسىدا قەستەن، مەجبۇرىي ۋە مەقسەتلىك ئويلىغىنىمنىڭ قەلبىمنى ئوراپ تۇرغان، ياق، قەلبىمنىڭ قات ـ قاتلىرىغا يىلتىز تارتىپ ھەتتا جان ـ جانلىرىمغا ئۆتۈشكە باشلىغان، ھەتتا ئۆتۈپ بولغان ئازغۇنلۇقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزۈمنىڭ ھەقىقەتكە يېقىنلىقىمنى، ئىنسابىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش سىزىقىغا تېخى دەسسەپ قالمىغىنىمنى (بۇنداق دەپ گەپ ئويدىناتقۇچە ئېنىق گەپنى دېسەم)، بىر ئەرنىڭ ھالال جۈپتى بولۇپ ياشاۋاتقىنىمنى بىلگۈچىلىكىم بار خېلى ئوبدان خوتۇن ئىكەنلىكىمنى ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئەسكەرتىپ، ھەتتا ئېسىمگە سېلىپ تۇرۇپ ئۆزۈمنى گوللاپ قويۇش ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەي قالسۇن... لېكىن كۆڭلۈمدىكى مۇز ئوچاقتا مۇز قالاپ، مېنىڭ

تەستە قەلبىمدە قايناتقان ساداقەتنىڭ قىيامىغا يەنە چىۋىن چۈشتى... ئىرىمنىڭ مىڭسىنىڭ شۈنچىلىك سەگەك ئىكەنلىكىگە مانا ئۆزۈم ھۆددە قىلالايتتىم. راست، ئۇ شۈنچىلىك ئۈششا ئىدىكى، يەردىكى سىرىق يىلاننىڭ كۆشۈلدىغىنىنىمۇ بىلىپ تۇراتتى، شۇنداقتىمۇ مىنىڭ ئالدىمدا بولسا شۈنچىلىك ساددا، ئەقلى خىرە بىچارە ھالەتكە كىرىۋالاتتى... نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىدىغاندۇ؟ نېمىشقىمۇ ھەر ئىككىلى كۆزى تۇندىكى بۆرىنىڭكىدەك ئېنىق كۆرۈپ تۇرسىمۇ بىر كۆزىنى قارىغۇ چاشقاندەك يۇمۇۋالىدىغاندۇ؟ خۇدا ھەققى، ئەزەلدىن شۇنداق يۇمۇۋېلىشقا كۆنۈپ كەتكەن ئۇ... يىرتقۇچ يولىۋاستەك ھۆركىرەشكە تېگىشلىك بىر ئەرنى چىپار مۈشۈكتەك مىياڭلايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغىلى مەن يا يىلپىز، يىلپىزدىن يامانراق قايسى يىرتقۇچ بولغىيتتىم؟! كاللام مۇشۇنداق چاغدا پەقەت ئىشلىمەي قالىدۇ دىبسە؟... شىرمۇ يا، قاپلان؟ ئىشقىلىپ مەن ئۇنىڭ نەزەرىدە ئاۋۋال نېمىگە ئايلىنىپ، ئاندىن ئۇنى نېمىگە ئايلاندۇرۇپ قويغاندىمەن؟ ئاخىرى شۇ ئايلىنىشلار ئىچىدە بەختىمىمۇ نەرسىگە ئايلىنىپ كەتتى. نازۇك ھېسلىرىمنىڭ پايخانى ئۈچۈپ، لەۋەن تۇيغۇلىرىم مۇزدەك قاتتى... بىردىنلا ئىرىمگە يەنە ئۆچلۈكۈم كېلىپ قالدى... ناۋادا ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا دادىسىنىڭ پۇشتىدىن تۆرەلمىگەن بولسا، تۆرىلىش تەقدىرىنىڭ دەپتىرىگە يېزىلىپ قالدىمۇ دەيلۇق، تۇغۇلۇشى ھەق بولسىمۇ شۇ شەرۋانە خېنىمنىڭ باغرىدىن ئەمەس، باشقا بىر ئايالنىڭ قارنىدىن چۈشكەن بولسا، ئۇنىڭغا ھەرگىز تەگمەيتتىم... يۈز ئادەم ئىچىدىن يۈز قېتىم تاللاپ، ئۇنى تاللىمىغىنىم ئۈچۈن بىرەر يۈز بەختىمنى ۋەيران قىلىشقا توغرا كەلسىمۇ، ئۇنى ھەرگىز تاللىمايتتىم... شۇنداق بىر خەيرسىز چاغدا تۇغۇلۇپ قاپتىمەن، بەلكىم تۆرەلمىشىمدە پېشانەمگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ ئەر بولۇشى مۇمكىن. ئەڭ ئازابلىق يېرى، پاشا ـ كۈمۈتا ياكى

قۇرت ـ قوڭغۇز ئەمەس، ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلسەممۇ، كۆك ـ
سۇم چالما قوپۇرۇپ چىقىپ، رەسىدە بولۇپ، ئايال جىنسقا تەۋە
قىز بالا ئىكەنلىكىمنى بىلىشكە تېخى ئۈلگۈرمەيلا ئۇنىڭ خوتۇ ـ
نى بولىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم، بىلگەندىن باشلاپ تېشىمغا ئاق ـ
قان يېشىمدىن ئىچىمگە تۆكۈلگىنى نەچچە ھەسسە كۆپ بول ـ
دى... سۆيۈملۈك ئانامنىڭ باغرىدىن ئاجراپ، پانىيدىكى بۇ ھا ـ
ياتلىق ئالىمىنىڭ تۇنجى نەپەسلىرىنى سۇمۇرمەي تۇرۇپ، ئەت ـ
لىمە گۆش چېغىمدىلا مۇشۇ ئېرىمنىڭ خوتۇنلۇق مۆھۈرى پې ـ
شانەمگە قىزدۇرۇلغان چويۇن تامغىدەك بېسىلىپ كەتكەنلىكىنى
مەن 12 يېشىمدىلا بىلگەن. شۇندىن بۇيانقى 31 يىللىق ھاياتىم
مۇشۇ ئازابلىق، ھەسرەتلىك بىلىشىمنىڭ تېتىقسىز قايناملىد ـ
رىدا ئۇغا يېگەن يىلاندەك تولغىنىپ ئۆتتى. ئىچىم ئاچچىققا
تولۇپ تۇرسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ھەسەلدەك تاتلىق كېكى ـ
رىپ، ئىچىمدە زولۇقسىز روزا تۇتسامىمۇ، تېشىمدا ھەشەمەتلىك
ھېيت قىلىپ مۇشۇ كۈنگە ئۇلاشتىم... گېپىمنىڭ مەركىزىي
نۇقتىسىدىن يەنە قېيىپ كەتتىمما؟ نېمە بوپتۇ، زىمىستاندا
غېجەكتە چېلىنغان ماتەم كۈيىگە مۇز ئۇستىدە يالاڭئاياغ ئۇس ـ
سۇل ئوينىغاندىمۇ تارشىدەك قېتىپ كەتكەن ئاياغلىرىم بىلەن
تېيىپ كەتمىگەنمەن... كۈندۈزلىرى بوران چىقىپ، كۆزلىرىم ـ
گە قۇم تىقىلغاندا، كېچىلىرى يامغۇر يېغىپ، يولۇم شۇنچىلىك
تېيىلغاق بولۇپ كەتكەندىمۇ تېيىپ كەتمىگەنمەن! مانا ئاشۇنداق
تېيىپ كەتمەي، ئېغىپ كەتمەي يېرىم ئەسىرگە يېقىن ياشىدىم.
شامالدەك شۇۋىرلاپ، بۇلاقتەك بۇلدۇقلاپ، دەريادەك ئۆركەش ـ
لەپ، دېڭىزدەك دولقۇنلاپ تۇرىدىغان ئوتتەك لاۋ ـ لاۋ چاغلى ـ
رىم مەزگىلسىز ئۆتۈپ كەتتى. ئۆمۈر قۇياشىم قىيامىدىن پەس ـ
لەپ 43 يېشىمغا ئۇلاشتىم. كەچمىشلىرىمدە «ئۆز يولۇڭدىن
تايما لەيلەك، قايما لەيلەك» دېگەن بىر غايىب ئاۋاز قۇلاقلىرىم ـ
غا توۋلاپ تۇردى... مۇقەددەس سەۋر ـ تاقەت سوغۇق قوللىرى

بىلەن يۈرىكىمنى مەھكەم قاماللاپ، ئېرىتىلگەن قوغۇشۇندەك قەلبىمگە قۇيۇلغان قۇدرەتلىك ئېتىقاد بىر قەدەمنى خاتا باسسام قانداق ئاقىۋەتكە قېلىشىمنى پىروېكسىيە ئاپپاراتىدەك كۆزۈمگە كۆرسىتىپ تۇردى... كاشكى، كىملەر سىمابتەك يېيىلىپ، يار ئېلىپ كېتىشكە تەييار قەلبىمنى ئاجايىپ بۈيۈك بىر يالغاننىڭ قۇدرەتلىك دامبا ـ قىرغاقتەك قورشاپ تۇرغىنىنى، كىملەر ئىچىمدىكى ھەقىقەتنىڭ تېشىمدىكى يالغاننى قونچاق ئويناتقاندەك ئوينىتىۋاتقىنىنى بىلىشسە ئىدى، كاشكى...

يولۇم ئۆزگىلەرنىڭ نەزەرىدە تىللا چېچىلغان، جەننەتكە تۇتاشقان يول ئىدى، تالاي كىشىلەر چۈشىدە بولسىمۇ مۇشۇ يولدىن ئۆمرىدە بىر قېتىم مېڭىپ بېقىشنى، جەننەتكە تۇتاشقان شۇ يوللاردىن بىر خالتا، ھېچبولمىغاندا نەچچە ئون تال تىللانى تېرىۋېلىپ باي بولۇشنى ئويلايتتى. ۋۇ ئەخمەقلەر، نېمىتىنىڭ جەننەتكە باغلانمىسا تىللالار ساڭا نېسىپ بولاتتىمۇ؟! ئىچىمدە ئاچچىق كۈلەتتىم. چۈنكى، ئەمەلىيەتتە يوللىرىمدا شوخا ـ تىكەنلەر كۆپ ئىدى، لېكىن ئۇنى بىر ئۆزۈملا بىلەتتىم. شىۋىلار قەدەمدە بىر تاپانلىرىمغا بىگىز ـ يىڭنىدەك پېتىپ قالاتتى، تېشىلگەن مۇسكۇللاردىن قان تاراسلاپ چىقاتتى، يارامنى يالاپ ئەملەشكە ئۈلگۈرمەيلا، يەنە تىكەن پاتاتتى، تاپىنىم پۈتۈن ئېغىرىمنى كۆتۈرۈپ تۇرسىمۇ، ئەڭ ئاستىمدا بولغاچ ھېچكىم جاراھەتلىرىمنى بىلمەي قالاتتى، قانلىق جاراھەتلەر ياللۇغلىناتتى، كېچىلىرى قىزىپ جۆيلۈپمۇ سالاتتىم، ئۆزۈمنى ياستۇققا تاشلاپ ئۈنسىز نالە قىلاتتىم، ياشلىرىم چاچلىرىمغا سىڭىپ كېتەتتى. لېكىن ئاللاھ تۇرەلمىشىمدە ۋۇجۇدۇمغا بەرگەن ئىممۇنىتېتىم بىلەن يەنە ساقىيىپ قالاتتىم. ساق تۇرمىسام پاك ۋۇجۇدۇم بىلەن يەنە بىر پاك ۋۇجۇدتىن تۆرەلگەن ماۋۇ ئىككى يۈرەك پارەمنى قانداق تەربىيەلەيمەن؟ نەزەرىمدىكى ئائىلە ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ نوقۇل ھېسسىيات ئالماشتۇ-

رۇش بازىسى بولماستىن، بالىلارنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى جەننىتى
ئىدى. توۋا، «ھېسسىيات» دەپ كېتىشلىرىمنى قانداق قىلاي؟
يوق نېمىنى ئالماشتۇرۇش دېگەنغۇ ئالتىنچى ئاسماننىڭ قېتىد-
دىكى گەپ... ئەمدى كوتۇلدىغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى ـ ھە؟ بۇ
توغرىسىدا ئويلاشمايمەن دەپ تالاي قېتىم قەسەم ئىچكىنىم يا-
دىمدىن چىقىپتۇ... تەقدىرىم ماڭا نېسىپ ئەتكەن ھېسسىيات ـــ
مانا مۇشۇنداق كۆز بىلەن كۆرۈپ، قول بىلەن تۇتۇپ، ھەم يەپ
ھەم ئىچكىلى، ھەتتا تالاي ئۇسۇلدا ئىستېمال قىلغىلى بولىدى-
غان زاھىر نەرسىلەرگە ئايلىنىپ كەتكەچكە، ھېسسىيات كاتې-
گورىيەسىنىڭ بۈيۈك چېگراسىدىن چىقىپ كەتكەن... نېمە
ھەققىدە سۆزلەۋاتقىنىم ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە، ئۆزۈمنىڭ
باغرىنى يېرىپ چىققان بالىلىرىم توغرىسىدا... گەرچە ئۇلارنى
مەن تۇغقان بولسامۇ، ئەمما تومۇرىدا ئېقىۋاتقىنى دادىسىنىڭ
قېنى! شۇڭا ئۇلارنىڭ سۆيۈملۈك دادىسىغا ئاسىيلىق قىلىش
ئۇلارنى ۋەيران قىلىشتىن دەھشەتلىك بولىدۇ... «ئاسىيلىق»
دېدىممۇ؟ شۇنچە يىلدىن بېرى قەلبىمگە قارىتا چوڭ تازىلاش
ئېلىپ بارمىدىممۇ؟ ئۆزۈمنىڭ ئىچىگە ئۆزۈم ئوت قويۇپ، كۆي-
دۈرۈشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى تامام كۆيدۈرۈپ، ئورۇۋېتىشكە
تېگىشلىكلەرنى ھەتتا يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، يۇيۇۋې-
تىشكە تېگىشلىكلەرنى قىرىپ چىقىرىۋەتمىدىممۇ؟ لېكىن، نە-
لەردە قىستىلىپ، ئىچىمنىڭ قايسى بۇرجەك، قاراڭغۇ بۇلۇڭ-
لىرىدا مۆكۈپ قالدىكىن بۇ لەنىتى «ئاسىيلىق»؟ ھەممىنى قىل-
غان مۇشۇ ئېغىزىم ـ ھە؟ باش كېتىدۇ نەدىن، ئېغىزدىن... ئۆ-
زۈمنىڭ پەقەتلا خەۋىرىم يوق، ئىچىمدىكى ئۆزۈم ئەڭ يىرگىنىد-
دىغان «ئاسىيلىق»نىڭ يۈزۈمنى تۆكۈپ، تېشىمغا چىقىپ كەت-
كىنىگە لەنەت ئوقۇيدۇ! چۈنكى، مېنىڭ نەزەرىمدە، مۇشۇ دۇنيا-
دىكى ئەڭ لەنىتى ئون شەرمەندىلىكنى يىغىپ يۇغۇرسىمۇ، ئۇ-
نىڭدىن ئاسىيلىقنىڭ بىر قوۋۇرغىسى پۈتمەيتتى... تۆيغۇمنىڭ

نۇقتىسى مەركىزىدىن قېچىپ كەتكەندە، ئايىغى يوق جاڭگالغا كىرىپ قالغاندەك بەزىدە ئۆزۈمنىڭ نېمە توغرۇلۇق سۆزلەۋات-قىنىمنىمۇ بىلمەي قالىمەن. بالىلىرىم توغرۇلۇق سۆزلەۋاتقىد-نىم ناھايىتى ئېنىق، يەنە بەزى چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن شەخسىيىتىم ئانىلىق قەلبىمگە ئاسىيلىق قىلغاندا «مۇشۇ با-لىلارنى تۇغمىساممۇ بوپتىكەن» دەپمۇ قالىدىغىنىم ئېنىق. نى-ھايەت، ئۇلارنى ۋۇجۇدۇمغا سىڭدۈرۈۋېتىشكە قادىر ئەمەس ئى-دىم. يەنە تۇرۇپلا مۇشۇ تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال تەق-دىرىمدە مۇشۇ بالىلىرىمدىن ئۆزگە تامام نەرسىلەرنىڭ داڭگال-دىن قەدىرسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇلار بولمىغان بولسا بۇ ھاياتنى قانداق داۋاملاشتۇرار بولغىيتتىم، دەپ شۇ-كۇرلەر ئوقۇيدىغىنىم تېخىمۇ ئېنىق... مۇشۇلارنى دەۋېلىپ خېلى ئىچىم بوشاپ قالغاندەك، يۈرىكىمنى سىقىپ، قەلبىمنى مۇجۇپ تۇرغان بىر غايىب قولنىڭ قاتتىق بارماقلىرى سەل بوشىغاندەك تۇيۇلدى. نېمە مەقسەتتە شۇنداق دېگەنلىكىمنى ئۆ-زۈم ئوبدان بىلىمەن... سىرىم ئىچىمدە تۇرسا ئۇ مېنىڭ قۇ-لۇم، تېشىمغا چىقسا مەن ئۇنىڭ قۇلى دەپ، تۇيغۇلىرىم ھەرد-كەتكە كەلمەي تۇرۇپ ئىچىمدىكىنى ئاللىكىملەرنىڭ ئاسانلىقچە بىلىۋېلىشىغا يول قويمايمەن... شۇنداق دەپ ئۆزۈمنى ئۆزۈم بەزلىگىنىمگە يەنە كۈلگۈم كەلدى... «ئۆزۈڭنى بىر چاغلىساڭ، ئۆزگىلەرنى شىر چاغلا» دېگەن گەپ بار، ئۆز - ئۆزۈمنى ئا-لىيجانابلىقتا پاساھەتلەيمەن دەپ، يىپلىرىغا ئالتۇن يالىتىلغان دۇردۇن لىباسنى كىيىۋالغىنىم بىلەن، يىرتىلىپ كەتكەن تۆ-شۈكلەردىن يالىڭاچ بەدىنىمنىڭ قايسى نازۇك يەرلىرى كۆرۈنۈپ قالغانلىقىنى بىلمەي، لاي - لايغا ئۇسسۇلغا چۈشتۈممۇ تې-خى... ۋاي، بىلمىسەم بىلمەيتىمەنا، بىر ھېسابتا بىلىپ ئا-زابلانغاندىن بىلمەي يۈرگەنمۇ ياخشىكەن، مەندەك قىلنى قىرىق يارىدىغان قۇسۇرچى، پېتىر ناندىن قىل سۇغۇرىدىغان بولغاندىن

كۆرە، سەل تومپايراق «نانمكىن دەپ يەپتىمەن، گەپمكىن دەپتىمەن» دەپ يۈرگەن خوتۇنلاردەك بولغىنىم ياخشى ئوخشايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئالدىيالمىسىمۇ ئالدىنالايدۇ، مەن ئۈچۈن ئالداش بەك ئازابلىق، ئالدىنىش ئاجايىپ ھۇزۇر، چۈنكى، ئۆز-ئۆزۈمنى ئالداۋېرىشتىن چېكەمگىچە تويۇپ كەتكەن بىلەن ئالدىنىشنىڭ لەززىتىنى تېتىپ باقمىدىم. تا بۈگۈنگىچە مېنى ئالداشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلىپ باقمىدى... مانا تۇرۇپلا ئىچىم زەھەردىن ئاچچىق بولۇپ پىتنىخورلۇقۇم قوزغالدى، ساددا خوتۇنلارنىڭ بەختىگە چىدىماسلىقىم تۇتۇشقا باشلىدى. بۇ مېنىڭ قەرەلسىز قوزغىلىپ قالىدىغان تۇتقاقلىق كېسىلىم ئىدى، تۇرۇپ - تۇرۇپلا خۇيۇم تۇتۇپ، مەن بىلەن قىلچىلىك مۇناسىۋىتى، ئاداۋىتى بولمىغان خوتۇنلارنىڭ قاپىقىدىكى كۆكى ئاجرىماي تۇرۇپ، باغىرداقسىز كۆكسىنى لۆمۈلدىتىپ، تەر پۇراپ تۇرىدىغان ئەرلىرىنىڭ بېقىنلىرىغا سۈركۈشۈپ قىچىقلاشقىنىنى كۆرسەم ئىچىمدىكى ھەسەتخورلۇق ئوتى كۆيۈپ تۇرغان تونۇرغا يۇلغۇن سالغاندەك گۇرۇلدەشكە باشلايتتى...

— ئۇسسىغانسىزمۇ؟ — ئەخمەت كەينىگە قىيا بۇرۇلدى. دېرىزىدىن كىرگەن شامالدا ئۇنىڭ ئاۋازى غىژىلداپ كەتتى، — مىنېرال سۇ ئىچەمسىز يا باشقىنىمۇ؟

— قانچىلىك ماڭدۇق؟ — چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم، — كېلەي دېدۇقمۇ؟ — ئالىقانلىرىمدىكى ئېگىكىمنى كۆتۈرۈپ، تىزلىرىمغا تېرەلگەن بىلەكلىرىمنى چۈشۈردۈم.

— خېلى يولىمىز بار تېخى، سۇ ئىچەمسىز؟

— ئۇسسىمىدىم.

— قورسىقىڭىز ئاچقاندۇ؟ غوجام ئاتايىن تاپىلاپ، سىزنى خالىغان ئاشخانىنىڭ تامىقىنى يېمەيدۇ، ھېلىقى مىللەتلەر...

— ئاچمىدى ئەخمەت، ئالدىڭغا قاراپ ماشىناڭنى ھەيدە! — ئارىنى جىملىق باستى. ئەتىگەن ئۆز ئۆيۈمدە قولى تەملىك زو-

رىخانىنىڭ ئەتكەن چېپىمدا بىر پارچە كۆنجۈتلۈك نان يېگىنىم ئېسىمدە، ئارىدىن نەچچە سائەت ئۆتۈپ كەتتىكىنە... قورسىقىمنىڭ تېگى بىر يەرلىرى ئاچىتەك، لېكىن تاماقتا كۆڭلۈم تارتماي تۇراتتى، — بوپتۇ، ئۇسسۇلۇق بەر، مىنېرال سۇ ئىچەي.

ئەخمەت سۇرئەتنى ئاستىلىتىپ، بىر قولىنى رولدىن ئاجراتماقچى بولىۋىدى، دەررۇ ئۇنى توستۇم:

— سويۇق سوۋۇتقۇدىمۇ؟ ئۆزۈم ئېلىپ ئىچىمەن، يولۇڭغا قارا.

ئالدىمدىكى قىزىل كۇنۇپكىنى باستىم. خىرۇم تاشلىق سوۋۇتقۇ ئاپتوماتىك ئېچىلدى. ئىچىدىن بىر بوتۇلكا مىنېرال سۇنى ئېلىۋېتىپ يۈرىكىم يەنە جىغىلداپ كەتتى... يوشۇرالمايمەن، ئايرودرومنىڭ كۈتۈش زالىنى ئويلىدىم، ئۇنداق دەپ ھەسەلنى پوشكالىغا ئورىغاندىن كۆرە، ئۇنى ئويلىدىم، دېگىنىم تۈزۈك... ياق، يەنە يالغان سۆزلەۋاتىمەن... تىلىمدا دېمىگىنىم ئۇنى ئويلىمىغىنىمغا ئىسپات بولالامدۇ؟ ئۇنى دەقىقە ئېسىمدىن چىقارمىدىم، نېرۋامنىڭ مەركىزىدىكى خىيالىم، قەلبىمنىڭ ئىچكىرىسىدىكى شېرىن قىياسىم، روھىمنى غىدىقلاپ، مېھرىمنى ئۆركەشلىتىپ تۇرغان مەيىن شامىلىم يەنە شۇ ئىدى. شائىر بولماق بەكمۇ تەس ئىش ئەمەسمۇ نېمە، ئەجەب خىيالىم قاپپىيەگە يۆگىشىپ كەتتى دېسە؟ لېكىن شېئىر يازالمايمەن، بىرى مەندىن بۇ سوئالنى سوراۋاتقىنى يوققۇ؟ سورىمىسا سوردىمىسۇن، لېكىن ئۆزۈمگە سۆزلەۋاتقىنىم ئېنىق... جىسمىمدىكى تۇتۇندەك لەيلەپ تۇرغان نەرسىلەرنى چىقىرىۋەتسەملا ئۇنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيتتىم... بەلكىم ئۇمۇ مەندەك ئۇسسىغان بولسا مىنېرال سۇ ئىچكەندۇ؟ چوقۇم ھاۋا رەڭ كۆڭلەكلىك خېنىمغا ئاۋۋال ئىچكۈزدى... ئىچىمنىڭ بىر يەرلىرى پىژژىدە ئېچىشتى، ئاندىن كۆز ئالدىمدا ئۇنىڭ ئۇچ بۇرجەك ياقىسىدىن

كۆرۈنۈپ تۇرغان توخۇ ئەت بۇغدىيىكىنىڭ سۇمۇرگەن سۇنىڭ رەتىمىغا ماس مىدىرلىشى زاھىر بولدى. چوقۇم بەزەنلەردەك چىلتەكلىك قول ياغلىق ئىشلەتمەيدۇ، قەغەز ئىشلەتسە يېرىك ئېگەكلىرى تىتىلىۋېتىدۇ، چاپلىشىپ قالغان قەغەز توزۇندىلىرىنى كىم سۈرتۈپ قويىدۇ؟ قاتتىق ئالىقىنىنىڭ كەينى بىلەن ئېغىزىنى سۈرتۈپ قويىدۇ تايىنلىق... تېشىمغا چىققان خىياللىرىم ئىچىمدىكى زارىقىشلىرىمغا تۇتۇرۇق بولدى، ئىچ - ئىچىمگە ئوت تۇتىشىپ، گۇرۇلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئۆزۈمگە شۇنداق دەپ ندا قىلدىم: «نەدە سەن قارا كۆزلۈك ئەبلەخ؟ ئىزاسىم - زاتىڭ كىم؟ قايسى تاغنىڭ قورام تېشىسەن؟ بېشىڭغا نە قىسمەتلەر چۈشتىكىن؟ يىراقتا بارىدىغىنىڭنى بىلمەنۇ، نەگە بارىدىغىنىڭنى ئەسلا بىلمەيمەن...»

# ئىككىنچى باب

ئاۋۋال چاقماق چېقىلىپ ئاندىن يامغۇر ياغاتتى، ئەمما بۇ قېتىم سىم ـ سىم يامغۇردا چاقماق چېقىلدى...

شۇنداق، ئايرودۇرۇمنىڭ كۈتۈش زالىدا كۆزلىرىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان چاغدا ئىچىمگە بىر ئوت چۈشۈپ، يۈرەك ـ باغرىم گۇر ـ گۇر كۆيدى، ئاز كەم يېرىم ئەسىرلىك ئەنسىز ئۇيقۇمدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ پەرىزاتنىڭ سابا سوققان زۇلپىدىن يېشىلىپ كەتكەن هال رەڭ لېنتىسىدەك چۇۋۇلىدۇم، قاتمۇقات بۇغۇچلانغان چىگىشلىرىم چىگە ـ چىگىلىرىدىن يېشىلىپ كەتتى. ئۇنى كۆرگەندە ئۆزۈمنى شۇنچىلىك بەختىيار، شۇنچىلىك بەختىيار، ئازادە، قورقۇمسىز، يار ـ يۆلەكلىك، هىماتلىق هېس قىلىپ قالدىمكى، ئىچ ـ ئىچىمگە ئاجايىپ بىر ئىسسىق خاتىرجەملىك شېكەر سۇيىدەك يامرىدى. گەرچە ئۇ، يېنىمدىن شامالدەك تېز ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارىغان شۇ يېقىملىق پۇراقنى قەلبىمگە، باغرىمغا، يۈرىكىمگە لىققىدە توشقۇزۇۋالدىم. ئۇ ماڭا بىرلا نەزەر تاشلاپ قويغان بولسىمۇ، ۋۇجۇدۇمدىكى ئاز كەم يېرىم ئەسىرلىك هاردۇق مومامنىڭ مورا ئوچۇقىدىن چىققان ئاچچىق تۈتۈنىدەك بوشلۇققا تاراپ كەتتى.

ئەمدى هەشەمەتلىك داچامنىمۇ، ئالقىنىمىزدىكى ئالتۇن كان، قاشتېشى كان، زەرگەرخانىلارنىمۇ... 18 يېشىمدا تۇزلىغان نانىنى تەڭ چىشلەپ، ئۇلۇغ نىكاھ بىلەن مېنى هەقلەپ، نىكاهلاپ ئەمرىگە ئېلىپ 25 يىلدىن بېرى ئوتۇمدا كۆيۈپ، سۇ-

يۇمدە ئاققان، بۇگۈنكى كۈندە يېرىم جان بولۇپ كىشى قولىغا قالغان ئېرىنىمۇ، گېرمانىيەدە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئوغ-لۇم ئەرتېكىن بىلەن پارىژدىكى تاۋى نازۇك پىسخولوگ قىزىم ئايتۇركىنىمۇ، ھېچكىم ۋە ھېچنېمىنى ئويلىغۇم يوق... ئۆم-رۈمدە بىر قېتىم نېمىشقا ئۆزۈمنى ئويلىمىغۇدەكمەن؟...

ھايات مەڭگۈلۈك ناخشىمىش، ئۇنىڭ مۇقىم نوتىسى ياكى ۋايىغا يەتكەن ئاھاڭى بولمايمىش تېخى، پەيزى گەپ! لېكىن گۈل بەرگىگە چۈشكەن قەترە شەبنەمدەك قىسقىغىنا مۇشۇ ھاياتىمدا ئاشۇ مۇقەددەس ناخشىنىڭ، ئاشۇ ۋايىغا يەتمەيدىغان مۇقەددەس ئاھاڭىنىڭ قەلبىمدىكى ئەڭ تېرەن، ئەڭ بۇيۇك مىسراسىنى ئېيتىپ باقالىدىممۇ؟ ئۆزۈم ئېيتىشقا ئەڭ ھەقلىق، شۇنچىلىك ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتالايدىغان بولسامىمۇ، ئەمما ئەسلا ئېيتىش نېسىپ بولمىدى ھەم بىر رەتمۇ ئېيتىپ باقمىدىم، مىسراسى-نىڭ قۇدرەتلىك ئەۋجى بولسا ھېلىغىچە ئىچىمدە بىخسىپ قال-دى... نىھايەت تەقەززالىق جىنىمغا پاتقان دەقىقىلەردە ئاشۇ شەكىلسىز ئاھاڭ يۈرىكىمنى تىترىتىپ، قەلبىمنى توختاۋسىز غىدىقلاپ تۇرسىمۇ، غىڭشىپ بېقىشقا يەنىلا ئامالىم يوق... سى-قىلمايدىغان، مۇجۇلمايدىغان، بوغۇلمايدىغان بىر مۆھتىتا رەس-مىيەتلىك مەجبۇرىيەتتىن خالىي ئاشۇ ناخشىنى ئۆزۈمنىڭ نو-تىسى ھەم ئاۋازىدا بىر رەت ئوقۇپ باقسام قانداق بولار؟

ئۆمرۈمدە ئېرىشكەنلىرىمدىن يوقاتقانلىرىمنىڭ ھېسابى كۆپ بولدى، چولپاندەك پارلىغان 39 يېشىم ئۆمۈر ئاسمىنىم-دىن ئاقار يۇلتۇزدەك ئۇچۇپ ئۆتكەندە، جانانە ئۆرۈكنىڭ پىشقان گۈلىسىدەك 40 يېشىمنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىۋالدىم، نىھايەت ئۇمۇ مېنى مەزگىلسىز تاشلاپ كېتىپ قالدى. قانچىلىك ئۆم-رۈم قالدىكىن؟ نېمە ئۈچۈن تۇغۇلۇپ، قانداق ياشىدىمكىن؟ كىم ئۈچۈن ياشاپ، نېمىلەرنى قىلدىمكىن؟... تومۇزدىكى شا-مالدەك مەيىن، زىمىستاندىكى ئوت يالقۇنىدەك ھارارەتلىك بىر

تۈيغۇ قەلبىمدە چاقماق چاقنىدا، لەرزىدىن ئۈيغىنىپ كەتتىم، تۇرمۇشنىڭ گىرەلىشىپ كەتكەن ئۇزۇن ـ قىسقا ئۆتەڭلىرىدە هە دېگەندە ئېغىر يۈك قاچىلاۋېرىپ، مايسىراپ كەتكەن رېلىسقا غىچىرلاپ سۈركىلىپ، بۇرمىلىنىق مىخلىرىنىڭ رىزبى بوشاپ لاقاسلاپ قالغان ۋاگوندەك ئەبجىقىم چىقىپ كەتكىنىنى تۇيماي يېرىم ئۆمۈر ياشاپ بوپتىمەن، كىم دېدى، يېرىم ئۆمرۈڭ قالدى دەپ؟ بەلكىم تەڭدىن تولىسىنى ياشاپ بولغاندىمەن، يەنە قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلەيمەن، يەنە قانچىلىك!؟... مانا ئاشۇ قۇدرەتلىك چاقماق قاسراقلىرىمنى كۆيدۈرۈپ، پوستۇمنى سويۇپ تاشلىغاندەك ئۆزۈمگە ئۆزۈمنى قايتىدىن بىر تونۇتتى، ئىچىمدە يىغلاپ، تېشىمدا كۈلۈشلەردىن شۇنچىلىك زېرىكىپ كەتكىنىمنى بىردىنلا هېس قىلىپ قالدىم، ماڭىدىغان، توختايدىغان، يەنە قاچىلاپ، يەنە ماڭىدىغان ئۆتەڭلىرىمنى هەتتا ئاخىرقى مەنزىللىرىمگىچە كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئاشۇ سېپىرلىق خەرىتىلەرنى يىرتىپ تاشلاپ، تىرىپىرەن قىلغۇم، مېڭىۋېرىپ كاتاڭشىپ كەتكەن ئەبجەق يوللاردىن چىقىپ، يېڭى يوللاردا مېڭىپ باققۇم كەلدى.

— هەي ئەخمەق خوتۇن! — چۆچۈپ كەتتىم، — كاللىسىنى ساراڭ قاغا چوقۇۋالغان ئىنسابسىز مەزلۇم، — ئاۋاز قۇلاق تۈۋۈمدىلا ياڭرىدى، — ئۆمرۈڭنىڭ تولىسى تۈگەپ، ئېزى قالدى، توققۇزى تەل پاراغەتلىك مەئىشەتنىڭ لەززەتلىرىدە يۈنۈس بېلىقىدەك ئۈزۈپ ياشىدىڭ، ئۆمۈر قۇياشىڭ قىيامىدىن پەسلىگەندە، يەنە نىمە كوت ـ كوت؟! ئادەمنىڭ هەممە ئېهتىياجى تولۇقى بىلەن هەق دادىغا يەتكەندە ئەجەل ئۇنى خام كېپەن بىلەنلا گۆرىگە سۆرەيدۇ، شۈكۈر قىلىشنى بىل! شۈكۈر قىلىشنى...، — قۇلىقىمغا غايىبتىن بىر ئاۋازنىڭ كىرىۋاتقىنىنى ئەمدى ئېنىق جەزم قىلدىم، بۇ ئاۋاز دېرىزىدىن كىرىۋاتقان شامالدا ئەخمەتنىڭ باپامقى ئاۋازىدەك غىڭىلداپمۇ كەتمىدى، كۆز-

لىرىممۇ يۇمۇلۇپ قالمىغان، ئەخمەتنىڭ ئۇچۇشۇپ تۇرغان گەـ
دەن چاچلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتىم، قارا رەڭلىك CAMRY
نىڭ پايتەختتىنىڭ ئاسفالت يولىدا ئىرىم تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتـ
قانلىقىنىمۇ ھېس قىلىپ تۇراتتىم. بىردەم جىم تۇرۇپ قىزىپ
كەتكەن نېرۋىلىرىمنى سەل تىنچىتماقچى بولدۇم، تەپەككۇرۇم
ئەقىل تىزگىنىمدىن چىقىپ، كاللامدىنغۇ چاتاق چىقمىغانـ
دۇ؟... ـــ ماڭا قىلغۇدەك گېپىڭ يوقما؟ ئۇنداق بولسا يولۇڭدىن
چىقماي ئىشىڭنى قىل! قولۇڭدىكى بەختىڭنى چىڭ تۇت! ـــ
غايىب ئاۋاز بۇ قېتىم تاغ گۈمۈرۈلگەندەك گۈلدۈرلىدى.

ـــ ياق، ياق، مەن بەختىمگە ئۆچ! ـــ ھولۇقۇپ كەتكىنىمـ
دىن گېپىم بەك تومتاقلا بولۇپ قالدى، چۈنكى، مەن ئۇنىڭ
بەخت ئىكەنلىكىنى پەقەت ھېس قىلالمىدىم! ئەمدى گېپىم پەـ
دىگە چۈشكەندەك قىلاتتى، مېنىڭ يىلان قاسرىقىنى تاشلىغانـ
دەك مېنى ئوراپ تۇرغان بۇ چوڭ يالغانلاردىن بىر قېتىم بولـ
سىمۇ قۇتۇلۇپ، ئۆزۈم بولۇپ ياشاپ باققۇم بار. «يارايسەن لەيـ
لىخان!» دېدىم ئىچىمدە ئۆزۈمنى ئاۋۇندۇرۇپ، راست سۆزلەشكە
جۈرئەت قىلغىنىڭغا باركاللا! ئەمدى ماڭا تېگىشلىك قالغان پۈـ
تۈن ئۆمرۈمنى ئىرىم بىلەن ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە راستـ
لىق ئىچىدە ياشىيالايدىغان ئون يىلىمغا، ياق، بەش يىل... ماـ
قۇل بىر يىل! ئۇنىڭغىمۇ بولمىسا بىر كۈنگە بولسىمۇ تېگىشىپ
بەر! ئۆز ئاۋازىم قۇلىقىمغا ئاڭلانمىدى. لېكىن لەۋلىرىمنىڭ
قىمىرلاۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق سېزىپ تۇردۇم. گېپىمـ
نىڭ ئاخىرقى بوغۇملىرى ئىچىمدىن چىقىپ ئۈلگۈرمەي، غايىب
ئاۋاز يەنە گۈلدۈرلىدى:

ـــ كاشكى 40 يىلدىن ئارتۇق تۇگۈلۈپ ياتقان قاسراقلىدـ
رىڭدىن كېپىنەك بولۇپ ئۇچۇپ چىقارسەن! تەكلىماكاندىكى توـ
پا يىلىنىدەك تولغىنىپ قاسراق تاشلارسەن!... لېكىن قاسراقـ
تىن، ئۆچەكتىن چىقساڭ سەن كىم؟ ھەتتا توزىغان تۇپراقلىدـ

ـرىڭدا قايتىدىن لاي بولۇپ، يۇغۇرۇلۇپ ياسالساڭمۇ سەن كىم؟ يەنىلا سەن ئۆزۈڭ ئەخمەق، پېشانەڭ شۇ! ـــ بۇ قېتىم غايىب ئاۋازنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئۈنلىرى سەل ـ پەل بوغۇلۇپ، كۈچلۈك شامالدا ئەخمەتنىڭكىدەك غىژىلداپ كەتتى.

*　　　*　　　*

دادام رەھمىتىنىڭ يۆگىشىپ تۇرىدىغان تولغىما بۇرۇتلىـ ـرىنى ئويناپ تۇرۇپ، پەغەزدە ئويناتقان كۆك كەپتىرىدەك مېنى تىزىغا قوندۇرۇپ ئېيتىپ بېرىدىغان ھېلىقى چۆچەكنى دەل مۇشۇ چاغدا يەنە يادىمغا كەچتى.

ـــ نامرات دېھقاننىڭ شۇ بىر تاللا قوتۇر ئېشىكى بار ئىـ ـكەن، ـــ دەپ باشلىغانىدى دادام گېپىنىڭ بېشىنى، ئۇنىڭ كۆزلىرى بۇ چۆچەكنى باشلاش بىلەنلا چوغدەك يانغانىدى.

ـــ قوتۇر دېگىنىڭ ئەسكى دېگىنىڭمۇ؟ ـــ قوشۇق سالاتـ ـتىم قارىقاتتەك كۆزلىرىمنى چىمچىقلىتىپ.

ـــ يېقىنلاشتىڭ ئەقىللىق توشقىنىم، بۇ شۇنىڭغا يېقىنـ ـراق بىر گەپ، لېكىن قوتۇر بىلەن ئەسكىنى تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.

ـــ قايسىسى بەك چوڭ، بەك ئەسكى؟

ـــ جىم تۇرۇپ ئاڭلىمساڭ، چۆچەك بۇۋى قېچىپ كېتىـ ـدۇ ساقال تارىغام، ـــ دادام بۇرنۇمدىن چىمدىپ قويۇپ يەنە چۈشەندۈرەتتى، ـــ ئەسكى بىلەن قوتۇرنىڭ پەرقى چوڭ، يۈز قوتۇرنى بىر قىلساڭمۇ بىر ئەسكىگە تەڭ كېلەلمەس.

ـــ ئەمىسە، ئەسكى دېگەن قوتۇردىن يۈز ھەسسىدىنمۇ چوڭ ئىكەن ـ دە؟

ـــ ئۇستازلىرىڭغا بارىكاللا، ھېسابنى ئوبدان ئۆگىنىپتۇ ساڭا.

دادامنىڭ بوز كۆزلىرىدە چىراغ ياناتتى.

— ئۇستازلارغا بارىكاللا بولسا، ماڭا نېمە كاللا؟ — ھەيۋەتلىك بىلەن غازاڭدەك ئالىقانلىرىمنى چىقىرىپ، سۆيۈنچە تىلەيتتىم ئۇنىڭدىن.

— تىل ـ ئەدەبىياتنىمۇ ئوبدان ئۆگىنىپسەن توشقىنىم، گەپلىرىڭ شۇنداق جايىغا چۈشتى.

— جايىغا چۈشۈرگەن مانا مەن! — ئەنگىلىشىم كۆڭلەك كىيگەن داق مەيدەمگە بوك ـ بوك مۇشتلايتتىم، كۆرەڭلەيتتىم، — مۇكاپاتىڭ يوقما؟

— نېمە ئالىسەن؟ بارلىقىم ساڭا مۇكاپات گۈزەل قىزىم.

— قەندەلەت!

— قەندەلەت دېگەننى يېسە تۈگەيدۇ لەيلىخان، ئۇ بەك تاتلىق، تاتلىق يېسە چىشىغا قۇرت چۈشىدۇ توشقىنىم.

— قۇرت دېگەن تاتلىققا ئامراقمۇ؟

— ئامراق بولماتتىكى، شۇنچىلىك ئامراق، شۇڭا تاتلىقنى ساقلىماق تەس، لېكىن ئىچىمدە تاتلىق بولمىسىمۇ يېسەڭ ـ يېسەڭ تۈگىمەيدىغان ئاجايىپ بايلىقلىرىم بار.

— مەسىلەن، نېمەڭ بار، قەندەلەتتىنمۇ تاتلىقمۇ؟

— چۆچەككە تۇرامسەن قەندەلەتكىمۇ؟

قەندەلەتكە شۇنچىلىك ئامراق ئىدىم، چۈنكى، ئۇ رەڭدار، تاتلىق، شىرنىلىك ئىدى. ئىنچىكە تاياقچىسىدىن تۇتۇپ ئاجايىپ مەززە قىلىپ شۈمۈرەتتىمكى، تاماقلىرىمنى چاكىلدىتىپ، لەززەتلىنەتتىم. لېكىن قەندەلەتنى شۈمۈرسە ھامان تۈگەپ قېلىشىنى بىلەتتىم. تۈگەپ قالسىغۇ ھېچ گەپ ئەمەس، دادام ئۇن بوغماق قەندەلەتنىمۇ كۆزىنى مىت قىلماي ئېلىپ بېرەلەيتتى، ئۆزۈم يەپ بولالمىسام ئاداشلىرىمغا تارقىتىپمۇ ئۈلگۈرەلمەيتتىم، لېكىن قۇرت دېگەن نېمىنىڭ تاتلىققا ئامراق بولۇپ قالغىنى چاتاق بولدى. ئەڭ ياخشىسى چۆچەككە تۇرايچۇ، ھەم قىـ

ـزىق، ھەم تۇگىمەيدۇ، دەپ ئويلايتتىم.
ـــ چۆچەككە تۇرىمەن!
ـــ ئۆزۈمنىڭ توشقىنى ـ دە، ئۆزۈمنىڭ!
دادامنىڭ توشقان، قۇشقاچ، يەنە ئاسلان، چۈجەم... دەپ ئەركىلىتىشلىرىگە كۆنۈكتىم، ھەممىدىن بەك «پەرىشتەم» دېيىشلىرى قۇلىقىمغا بەك چىرايلىق ئاڭلىناتتى. چۈنكى، مەن ئۇنىڭدىن پەرىشتە توغرۇلۇق بەك كۆپ چۆچەكلەرنى ئاڭلىغان، مەنمۇ مۇشۇ ئۆمرۈمدە ئاتا ـ ئانامنىڭ گەپلىرىنى ئوبدان ئاڭلاپ، ياخشى ئىشلارنى جىق قىلسام، يامانلىقلارغا دۇچ كەلگەندە شۈكۈر قىلىپ سەۋر قىلسام، بىر كۈنلەردە ئوڭ ـ سول بېقىنىمدىن قىزىل تۈمشۇقلۇق ئاق كەپتىرىمنىڭكىدەك بىر جۈپ قانات ۋاششىدە ئۈنۈپ چىقسا، ئاسمانغا ئۇچۇپ كېتەلەيدىغاندەك ھېس قىلاتتىم.
ـــ ئەمىسە قۇلاق سال! ـــ دادام يىرىك ئېڭەكلىرىنى يۈزۈمگە سۈركەپ قويۇپ، ئۆزۈلۈپ قالغان چۆچىكىنىڭ كەينىنى ئۇلايتتى، ـــ نەگە كەلگەنتىم لەيلىكىم؟
ـــ قوتۇر ئېشەك ئەسكىمۇ، دېگەن يەرگە.
ـــ بارىكاللا توشقىنىم! ئەسلىدىغۇ بۇ ئېشەك ئۇنچىۋالىمۇ ئەسكى ئەمەس، قۇلىقى يۇمشاق، نەگە ھەيدىسە شۇ يەرگە ماڭىدىغان، يولىدىن ئەسلا ئازمايدىغان مۇلايىم جانىۋار ئىكەن.
ـــ شۇڭا ئۇنى ئەسكى دېسەك، ئېشەككە ئۇۋال قىلغان بولىمىزكەن ـ دە دادا؟ يەنىلا قوتۇر ئېشەك دەيلىچۇ. لېكىن، قوتۇر دېگىنىڭ يېزىدىكى ھامامىلارنىڭ ئېشىكىدەك دۈمبىسى يارا بولۇپ قالغان ئېشەكمۇ؟
ـــ شۇنداق، شۇنداق، تاتلىق لەيلىكىم، يەنىلا سەن ئۆزۈڭ ئەقىللىق جۇمۇ، قوتۇر دېگەن ھەم دۈمبىسى يارا، تۈكى چۈشۈپ كەتكەن، ھەم ئورۇق ـ ئاجىز...
ـــ بولدىلا، بىچارە ئېشەككە ئىچىم ئاغرىپ قالدىكەن،

دېمەيلا قوي.

— لېكىن، ئاخىرى بەك قىزىقتى.

— جىنىنىڭ ئىشى چىقامدۇ چۆچىكىڭدىن؟

— قوي ئۇ جىنىنىڭ گېپىنى، ئاجايىپ ھېكمەتكە تولغان ئۇلۇغ چۆچەك بۇ.

— ئەمىسە قۇلىقىم سەندە، — شۇنداق دەپ دادامنىڭ بولۇنلىرىغا يەنە گىرە سالاتتىم. ئۇ غارالڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازىنى پەسلىتىپ، ئۈزۈلۈپ قالغان چۆچىكىنىڭ داۋامىنى دەل ئۈزۈلگەن يېرىدىن ئۇلايتتى:

— ئۇزاق يول يۈرۈپ ھارغان ـ ئاچقان دېھقان بىر چايخانا ئالدىدا قوتۇر ئېشىكىدىن چۈشۈپتۇ، ئاچقىنىغۇ مەيلى، ئەمما چاڭقاش دېھقاننىڭ جېنىغا پېتىپتۇ. قارىسا تۆمۈر ھالقىلارغا باي ـ زەردارلارنىڭ ئارغىماق ـ بايتاللىرى باغلانغان، دېھقانغا مايماق ئېشىكىنى باغلاش ئۈچۈن ھېچبىر بوش يەر تېپىلماپتۇ. ئەلۋەتتە ئېشەكنى يېتىلەپ چايخانىغا كىرگىلى بولمايدۇ ـ دە؟ ئۇزۇن يول يۈرۈپ ھېرىپ كەتكەن دېھقانغا ئاشۇ چاغلاردىكى ئىسسىقتا چاڭقاشلارغا چىدىماق ئاسان دەمسەن؟ دېھقان ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى بىر ئەقىل تېپىپتۇ، شۇ ئەقىل كاللىغا كىرگەندە قەلبى كۈندۈزدەك يورۇپ، يۈزلىرىدىن خۇشاللىق يېغىپتۇ.

— نېمە ئامال؟ تېزراق دېگىنە دادا!

— «ئېشىكىمنى ماڭا كىم بەرگەن بولسا، ئۇنى نېمىشقا شۇنىڭغا ئامانەت قىلمىغۇدەكمەن؟» دەپ ئويلاپتۇ دېھقان.

— ۋاھ! ئېشىكىنى ئۇنىڭغا كىم بەرگەن؟

— سېنى ماڭا كىم بەردى؟ — دادام سوئالىمغا سوئال قايتۇرۇپ قاپقارا كۆزلىرىمگە تىكىلدى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ بوز كۆزلىرىدە ياش ئەگىپ قالغانىدى.

— مېنى ساڭا ئاللاھ بەرگەن! — دادامنىڭ گېپىگە ياڭاق

چاقىقاندەك جاۋاب بەردىم.

— ۋاي، مېنىڭ گېپى تاتلىق پەرىشتەم! ساڭا مىڭ رەھ-مەتلەر بولسۇن كۆز نۇرۇم، — دادام كىچىككىنە ئېگەكلىرىنى سويىمنى ئالغاندەك يوغان ئالىقىنىغا ئېلىپ، پېشانەمگە ئىس-سىق لەۋلىرىنى ئۇزۇنغىچە بېسىپ تۇرغان، ئاندىن چۆچەكنى داۋام قىلغان، — ئېشەكنى ئاللاھ بەرگەن، نېمىشقا ئۇنىڭغا ئامانەت قويۇپ، چايخانىغا كىرىپ بىر پىيالە چاي ئوتلىۋالمىد-غۇدەكمەن، دەپ ئويلىغان دېھقان ئوچۇق ئاسمانغا قاراپ پى-چىرلاپتۇ: «ئى ئاللاھىم قانچىلىك ئۇسساپ چاڭقىغىنىمنى ساڭا دېيىشىم هاجەتمۇ؟ ماڭا بەرگىنىڭ مۇشۇ بىر ئېشەك، ئۇ مېنىڭ بارچە ئېغىرىمنى كۆتۈرىدىغان كۆچى هالال جانىۋىرىم، ئۇنى باغلاي دېسەم يا جاي، يا باغلاق يوق، چاي ئىچىپ چىققۇچە ساڭا ئامانەت قويدۇم، ئۇزۇن كاشىلا بولمايمەن، چاي ئىچىپ چىقىپلا سەندىن ئېشەكىمنى سورايمەن، سېنى ئۇزۇن مالال قىلمايمەن» دەپ ۋەدىلەرنى قىلىپ، ئېشەكنى تاشلاپ چايخانىغا كىرىپ كېتىپتۇ، ۋاقىت ئۆتۈپتۇ - ئۆتۈپتۇ، پىشىم ئەسىرگە ئۇلى-شىپتۇ، نىهايەت دېھقان چاي ئىچىپ راھەتلىنىپ، كىگىز سې-لىنغان سۇپىنىڭ بۇلۇڭىدا مەلەخ - مەلەخ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتۈپتۇ، كۈن غەرىبكە قىيسىيىپ جا-هاننى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ.

— بىر ئاش پىشىم دېگىنىڭ قانچىلىك ۋاقىت دادا؟

— شۇ زامانلاردا، — بۇرۇتىنى ئەشكەن دادام كۆزلىرىنى قىسىپ دەيتتى، — شۇ زامانلاردا بەلكىم، ئىككى - ئۈچ سائەت-لەردە تاماق پىشسا كېرەك، بۇنى ئاناڭ ئوبدان بىلەتتى قوزام.

— ئەمىسە ئانامدىن سورايلىچۇ؟

— بولدى قىل، بۇنداق دوڭغاق جىگدىدىن يىلىم كولىغان-دەك كولاۋەرسەڭ چۆچەك بوۋىمىنىڭ هاردۇقى تۇتۇپ، مۈگدەپ قالىدۇ.

— مۇگدەپ قالسا نېمە بولىدۇ؟
— چۆچەكنىڭ داۋامىنى ئاڭلىيالماي قالسەن تونۇشقىنىم.
— ياق ئاڭلايمەن، دېگىنە دادا، ماقۇل بولىدۇم ساڭا، بىر ئاش پىشىم دېگىنىڭ ئۈچ سائەت بولسا بولسۇن.
— دەپ نەرىگە كەلگەنتىم چۆچىكىمنىڭ؟
— دېھقان سۇپىدا ئۇخلاپ قالغان يەرگە.
— ھەببەللى، دېھقان ئويغىنىپ قارىسا ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باسقان، چايخانا تىنچىپ، چايچى بوۋاي مورا ئوچىقىنىڭ تەكچىسىدىكى جىنچىرىغىنى پەرلەپ تۇرغان. دېھقان چاچراپلا ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ، ئەتراپ سىياھتەك قاراڭغۇ، ئارغىماقلار باغلاقتىن يېشىلىپ، ھويلا ـ قورۇ ھاڭراپ قالغان، لېكىن دېھقاننىڭ ئېشىكىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. شۇ چاغدا دېھقان ئېشىكىنى كىمگە ئامانەت قويغىنىنى دەرھال ئېسىگە ئېلىپ «شۈكۈر!» دەپ كۆكسىنى تولدۇرۇپ بىر نەپەس ئېلىپ كۈلۈمسىرەپتۇ. «ھەرنېمە بولسا ئېشىكىمنى باغلاقتا قويماي، ساڭا ئامانەتكە قويۇپتىمەن، شۇ خاتىرجەملىكىمدە بىر زەررە راھەتلىنىپ ئۇخلاپمۇ ئاپتىمەن، ئەمدىكى سەپىرىمنى يەڭگىل باسقۇدەكمەن» دەپ ئويلاپ، چايخانا ئالدىدىكى لاپاستا ئېشىكىنى ساقلاپتۇ، ساقلاپتۇ، لېكىن ئېشىكى ھېچ قايتىپ كەلمەپتۇ.

«ئى ئاللاھىم، ئېشىكىمنى بەر!» دەپ پىچىرلاپتۇ دېھقان دەسلەپ پەس ئاۋازدا، لېكىن يەر ـ ئاسماندىن ھېچبىر سادا يوق، ئېشىكى كەلمەپتۇ. «ئاللاھىم ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش سېنىڭ ئەھدىڭ ئىدى، چاقچاق قىلماي ئېشىكىمنى بېرىۋەت!» بۇ قېتىم سەل خاپا بولۇپ ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ توۋلاپتۇ دېھقان، ئەمما يەنىلا ئېشىكى پەيدا بولماپتۇ. دېھقاننىڭ بۇ قېتىم راستىنلا ئاچچىقى كەپتۇ ـ دە، ئاسمانغا قاراپ قاتتىق ۋارقىراپتۇ: «ئى... ئاللاھىم، ئەھدەڭگە ۋاپا قىلىپ، ئامانەتكە خىيانەت

قىلما!»

شۇ زامان يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان ئاسماندا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىلىپتۇ، شۇ چاقماقنىڭ نۇرىدا ئەتراپ يالت قىلىپ كۈندۈزدەك يورۇپ كېتىپتۇ. قارىسا ئېشىكى بىر دۆڭنىڭ ئۈستىدە پاسار چايناش بىلەن ئالدىراش، ئېشەككە ئارتىلغان خۇرجۇن بولسا تومپىيىپ تۇرغۇدەك. ئېچىپ قارىسا بىر پېيىدا ئالتۇن، يەنە بىر پېيىدا لىققىدە كۈمۈش. دېھقاننىڭ چېھرىگە شۇ زامان خۇشاللىق بالقىپ چىقىپتۇ.

«ھەشقاللا ساڭا ئاللاھىم! نېمىمۇ قىلار ئىدىڭ مەندەك تەرسانى تارتۇقلاپ، ئەسلىدە ماڭا چاقچاق قىپتىكەنسەن ـ دە؟» دەپ قويۇپ ئېشىكىگە مىنىپ، ئىككى پۇتى بىلەن ئېشىكىنى بىقىنداپ، جانىۋارنى يورغىلىتىپ كېتىپتۇ دېھقان.

ـــ تۈگىدىما؟ ئارانلا مۈشۈنچىلىكما؟ تازا قىزىق ئەمەسكەنغۇ؟ ـــ چۆچەكنىڭ مۇھىم يېرىدە ئۈزۈلۈپ قالغىنىدىن كۆڭلۈم راستىنلا يېرىم بولغانىدى.

ـــ ئۇيغۇرنىڭ ھەربىر چۆچىكى بىر ھېكمەت، قىسمەتلىرى بىر دۇنيا، ئاق توشقىنىم! تەڭرى ساڭا ماۋۇ باشنى نېمىشقا بەردى؟ ئۇنى ئاستىڭغا ئەمەس، ئەڭ ئۈستۈڭگە شۇنچە ئەزىز قىلىپ ياراتتى؟ تەپەككۇر قىلسۇن، ھېكمەتلىرىمنى يەشسۇن دەپ. بىلىشكە تېگىشلىكلەرنى بىلمەسلىكنىڭ ئۆزى گۇناھ پەرىشتەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇر تېغىدىكى ھىرا غارىدا جەبرائىل ئارقىلىق ئاللاھدىن ئالغان تۇنجى ۋەھىيسى «ئوقۇ» ئىدى قىزىم! «ئوقۇ» دېگەننىڭ مەنىسى ئۆگەن دېگەندىن ئىبارەت، خوش، ئەمدى چۆچەكنىڭ پوستىنى ئالدىڭ، مېغىزىنى چاققۇڭ يوقما؟

ـــ جېنىم دادا! ـــ دادامنىڭ بويۇنلىرىغا كاپ قىلىپ گىرە سېلىۋالدىم، ـــ مېغىزىنى بەك چاققۇم بار، دەپ بېرە!

ـــ ئۆزۈڭ تەپەككۇر قىل، چۆچەكتە ئەھدىسىگە ۋاپا قىلـ

مغان ئەسلىدە كىم ئىدى؟
كۆزلىرىمنى چىمچىقلاتتىم.
— مۇشۇ سوئالىمغا جاۋاب بەرسەڭ سەندىن ئىككىلى دۇن-يادا رازى بولىمەن ئەزىزىم.
— ئەسلىدە ۋەدىگە ۋاپا قىلمىغانمۇ؟ توختا، ماڭا مىتتىدە ۋاقىت بېرىپ، كۆزۈڭنى يۇمۇپ تۇرە، — ۋاھ! شۇ چاغدا قەلبىم شۇنچىلىك يورۇپ كەتكەنكى، ئاشۇ يورۇقلۇق ئىچى - تېشىمنى يوپيورۇق قىلىۋەتكەنىدى، — ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغاننى تاپتىم دادا، ئۇ دەل دېھقاننىڭ ئۆزى!
— نېمىشقا؟ — دادامنىڭ بوز كۆزلىرىدە ياش ئەگىدە-گەنىدى.
— نېمىشقا دەمسەن؟ دېھقان بۇرۇن ئۆزى ۋەدە قىلىپ «ئېشىكىم ساڭا ئامانەت، سېنى ئۇزۇن مالال قىلمايمەن» دېگەن-تىغۇ، ئەمەلىيەتتە بىر ئاش پىشىم ئۇزۇن ئەمەسمۇ؟ ئۆزى ئۇخلاپ قېلىپ، تېخى تەڭرىدىن ئاغرىنىپ ئاسمانغا قاراپ ۋار-قىرىدى.
— ئاھ مېنىڭ جىگىرىم! — دادام مېنى باغرىغا بېسىپ چىڭ قۇچاقلىۋالدى، ئاندىن قۇلىقىمغا ئۇنىڭ بوم، ئۇزۇك ئا-ۋازلىرى ئاڭلاندى!
— چاقماقنىڭ سېھرىنى بىلەمسەن؟ بىلسەڭ، ئۇ ئاللاھ-نىڭ كۈلكىسى!
— ئاللاھمۇ كۈلەمدۇ دادا؟
— ياخشىلىقنى، ساخاۋەتنى، سائادەتنى، دوستلۇقنى، مې-ھىر - شەپقەت، ئىناقلىقنى يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش گۈزەل نەر-سىلەرنى كۆرگەندە ئاللاھ كۈلىدۇ قىزىم.
— دېھقان ئۇنىڭغا نېمە ياخشىلىق قىلدى ئەمىسە؟
— ئاللاھىم ئەزەلدىن بەندىسىدىن ياخشىلىق كۈتمەيدۇ، بەلكى بەندىلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ياخشىلىق قىلىشىنى كۈتىد-

دۇ بالام! توغرا ـ توغرا، يەنە بىر چۆچەكنى ئۇلاپ دەپلاۋەتسەم سىزنىڭ چۈشىنىشىڭىز ئۇچۇن تېخىمۇ پايدىسى بولغۇدەك قوزام، يېڭى چۆچەككە ئۇستەكلىككە ئىنىشىمىڭ يوقمۇ؟
ــ كىلە، ــ چوك قىلىپ دادامنىڭ تۇكلۇك يۇزلىرىگە سۆيدۇم، ــ بولدىمۇ؟
ــ كاتتا ئۇستەك! ــ دادام شۇنداق دەپ پىسىگىدە كۇلۇپ يېڭى چۆچىكىنى باشلىغانتى، ــ سەنچىلىك بىر نارەسىدە پەرىشتىدىن مۇنداق دەپ سوراپتۇ: «نېمىشقا جەننەتتىكى كىشىلەر ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ ـ يۇ، دوزاختىكى كىشىلەر ئازابتا قالىدۇ؟
ــ بۇنى بىلگۈڭ بارمۇ ئومىقىم؟ ــ دەپتۇ پەرىشتە، ــ مەن سېنى ئاپىرىپ كۆرسىتىپ كېلەي، يۈر مەن بىلەن.» نارەسىدە پەرىشتىنىڭ قولىدىن چىڭ تۇتۇپتۇ، ئۇلار ئالدى بىلەن دوزاخقا كەپتۇ. بىرىنچى ئىشىكتىن كىرىشىگە، قۇلاقلىرىغا ئاھۇزار، يىغا ـ پەرياد ئاڭلىنىپ كېتىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا بىر ئۆينىڭ تۆمۈر ئىشىكى سىرتىدىن تاقاق، ئىت كاللىسىدەك قارا قۇلۇپ سېلىنغان، قولىدا تۆمۈر گۈرزىسى بىلەن ئوت پۈركۈيدىغان نەيزىسىنى تۇتۇپ، ئىككى دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلۇق ئىشىك باقار ئوت كۆيۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىن قىپقىزىل يالقۇن پۈركۈپ تۇرغۇدەك.
ــ يالقۇنلار ئادىشىم بىلەن پەرىشتىگە چاچرىماپتىمۇ؟
ــ توۋا دېگىنە، سۇتتەك پاك، قاردەك ئاق نارەسىدىنىڭ نېمە گۇناھى؟ پەرىشتىدىن ئەنسىرىشىڭ ئاندىن نە ھاجەت؟ ئۇ ئەزەلدىن نۇردىن يارالغان تۇرسا، ئوت ئۇنىڭ ئالدىدا نېمىتى؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە دوزاخ ئوتى گۇناھكارلار كۆيىدىغان ئوت، ياخشىلار ئۇچۇن تەرك. چۆچەك ئۈزۈلدى، ئەمدى ئۇلىغىلى بولماس، ــ دادام پىستە كۆزلىرىنى قىسىپ، باشلىرىنى مۇغەمبەرلىك بىلەن چايقاپ قويغانىدى.

— جېنىم دادا، ئۆز دادا، سەندىن ئۆتۈنەي، چۆچەكنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تاقىلداپ كەتكىنىمنى بىلىپ تۇرساڭ... ئەمدى سورىمايمەن، — چىن پىششىق - چۈشكەن ئورنىغا يې- ڭىدىن چىققان خانئىبرىقنىڭ گۈرۈچىدەك ئاق چىشلىرىنى كۆرستىپ كۈلگەنىدىم.

— سورىمىساڭ چۆچەك يوق، مەسۈك تارتىپ چېقىشىپ قويدۇم قۇشقىچىم، ۋىچىرلاپ سايراپ تۇرۇشلىرىڭغا ئەسلىدە ئۆزۈم كۆيمەن، چۆچەك بۇۋىمۇ ئەقىللىق بالىغا ئامراق، — قاڭشىرىمنى بوشقىنا چىمدىپ قويۇپ، چۆچەكنى داۋام قىلغا- ندى دادام، — پەرىشتە بىلەن نارەسىدە دوزاخنىڭ مۇدھىش ئۆگزىسىگە چىقىپ، بۆكۈمدەك كىچىك، قاپقارا تۈڭلۈكتىن ئۆي ئىچىگە قاراپتۇ.

— نېمىنى كۆرۈپتۇ دادا؟

— شەررەكتەك ئورۇق ئەتلىرى ئۇستىخانلىرىغا چاپلىشىپ كەتكەن بىرمۇنچە ئادەملەرنى... قارىسا ئۇلار ناھايىتى يوغان بىر قازاننى...

— ئۇ قازان غەنى موللامنىڭ نورۇزدا ئاسىدىغان 16 قۇلاق- لىق مىس قازىنىدىنمۇ يوغانمۇ؟

— يوغان بولماستىكى، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ نەچچە ھەسسە يوغاندۇ! قىزىق سەن - ھە؟ نېمىدەپ موللامنىڭ قازىنىنى دو- زاخنىڭ قازىنىغا ئوخشىتىپ يۈرسەن لەيلەك؟ — دادام چىكىل- داپ قويدى.

— نېمە بولىدۇ؟

— غەنى موللامنىڭ 16 قۇلاقلىق قازىنى دېگەن جەننەتنىڭ قازىنى.

— جەننەتتىمۇ قازان بولامدۇ؟ سەن ئۆزۈڭ ئۇ يەردە تاماق ئېتىش بىھاجەت، دەرەخلەردە مېۋىلەر پىشىپ تۇرىدۇ «ئېچىل داستىخىنىم، ئېچىل» دېيىسەڭلا قەندىلەتتىن باشلاپ

پۇتۇن تاتلىق تۇرۇملەرنىڭ تېشىدا 72 خىل ئىسسىق غىزا داستىخاندا ھايالسىز ھازىر بولىدۇ دېگەنتىڭغۇ؟

— شۇنداق دېيىشىنغۇ دېگەن، مەن ھەممىنى بىلىدىغان ئەۋلىيا ئەمەس ـ تە؟ لېكىن، بەلكىم... غىزاچى مالائىكىلەر داستىخانغا مەززىلىك تاماقلىرىنى ئۇراشتىن ئىلگىرى 72 خىل غىزاسىنى ئاشۇ ئالتۇن قازاندا تەييارلىسا كېرەك.

— توۋا، ما گەپنى! «ئۇلۇغ ھەقىقەتلەردە شەك يوق، ئۇنىڭغا لېكىن ـ پېكىن كەتمەيدۇ» دېگەن گېپىڭ ئەمدى يوق بولدىما؟

— ۋاي زاكونچى مىتەك، — دادام شۇنچىلىك قاقاھلاپ كۈلگەنكى، كۈلكىسىنىڭ دەستىدىن كۆزلىرىدىن ياشمۇ چىقىپ كەتكەندى، — ئېسىمگە سېلىپ قوي، زىنھار ئۇنتۇماي، ئاناڭ-غا بۇيرۇتۇپ ئەتىدىن قالدۇرماي قۇربانلىقنىڭ كۆزىدىن تۇمار قىلىپ بوينۇڭغا ئاساي.

دادامنىڭ قۇچىقىدىن ئىككى ئىللىك كۆتۈرۈلۈپ ئالچاڭ-شىپ قويغاندىم. راست گەپنى دېسەم شۇ چاغدا ئەقلىمنى جا-يىدا ئىشلىتىپ، دادامنىڭ كۆڭۈل چىراغلىرىغا ئوت ياققىنىم ئۇچۇن شۇنچىلىك سۆيۈنۈپ كەتكەن بولسام كېرەك.

— يەنە نەگە كەلگىنىڭنى مەندىن سورايسەنغۇ تايىنلىق، دەپ بېرەيمۇ؟

— خوش، ئۆزۈڭ ئۇزگەندىكىن، ئۆزۈڭ ئۇلا چۆچ-ەكنى.

— شەررەك ئەتلىرى ئۇستىخىنىغا چاپلىشىپ كەتكەن بىر توپ ئادەملەرنىڭ يوغان بىر داش قازانغا قاراپ ئولتۇرغان يەر-گە، — قارىقاتتەك كۆزلىرىمنى يورغىلىتىپ، كىچىككىنە ئالد-قانلىرىمنى باش ئۇستۇمدە ئۇچۇرۇپ، دادامنىڭ كۆز ئالدىدا ئويناتقاندىم.

— شۇ قازاندا، — دادام كۆكسىنى لىق تولدۇرۇپ بىر نە-پەس ئالغاندىن كېيىن، شۇ نەپەسنى خېلىغىچە ئىچىگە يۇتۇپ،

ئاندىن كېيىنلا ھەسرەت بىلەن سىرتىغا چىقارغانىدى. ئىسسىق تىنىقلىرى يۈزلىرىمگە تومۇز شامىلىدەك ئۇرۇلغانىدى، شۇنىڭغىچە ماڭا ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت كەتكەندەك تۇيۇلغان، — شۇ قازاندا دۇنيادىكى بارچە يېمەك - ئىچمەك، نازۇنېمەتلەر ئۆز تورى، رېتى ۋە خىلى بىلەن لەيلەپ تۇرغۇدەك، مەززىلىك تائاملارنىڭ قازاندىن گۇپۇلدەپ كۆتۈرۈلگەن خۇش پۇراقلىرى تېخىمۇ لەززەتلىك ئىكەن. نىھايەت، ئۇلارنىڭ چاناقلىرىغا پاتقان ھەسرەتلىك كۆزلىرىدە ئاچلىق، زارلىق، ئۈمىدسىزلىك، ئۆچ - ئاداۋەت، دۈشمەنلىك ئۆلۈم ۋەھىمىسىدەك ئەلەڭلەپ تۇرغۇدەك. شۇڭا قولىدىكى بىر بېشى قازانغا، يەنە بىر بېشى دوزاخ تاملىرىغا تاقىشىپ تۇرىدىغان دەستىسى ناھايىتى ئۇزۇن چۆمۈچىنى بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ، چىڭ قامالللىۋالغاچقا، يا ئۆزى نازۇنېمەتلەرنى ئۆز ئېغىزلىرىغا سالالمىغۇدەك... ئاچلىق ۋە چاڭقاقلىق ئازابى جانلىرىغا پېتىپ، نالە - پەريادى دوزاخ تاملىرىنى تىترىتىپ تۇرغۇدەك... بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ يالتىراق قەغەزدەك يەرلەرگە چاپلىشىپ قالغۇدەك.

— يۈر، ئەمدى جەننەتكە، — دەپتۇ پەرىشتە مەيۈسلەنگەن، ئازابلانغان نارەسىدىنىڭ كىچىك قوللىرىدىن تۇتۇپ، — كۆڭلۈڭنىڭ قانچىلىك يېرىم بولغىنىنى بىلدىم، — شۇنداق دەپ ئاق ئېتەكلىرىنى يېيىپ، ئاق لېچەكلىرىنى ئۇچۇرۇپ بىرلا پەرۋاز قىلغانىكەن، 18 مىڭ ئالەمنى كېزىپ ئۆزلىرىنى بېھىشتە كۆرۈپتۇ. ئۇلار قارىغۇدەك بولسا ياپيېشىل ئورمانلار، چىمەن باغلار، بۇلاقلىرىدىن بۇلدۇقلاپ زەم - زەم تېشىپ، تارام - تارام ئېرىقلاردا زۇمرەت سۇلىرى ئېقىپ تۇرغان، لالە - رەيھانلارنىڭ بەرگىدىن گۇپۇلدەپ خۇش ھىد تاراپ، بۇلبۇللار خەندان ئۇرۇپ تۇرغان بېھىش ئىكەن، — دادام ئۇلۇغ تىنىقلىرىنى ھۇزۇر بىلەن سىرتىغا پۈركىگەندە، ئۇنىڭ خۇش نەپەسلىرىدىن يالپۇز چېچەكنىڭ سالقىن ھىدلىرى ئۇرۇلدى، — مانا

بۇ جەننەت! تاملىرى مەرمەر، بوسۇغىسى ئالتۇن، پەشتاقلىرى كۈمۈش، پاسىلسىز خانىلار بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان، خىرۇستال پەنجىرىلەردىن نۇر چېچىلىپ تۇرغان بىر ئۆيىنىڭ ئالدىدا توختاپتۇ ئۇلار.

ــ مىڭ دېگەندىن بىر كۆرگىنىڭ ئەلا! ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ ئىشەن، ئەمدى نېمىنى كۆرسەڭمىن قوزام؟ ــ دەپتۇ پەرىشتە.

نارەسىدە يالىلداپ نۇر چېچىلىپ تۇرغان خىرۇستال پەنجىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، قارا كۆزلىرىنى ئۆي ئىچىگە تىكىپتۇ.

ــ نېمىنى كۆرۈپتۇ دادا؟

ــ نۇرغۇن ئادەملەرنى.

ــ ئۇلار نېمە ئىش قىلىشىۋاتقانىكەن؟

ــ يوغان بىر قازاننى چۆرىدەپ تاماق يەۋاتقانىكەن.

ــ 16 قۇلاقلىق قازاننىمۇ؟

ــ خوش، غەنى موللامنىڭ قازىنىغا ئوخشاش بەرىكەتلىك، ساخاۋەتلىك بىر قازانغا غۇژژىدە ئولىشىپ، شۇنچىلىك مەززە بىلەن نازۇنېمەتلەرگە ئېغىز تېگىشىۋاتقانىكەن. چىرايلىرىدا خۇش تەبەسسۇم، نۇر جىلۋە؛ چوڭ ـ كىچىك، يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك، خار ـ ئەزىزلىك يوق، باباراۋەر؛ شۇنچىلىك شادىمان، شۇنچىلىك ئازادە، هۆر، ئەركىن. قولىدىكى چۆمۈچلىرىنىڭ ساپلىرى شۇنچىلىك ئۇزۇن بولۇپ، بىر ئۇچى قازاندا، يەنە بىر ئۇچى جەننەتنىڭ مەرمەر تاملىرىغا تاقىشىپ تۇرسىمۇ، شۇنچىلىك هۇزۇر ـ هالاۋەتتە تويۇپ غىزالىنىۋېتىپتۇدەك.

ــ چۆمۈچىنىڭ دەستىسى دوزاخىنىڭكىدەك ئۇزۇن تۇرسا، غىزالارنى قانداق ئېلىپ يېگۇدەك؟ بەك هەيران قالدىم دادا!

ــ گەپ دەل مۇشۇ يەردە ئاق لەيلەم، ــ دادام سەل توختاپ كۆكسىنى لىققىدە تولدۇرۇپ، يالپۇز پۇراقلىق نەپەسلىرىنى

چىقارغانىدى، — چۈنكى، ئۇلار چۈمۈچىدىكى غىزالارنى بىر - بىرلىرىگە خوش - خوش ئىتىپ يېگۈزۈۋاتقۇدەك. ئۇزۇن ساپ-لىق چۈمۈچتە ئۆزى يېيەلمىگەن بىلەن باشقىلارغا يېگۈزگىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ.

— ئەمەلىيەتتە گەپ چۈمۈچنىڭ دەستىسىنىڭ قانچىلىك ئۇزۇنلۇقىدا ئەمەس، ئۇنى قانداق ئىشلىتىشتە ئىكەن - دە، دادا!

— بارىكاللا ئاق توشقىنىم، بارىكاللا! — دادامنىڭ تىنىق-لىرى كېسىلىپ، يەلكىلىرى تىترەپ، ئۇنلىرىنى يىغا بوغقان-دى، — ئەمدى ئاللاھنىڭ ھېلىقى كۆلكىسىنىڭ سەۋەبىنى چۈ-شەندىڭمۇ؟ مۇقەددەس كۆلكە دەل دوستلۇققا باغلانغان! چۈنكى، دېھقان گەرچە ئۇنى كۆرمىسىمۇ، كۆرەلمىسىمۇ مەۋجۇت ئىكەن-لىكىدىن، مېھىر - شەپقىتىنىڭ چەكسىزلىكىدىن قىلچە گۇمان قىلماي ئېشكىنى ئۇنىڭغا ئامانەت قويغان. دېھقاننىڭ ئۆزىگە شۇنچىلىك ئىشەنگىنىدىن، ئۆزىنى شۇنچىلىك يېقىن دوست بىلىپ، پېتىنىپ، ئىشىنىپ، ئاسمانغا قاراپ ۋارقىرىيالىغان جۈرئىتىدىن ئاللاھنىڭ مەستلىكى كېلىپ كۈلۈۋەتكەن، — شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا دادامنىڭ ئىسسىق ياشلىرى بۇلاقتەك تېشىپ تۆكۈلگەنىدى، — بىلىپ قال ھەم ئېسىڭدىن چىقارما لەيلىخان، ئۇنىڭغا ئىشتىكلى قۇلاق، كۆرگىلى كۆز بىھاجەت، لېكىن ئۇ ھەممىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرغۇچى، ھەتتا سېنىڭ، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنىمۇ. شۇڭا نىيىتىڭنى پاكىز تۇت، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن گۇمان قىلما، قۇدرىتىگە شەك كەلتۈرمە! مۇشۇ ئۆمرۈڭدە سەن سۆيگەن ۋە سېنى سۆيگەنلەرگە قولۇڭدىن كې-لىدىغان بارچە ياخشىلىقلارنى قىل! ھەركىمنىڭ ئالدىدا لەۋز قىلغان ۋەدەڭدىن يانما! قەدىردانلىرىڭغا زىنھار ئاسىيلىق قىلما...

— پايتەختنىڭ يوللىرى ئازادە، — ئەخمەتنىڭ تۇيۇقسىز

شۇ ئەسنادا ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ بىلىكىگە ... 

شىۋىرلىغان ئاۋازى مېنى دادامنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىن سۆرەپ چىقتى، — ئۇ بېيجىڭنى مۇشۇنداق ئاتاشقا ئامراق ئىدى، — يەر ئاستى قاتنىشى بەك قولاي، ئىككى يۈەن بىلەن مېترو دېگەندە ئولتۇرسىڭىز نە - نەگە بارالايسىز. لېكىن يەر ئۈستى قاتنىشى مۇشۇنداق قىستاڭراق، پايتەخت بولغاندىكىن ھەممەيلەننىڭ بىر كېلىپ كۆرۈپ، ئويناپ باققۇسى كېلىدىكەن. بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىمۇ بولىدۇ، ئادەملەرگە ئادەمچە مۇئامىلە قىلىدۇ، تۇزۇم ھەممە ئادەمگە ئوخشاش، كىشىلىك قەدىر - قىممەت ۋە باراۋەرلىك بار، مۇشۇ تەرىپىنى بەك ياقتۇرۇپ قالدىم ئاچا.

— شۇنداقمۇ؟ — ئۇنىڭ ئەيمىنىشىنىڭ ئاسارىتىدىن بىر ئاز بولسىمۇ قۇتۇلۇپ، مېنى ئۆز بىلىپ ئاچىلاپ ئاتىشى قۇلىقىمغا يېقىملىق ئاڭلاندى، ھەممىدىن بەك ئۇنىڭ بېيجىڭ ھەققىدە دېگەنلىرىدىن ھەيران قالدىم. تىللا ئۈزۈكلۈك بارماقلىرىم بىلەن قارا كۆزەينەكىمنىڭ قاڭشىرىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، باشقىچە ئىپادە بىلدۈرمىدىم - يۇ، لېكىن ئىچىمدە مۇھەممەتنىڭ كىشىنى شۇ قەدەر ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىغانلىقىغا ھەيران قالدىم، ئەمەلىيەتتە ئەخمەت ئاران تولۇقسىزنى پۈتتۈرگەن، دادىسى كان گۇمۇرۇلۇشتە قازا قىلغاندا ئۇ تېخى 11 — 12 ياشلاردا ئىدى. بىز ئۇنى شۇ يېشىدىن باشلاپ بالىچىلاپ بېقىۋالدۇق، ئوقۇتتۇق، كېيىن ئۆزى ئوقۇشنى خالىمىدى، بىزنىڭ غوجامنىڭ ئەھۋالى شۇ تۇرسا، ئۆيگە تۈۋرۈك بولىدىغان ئەر بولمىغاچقا، ئۇنى ئوقۇشتىن توختىتىشقا بىزمۇ سەۋەبچى بولدۇق. مانا ئاخىر شىركىتىمىزنىڭ بېيجىڭدىكى تارماق تاش دۇكىنىغا باش بولدى. بەش يىلنىڭ ياقى ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇش، تىجارەت ئىشىدىلا ئەمەس، دۇنيا قارىشىدىمۇ زور يېڭىلىقلار بولغاندەك. «كىشىلىك قەدىر - قىممەت» دېگەنلەرنىڭ يەپ - ئىچىش ۋە كىيىپ - خەجلەشتىن پەرقلىق مەنىسىنى چۈشىنەلىگىنىگە

ئىچىمدىن مەستلىكىم كەلدى، ــ بۇ يىل 27 ياشنى زىممەڭگە
ئالدىڭغۇ ئەخمەت، ــ مىنىبىرال سۇنىڭ كاۋچۇك ئىغىزىنى بو-
شىتىپ لەۋلىرىمنى نەمدىۋالدىم، ــ يۇرتتا بولساڭ ئالىلقاچان
ئىككى بالىغا دادا بوپ بولاتتىڭ، ياكى تايىنلىق تويۇڭنى قىلىپ
يولغا سالماپتۇق. كۆڭلۈڭگە پۈككەن قىزىڭ باردۇ؟ ئاللاھ خا-
لىسا، غوجامنىڭ ئەھۋالىدا زەررىچە ياخشىلىنىش بولسىلا ھەم-
مەيلەننىڭ كۆڭلىمىز ئەمىن تېپىپ قالىدۇ، شۇنداق بولغاندا
ئەتىيازغىچە بېشىڭنى ئوڭشاپ قويايلىمىكىن دەۋاتىمەن.
ــ ھى - ھى - ھى، ئۆزىڭىز تۇرغان يەردە ماڭا ئۇنى -
بۇنى تاللاشنى كىم قويۇپتۇ خان ئاچا، ــ ئۇدۇلنى كۆرۈش ئەي-
نىكىدە ئەخمەتنىڭ 32 چىشى يەنە تولۇق كۆرۈندى، ئاندىن ئۇ-
نىڭ چاچلىرىنىڭ ئاراچلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قۇلاق سۇپ-
رىلىرىنىڭ كۆز ياپرىقىدەك قىزىرىپ كەتكىنىنى كۆردۈم، شۇ
ھامانلا غۇژژىدە ئاچچىقىم تۇتتى. راست گەپنى دېسەم، مۇشۇ با-
لىنىڭ مۇشۇنداق قانسىراتماي قۇيغان ئۆپكىدەك ئېسىلىپ،
قىزىرىپ كېتىشلىرى بىلەن پەقەت خۇشۇم يوق ئىدى، سېرىق
مايدا مايلىغاندەك ياغلاش كۆلۈمسىرىشى بىلەن تېخىمۇ كۆزۈم-
گە سىغمايتتى، مۇشۇ قارشىلىقسىز «خوپ - خوپ» دەپ تۇرد-
دىغان خۇشخۇيلۇقىنى كۆرسەملا چىشىم مۇشۇنداق قىرىشىپ
قالاتتى.
ــ تۇرگۇنرەك ياشا ئەخمەت، كەسكىن، ئاچچىقراق بول!
ئالىدىغان خوتۇنىمۇ مەن ساڭا تاللاپ بېرەمدىم؟ بىلسەڭ بۇ
بىر پاجىئە، بىر ئۆلۈم، مەشئۇملۇق! ــ چاناقلىرىم بىردىنلا
ياشقا تولدى، لېكىن قارا كۆزەينەك تۇسۇپ تۇرغاچقا ئەخمەت
بۇنى كۆرەلمەي قالدى. بەلكىم شۇ چاغدا قارىچۇقلىرىمدىن
ھەسرەتلىك ئوت ياندى، ئۇ بۇنىمۇ سېزەلمىدى، ــ ئەر كىشى،
ئوغۇل بالا دېگەننىڭ سەل رەزىمسى، تېپى، قەھرى - زەھرى
بولىدىغان، مۇشۇ ھاياتىڭدا ئۆزۈڭ تاللاشقا تېگىشلىك نۇرغۇن

نەرسىلەرنى ساڭا تاللاپ بەردۇق. ئەمدى بۇنداق بولىۋەرسە بول-
مايدۇ، ھەتتا ئەمرىڭگە ئالىدىغان خوتۇننىمۇ بىزنى تاللاپ بەر،
دېسەڭ قاملىشامدۇ؟ بۇ كاللاڭدا بىر مەزلۇمەنىڭ بەختى ـ تەق-
دىرىنىمۇ قىشتىكى ھۆل ئوتۇننىڭ چۇچۇلىسىدەك يېرىم ئۆ-
لۈك قىلىۋېتىسەن! چۇچۇلا يا كۆيمەيدۇ، يا يانمايدۇ، ئاچچىق
تۈتۈن بىلەن تۈگەيدۇ شۇ، ـــ «خۇددى مېنىڭكىدەك» دەۋەتكىلى
تاسلا قالدىم. يەنە تۇرۇپلا ئۇنىڭغا گۇررىدە ئىچىم ئېچىشىپ
قالدى. بۇ بىچارىلىك، بۇ قۇلچىلىق قاي زامانلاردىن بېرى ئەي-
دىزدەك يۇقۇپ قالدىكىن ئۇنىڭغا؟ ئۇنىڭ جەددى ـ پۇشتى،
ئەھلى ـ ئەۋلادىنىڭ كەچمىشلىرى توغرىسىدا بىلىشىم ئاز،
لېكىن ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن مۇشۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ
كىرگەندە، ئۇنىڭ رەھمەتلىك دادىسى ئائىلىمىزنىڭ كونا ئىش-
لەمچىسى ئىدى، ھەممە بىزنى تۇغقان دەپ بىلەتتى. كەم سۆز بۇ
كىشى قولى جىق پۇل كۆرگەندىمۇ، ئەخمەتتەك ھىجراپ كۇل-
مەيتتى، كۆرمىگەندىمۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قاپىقىنى تۈرمەيت-
تى، لېكىن دائىما ئېغىر بىر يۈك زىممىسىنى بېسىپ، قەلبى-
نىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلىيالمايدىغان بىر جاراھەتنى باردەك،
زەرداب ئېقىپ تۇرغاندەك، ھەسرەتلىك بىر نادامەت بوز كۆزلى-
رىدە قايناپ تۇراتتى. ئېرىمنىڭ بۇ ئادەم بىلەن تازا خۇشىنىڭ
يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرساممۇ، ئۇمۇ خۇدانىڭ بىر بەندىسى بول-
غاچقا ئۇنىڭغا رەھىمىم كېلەتتى، تۇرمۇشىنىڭ ئارقا يۈزىگە
كۆمۈلگەن ھەسرەتلىك نادامەتلىرىنىڭ ئاچچىق تويىسىنى شەپ-
قەت شامالىرىم بىلەن ئۇچۇرۇپ، قەلب يارىسىغا مەلھەم بول-
غۇم، دەردىنى يەڭگىللەتكۈم كېلەتتى.
قارا بېسىپ چۆچۈپ كەتكەن ھېلىقى ئۇيقۇسىز كېچىدە
غوجامنى ئويغاتقان، ئاندىن سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان كارد-
ۋاتتا ماموق ياستۇقلارغا يۆلىنىپ يېتىپ، غوجامدىن ئەخمەتنىڭ
كانچى دادىسى مەتقاسىم ئۇشكىنىڭ سىرىنى كوچىلاپ ئالغاند-

ىدىم. «ئۈشكە» ئەخمەتنىڭ دادىسىنىڭ لەقىمى بولۇپ، ئۇنىڭغا يىگىتنىڭ بۆرۈتى، ئەرنىڭ ساقىلىدەك ياراشقانىدى، بۇ لەقەم ماڭا ئۇنىڭ تاش تېشىپ، كان ئېچىشتىكى مېھنىتىگە بېرىلگەن قەھرىمانلىق ئوردىنىدەك تۇيۇلاتتى. مەيلى تاش، مەيلى تۆمۈر ياكى ياغاچ ھەتتا ئوتۇن بولسۇن ئىشقىلىپ قولىقىمغا ئېرىم-نىڭ «غوجام» دېگەن يۇمشاق، سىپسىلىق نامۇئەمەلىدىن 99 ھەسسە يېقىشلىق ئاڭلىناتتى. توۋا، بىزنىڭ ئابدۇللا غوجامىنى-مۇ مەھەللىدىن بىرەر ئېغىزى تۆشۈك بەندە، ئالدىدا بولمىسىمۇ كەينىدىن يامانلاپ «ئابدۇللا قوتاز» دەمدۇ ياكى «ئابدۇللا ئوتان»، ئىشقىلىپ بىر نېمىنىڭ قاتتىق، قوپالراق نامى بىلەن بىرەر قېتىم سەتلەپ تىللاپ باقسا، ئىچىمدە قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتىشىمنى پەقەت ئۆزۈملا بىلەتتىم.

— مەتقاسىم ئۈشكە بىلەن نېمىشقا خۇشلىرى يوق غوجام؟ — دەپ گەپنى ئالتە تاغنىڭ كەينىدىن ئەگىتىپ باشلىماقچى بول-دۇم، لېكىن تەڭ كېچىدە ئويغىنىپ، ئېرىمنىڭ قوينىدا يېتىپ پۇتۇن - سۆرۈك بىر ئەرنىڭ ئىسمى - زاتىنى ئېغىزىمغا لىق ئېلىپ، ئۇنىڭدىن بىۋاسىتە مۇشۇنداق دەپ سوراشنىڭ شۇنچى-لىك ئەپسىز، نومۇسلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم، شۇنداق-تىمۇ ئۇنى چۈشەپ قالغىنىمنى شۇ چاغدا ئېرىمدىن پەقەت يو-شۇرۇپ قالالمىغانىدىم:

— تۇرۇپلا مەتقاسىمكامنى چۈشەپ قاپتىمەن، ياق - ياق، توۋا دېسىلە، — ئالدىراپ ئىزاھات بەردىم ھولۇقۇپ، — شەي-تاننىڭ ئىشى ئەمەس بۇ، پاكىز بىر چۈش.

— نېمە قىلىلا بۇنچە ھولۇقۇپ ئالتۇن خېنىم، خۇدۇك-سىرەشلىرى ئاندىن نە ھاجەت؟ ئۆز خوتۇنۇمنى ئۆزۈم چۈشەن-مەمدىم؟ ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان مەزلۇم سىلى، دىل - كۆڭۈل-لىرى كىرسىز، غۇبارسىز، شەيتان ئەيمەنمەي كىرەلەرمۇ؟

— ئۇغۇ شۇ، — ئۇنىڭ ئالىقانلىرىدىكى بارماقلىرىنى

قارشىلىقسىز جىممىدە تۇتۇپ بەردىم، ــ ئۇ ئادەم كۆزۈمگە ئەجەب غەمكىن كۆرۈندۇ، ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ سىلىنىڭ جەمەتلىرى ئۇچۇن، ياق، بىزنىڭ جەمەتىمىز ئۇچۇن جان كۆيدۈرۈپ تاش چىقىپ، تاغ تەشكەن مېھنەتكەش ئادەم تۇرسا، ئۇز قېرىندىشىمىزنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇشنىلا ئويلاپ، كۆڭۈل يارىسى بىلەن كارىمىز بولمىسا تازا دۇرۇس ئىش بولماس، يېگىنى تېنىگە، كىيگىنى ئۇستىگە چىقامدۇ ئۇ بىچارىنىڭ.

ــ ئۆزىگە ئۆزى قىلىپ، تەڭرىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى ئۇ ھەقەمسايەم.

ئەخمەتنىڭ دادىسىنىڭ بىر خوتۇنغا باغلانغان «شەرمەندە»تارىخىنىڭ تاز قويۇنلار ئۇچۇرۇپ سازايى بولغان قەبرە تۇپىسىنىڭ ئۇۋۇندى ـ توزۇندىلىرى قۇلىقىمغا ئاندا ـ مۇندا كىرىپمۇ قالغان، چۆچەك ئاڭلاشقا ئامراق قۇلىقىمنىڭ خۇمارى تۇتۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن غەيۋەتكە ھېسابلاپ، تولۇقى بىلەن ئاڭلاشقا جۈرئەت قىلالمىغان، چۈنكى، مەن دېگەن غوجامنىڭ خوتۇنى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ئەرنىڭ ھېلىقىدەك كەچمىشلىرىنى يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن سوراپ يۈرسەم غوجامنىڭ يۈزىگە سەت بولىدىغىنىنى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەستىم.

ــ بىلىمەن، سىلى ھېكايە ـ چۆچەك ئاڭلاشقا ھېرىس، رەھمەتلىك قېيىنئاتام سەددۇلا قارىمنىڭ چۆچىكى بىھېساب جىق، ئىلىم ـ ئىرپانلىق كاتتا زات ئىدى! لېكىن ـ زە، مېنىڭ بىلىدىغىنىم يوقنىڭ ھېسابىدا، ئەمەلىيەتتە شۇنداق كۆپ چۆچەكلەرنى ئېيتىپ، سىلىنىڭ كۆڭۈل غەشلىكلىرىنى ئېلىپ، خۇش قىلسام دەيمەن. ئەمما، ئىچىمدە چۆچەك يوق، ئۇلۇق قۇلىقىمدىن ئاڭلىغان تالاي چۆچەكلەر سول قۇلىقىمدىن بەدەر ئۇچۇپ چىقىپ كېتىدىغۇ ـ تاڭ، خۇدا بەرمىگەننى بەندە بېرەلمەيدىكەن.

غوجامغا پىززىدە ئىچىم ئاغرىپ قالدى، چۈنكى، ئۇنىڭ دېگىنى راست، مەن ئۇچۇن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغۇسى، ئەت-كۇسى بارلىقى راست، ھەتتا بىر كۈنلەر شۇنداق بىر مۆجىزە بىلەن مەن ئامراق چىن تۆمۈر باتۇرغا ئايلىنىپ، ناۋادا مۇشۇ ئالەمدە تەلىيىگە يەتتە باشلىق يالماۋۇز بولسىلا، مىسران قىلى-چى بىلەن يالماۋۇزنىڭ يەتتە بېشىنى چېپىپ تاشلاپ، مېنى ئارغىماق ئېتىغا مىنگۈزۈپ پىنھانلارغا ئېلىپ كەتكۈسى... لې-كىن، بىزنىڭ غوجام ئات مىنىشتىن قورقاتتى، چىن تۆمۈر با-تۇرنىڭ سىڭلىسى بولسىمۇ، خوتۇنى بار - يوقلۇقىنى بىل-مەيتتىم، كاپ - كاپ كۈچۈكىنىمۇ ئەگەشتۈرۈپ ماڭمايدىغىنى ئېنىق، چۈنكى، بىزنىڭ غوجام ئىتتىن ئالامەت قورقارمىش. ئەپسۇسكى، شۇنچە يىلنىڭ ياقىسى قېرىشقاندەك بىزنىڭ ئالدى-مىزغا ئىت تۇگۇل، سارالڭ مۇشۇكمۇ خىرىس قىلمەن دەپ مە-ياڭشىپ چىقىپ باقمىدى، ئەڭ ھەيران قالىدىغىنىم شۇكى، مەھەللىنىڭ ھەممە ئىتلىرى غوجامنى كۆرسىلا تىلىنى ساڭ-گىلىتىپ، قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭشىتىپ، كۆزلىرىنى مۆلايىم-شىتىپ كۈلۈمسىرەيتتى. ئىتلارنىڭ كۈلۈمسىرىشى ماڭا تېخى-مۇ غەلىتە تۇيۇلاتتى. بوزرۇكۋار قىيىنئانام شەرۋانە خېنىمنىڭ دەپ بېرىشىچە، غوجام ئالتە ياشقا كىرگەندە دۆڭ مەھەللىدىكى بىرەيلەننىڭ ئالا بويىنىقى بوشىنىپ كېتىپ، زەنجىرنى ئۈزۈپ، غوجامنى تالاپ قويغىلى تاس - تاماس قالغانمىش، لېكىن دەل شۇ چاغدا غوجامنىڭ بۇرۇن پەررىكىدىكى ھېلىقى خاسىيەتلىك قارا مېڭى تۇندىكى چولپاندەك ۋاللىدە چاقناپتۇ - دە، شۇ زامان ئۇ ئىتنىڭ ئالدى پۇتلىرى لاسسىدە قاتلىنىپ، زوۋانى چوت گەز تۇتۇلۇپ قالغانمىش. چۆچەككە باغلانغان شۇنداق بىر مۇ-رادنىڭ يالقۇنىدا، ئىستەكنىڭ گۈلخانىدا غوجامنىڭ ئارزۇ - ئارمان، تىلەكلىرىنىڭ تۇتۇندەك كۆككە ئۆرلەپ كۆتۈرۈلىدىغى-نىنى ھەم سېزىپ تۇراتتىم، لېكىن چۆچەك بولمىغان قەلبتىن

چۆچەك چىقمىغاندەك، تۇتۇنلەر ئاسمانغا ئۇن ـ تىنسىز، نامۇ-نىشانسىز سىڭىپ، ھەممىنى يۇمشاق بۇلۇتلار يۇتۇپ كېتەتتى. كاشكى غوجامنىڭ چۆچەك ئېيتىپ دىل مەيلىمنى تارتالىشىدا زەررىچە ئۈمىد بولسا ئىدى، بارلىقىمنى بېغىشلاپ، ئۇنىڭ ئۇ-چۇن پانىيدىكى مەلىكە شەھرىزاتنىڭ روھىنى چىللاپ كېلەر ئىدىم، ئەڭ پاساھەتلىك چۆچەكلىرىدىن مىڭ بىر كېچە ئاڭلى-تىپ، مۇقەددەس ۋەھىيلەرنى يادقا ئالغاندەك يادلىتار ئىدىم، چۆچەك چىقىپ كېتىدىغان سول قۇلاقلىرىغا دەمىدە ـ ئىس-تىغپار ئوقۇتۇپ، تۆشۈك چۆگۈنى قاداتقاندەك پاناسلاپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئېغىزلىرىدىن قۇلىقىم پاك بولۇپ كەتكۈچە چۆچەك ئاڭلاشقا مىڭ مەرتەم رازى ئىدىم...

CAMRY نىڭ يېرىم چۈشۈرۈلگەن دېرىزىسىدىن كىرگەن غۇر ـ غۇر شامالدا قەمىس ياغلىقىمنىڭ بۇرجەكلىرى لىپىلداپ تۇراتتى. مۇشۇنداق ئېچىرقىغان سېرىق قۇشقاچتەك شاختىن ـ شاخقا قونۇپ، ئاچ روھىمغا تەپەككۇر دەرەخلىرىمدىن نېمەت ئىزدەيتتىم... لېكىن رىزقىم كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ ئې-رىشىشكە ئىمكانىم يوق زارلايتتىم... توۋا، مېنىڭ رىزقىم ئا-شۇ ئادەممىدۇ؟ ئىچىمدىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى... مەركىزىي نېرۋامنىڭ يادروسىدىكى ھۆكۈمران خىيالىم پەقەتلا ئايرودۇ-رۇمنىڭ كۈتۈش زالىدا كۆرۈپ قالغان ئاشۇ قارا كۆزلۈك ئادەم ئىدى... ئەمما ئۆزۈمگە ئۆزۈم پىچىرلاپ تۇرۇپ دېيىشتىنمۇ قورقاتتىم، باشقىلارغا تامامەن نېسىپ بولۇپ كەتكەن جىسمىم ئۇراپ، قاساپ، قاماپ تۇرغان مونوپول روھىمدىن بۇنداق ئا-سىيلىقنىڭ سىرتىمغا تېشىپ چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزۈمنى ئېرىم ياكى ئەخمەتنىڭ دادىسى ھەققىدىكى ئۆتكەن كەچمىشلەرگە مۇشۇنداق سۆرەپ كىرەتتىم... مۇشۇنداق قىلسام بەلكىم ئۇ ھەققىدە ئازراق ئويلارمەن، گۇناھلار بىلەن قەدەملى-رىم ئۇتتۇرىسىدىكى مۇساپە بىر قەدەم بولسىمۇ يىراقلىشىپ

بارار... ياكى قىلغۇم بار خىيالغا زارىقىپ تۇرۇپ، قىلغۇم يوقنى قەستەن قىلغىنىم ئۈچۈن تەقدىرىم شاپائەت ئىنئاملىرىنى كەچمىشلىرىم ئاياغلىرىغا كۆمۈپ قويار... ۋە بەلكىم ئۇنىڭ قەلبىمگە قورقاقتەك چاپلىشىپ، كۆيدۈرۈپ تۇرغان ئىچىشقاق، قىچىشقاق يارىسىنى سەل ـ پەل بولسىمۇ بىسىقتۇرارمەن... پەـ رىشتىنىڭ ئازغۇنلۇقنى تازىلايدىغان خاسىيەتلىك سۆيۈرگىسى بولسا قەلبىمگە تۆيۈقسىز چاپلىشىۋالغان ھىلىقى قارىمۇتۇق بۇدۇشقاق روھىنى سۆيۈرۈپ سۈرگۈن قىلىۋېتەر... ئاھ پەرۋەرـ دىگارىم! ئاسىي بولسامۇ سىنىڭ ئالدىڭدا بولاي، مالائىكىلىرىڭگە مۇقەددەس سۆيۈرگىنى ھەرگىز تۇتقۇزما! چۈنكى، قەلـ بىمدىكى ئاشىقلىق ئوتلىرىنىڭ دەپتى ـ تەپتىنى سەنلا بىلىـ سەن، سۆيۈرگىلەرنىڭ سىھىرلىك تالالىرىغا ئوت تۇتىشىپ كەتسە... ئازغۇنلۇقلارنى تازىلاشقا... توۋا، گۇناھ! مەيلى راست سۆزلەپ گۇناھكار بولايكى، تازىلاتقۇم يوق... ئۇنى مەندىن تارـ تىۋالما، قەلبىمدىن سۆيۈرۈۋەتمە!... ئاجىز بەندەڭنىڭ نازۇك جىسمىنى تىرىك مۇردىغا ئايلىنىپ كەتمىسۇنلا دېسەڭ؟

ــ ئۇشكە دېمەي، مەتقاسىم دەپلا ئاتايمۇ، ئاتىسى ئەزان توۋلاپ قويغان ئىتى شۇ بولغاندىكىن، بولمىسا ئۆزۈمگە غەيۋەتـ تەكلا تۇيۇلۇپ قالىدىكەن، ــ ئابدۇللا غوجام چىراغنىڭ نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان گۆش مېڭىنى باشمالتىقى بىلەن بوشقىنا ئۇـ ۋۇلاپ قويۇپ، مۇلايىم قوي كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى، ــ ئۇ بۇراـ دەرنىڭ نەس باسقان تەقدىرى، مەرھۇم دادام ئەينى يىللاردا «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» دەپ يامان جىق خاپىلىقنى تارتىۋالغان مىسىرلىق ھامىمام بارغۇ؟ ھە، شۇنىڭ ئېرى تەرەپتىن بىزگە توققۇز قات يىراق تۇغقان ــ بۇۋىھەجەر دېگەن مەزلۇمەگە ھاـ رامدىن باغلىنىپ قالغان، تىخى ئاتا ـ ئانىسى قىز چاغلىرىدا ئۇ خېنىمنى ماڭمۇ سايە قىلىشقان.

ــ ئىسىت رىزقىڭلار بىر قوشۇلۇپ قالسىچۇ، ــ ئېغىدـ

ـزىمنى ئالىقانلىقۋالدىمۇ، دەررۇ كاللامنى ئىشلىتىپ نارازى قىدـ
ياپەتكە كىرىۋالدىم.

— توۋا بىر دېسىلە، سۇبھانالىلاھ! يەتتە ياشتا ئاشىق بولـ
غان، ئۆز بېغىمدا ئېچىلغان قاردەك ئاق، سۈتتەك پاك لەيلى
خېنىم تۇرسا، — غوجامنىڭ كۆزلىرى چىراغقا تۇتقان ئەينەك
شارچىدەك پارقىراپ كەتتى.

دەررۇ بارماقلىرىمنى ئۇنىڭ قوللىرىدىن سۇغۇرۇۋالدىم ـ
دە، كارىۋاتتىن چۈشتۇم. سېكىلەكلىكنىڭ ئوتتەك داۋانلىرىدىن
ھالقىپ، جۇۋانلىقنىڭ سالقىن بوسۇغىسىغا دەسسىگەن چاغلىدـ
ـرىم ئۇنىڭ كۆزلىرى پارقىرىغاندا قانداق ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىدـ
ـىغانلىقىنى يۈرىكىم تۇيۇپ تۇراتتى.

— نەگە خېنىم؟ ئاڭلىمامسىز ئاخىرىنى؟ — ئۇ ئادەتتە
قېيىنئانامدەك مېنى «سىلى ـ ئۆزلىرى» بىلەن «سىز»لىرىنى
ئارىلاشتۇرۇپ ئاتايتتى، لېكىن ھەرقانداق چاغدا «سەن» دەپ
سەنلەپ باقمايتتى.

— سۇ ئىچىمەن، جىندەك توختاپ تۇرسىلا، — تاشقىرىقى
ئۆيگە چىقىپ مىس چەينەكتىن پىيالىگە چاي قۇيدۇم، ئەتەي
شىقىرىتىپ چاينىڭ تۆكۈلگەن ئاۋازىنى ئاڭلاتتىم، ئاندىن پىدـ
يالىنى لەۋلىرىمگە تەگكۈزۈپ بىرپەس تۇرۇۋالدىم. ئارىدىن
بەلكىم ئون مىنۇت ئۆتتى بولغاي، غوجامنىڭ قېنى سوۋۇدى
دەپ پەرەز قىلدىم، ئاندىن ھۇجرامغا كىرىپ، سەندەل كارىۋاتقا
قىيسايدىم، غوجامغا پېشىمنىڭ تېگىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ
شۇنچىلىك ئېھتىيات قىلدىم.

— قورقماڭ! سىزگە بۈگۈن ئەخمەتنىڭ دادىسى ھەققىدىكى
ھېكايىنىلا سۆزلەپ بېرىمەن.

— ياقەي، نېمىگە قورقاتتىم، ئۇسساپ كەتتىم شۇ.

— مەنمۇ سىزنى چوقۇم ئۇسسىدى دەپ ئويلىغان. شۇ
ئەخمەتنىڭ دادىسى ھەققىدە...، — غوجامغا قارىمىساممۇ ئۇنىڭ

كۆزلىرىنىڭ چىمچىقلاپ كەتكىنىنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم.
— ئۇ سىزنىڭ توققۇز قات يىراق تۇغقىنىڭىز، مىسىردى-كى ھاممىڭىزنىڭ ئېرى تەرەپتىن، — دادامنىڭ ئۇزۇلگەن چۆ-چىكىنى ئۇلىغان شەكىلدە ئۇلىدىم ئۇنىڭ ھېكايىسىنى.
— ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، ئۇ خېنىمنىڭ ئىسمى بۇ-ۋۇھەجەر، رەڭگىروپى يامان ئەمەس، يۈزلىرىدە سۆس سەپكۈنى بار ياۋاش - يۇمشاق سىپىلەك ئىدى. ئېرى جىيا يېزىسىدىكى نامى ئاتالغان باقى ئەتلەسىنىڭ ئەتىۋارلىق بالىسى، ئىسمى نې-مىتى؟ ھە... تۇراپىئاخۇن، مەنىغۇ تۇراپىئاخۇننىڭ دادىسى باقى ئەتلەس دېگەن كىشىنى كۆرۈپ باقمىغان، لېكىن ئاڭلىسام ئۇ دادامنىڭ ھەقەمسايى، مۇشۇ يۇرتنىڭ ئۇستا چېلىشچىسى ئىد-كەنتۇق، بىر قېتىملىق چېلىشتا كۆز تەگكەندەك بېلى چىقىپ بولۇپ كېتىپ ئۆرە بولالماي، موكا ئالدىدا ئولتۇرغۇدەك ھالى يوق، ئەتلەسچىلىك دۇكىنى تۇراپىئاخۇنغا قالغانمىش. مەن ئۇنىڭ بىلەن بۇۋۇھەجەرنىڭ نىكاھ پاتىھەسى ئوقۇلغاندا گۇۋاھلىققا يا-رايدىغان ياشتا ئەمەستىم، قارىسامغۇ بىر - بىرىگە خوپ يارد-شىپ، رىزقى چۇشۇشكەندەكمۇ قىلىشقان، لېكىن چۇشكەن-چۇشمىگىنىنى قاراپ بىلگىلى بولمايدىكەن - يا؟ كېيىن بىل-دۇق، بۇۋۇھەجەر خېنىمنىڭ تۇراپىئاخۇنغا كۆڭلى چۇشمەي باشقا تەرەپكە چاچراپ كېتىپتىمىش. ئۆزى باشقىدا، كۆڭلى باشقىدا ياشاشمىغۇ بىر ھېسابتا يامان ئازابتۇ - ھە، لەيلى خېنىم؟
— بەلكىم... لېكىن مەن تازا بىلمەيدىكەنمەن، — تىنىق-لىرىم كېسىلدى، سۇپۇرگىدەك ئېغىرلاشقان كىرپىكلىرىمنى سەل كۆتۈردۈم - يۇ، غوجامغا ئۇدۇل قارىيالمىدىم. ئارىمىزنى بىرپەس جىملىق باستى.
— ئادەم دېگەننىڭ قولى ئىچىگە ئېگىلىدىكەن، ئاشىقلىق نەپسى ئوتقا ئايلىنىپ ھەممىنى كۆيدۈرۈپ كۇل قېلىۋېتىشكە تەييار تۇرىدىكەن... تۇراپ بۇرادەرنىڭ ئۇ خېنىمغا ئوتتەك كۆڭ-

لى چۈشۈپ قالغاچ، خوتۇنىنىڭ ئۆزىگە مەيلى يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ قويۇۋېتىشكە قەتئىي رايى بارماپتۇ... ئەمما، بۇۋىھە-جەر خېنىمنىڭ ھېسسىياتى ئەقلى ئۈستىگە مىنىۋالغاچقا، شەيتىنى غالىب كېلىپ، ئاخىرى ئاجرىشىمەن دەپ چاپىنىنى تەتۈر كىيىپ سوتقا ئەرز بەرگەنمىش. كىمگە چاچرىغانلىقىنى بىلگۈلىرى يوقمۇ ئالتۇنۇم؟ توۋا دېگۈدەكلا بىر ئىش، بىزنىڭ ما مەتقاسىم ئۆشكە دېگەن ئاداشقا، ئاتتىن چۈشۈپ ئېشەككە مىنگەندەكلا بىر ئىشقۇ - بۇ؟ ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىدۇ، مەت-قاسىم ئۆشكىنىڭ قولىدا خوتۇنى بار تۇرسا...

— چۈشەنمىدىم غوجام، جەريانلارنى بەك ئىخچاملىۋەتتىلە، گاڭگىراپ قالدىم.

— مېنىڭ ھېكايە ئېيتىشقا ئېپىم يوق، — كۈلدى غوجام ئاق پاڭچۈدىن تىكىلگەن بوغۇچ ئىزمىلىك كىيىملىرىنى لە-غىلدىتىپ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ بەدىنىدىن مەككە ئەنبىرىنىڭ خۇش ھىدلىرى تارىدى.

— راستىنلا ئېپىلىرى يوق، — ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئاقلانە باھالاشلىرىغا ئىختىيارسىز مەستلىكىم كەلدى.

— يەنە نېمىگە ئېپىم يوق، ئۇز خېنىم؟ — غوجامنىڭ بارماقلىرى قىمىرلاپ تۇراتتى، ئۇلغايغان نەپەسلىرى يۈزلى-رىمگە ئۇرۇلۇپ، قانلىرىنىڭ شۇۋۇلداشلىرى قۇلىقىمغا ئاڭلى-نىشقا باشلىدى. سەللا قىمىرلاپ ياكى قاراپ قويسامۇ ئىش چا-تاق، سانىڭ چاڭگىلىدىكى چۈجە بولاتتىم، بۇنداق چاغلاردا ئۇ-نىڭ قۇلىقىغا ھېچقانداق گەپ كىرمەيتتى... مۇلايىم، سىپايە، يۇمشاقلىقى يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۇ قېتىغا ئۇچۇپ كېتەتتى... شۇنچىلىك جاھىل - تەرسا ئىدىكى، يەر تەۋرەپ ئۆيىمىزنىڭ ئۆگزىسى ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ مېنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيت-تى... راست گەپنى دېسەم ئۇنىڭ مۇشۇ يېرى باشقا يېرىگە مۇت-لەق ئوخشىمايتتى، مۇشۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ قارا مېڭىگە قا-

راشتىنمۇ ھەزەر ئەيلەيتتىم. بەلكىم ئادەتتىكىدىن يوغىناپ، پارقىراپ كەتسە كېرەك... يۇمشاق خاراكتېرىنىڭ ئىچىدىكى بۇ قاتتىق مىجەزى پاختىغا ئورالغان چويۇندەك ئېغىر، قولۇلە ئىد- چىدىكى مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇراتتى... مەن ئۇنىڭ مۇشۇ بىرلا جۇرئىتى، جۇلاسى ئارقىلىق ئۇنى ئايال كىشىدىن پەرق- لەندۇرۇپ، ئەر جىنس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇرالايتتىم. مۇشۇنداق بىر چاغدا تۇتۇلۇپ قالسام بولمايتتى، سەللا ئېچىلىپ قالسام تېخىمۇ چاتاق ئىدى، قورقۇپ قاچسامغۇ ئۇنىڭ ئەسەبىي- لىكىنى قاتتىق قوزغاپ قوياتتىم. ئەڭ ياخشىسى پەلىپەتىشىرەك بولۇپ ئۇنىڭ گورۇلدەپ كۆيۈپ تۇرغان ھەۋەس ئوتلىرىغا سۇ چېچىشىم، ۋاراقلاپ قايناپ تۇرغان ئىشتىياق قازانلىرىغا تۇز قۇيۇشۇم كېرەكتۇ.

— لېكىن رەھمەتلىك دادىمىز غېنى داموللام ئەخمەتنىڭ دادىسىغا بەك ئامراقمىشكەن، — يەڭگىل بىر نەپەستە كۆكسۈمنى تۇتۇپ ئېسەنكىرىدىم. بەلكىم مۇشۇ مىنۇتتا ئۇنىڭ چاپچىپ تۇرغان تۇرسۇنتايدەك كۆڭلىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن قەدىردان دادىسىنى ئېسىگە سېلىپ، يارىسى قاتقان قەلب جاراھەتلىرىنى كوچىلاپ، شەلۋەرىتىپ، ئېچىشتۇرۇشۇم كېرەكتۇ...

— دادامنىڭ روھى قورۇنۇپ قالمىسۇن دېمىسەمغۇ، مەت- قاسىم دېگەننى ئاللىبۇرۇن...

— قانداق قىلاتتىلە؟ — يۈرىكىم جىغىدە قىلىپ قالدى، ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى خۇددى ئۆي توشقىنى ئادەم تالىۋالغاندەك ئەقلىمگە سىغمىدى.

— بەندىنى بەندە نېمە قىلالايتتى؟ ھېچ بولمىسا ھەق نې- سىۋىسىنى بېرىپ يولغا سالسام، كۆزۈمدىن يىتەر ئىدى ئۇ نا- كەس. ئاسماننىڭ ئېتىكى كەڭرى، رىزقىنى باشقا يەردىن تېپىپ يەر بولغىيتتى.

دىتىگە ياقمىغاننى قوغلاشمۇ ئىشمۇ؟... ئىسىت، شۇنداق بىر چىرايلىق پاس چىققاندا: «مەتقاسىم ئۇشكە دېگەننى كېلىش. تۇرۇپ راسا بىرنى قويۇپ، ھەقنى تونۇتۇپ قويار ئىدىم، دەپ جايىدا جاۋاب قايتۇرۇپ، شۇ پاسنى بىر ئۇرالىغان بولسا مۇشۇ مېنىڭ جانابى ئېرىم، مىڭ پاتمان گۇناھى - كىبىر يۇكلەنگەن تەقدىرىمۇ كۆزۈمنى مىت قىلماي قويماي ئۇنىڭ گۇناھىنى زىممەمگە ئالار ئىدىم. ئۇنىڭغا تەگكىنىم، ھالال جۈپ بولغىنىم ئۈچۈن بىر تىنىق رازى بولۇپ، كۆكسۈمنى تولدۇرۇپ تاتلىق بىر نەپەس ئالار بولغىيتتىم. نىكاھىغا باغلىنىپ ئۆلسەم كۆزۈم ئوچۇق قالماسلىقى ئۈچۈن بىر مىسقال سەۋەبكە ئىگە بولۇپ، كىرپىكلىرىم جۈپلەشەر ئىدى. ئۇنىڭ رەقىبىگە بىر مۇشت سالالىشى ئەقلىمگە سىغمىسىمۇ، ئاتقان پوسىدىن ئاچ قورساققا يېيەلمىگەن غىزانىڭ بۇسىنى پۇرۇۋالغاندەك لەززەت تاپار ئىدىم.

— شۇنداقمۇ؟ — لەسسىدە بولۇپ، يېلى چىقىپ كەتكەن ھارۋا چاقىدەك كاتاڭغا پاتتىم، — ئۇنىڭ گۇناھى شۇنچىلىك ئېغىرمىدى؟

— ئىككى مەزلۇمە ئۇنىڭ ئالىقىنىدا ئىسسىق جىنىدىن ئايرىلدى، — غوجامنىڭ پاكچۇ كۆڭلەك ئىچىدىكى تەمبەل بەدىنى سەل تىترىدى، يا ماڭا شۇنداق سېزىلدىمىكىن، — بۇۋدەھەجەر ئېرىنىڭ نىكاھىدىن بوشانماي تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئەمىلىشىپ قالغانمىش، — خورسىندى ئۇ ئېغىر بىر نەپەستە، — شەرىئەتنىڭ ھۆكۈمىدە بۇنداق خوتۇنلار چالما كېسەككە لايىق ئىدى، لېكىن ئەڭ ئېغىر تالاپەتكە، خورلۇققا دۇچار بولغىنى تۇراپ ئەتلەس، «ئۆز خوتۇنى تەرىپىدىن غۇرۇرى پايخان بولغان ئەرنىڭ ئەل ئىچىدە مەڭگۈ ئىززىتى بولماس» دەپ، ئۆلۈم ئەمەسمۇ ئۇ بىچارىگە؟ ئاخىرى جامائەت ئارىلىشىپ تۇراپ ئەتلەسكە نەسىھەتلەر قىلىشىپ، خوتۇننى تالاق قىلىپ، سۆزىنى

بىرىپ، سوت مەھكىمىسىدە پەتتىسىنى ئايرىشتى... ئەمما مەتـ ـقاسىم ئۇشكە قولىدىكى خوتۇنىنى تالاق قىلغان بىلەن قىزىل جاڭزىسىنى ئۇنداق ئاسان ئايرىيالمىدى، لەنەت ئۇنىڭغا! خەقنىڭ ھالال نىكاھىدىكى خوتۇنىنىڭ كويىدا بولۇش بىر ئەرگە يارامـ ـدۇ؟ تەقدىر ئۇنى شۇنچىلىك جازالىدىكى «ئاخىرى تۇراپ ئەتـ ـلەسنىڭ قىساسى تۇتتى» دەپ، ياقا چىشلەپ قالدى. سىلى بىلـ ـەيلا لەيلى خېنىم، ئۇزۇنغا قالماي تۇراپ ئەتلەس شۇ دەردكە چىدىماي ئەقلىدىن ئېزىپ، ئانىسىنىڭ ئەتلەس كۆڭلىكىنى كىيىپ قىپقىزىل ساراڭ بولۇپ كوچىغا چىقتى. باغرى تاش مەتقاسىم ئۇشكە مۇشۇنىڭ بىلەنمۇ توۋا دەپ ئەقلىنى ئالدىغا ئالمىدى، بۇۋىھەجەر دېگەن بىلەن خۇپىيانە ئاشنا ئويناپ كۆڭـ ـلىنى خۇش ئېتىپ، ئۆزىنى بۇلغاپ يۈرۈۋەردى، ئاخىر بىزنىڭ ئەخمەت بالا بۇۋىھەجەرنىڭ ناپاك ۋۇجۇدىدا ھارامدىن تۆرىلىپ قالدى.

— توۋا؟ — تىنىقى ئاچچىق بىر نەپەستە ئىچىمگە تارتىـ ـلىپ كەتتى، — مەن بۇلارنى ئەجەب بىلمەيدىكەنمىنا؟

— سىلى دېگەن ئۇ چاغلاردا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان، كىتاب ئوقۇپ، خەت يېزىشتىن باشقىغا چولىلىرى تېگەتتىمۇ؟ بىلىمەن سىلىنى، پېقىرغا يىراقتىن بولسىمۇ نەزەر كۆزلىرىنى سېلىپ قويۇشقا ئاندىن چولىلىرى تەگمەيتتى، نىيىتىمنىڭ دۇرۇسلىـ ـقىدىن، خۇدا ئاخىرى سىلىنى ماڭا نېسىپ ئەتتى، — غوجام تۇكلۇك قوللىرىنى ئۇزىتىپ بارماقلىرىمنى ئامبۇردەك قىسىـ ـۋالغاندا، مەن ئۇنىڭ لوقۇلداپ تۇرغان ئالىقىنىدىكى كۆچلۈك ھارارەتنى سېزىپ تۇردۇم.

— ئۆتۈنۈپ قالاي ئۇز غوجام، ھېكايە ئېيتىشقا ئەمدى ئېغىزلىرى يۇمشىغانتى، ئادەمنى تەقەززا قىلماي ئاخىرىنى بىر دەپ بەرسىلە؟ مەتقاسىم ئۇشكە بۇۋىھەجەرنى نىكاھىغا ئالالىدىمۇ؟

— بىر ئەرگە ئىككى خوتۇن بولسا قانۇن يول قويماس. مەتقاسىم ئۇشكە سوت مەھكىمىسىگە نەچچە رەت قاتراپ ئايغىنىڭ چەمى تېشىلگەندە ئاندىن چىنارخاندىن خېتىنى ئايرىدى. بىچارە چىنارخان تۇزۇككىنە چوكان ئىدى، گەپكە ناقىس، بىرسى گەپ سورىمىسا زىنھار چىش يېرىپ ئاۋۋال گەپ قىلمايدىغان، يا يەردىن ئۇستۈن قارىمايدىغان. قولىنىڭ تۇز - تەممۇ يامان ئەمەس خوتۇن ئىدى، كۆلدىكۆمەچكە كارامەت ئۇستا. مەتقاسىمئاخۇن پوپۇنا كانىمىزدىن ھەپتە - ئون كۈندە ئاران بىر قېتىم ئۆيىگە كېلەلەيتتى، چىنارخان بىزنىڭ ئۆينىڭ ئىغىر - يېنىكلىرىگە قارىشىپ بەرگەچ قورۇيمىزدا قوناتتى، شۇغىنىسى ئۇ شور پېشانىگە ئاللاھ پەرزەنت نېسىپ ئەتمىگەنتى.

— بۇۋىھەجەر تۇراپ ئەتلەستىن ئايرىلىپ مەتقاسىمئاخۇن بىلەن توي قىلالىدىمۇ؟

سوئالىم بىلەن تەڭ غوجامنىڭ چىنارخان ھەققىدىكى گەپلىرى ئەينى چاغلاردىكى مەھەللىمىزنىڭ كۆلۈبىدا تامغا خەسە تارتىپ قويۇلىدىغان كىنو لېنتىسىنىڭ كۆيگەن چاسلىرىدەك ئۈزۈلدى.

— بۇۋىھەجەر قورسىقىنى تېڭىپ يۇرۇپمۇ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ئەھۋالغا كەلگەندە، مەتقاسىم باغلاقتىن چىققان ئالا توپاقتەك چىنارخاندىن بوشىدى. لېكىن، «بىتەلەي سۇغا چىقسا كالا سۇغا تېزەكلەپتۇ» دەپ، ئىغىر بوي خوتۇنغا نىكاھ چىشلىمىگەچكە، ئەر - خوتۇن بولۇشقا ئامالسىز قېلىشتى. ئۇ مەزلۇمەنىڭ بېشىغا ئاندىن تاغ يىقىلدى، ئاتا - ئانا، قوۋم - قېرىنداشلىرى «تۇراپئاخۇننى تاشلاپ، مەتقاسىم ئۇشكىگە ئاشنا بولدۇڭ» دەپ، بۇۋىھەجەردىن چورت يۇز ئۆرۈپ تاندى. رەھمەتلىك دادام جامائەتكە ئۇنىڭغا قارىتىپ شاپاق، داڭگال ئاتماسلىقنى نەسىھەت قىلغۇچە، بۇۋىھەجەرنىڭ كۆزىدىن ياش ئەمەس قان ئاقتى، يۇز - كۆزىدىن زېدە، كۆك ئاجرىمىدى. دادامنىڭ

تەۋسىيەسى بىلەن تۇراپ ئەتلەسنى ئۇرۇمچىدىكى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالىتىپمۇ ئەكىلىشتى، ئەمما بەدىنىنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى شۇنچىلىككەن، بىچارە بۇرادەر ئانىسىنىڭ ئەتلەس كۆڭلىكىنى كىيمەيدىغان بولدى ـ يۇ، سەللىمازا ئەسلىگە كېـ ـلەلمىدى...

ـــ بۇۋىھەجەر، ئاخىرى مەتقاسىم ئۇشكە بىلەن توي قىلالـ ـمىدىمۇ؟ ـــ مۇشۇ چاغقىچە مۇشۇ سوئالنى غوجامدىن نەچچە قېتىم سوراپ قويغىنىمنى بىلمەيتتىم. كۆزلىرىمگە رەقىبى بىلەن ئېلىشىپ بەدەنلىرى تىتما ـ تالاڭ بولۇپ كەتكەن چاچـ ـلىرى چۇۋۇق بىر سەتەڭ قۇم بارىخانلىرى ئارىسىدىن قانغا بوـ ـيالغان قوللىرىنى سوزۇپ ئۆمىلەپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈندى. قوللىرىمنى ئۇنىڭغا سوزۇپ، ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇشنىمۇ، چوـ ـۋۇق چاچلىرىنى تۈزەپ، يالاڭ باشلىرىغا لېچەكلىرىمنى ئارتىپ قويۇشنىمۇ ئويلاۋاتقىنىمدىن ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم. جانابى غوجام مېنىڭ بۇ پىنھان تۇيغۇمنى زىنھار بىلەلمەي ئوبدان بولدى.

ـــ سىرىق بوران چىققان ھۇد ئېيىنىڭ ئاخىرقى كېچىدـ ـسى، بۇۋىھەجەر ئەلەم بۇلۇڭىدىكى سامانلىقتا بىزنىڭ ئەخمەتنى يەڭگىپتىمىش.

ـــ مەتقاسىم ئۇشكىچۇ؟ نېمىشقا بۇۋىھەجەرنى شىپاخانىغا ئېلىپ بارمىدى؟

ـــ ئاجايىپ ۋەھشىيلىك... مەتقاسىم ئۇشكە ئوغلىنىڭ كىندىكىنى سامانلىقتىكى پاسار چانايدىغان پالتا بىلەن كېـ ـسىپتىمىش...، ـــ غوجام تەرلەپ كەتكەن بۇرۇن پەررىكىدىكى قارا مېڭىنى باشمالتىقى بىلەن يەنە سىلاپ قويدى، ئىچىمدە ئەنسىرەپ قالدىم... مەڭ دېگەننىڭ ھەللىسىدىراق بولغىنى ياخشى ئىدى، ئۇ مەڭ ئۇنداق قىچىشمىسا، غوجام بۇنداق تۇتۇپـ ـمۇ يۈرمەس ئىدى، خاسىيەتلىك مەڭنىڭ مۇشۇنچىلىك پارقىدـ

ـراق، ئەتلىك بولغىنى جەمەتىمىزنىڭ شان ـ شۆھرىتى ئۈچۈن يېتىپمۇ ئاشار ئىدى، ــ ئەخمەت تۇغۇلۇپ 40 كۈن بولغاندا، دادام رەھمىتى ئۇلارنىڭ نىكاھىنى چېتىپ قويۇشنى راۋا تاپـ ـتى. چۈنكى، بىر يېتىمنىڭ بىر تامچە يېشى ئۈچۈن دۇنيانىڭ تۈۋرۈكى مىڭ قېتىم تىترەرمىش. ئەلمىساقتىن جاھاننى يۇتۇپ كەتكەن توپان بالاسىنىڭ مەنبەسى ئەسلىدە يېتىملارنىڭ كۆز يېشى ئىمىش. كۆز چاناقتىن چىقىپ بولدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە باغلانغان ئەسكى كۆڭۈللىرىنى دېمىسىمۇ، شۇ با ـ لىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىدىن ئۇلارنىڭ نىكاھىنى چېتىپ قو ـ يۇش جايىزمىش... رەھمەتلىك دادام ناشايانلارنى چەكلەشتە ئە ـ يىبلەشتىن كۆرە، تۈزەشكە ھېرىس ئادەم ئىدى، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ئاسايىشلىق ئىزدەيتتى، ئەپۇچان، كەڭ قورساق زات ئىدى، ئاللاھ بەندىسىنى كەچۈرگەن يەردە، بەندە بەندىنى كەچۈرگۈلۈك، دەپ ئويلايتتى. شۇڭا دادام خەير ـ لىك بىر كۈندە قولۇم ـ قوشنىلارنى چىللاپ، بىزنىڭ قورۇدا ئاددىيغىنە توي چېيى قىلىپ، مەتقاسىم بىلەن بۇۋىھەجەرنىڭ بېشىنى ھالالدىن باغلاشنى قارار تاپتى، شۇنداق ئېنىق ئېسىمـ ـدە، نىكاھ پاتىھەسىنى دادام ئوقۇغان، بۇ مېنىڭ بۇۋىھەجەرنىڭ نىكاھىغا يەنە بىر رەت قاراپ تۇرۇشۇم ئىدى. مەندىن قالسا خو ـ تۇن ئالغانغا مۇشۇ دۇنيادا شۇنچىلىك خۇشال بولغان ئىككىنچى بىر ئادەم بىزنىڭ مەتقاسىم ئۇشكە ئىدى، خۇشاللىقتىن ئېغىزى يۇمۇلماي قالغان ئۇ بۇرادەرنىڭ... ئۈمىد ئايلىرىنىڭ ئۈرۈك چېچەكلىرىنى تۆكۈپ تۇرغان سالقىن كۈنلىرى بولـ ـسىمۇ، دوپپىسىنىڭ گىرۋەكلىرىدىن تەر قۇيۇلغىنى شۇنداق ئېسىمدە.

ــ بەلكىم بۇۋىھەجەر خېنىمنىڭ خۇشاللىقى ئاندىن ئار ـ تۇقتۇ؟ ــ ھاياجاندىن يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سوقۇپ، ئاۋازلىرىم تىترەپ كەتتى.

— خۇش بولمامتىكى ئەمىسە، يېتىم ئوغلى بىلەن كوچىدا يالىڭاچ قالمىغانغا شۈكۈر دەپ...

ئىككىمىزنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسىدا قانچىلىك زور پەرق-نىڭ بارلىقىغا يەنە بىر قېتىم ھەيران قالغاندىم.

— ئىشقىلىپ ھەرنېمە بولسا، ئۆزى سۆيمىگەننىڭ گۈلى بولغۇچە، ئۆزى سۆيگەننىڭ قۇلى بوپتۇ.

— «تېگى ھارام ئىشنىڭ تېشى پارقىراپ تۇرسىمۇ، يالتى-رىقى ئالتە كۈنلۈك» دەپ، ئالتە كۈنگە بارالىغان بولسا كاشكى، ئىشنىڭ چاتىقى دەل توي كۈنىلا يۈز بەردى ئالتۇن خېنىم، — غوجام ئېغىر خورسىنىپ، بېشىنى چايقاپ بىرپەس تۇرۇۋالدى، ئاندىن ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇۋىھەجەرنى يەڭگىلەر قولتۇقلاپ مەتقاسىمنىڭ بو-سۇغىسىغا كەلگەندە، قۇياش مەغرىبتىكى كۆيگەن بۇلۇتلار قې-تىغا چۆككەن، زاۋالنىڭ ئالدىدىكى چاغ بولغانمىش. دەل شۇ چاغدا مەتقاسىم ئۇشكىنىڭ ئۆگزىسىدە ئاخىرەتلىك توندەك ئۇ-زۇن ئاق خەسە كۆڭلەك كىيىپ، بېشىغا ئاق لېچەك ئارتقان بىر ئايال ئەرۋاھنىڭ قورقۇنچلۇق سايىسى ۋاللىدە كۆرۈنۈپ، ئار-قىدىنلا تۈن بالىسىدەك بىر بوۋاقنىڭ قىرقىراپ يىغلىغان ئا-ۋازى ئاڭلىنىپتىمىش.

— ئانىكام! — يۈرىكىم جۇغىدە قىلىپ ۋۇجۇدۇمغا ۋەھىمە ياماشتى، — غوجام ئادەمنى بىر قورقۇتمىسىلا! — بىلىپ - بىلمەي ئۇنىڭ يوغان تۈكلۈك قوللىرىنى تۇتىۋالدىم. غوجام-نىڭمۇ تىترەپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم، ئەسلىدە ئۇ خېلى خاتىرجەمدەك كۆرۈنگەن، بەلكىم مەن مۇشۇنداق چۆچۈپ ئۇنىڭ ئىچىگە ۋەھىمە سالغاندىمەن... ئۇنىڭ قورقۇشىغا قاراپ قورقۇشلىرىم تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى، — قورقۇۋاتى-مەن... بىزنىڭ ئۆگزىمىزدىمۇ بىرەر ئەرۋاھ تىمىسقىلاپ يۈرگەن بولمىسۇن غوجام.

— يىغلاۋاتقان كىم؟

غوجامنىڭ پۇت - قولى ئوتتا كۆيگەندەك تۈگۈلۈپ قالدى.

— ئانىكام!

— سۇبھانالىلاھ، سىرتتا راستىنلا بىرسى يىغلاۋاتقاندەك خېنىم...

— يوقسۇ... قۇلاقلىرىغا... غوجام...

دەل شۇ چاغدا قۇلىقىمغا ھويلا قورۇيمىزنىڭ كەينى بېغىدىن قىرقىراپ يىغلاۋاتقان بىر بوۋاقنىڭ ھەسرەتلىك ئۈنى يوپۇرۇلۇپ كىردى...

— سۇبھانالىلاھا!... — ئايەتەلكۇرسىنى ئوقۇماقچى بولدۇممىكىن، يا ئەلھەمدۇنىمۇ، زۇۋانىم تۇتۇلۇپ قالدى. مېڭەم قورقۇنچتىن سۇزمە قىلىنغان قېتىقتەك ئۇيۇپ قېلىۋاتاتتى...، — غو... غوجام...، — ئاۋازىمنى شۇنچە كۆچەپمۇ سىرتىمغا چىقىرالمايۋاتاتتىم...

— مىياۋ!...

شۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئىككى مۈشۈكنىڭ خىرقىرىشىپ قوغلاشقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، نېمىدۇر تاراقشىپ ئۆرۈلدى، ئاندىن ئاۋازلار تۇمتاق بېسىقتى... شۇنىڭغىچە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتىكىن، قۇچىقىمدا تۈگۈلۈپ قالغان يوغان غوجامنىڭ، ئورنىغا سىيىپ قويغان بالىدەك تىترەۋاتقىنىنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈردۈم. بىچارەم! پۇرلەشكەن تۆشەكلەردىكى زەبەردەسلىكىڭنىلا ئەر چاغلىغانمىدىڭ ئەسلى؟... دەسمىيىڭنى ئالدىمدا مۇنداق بىر پۇل قىلما! يۈرىكىمدىكى چىدىغۇسىز ئەلەم ۋۇجۇدۇمدىكى قورقۇنچنى سۇر - توقاي قىلدى.

— باشلىرىنى كۆتۈرسىلە!

ئۇنىڭ مۈرىسىنى يەڭگىل نوقىدىم.

— ئۇش... گەپ قىلمىسىلا... ئايەت ئوقۇسىلا...

غوجامنىڭ چىشلىرىنىڭ كاسىلداشلىرىنى ئاڭلىدىم.

— قورقۇپ كەتمىسىلە، مەن يانلىرىدا... مۈشۈككەنغۇ، مۈشۈ چاغقىچە مىياۋلاپ قالغان مۈشۈكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ باقمىغانما؟ — قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتىم، ئاۋازىم قىزغۇچ ھۇجرىدىكى جىمجىتلىقنى يۇتۇپ كەتتى.

— ئەمىسە ئۆزلىرىمۇ قورقۇپ كەتلىغۇ، — غوجام بېشىنى لەڭگىدە كۆتۈرگەندە، كۆزلىرىمنى تامغا تىكتىم. راستىنى دېسەم ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى چىرايىنى مۇتلەق كۆرگۈم يوق ئىدى.

— ھەي توۋا، راستىنلا ماۋۇ مۈشۈكنىڭ ئاۋازىنىغۇ جىق ئاڭلىغانمەن، پېسىنىڭ... لېكىن... ئۆگزىدىكى بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازىنى دەپ تۇرسام، — غوجامنىڭ بۇرنىنى يەڭگىل تارتقىنى ئاڭلاندى... بەلكىم ئۇنىڭ كۆزى يەنە چىمچىقلاپ كەتتى...

... ھەيرانمەن غوجامنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا، ئۇ خەقنىڭ كۆزىگە شۇنچىلىك سالاپەتلىك كۆرۈنىدۇ، ئۇنى قايسى تۇردىكى ئادەملەر قاتارىغا كىرگۈزۈشنى يا مەن بىلمەيمەن... يەنە ھەممە ئۇنى خىزىردەك ئادەم دېيىشىدۇ، ئەمما مەن بىرنىمىمۇ ھېس قىلالمايمەن...

ئۇ مېنى كۆرۈپ تۇرغانمىكىن ـ تاڭ، تۇمان باسقاندەك مەن ئۇنى كۆرەلمەيۋاتاتتىم، گويا ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىمۇ يوقاپ كېتىۋاتقاندەك، ئىچىگە يەل ئۇرۇلغان رېزىنكە قونچاقا شوخا مىخ كىرىپ كەتسە، ئاستا ـ ئاستا يېلى چىقىپ كېتىۋاتقاندەك، غوجامنىڭ يوغان بەدىنىمۇ كۆز ئالدىمدا بارا ـ بارا كىچىكلەۋاتاتتى.

— ئەمدى ھېكايە ئاڭلاشتىن رايىلىرى قايتتىغۇ دەيمەن خېنىم، — غوجامنىڭ مەيۈس ئاۋازى قۇلىقىم تۈۋىدە غىڭشىلدىدى، — مۈشۈ خۇيۇمغا ئۆزۈممۇ ئۆچ! ئانام مېنى سېزىكلىگەندە قۇشقاچىنىڭ يۈرىكى يەپ قويغانمىدىكىن؟ مىڭ قېتىملاپ جىن

ـ ئەرۋاھلاردىن قورقماسلىقتا ئۆز ـ ئۆزۈمگە ۋەدە قىلىمەنۇ، يەنە نېمىشقا بۇنداق قورقۇپ كېتىدىغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەي-مەن.

— ھېچقىسى يوق، يا بۇ سىلىدىكى قەستەنلىك بولمىسا غوجام، — ئۇنىڭ بىچارىلىكىگە، بولۇپمۇ مۇشۇنداق قورقۇپ كەتكەن چاغلىرىدىكى بىقۇۋۇل ـ چارىسىزلىقىغا دائىم مۇشۇن-داق ئىچىم ئاغرىپ قالاتتى، — كەلسىلە، ماڭا يېقىنراق تۇر-سىلا، يۈرەكلىرىگە تۇكۇرۇپ قويايمۇ غوجام؟ — ئۇنىڭ پاڭچۇ كۆڭلىكىنىڭ ئىزمىلىرىنى ئۆز قولۇم بىلەن يېشىپ، تۇكلۇك مەيدىسىگە سوپكۇچلەپ قويدۇم. ئاندىن ئىزمىلىرىنى ئېتىپ، ئاستا شىۋىرلىدىم، — دېسىلە ئاخىرىغىچە ئاڭلايمەن.

— شۇ گەپ... شۇ، — غوجام تاڭلىيىغا يىغىلغان شاكىرابىنى ئاۋاز چىقىرىپ غۇرتىدە يۇتتى، — ئاخىرىنى يەنە دەيمەنما؟

— توي كۆچۈرگەن زاۋالدا ئۆگزىدە تۇن بالىسىنىڭ يىغ-لىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ دېمىدىلىمۇ؟ — ئادىتىم بويىچە ئۇ-لىدىم ئۇنىڭ ھېكايىسىنىڭ ئۇلاقلىرىنى، — لېكىن، بىزنىڭ ئۆينىڭ كەينىدە تۇۋلىغىنى ماۋۇ مۇشۇكلەركەن.

— ھە توغرا، مەنمۇ شۇنى دەي دەپ تۇرغان ئالتۇن خې-نىم، — غوجام ئىككى يېقىغا ئەنسىز كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۆز ئۆيى ئىكەنلىكىنى ئېنىق جەزم قىلغاندىن كېيىن گېپىنى داۋام قىلدى، — ئۆگزىدىكى ئاق كىيىملىك ئەرۋاھنىڭ قورقۇنچلۇق سىماسى ئىككىنچى قېتىم كۆرۈنگەندە ھويلىدىكى توي كۆ-چۈرگۈچىلەر ئۆرتۈپە بولۇپ، لاغىلداپ تىترەپ، زۇۋانى بوغۇ-زىغا كەپلىشىپتۇ.

— ۋۇ لايغەزەللەر! «ئۆچكە جان قايغۇسىدا پىتىراپ ياتسا، قاسساپ ياغ قايغۇسىدا» دەپ، توي ئويناپ كۆڭۈللىرىگنى شاد ئېتىشىۋاتامسەن تېخى؟! ھا... ھا...ھا... — قاقاھلاپ كۇلۇۋې-

تىپتۇ ئەرۋاھ، ــ ئەمدى سەۋر قاچام تاشتى، ھەركىمنىڭ ئاللاھ بەرگەن نېسىۋىسىنى چىڭ تۇتۇپ يېيىشكە ھەققى يوقمۇ؟ مەن ساڭا 16 يېشىمدا تەگكەن، بىۋاپا مەتقاسىم! ئوتۇڭدا كۆيۈپ، سۆيۈڭدە ئېقىپ، قاتتىقنى تاشكەن، يۇمشاقنى ئاشكەن دەپ ساڭا كۆڭۈل بىرىپ مۇشۇ كۈنگە ئۇلاشمىغانمىدىم؟ ناھايىتى چوڭ گۇناھىم بار دېيىلسە، ساڭا بالا تۇغۇپ بىرەلمىدىم شۇ... تەڭرىم بەرمىسە مېنىڭ نېمە ئامالىم؟ ئاخىرى پايپاق قىلىپ كىيىپ، پايتىما ئېتىپ يۈگەپ، ئىسسىقىم قالماي سونجىقىم تېشىلگەندە يۇندى يالاقىغا تاشلىۋېتەمتىڭ؟ تالاق ئېتىپ سۆزىنى بىرىسەن ئاۋۇ ئالۋاستىنىڭ، ئۈچ تالاق قىل! ياق! مىڭ تالاق قىل!! مەڭگۈ نىكاھ چىشلىمەسلىككە «قۇرئان كەرىم»نى تۇتۇپ قەسەم ئىچ! ئاندىن مۇشۇ سورۇندا ئەھلى جامائەتنىڭ ئالدىدىلا مېنى مەڭگۈ تاشلىۋەتمەسلىككە، تاك ئېتىپ چەكمەسلىككە قەسەم ئىچىپ ئەمرىڭگە ئال! بولمىسا ماۋۇ ھارامىلىقىڭ بىلەن تەڭ ئۆگزىدىن سەكرەيمەن!

شۇ چاغدىلا ھەممە ئۇنىڭ ئەرۋاھ ئەمەس چىنارخان ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ، مەتقاسىم ئۇشكىنى قارا تەر بېسىپتۇ، ئۆگزىدىكى ئاق يۆگەككە يۆگەلگەن بوۋاق ھېلىھەم قىرقىراپ يىغلاۋاتقانىكەن... بوۋىھەجەر يەڭگىلەرنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ، داق يەرگە تىزلىنىپ، ئۆگزىگە قاراپ نالە قىپتۇ:

ــ سەندىن ئۆتۈنەي چىنار خېنىم، مېنى نېمە قىلساڭ قىل، بوۋىقىمغا زىيان يەتكۈزمە... سەندىن بىر قوشۇق قېنىمنى تىلىگەن بولاي... ئۇز ئاچا!

ــ ساڭا گەپ يوق، ئېشىمغا چۈشكەن چىۋىن! بىزگە يول ئېچىپ، نىكاھ يېڭىلاپ بەرگىنىڭ ئۈچۈن ھەشقاللا! ئەمدى پاسىق ئېغىزىڭنى يۇم!... ــ ئېتەكلىرىنى قايرىپ، يىغلاۋاتقان بوۋاقنى بىر قولىدا مەيدىسىگە بېسىپ، ئۆگزىدىكى يۇلغۇن شىبىدىدا قوشماداپ ئەتكەن كەپتەرخانىنىڭ ئۆگزىسىگە يامىـ

شىپتۇ چىنارخان، ــــ ھەممىنى ئىگىزدە تۇرۇپ كۆرۈپ تۇرۇپ-تىمەن، يولۇمنى توسىمەن دەپ خام خىيال قىلىشما! غەنى موللامنى چاقىرىپ كېلىشمەن دېسەڭ، تېخىمۇ ئىگىزدىن سەك-رەيمەن!

ــــ مەتقاسىم! مېنى تالاق قىلىڭ، يۈزمىڭ تالاق بولاي! چىنارخاننى قايتىدىن ئەمرىگىزگە ئېلىڭ! خۇدا ھەققىدە تېز بولۇڭ!

ــــ «قۇرئان كەرىم» تونۇر بېشىدىكى تەكچىدە جايىنامازغا ئوراقلىق، يېنىدىكى مىس چۆگۈندە تاھارەت ئالىدىغانغا سۇمۇ تەييار... ساڭا بىر قازان قايىنام ۋاقىت بېرىمەن مەتقاسىم، تاھا-رەتنى كامىل ئېلىپ، جايىناماز ئۈستىدە مېنى ئەمدى خورلى-ماسلىققا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىپ، ئاۋۇ ئالۋاستىنىڭ ئۈچ-تىن سۆزىنى بېرىسەن، ئاندىن مۇشۇ مەيداندىلا مېنى ھەقلەپ، نىكاھلاپ ئەمرىڭگە ئالىسەن، بول!



مەتقاسىم ئۆشكىنىڭ يېگى دوپپىسىدىن ئاققان سوغۇق تەر كانۋاي كۆڭلەكلىرىنىڭ ئىچىگە ساقىپتۇ... ئەمما، زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالغاندەك بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماپتۇ، كىملەردۇر ئالدىراپ ئۇنىڭ قولىغا مىس چۆگۈننى تۇتقۇزۇپتۇ، ئاندىن مەتقاسىم ئۆشكە ھويلىدىكى سۇپىغا جايىناماز سېلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، قۇرئان تۇتۇپ ئۇنلۇك ئاۋازدا قەسەم قىلغۇچە چىنارخاننىڭ قولىدىكى بوۋاق ئوتتا كۆيگەندەك قىقاسلاپ يىغلاپ تۇرۇپتۇ...

ــــ جېنىم مەتقاسىم سىزدىن ئىككىلى دۇنيا رازىمەن! ھەرنېمە بولسا يۈزۈمنى ئېچىپ نىكاھىڭىزغا ئالدىڭىز، ئوغلى-مىزنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلدىڭىز... ئەمدى ئۆلسەم كۆزۈم يۇمۇ-لىدۇ، سىزدىن ئۆتۈنەي مېنى تالاق قىلىڭ! يۈزمىڭ تالاق...

ــــ بۇۋىھەجەر! ــــ مەتقاسىم ئۆشكە بوغۇق، ھەسرەتلىك

بىر ئاۋازدا كانىيى يىرتىلغۇدەك نىدا قىلغاندا، ئادەملەرنىڭ يۈ-رىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس ـ تاماس قاپتۇ، ـــ مەندىن رازى بول ئۆز خېنىم، بۇ دۇنيادىكى رىزقىمىز مۇشۇنچىلىك ئىكەن، سېنى جاپادا، ئۆلۈمدىن ئارتۇق نومۇستا قويدۇم.

ئاھ ئۆزارمەن، ئاھ ئۆزارمەن،
ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بىلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

جامائەت ئىككى ئېغىز گەپنى ئوڭشاپ قىلالمايدىغان چىد-نارخاننىڭ قوشاق ئوقۇيالايدىغىنىدىن ئېشەككە مۈڭگۈز چىق-قاندەك ھەيرانۇھەس قاپتۇ، ياقىلىرىنى چىشلىشىپ، باشلىرىنى چايقاپتۇ.

ـــ قازان گىرۋەكلىرى چېچەكلىدى مەتقاسىم، سۇ قايناي دېدى، بول، ئالۋاستىڭنى تالاق قىل! بولمىسا چاچرىغان تۆك-رۈكۈم سىڭىپ بولغۇچە بالاڭ بىلەن تەڭ ئۆزۈمنى ئاتىمەن! ـــ چىنارخان شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ بىرەرسى ئۆگزىدىن يامى-شىپ چىقىپ كەينىمدىن تۇتىۋالمىسۇن دېگەندەك كەپتەرخانا ئۆگزىسىدە خامانغا قوشقان ئىنەككە ئوخشاش تولۇق بىر چەم-بىرەك ئايلىنىپ چىقىپتۇ، ئۇنىڭغىچە ھويلىدىكى جامائەت قى-يا ـ چىيا قىلىشىپ ئۆگزىگە ئولىشىپتۇ، ـــ سەن خەق قىغقا ياماشقان چىۋىندەك ئولاشماي يىراق تۇرۇش! بولمىسا...

ـــ ماقۇل... چىنارخان... بىز كېتەيلى...، ـــ جامائەت تەڭ ئاۋاز قوشۇپ كەينىگە چېكىنىپتۇ.

ـــ ئەمىسە ھەممىلىرىگە خۇداغا ئامانەت! ـــ يىغىدىن ئاۋازى بوغۇلۇپ، پىخىلداپ قالغان بوۋاقنى مەيدىسىگە تېخىمۇ چىڭ باسقان چىنارخان ئۇچقىلى تەمشەلگەن قاغىدەك جۇغۇنداپ بار-

غىپتۇ.
— مەتقاسىم! — بۇۋىھەجەرنىڭ گىجىم رومىلى يەرگە چۈشۈپ، ئىككى ئۆرۈم ئۇزۇن چاچلىرىغا ئاسقان تويلۇق تەڭگىلىرى جىرىڭلاپ كېتىپتۇ، — سىزدىن ئۆتۈنەي، پۇشتىڭىزنى قۇتقۇزۇپ قىلىڭ!
— ئۈچ تالاق! يۈز تالاق! يۈزمىڭ تالاق!
مەتقاسىمنىڭ قەھرلىك ئاۋازىدىن زاۋالغا ئۇرالغان هويلا سىلكىنىپ تىترەپتۇ...
— ئاھ پەرۋەردىگارىم! — چاناقلىرىمدىكى ئاچچىق ياش مەڭزىمگە دومىلىغاندا، غوجامىنىڭ پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرى يەنە بىر قېتىم چىمچىقلاپ كەتتى، ئۇ مېنىڭ قايسى تەرەپتە تۇرۇپ كىم ئۈچۈن يىغلاۋاتقىنىمنى زىنهار بىلمەي قالدى. ئارىمىزدا قىزغۇچ جىملىق لەيلەپ تۇراتتى، مەن غوجامغا، غوجام ماڭا زۇۋان سۇرمەي بىر چاي قاينام ۋاقىت شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى...
— قەسەم ۋە تالاقتىن كېيىن مەتقاسىم ئۇشكە بىلەن چىنارخانىنىڭ نىكاھ پاتىهەسى راستىنلا ئوقۇلۇپتىمۇ؟
— خوش، ئوقۇلمىسا ئىككى جاننىڭ بېشى كېتەتتى خېنىم، مۇھەببەت نەپرەتكە ئايلانغاندا ئادەمنىڭ كۆزىگە لەنىتى شەيتان قىپقىزىل خۇن كۆرسىتەرمىش.
— كېيىن قانداق بولدى؟
— قانداق بولاتتى، — ھەسرەتلىك تىنىپ، خاسىيەتلىك مېڭىنى ئۇۋۇلاپ قويدى غوجام، — مەتقاسىم ئۇشكە چىنارخانىنى ئەمرىگە ئالدى، لېكىن ئاتاقچا ئالدى، ئېتى خوتۇن ئۆزى دۈشمەن بولدى ئۇ مەزلۇم. باغرى قاتتىق مەتقاسىم ئۇنىڭ قولىدىن زىنهار بىر چىش ئۇۋاقچا چاغلىق غىزا يېمىدى... ئاخىر ئۇ مەزلۇم ئۆزىنىڭ يىغىدا ئۆزى قورۇلۇپ، بۇزۇلغان قوغۇندەك ئىچىگە زېدىسى ئۆتۈپ كېتىپ، مېڭىسىگە قان چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتتى.

— ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، — ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، مەيدەم چىدىغۇسىز ئاغرىپ كەتتى، — ئاندىن بۇۋىھەجەر خېنىم بىلەن بالىسىچۇ؟

— نېمىسىنى دېگۈلۈك، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ بەتتەر بولدى، بۇۋىھەجەر شۇ كېچىدە بوۋىقىنى قۇچاقلاپ ھويلىدىن چىقىپ كەتكىنىچە جىن ئۇرغاندەك مەھەللىدىن غايىب بولدى... تەرەپ ـ تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ، زۇۋۇكتا چاقىرىپمۇ ئىز ـ دېرە-كىنى قىلىشتۇق، غايىب بولغىنى بولغان... كۆنەك ئېپىنىڭ قېلىن مۇز تۇتقان بىر سەھىرى ئۇنىڭ قېتىپ قالغان جەسە-تىنى ئۇلۇغ ئۆستەڭنىڭ ئايىغىدىن سۇزۇۋالدۇق.

— ئاھ! بەختسىز خېنىم، ياتقان يېرىڭ جەننەتتە بولسۇن بىچارەم، نېمە قىلار ئىدىڭ ئۆز جېنىڭغا قەست قىلىپ، — ئۆپكەم تېخىمۇ ئۆرۈلۈپ، نەپەسلىرىم كۆكرىكىمگە سىغمىدى، — بالىچۇ؟

— ئون ئايلىق بولغان ئەخمەتنى پاختىلىق كۆرپىگە ئوراپ مەتقاسىم ئۇشكە ياتقان ئۆينىڭ ئىسسىق كېگىدا ياتقۇزۇپ قو-يۇپتۇ، زىمىستاننىڭ كېچىسى ئىشىك ـ پەنجىرىلەر چىڭ تا-قاق، كىلىتانلار يا بۇزۇلمىغان. بوۋاق يىغلىغان سۇبھىدە مەتقا-سىم ئۇشكە ئويغىنىپ، يېنىدا يىغلاپ ياتقان بالىسىنى كۆرۈپ-تۇ...تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ يا پەنجىرىدىن، يا تۈڭلۈكتىن كىر-گىنىنى ھېچكىم بىلمەيمىز... بەك سىرلىق...

# ئۈچىنچى باب

قەلبىمدىكى ھەممەتلىك بىر تۇيغۇ مېنى ئاجىزلارنىڭ ھا-لىغا، دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە يېتىشكە ھەرزامان ئۈندەپ تۇراتتى، ئۆزۈمنى بىر كىملەرنىڭ ئالدىدا ئالىيجاناب قىلىپ كۆرسەتكۈم يوق، كۆرسىتىپمۇ نېمە قىلارمەن؟ ھەممە نەرسە پايدا ــ مەنپەئەت، ئىمتىياز، ھالاۋەتكە باغلىنىپ كەتكەن مۇشۇ كۈن-لەرگە ئۇلاشقاندا تەلىيىمگە پېشانەمگە قول بىلەن تۇتۇپ، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ماددىي نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدە بەندىنىڭ قولىغا قاراپ قېلىش يېزىلماپتۇ، ياخشىلىق ۋە ياماز-لىقنى بىلىپ تۇرغۇچى ھەرزامان كۆرۈنمەس كۆزلىرى بىلەن ھەممىنى كۆرۈپ تۇرسا، يەنە ئاللىكىملەردىن نېمىلەرنى كۈ-تەي؟... ياق، نۇرغۇن نەرسىلەردە، بولۇپمۇ كۆڭلۈمگە تالىق بول-غانلىرىدا مەۋقەيىمنىڭ تۇتۇق ئىكەنلىكىنى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ ئاچىلىدا بەزىدە تەمتىرەپ قالىدىغىنىمنى ئۆزۈممۇ ئېتىراپ قىلىمەن. مەن ئەۋلىيا خېنىم ئەمەس، شۇنداقتىمۇ نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق ھەققىدە مەۋقەيىم چوقۇم ئېنىق بولۇشى كېرەك، دادام: «بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى مۇشۇنـ-چىلىك، بىز سىناق ئۇستىدىكى ئۆتكۈنچى مېھمان، پانىينىڭ قاتتىق مەئىشەتلىرى خوراپ تۈگەيدۇ، باقىي ئۈچۈن خەجلەشكە تېگىشلىكلەرنى پەقەت مۇشۇ دۇنيادىلا جۇغلىۋېلىش كېرەك، ئۇ بولسىمۇ، ياخشىلىق!» دەپ ئۆگەتكەن. يەنە دادامنى ئېسىمگە ئې-لىپ قالدىما؟ قالدىما دېگىنىم ئۆتۈپ كەتكەن تۇزسىزلىقمۇ؟ دا-دامنى پەقەت ئۇنتۇپ قالمىغىنىم ھەم قالالمايدىغىنىم ئېنىق!

ئۇنىڭ نىكاھتىكى تەقدىر قىسمىتىمنى ئالدىن بەلگىلەپ، مېنى مۇشۇنداق مۇھەببەتسىز نىكاھنىڭ بەختسىز تۇتقۇنى قىلىپ قويغىنى ئۇچۇن قاتتىق نارازى ھالەتتە بىر ئۆمۈر ئىزتىراپ چەكسەممۇ، ماڭا سىڭدۈرگەن ئەجىر - مېھنىتىدىن ئىككىلى دۇنيا رازى، ھەم ئۇنىڭ قىزى بولۇپ قالغىنىمدىن ئەسلا پۇشايمان قىلغانمۇ ئەمەسمەن! ئەگەر يەنە بىر دۇنيادا ئەر تاللاش ھوقۇقۇم بولۇپ، ناۋادا ئىبرىم ئابدۇللا غوجامنى مۇتلەق ۋە زىنھار تاللىمايدىغان ۋاپاسىزلىقىمنىڭ بەدىلى ئۇچۇن بىر ئۆمۈر ئەرگە تېگىش تۇگۇل، ئەرنىڭ قارىسىنى كۆرۈشمۇ نېسىپ بولماسلىق جازاسى پېشانەمگە سۇلايماننىڭ تامغىسىدەك بېسىلىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئىبرىمنى تاللىماسلىقىم — بۇرنۇمنىڭ ئاستىدىكىسىنىڭ ئېغىزىم ئىكەنلىكىنى بىلگەندەك، كۆڭلۈمگە ئېنىق. لېكىن، دادا تاللاش ھوقۇقى بولسا يەنىلا ئۆزۈمنىڭ دادىسىنى تاللىشىمدا شەك يوق. دادامنىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىدىن قىلچىلىك گۇمان قىلمايتتىم، ئەخمەتنىڭ دادىسى، بەختى قارا ئانىسى، شور پېشانە چىنارخانلارنىڭ كەچمىشى دادامغا بولغان ھۆرمىتىمنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى.

* * *

خىيال دېگەننىڭ قېلىپ - ئەندىزىسى يوق نېمىكەن، قايسىنى بۇرۇن ئويلاي، قايسىنى كېيىن دەپ، يا ئالدىن ئەن سېلىنغۇالغىلى بولمايدىكەن. تۇرۇپلا غوجام بىلەن يېڭى توي قىلغان چاغلىرىم يادىمدىن كەچتى.

كېلىن بولغىنىمغا بىر يىل توشقان ئالا خوندەك چېغىمدا، سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان كارىۋاتتا بىغەم رەڭ تامبال - كۆڭلەك بىلەن پۇشۇلداپ ياتقان ياپياش ئىبرىمگە يانمۇيان ياتاتتىم. ئۇنىڭ مېنى باغاشلاپ تۇرغان ئۇزۇن قوللىرى شۇنچىلىك

ئېغىر ئىدىكى، ئېغىر تىنىشلىرى قۇلىقىمغا كۆھقاپنىڭ شا-مىلىدەك ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گەرچە يېنىمدىكى پۈتۈن - سۇ-رۇك ئېرىم چاتقاللىقتىكى يولۋاس يۇمىران كىيىك گۆشىدىن بىر قورساق تويۇپ يەپ، ئۇيقۇسىغا كەتكەندەك لەززەتلىنىپ ئۇخلاۋاتقان بولسىمۇ، مەن خاتىرجەم بولالمايتتىم، يا ئۇخلى-يالمايتتىم. ئىچىمدە تۈمەن مىڭ سوئال، سانسىز خىيال كۆڭلى-كى بۇزۇلغان قارا ھەرىدەك قۇتراپ يۈرەتتى، ئەزبىرائى، شۇ چاغدا ئىچىمدە ئويلىغانلىرىمنى ھازىر ۋە كېيىنمۇ ئەبەدىي تې-شىمغا چىقىرالمايتتىم، ھەتتا ئۆزۈمگە پىچىرلاپ دېيىشكىمۇ پېتىنالمايتتىم... مۇشۇنداق ئۆزۈن كېچىلەرنىڭ لەھەتتەك قا-راڭغۇسىدىن شۇنچىلىك قورقاتتىم، قاراڭغۇ چۈشسىلا ئىچى - تېشىمنى تەڭ زۇلمەت قاراڭغۇسى قاپلايتتى، زىنھار چىراغنى ئۆچۈرمەيتتىم، ئەينى زامانلاردا ئىراندىن كەلتۈرۈلگەن گۈلدار لامپۈچكىلار قىزغۇچ رەڭدە سۇس يېنىپ تۇراتتى، ئىچىمدىكى قورقۇنچ، يېگانىلىق، غېرىبلىققا مۇشۇ قىزغۇچ رەڭلەردىن پا-ناھلىق ئىزدەيتتىم...

— ئابدۇللا غوجام، — ئېرىمنىڭ تولۇق ئىسمىنى ئاتاپ جەينىكىم بىلەن ئۇنى يېنىك نوقۇدۇم، لېكىن ئۇ قاتتىق ئۇي-قۇدا بولغاچ ئاسماندىن چۈشكەن تاشتەك مىت قىلىپمۇ قويمى-دى، — ۋۇي غوجام!، — «غوجام» دېگەن بۇ سۆز ئۇنىڭ نىكا-ھىغا ئۆتكەن دەسلەپكى كۈنلەردە بوغۇزۇمدىن ئاق تىكەن سۆرد-گەندەك ئاغرىتىپ چىققىنى، ئاسراندى كېلىن زالىم پومېش-چىكنىڭ ئالدىدا تىترەپ تۇرۇپ غوجىسىنى چاقىرىۋاتقاندەك خورلۇق ھېس قىلدۇرغىنى بىلەن، ئۇزۇنغا قالماي بۇ سۆزگە سۈت چىشىم چۈشۈپ ئورنىغا چىققان يېڭى چىشلىرىمغا كۆنۈپ كەتكەندەك كۆنۈپ كەتكەنىدىم، ناۋادا شۇ «غوجام»نى دېمىسەم ھەتتا كوماك ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن يەل قېچىپ كەتكەندەك كەم-تۈكلۈك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. ئەلۋەتتە، ھەممەي-

لەنىنىڭ نەزەرىدە ئۇنىڭ مۇبارەك ئىسمىنىڭ كەينىدىكى «غوجام»، ئالدىدىكى «ئابدۇللا»سىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى، شۇڭا كېيىنچە بىز ئۇنى تېخىمۇ ئەتىۋارلاپ غوجام دەپلا ئاتايدىغان بولدۇق، بۇنداق ئاتىماسلىققا، بۇنداق كۆنمەسلىككە كىمنىڭ ھەددى دەيسىز؟! ھەتتا ماڭا ئۇنىڭ بېشىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن ئوجۇن قوڭغۇزىمۇ غ... و... جا... م دەپ بوم ئاۋازدا غوڭۇلداپ ئۆتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. چوڭلارنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئابدۇللا غوجام ھۆرمەتكە سازاۋەر قېيىنئاتامنىڭ يېشى 50 ياشتىن ئاتلاپ ساقلىغا ئاق چۈشكەندە، ئون بارمىقىدا ئون تىللا ئۈزۈك، بىلەكلىرىدە ئالتۇن بىلەزۈك جالدىرلاپ تۇرىدىغان ئوتتۇرا جۇۋان قېيىنئانام — بۇزرۇكۋار شەرۋانە خېنىم تۇيۇقسىز گۆھەر قويغاندەك تۇغۇپ بەرگەن ئارزۇلۇق ئوغلىمىشلەر؛ غوجام تۇغۇلغاندا كۈپكۈندۈزدە ئاسماندا قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز كۆرۈنۈپ، لەكمىنىڭ قارلىغاچ غەلۋىر شەكلىدە چەمبىرەك ياساپ، ئۆگزىمىزنىڭ ئۈستىدىنلا ئۇچقانمىشلەر؛ ھەتتا كۆك قەرىدىن بىر يورۇق يولتۇز چۈشۈپ، غوجامنىڭ بۇرۇن پەررىكىنىڭ سول تەرىپىگە قونغانمىش، ئاندىن ئۇنىڭ مۇشۇ پورچاقچىلىك گۆش مېڭى مۆللىدە پەيدا بولۇپ قالغانمىشلەر. شۇڭا بۇ گۆھەر غوجامنىڭ مەرىكىسىدە يەتتە قوچقار سويۇپ يۇرت ئەھلىگە نەزىر ـ چىراغ بېرىشكەنمىش. نېمىشقا مىشلەر، مىشلەر دەپ مەدداھلار جەڭنامىسىنى سۆزلىگەندەك سۆزلەپ قويىدىغاندىمەن؟... سۆزلەپتىمەن ئەمدى... ياق ئويلاپتىمەن... ئۆزۈم بىۋاستە كۆرمىگەن ھەقىقەتلەرنى «مىشلەر» دەپ ئاتىغىنىم بىر ھېسابتا توغرىدۇر... لېكىن، بۇلارنى قېيىنئانام شەرۋانە خېنىمنىڭ ئېغىزىدىنلا ئەمەس، ئاۋامدىنمۇ ئاڭلىغىنىم راست...

غوجام ئېغىر قوللىرىنى يەلكەمدىن ئالغاندا ئۇھ، دەپ كۆكسۈمنى تولدۇرۇپ بىر نەپەس ئالدىم، ئاندىن ئۇنىڭ غۇۋا يورۇقتا قىزغۇچ بولۇپ يالتىراپ تۇرغان خاسىيەتلىك مېڭىگە

ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ قويدۇم.

— تېخىچە ئويغاقمۇ سىز ئالتۇن خېنىم؟ — ئېرىم مېنى مۇشۇ سۆز بىلەنلا ئەركىلىتىشكە ئامراق ئىدى، تا ھازىرغىچە مۇشۇنداق... ئۇنىڭ ھەم مۇشۇنىڭدىن باشقا زىنھار ئىككىنچى سۆز بىلەن مېنى ئەركىلىتىپ باققىنىنى بىلمەيتتىم. راست گەپنى دېسەم، ئۇنىڭ مۇشۇ گېپى بىلەن شۇنچىلىك خۇشۇم يوقتىكى، ئېغىزىغا بىرنى قويغۇم كېلەتتى، قويسامىلا قولۇم ئالۋاستى جاڭگىلىدىكى توغراق شېخىدەك قۇرۇپ كېتىشىدىن قورقاتتىم، يەنە شۇنىمۇ بىلەتتىم — مەن دۇنيادا ئۇنىڭ ئەڭ ئەزىزلەيدىغان ئادىمى ئىدىم! ئەمما، قېيىنئانام شەرۋانە خېنىمنىڭ بۇنىڭدىن تازا خەۋىرى يوق بولسا كېرەك.

— غوجام بالام ئابدۇللا ئاخۇنۇم، جۇپ كۆزۈمنىڭ يارى قارىچۇقى! — دەپ يۈز-كۆزىنى سىلايتتى قېيىنئانام ئاززۇلۇق ئوغلىنىڭ، — بۈگۈن كۆڭلۈڭ نېمە تارتىدۇ ئارسلانىم؟ زوردخانىغا ھازىرلا بۇيرىتاي، پاقلان گۆشىدە قازان كاۋىپى قىلسۇنمۇ؟ پېتىر مانتا يەمسەن، ئەنجان پولۇسىمۇ، يا قوقاسقا كۆمۈپ گۇلاخما كۆمەچى قىلسۇنمۇ؟ قانداق دېدىم لەيلى خېنىم؟ ئەسلىدە بىر ئەر ئۈچۈن ئەڭ سىڭىشلىك تائام ئۆز خوتۇنىنىڭ قولىدىن چىققىنىدۇر، چۈنكى ئۇنىڭغا مېھرى سىڭىدۇ، ئەقىدە سىڭىدۇ. بىر ئەرنىڭ كۆڭۈل مەيلىنى ئۆزىگە باغلاپ، ناشايانىدىن ساقلاشنىڭ ئۆزى بىر ئايالنىڭ ھەق بۇرچى! ئەقىدە سىڭگەن تائام بىلەن ئەقىدىسى بار كۆڭۈل چېۋەر ئايالنىڭ قولىدىكى جۈپتەك كوزۇر. شۇڭا مەن رەھمەتلىك كۆيەرىمنىڭ غىزاسىنى ھەرقانچە ساقسىز بولۇپ قالسامۇ ئاتايىتەن ئۆزۈم بىر قوللۇق تەييارلايتتىم.

— شۇنداق ئانا، — بېشىمنى كۆتۈرەلمىدىم، قېيىنئانامنىڭ قۇيغان پاقلانىنىڭ ئۆپكىسىدەك سۇ تولۇپ تۇرغان سۇتۇن يۈزىگە يۈزلىنىپ، سۇس ھىندى سۇرمىسى تارتىۋالغان قوي

كۆزلىرىگە ئەزەلدىن تىكىلىپ قارىيالمايتتىم، ــ مەنمۇ سىلىدىن ئۆگىنىمەن، ــ ئۇنۇم ئىچىمگە چۇشۇپ كەتتى.

ــ ئۆزلىرى تېخى كىچىك، ئالىقانلىرى ئاندىن يۇمران، سەدۇللا ھاجىم بىلەن قەمەر خېنىمنىڭ بىر دانە ياقۇتى سىلى، ئالتۇن ئۇزۇكىمىزگە قويۇۋالغانتۇق، تېخىمۇ جۇلالاپ كەتتىلە مىنە، شۇنداقتىمۇ بۆشۈك ئالدىغا كېلىپ بولغۇچە زورىخان يەڭگىلىرىنىڭ يېنىدا ئاندۇ ـ مۇندۇ تۇرۇپ، كۆزلىرىنى پىشۇرۇۋالسىلا بولاتتى.

ــ شۇنداق قىلىمەن، ــ بۆشۈكنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ دەسلەپ يۈرىكىم جىغىلداپ كەتتى، ئاندىن قەمىس ياغلىق ئىچىدىكى ئالتۇن سۆكە ئاسقان قۇلاقلىرىمغىچە ئوت بولۇپ ياندى.

ــ خوتۇن خەق دېگەن ئىرەكتىلەرنىڭ بىرتال يېتىم قوۋۇرغىسى، «ئەر رازى، خۇدا رازى» دەپتۇ لەيلى خېنىم، بۇ تەنۇ جانغا تەڭ ھېكمەت جۇمۇ، ــ قېيىنئانام، سېكىلەك چاغلىرىدا رەھمەتلىك قېيىنئاتام بىلەن سەمەرقەنت، بۇخارا، ئەزەربەيجانلاردا يۈرۈپ جىق شەھەر كۆرۈپ كۆزى ئېچىلغان خوتۇن بولغاچقا، شەمۇشەنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ قالغان تەلەپپۇزلىرىنى ئاندۇ ـ مۇندۇ قوشۇپ سۆزلەيتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «جۇمۇ» دېيىشلىرى شۇنچىلىك ۋەزمىنلىك ئىدىكى، ئىچىمدە قۇتراپ، يامراپ تۇرغان، يۈرىكىمنى مىتە قۇرتتەك غاجاپ تۇرغان بارچە سىرلىرىمنى ئۇشكۇدەك تېشىپ ئۆتۈپ، لوپا ئەينەك بىلەن يوغىنىتىپ كۆرۈۋالغاندەك تۇيۇلاتتى.

ــ جىسمىم ھەم روھىم غوجامنىڭ ئىلكىدە ئانا! ــ ئىپەك كۆڭلەكلىرىم دۇمبەمگە لىپپىدە چاپلاشتى، بەلكىم شۇ چاغدا مېنى چوقۇم سوغۇق تەر باستى بولغاي.

گەپلىرىمدىن سۆيۈنۈپ، چاقىلداپ كۈلدى قېيىنئانام ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ. شۇ چاغدا نەققاش بالالىق پېشايۋانغا چاڭگىلىغان قارلىغاچ بېشىمىزدىن ئەگىپ ئۇچۇپ كەتتى.

ـــ ھەسەل بىلەن بادام مېغىزىنى قوشۇپ چايناپ، مانا مەن ئۆزۈم ئېغىزلاندۇرغان ـ دە سىز لەيلى خېنىمنى. بۇ مۇبارەك ئىسمىنىمۇ مانا مەن تاللىغان سىزگە، كۆيەرىڭىز ئابدۇللا غو-جام سەككىز ياشقا كىرگەندە، لەيلى ئىسىملىك بىر خېنىم بىـ-لەن مەھەللىمىزنىڭ ئۆستىدىكى... توۋا، ئېسىم قۇرۇسۇن، ئۇ يەرنىڭ ئىسمى نېمىتتى غوجام؟

ـــ لەيلىقازاق ئانا، ـــ غوجام مەخمەلدەك زىلچە گىلەمگە سېلىنغان تەتىللا يېكەندازدا سەل قىمىرلاپ قويۇپ، چىمەن دوپپىسىنى كەينىگىرەك سۈردى ـ دە، كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقىدا ماڭا قاراپ قويدى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنە چىمچىقلاپ كەتكەنىدى.

ـــ مەھەللىمىزنىڭ ئۆستىدىكى غوچچىدە لەيلىقازاق ئۆ-سىدىغان يېشىل ئوتلاقتا بىزنىڭ غوجام لەيلى خېنىم دېگەن بىر ئوماق بىلەن لەگلەك ئۇچۇرۇپ يۈرۈپ چۈش كۆرۈپتۇدەك، ئۇ قىزنىڭ لەگلىكى...، ـــ ئوغلىغا يۈزلىنىپ پاس بەردى ئانا.

ـــ يېشىل رەڭلىك يىڭناغۇچ، ـــ ئالدىراپ پاس ئېلىپ جاۋاب بەردى غوجام، ئاندىن سەل قىمىرلاپ، مەن تەرەپكىرەك سۈرۈلدى. شۇ چاغدا جەينىكى مېنىڭ بىلەكلىرىمنى سىيپاپ ئۆتۈپ كەتتى. كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ بىر ئامال قىلىپ قولۇمنىڭ بىرەر بارماقلىرىنى بولسىمۇ قىسىۋالغۇسى بارلىقىنى پەملەپ سەل نېرىغىراق سۈرۈلدۇم، ـــ مېنىڭكىسىنى سورىمايلىغۇ ئانا؟

ـــ سىنىڭكىسى يۈرىكىمدە، ھەسەل ھەرىسى!

ـــ سېرىق رەڭدە! ـــ غوجامنىڭ قىسىلىپ تۇرغان بوز كۆزلىرىدە ئاجايىپ شادىيانە بىر تەبەسسۇم پارلىدى.

ـــ ئەقىللىق سەركەم! قارا بۇنىڭ بۇندىن 20 يىل مۇقەد-دەمدىكى ئىشلارنىمۇ قۇرئاننىڭ ھەرپىدەك ئېسىدە تۇتۇۋالغىنى-نى! ۋاي ئەقىللىق بالامەي، كېلە سېنى بىرنى سۆيۈپ قوياي، ـــ شەرۋانە خېنىم تىللا ئۈزۈكلىرىنى پارقىرىتىپ، ئوغلىنىڭ

چېكىسىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئالدى ـ دە، پېشانىسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىغا چوككىدە ئاۋاز چىقىرىپ بىرنى سۆيۈپ قويدى، ئاندىن مۇچىن تەگكەن قاشلىرىنى لېپىدە ئۇچۇرۇپ قويۇپ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ چىشلىرىغا قاراپ ھەيران قالغانىدىم، نېمە ئۇچۇن دىققەت قىلمىغان بولغىيتتىم؟ دەپ ئويلىغانىدىم ئىچىمدە، ئۇنىڭ 70 ياشقا ئۇلاشقان بولسىمۇ يالتىراپ تۇرغان چىشلىرى مىلىكلىرىدە مەرۋايىتتەك جۇلالاپ تۇراتتى، ـــ سىز تۇغۇلغاندا كىندىكىڭىزنى كېسىش ماڭا نېسىپ بولدى دېسە. ساۋابلىرىم ساناقلىقلا خوتۇنمەن، لېكىن ئۆمرۈمدە قىلغان ئەڭ خەيرلىك ئىشىمنى ئاشۇ دەپ سانايمەن، مانا بۇ ھاياتىمدا تۇنجى ۋە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تۇغۇت ئانىسى بولۇپ قېلىشىم... شۇ قورقاقداپ كەتكىنىمچە يەتتە كۈنگىچە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم، چۈنكى قەمەر خېنىم سىزنى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدە يەڭگەن، ـــ يېنىك ئېسەدىۋەتتى قېيىنئانام سۆزىنى تۈگەتمەستىن.

ـــ خوش، بىلىمەن، بۇزرۇكۋار ئانا، جەننەت شۇڭا ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا، ـــ مېنىڭمۇ ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، چاناقلىرىمدىكى ياش كىرپىكلىرىمگە ئىلىنىپ قالدى، ـــ ناۋادا شۇ چاغدا سىلى بولمىغان بولسىلىرى...

ـــ بەندىنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى بالام؟ بۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ لەيلى خېنىم، شۇ تەلەينىڭ رىزقىدىن سەندەك ئاق خەسىدەك پاكىز، ئاق لەيلىدەك ئۈز كېلىنگە ئېرىشىمىدۇقمۇ بالاجانىم، ـــ شەرۋانە خېنىم تىترەپ تۇرغان بارماقلىرىنى تومتاق ئالىقانلىرىغا ئېلىپ سىلىدى. توۋا، ئۇنىڭ قوللىرى نېمانچە يۇمشاق، نېمانچە ئىسسىق بولغىيتتى؟... ئۇ مۇشۇنداق سىلە ـ ئۆزلىرىنى ئۇنتۇپ مېنى يەنە سەنلەشكە باشلىغانتى، دائىما مۇشۇنداق بولاتتى، بولۇپمۇ ئارىمىزدا ياتلار يوق چاغدا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كېتەتتۇق. مەن ئۇنىڭ ئارىلاشتۇرۇپ ئا-

تاشلىرىغا كۆنۈپمۇ قالغاندەك «سىلى، سىز، سەن»دەپ ئاتاشلىرى قۇلىقىمغا بەك يېقىملىق ئاڭلىناتتى، ئوتتۇرىمىزنى توسۇپ تۇرغان كۆرۈنمەس توسۇقلارنى مۇشۇ چىرايلىق «سەن» لەشلىرى بۇزۇپ تاشلاپ، بىزنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

— ئانام ماڭا ھەممىنى دەپ بەرگەن، 12 ياش چېغىمدىلا بىلەتتىم، — نېمىشقىدۇر مىشىلداپ يىغلىۋەتتىم، ئۆزۈم ئۈچۈن يىغلاۋاتامدىم، ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، تازا ئاڭقىرالماي قالدىم، — چوڭ بولغاندا غوجام بىلەن جەزمەن نىكاھىمىزنىڭ ئوقۇلىدىغىنىنى بىلەتتىم، لېكىن نىكاھىمىز ئوقۇلسا قانداق بولىدىغىنىنى زىنھار بىلمەيتتىم، — ئۆزۈك - ئۆزۈك سۆزلىرىم تۇگەر - تۇگمەي يىغام قىستاپ، زاڭاقلىرىم تىترەپ، يىغلىۋېتىشكە ئاز قالغاندىم.

— سەن 12 يېشىڭدا بىلگىنىڭ بىلەن، بۇ تەلەي سەن قەمەر خېنىمنىڭ قورسىقىدا تۆرلىپ 40 كۈن بولغاندىلا پېشانەڭگە پۈتۈلگەن.



ئارىمىزنى بىرپەس جىملىق باستى، بىچارە قېيىنئانامغا، ئۇنىڭدىن بىچارە ئابدۇللا غوجامغا، ئۇنىڭدىن 100 ھەسسە بىچارە ئۆزۈمگە يىغلاۋاتقىنىمنى شۇ چاغدىلا ئاڭقىرالىدىم. ئىچىمدە تاغدىن چۈشكەن سەلدەك دەھشەتلىك بىر يىغا، دادامنىڭ مۇسىبىتىدىكى ھازامدىن كۈچلۈك بىر پەرياد غەلىيان كۆتۈرۈپ تۇراتتى. نىھايەت، نەچچە يىل ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇپ ئۆگەنگەندەك يېتىلدۇرگەن سەۋر - تاقىتىم قەلب غەلىيانلىرىمغا مۇستەھكەم دامبا بولۇپ، تېشىمغا تەپكەن ئازابلىرىمنى چاناقلىرىمنىڭ گىرۋەكلىرىدە توسۇپ قالدى. شۈكۈر ئاللاھ! دېدىم ئىچىمدە تەڭرىمگە ھەمدۇسانا ئېيتىپ، ئاندىن سەل ئېگىشىپ تۇرۇپ، مىس چەينەكتىن شەرۋانە خېنىم بىلەن ئابدۇللا غوجامنىڭ جانان پىيالىسىدە يالتىراپ تۇرغان زەپەر ناۋات ئۇستىگە چاي لىقلاپ قۇيدۇم.

— ئۆزۈڭمۇ ئىچ لەيلى خېنىم، ئىچىڭدىكى ئاچچىقنى تات-
لىق باسىدۇ، — بۇزرۇكۋار ئانامنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ يۈر-
كىم جىغغىدە قىلىپ قالدى، ئۇياتلىق يېرىم ئېچىلىپ قالغان-
دەك ئۇنىڭ قوي كۆزلىرىگە بېشىمنى كۆتۈرۈپ قىيا بېقىشقىمۇ
جۈرئەت قىلالمىدىم.
— نېمە ئاچچىق بولسۇن ئىچىمدە جان ئانا، ئۆزلىرىمۇ
دېدىلە، غوجامنىڭ ئەمرىدە بولۇش مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەن
تەلەي تۇرسا، ئۆزلىرىنىڭ ئانام بىلەن ئىككىمىزنىڭ جېنىنى
قۇتقۇزۇپ قالغان شاپائەتلىرىنى ئويلاپ تەسىرلىنىپ قالدىم
شۇ، سىلى بولمىغان بولسىلا، — گېپىمنىڭ تېمىسىنى يۆتكە-
ۋېتىپ قېيىنئانامنىڭ ئەۋلىيادەك ئەقىل - پاراسىتىدىن يەنە
بىر قېتىم قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم، — بەلكىم...
— بەلكىم دېمە لەيلى خېنىم، بەلكىمى يوق. ئەزەل - ئەۋ-
ۋەلدە تەقدىرىمىز شۇنداق پۈتۈلگەن. ماڭا رەھمەت ئېيتىپ ئۇ-
چۇرمەنمۇ دېمە، ياخشىلىقلىرىمنى شامال ئۇچۇرۇپ، ھاۋا تارتىپ
كەتسە ماڭا نېمە قالىدۇ ئاخىر، ئىچىڭدە بىلسەڭ بولدى، ناۋادا
سەن ئۇلارنى ياخشىلىق دەپ سانىماقچى بولساڭ، ياخشىلىقلى-
رىمنىڭ قۇۋۋىتىدە كۆڭۈل گۈللىرىڭنى سۇغۇرۇپ، ئەي قىل!
غوجامنىڭ بەختى - باغىنى خۇش پۇراق گۈللىرىڭ بىلەن ئۇز
قىل، ئۇنىڭغا ھەر ئىككىلى دۇنيادا مۇشۇنداق ساداقەتمەن، ۋا-
پادار خوتۇن بولۇشقا، پاكىز ۋۇجۇدۇڭ بىلەن ئەۋلادىمىزنى -
ئەۋلادىمىزغا، يىلتىزىمىزنى - يىلتىزىمىزغا ئۇلاپ، نەسەبى-
مىزنىڭ نۇرانە چىرىغىنى ياندۇرۇپ تۇرۇشقا ئىمانىڭ بىلەن كا-
پالەت بەر بالىجانىم!
— كاپالەت بېرىمەن جان ئانا، — لەۋلىرىم تىترەپ
كەتتى، تىترەك پۈتۈن بەدىنىمگە ئۇلىشىپ، ئىچىمدە بىر يەر-
لىرىم ۋاسسىدە ئېتىلىپ قاناپ، زەرداب قان بوغۇزۇمدىن لۆمە-
مىدە ئۇستىگە ئۆرلەپ چىققاندەك بىرنېمە كېكىردىكىمگە

قاپسالدى. ئاندىن مەن ئۇنى زەپە ناۋاتنىڭ سۈيى بىلەن ئىچىمگە يەنە يۇتۇۋەتتىم. بەلكىم قېيىنئانام دېگەندەك ئاچچىقنى تاتلىق باسار...

ئارىنى يەنە بىرپەس سۈكۈت قاپلىدى. شۇ ئارىدا قېيىنئا-نام كەينىمگە سۈرۈلۈپ، كانىۋاي گۈل بېسىلغان ماﯞۇق ياستۇقنا قىڭغايغىنىچە، سىمىز ئېگەكلىرىنى ئالىقىنى ئۈستىگە قويدى. بەلكىم ئۇنى مۈگدەك باستى بولغاي، ۋە بەلكىم...

— ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا غوجام، ئانام مىتتىدە كۆزىنى يۇمۇۋالسۇن، دەخلى قىلماي ھۇجرىمىزغا چىقىپ كېتەيلى، — ئېگىشىپ تۇرۇپ قاتلىنىپ ئولتۇرغان غوجامنىڭ قولىقىغا پى-چىرلىدىم. ئېرىمنىڭ بىلەكلىرى يەنە شۇ زامان قىمىرلاپ كەت-تى، مەن چاقچاقلىق بىلەن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ ئۈلگۈرەلمەي، شەرۋانە خېنىمنىڭ قىيا يۇمۇق كۆزلىرىنىڭ لىپ قىلىپ ئې-چىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئۈلگۈردۈم، يۈزلىرىمگە يەنە بىر قېتىم ئوت ئىسسىق تەپتى... ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ قارا، دې-گەندەك بولۇپ كەينىمگە لاپ قىلىپ قاراپ سايتىمەن، تۇۋا، قېيىنئانامنىڭ 70 كە ئۇلىشاي دېگەن بولسىمۇ جۇلاسى كەتمە-گەن سۈتتۇن يۈزلىرىنى، تولۇپ كەتسىمۇ پۇتۇپ كەتمىگەن ئوي-ماق زىناقلىرىنى تاتلىق بىر كۈلكە سۆيۈپ تۇراتتى... تېزلا بوسۇغىدىن ئاتلىدىم.

ھۇجرامغا كىرىپ ئارانلا ئۈلگۈردۈم، سەلدەك بىر يىغا ئىد-چىمدە يامراپ تۇراتتى، شەرۋانە خېنىمنىڭ ئېيتقانلىرى كۆڭۈل يارامنىڭ تېخى قېتىپ ئۈلگۈرمىگەن زىپدىسىنى شەلۋەرىتىپ قويغىنىنى غوجام ئەسلا بىلمەيتتى... سەندەل ياغىچىدا ياسالغان قوش كىشىلىك كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلاپ، ماﯞۇق ياستۇقنى چىشلەپ بوقۇلداپ يىغلىدىم. ئابدۇللا غوجام نېمە قىلارىنى بىلمەي بېشىمدا بۇتتەك قېتىپ بىرھازا تۇردى، ئاندىن كارى-ۋاتنىڭ گىرۋىكىگە ئاران ئىلىنىپ يانپېشىنى قويدى ـ دە، يې-

نىپ تۇرغان بىر لاخشە چوغنى تۇتماقچى بولغاندەك ئەيمىنىپ تۇرۇپ تىترەۋاتقان يەلكەمگە يوغان قوللىرىنى ئىككى ـ ئۈچ نۆۋەت تەگكۈزۈپ باقتى.

ـــ نېمە بولدى ئالتۇن خېنىم؟ ئانامنىڭ بىرەر گېپى كۆڭلىڭىزگە تىك كەتتىمۇ؟ بوپتۇ سىزگە مەنلا ناماقۇل بولاي، بۇنداق يىغلىمىسىڭىزچۇ... تووا، قانداق قىلارمەن؟ ـــ پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ كەتتى بىچارە ئېرىم. مۇشۇنداق چاغدا ئۇنىڭ كېچىدىكى شىر يولۋاستەك ھەيۋىسى يامغۇردا قال-غان تاۋۇس ئەللەيىندەك يوقاپ كېتەتتى.

ـــ مېنى تۇتمىسىلا غوجام! بىردەم مەندىن نېرى تۇر-سىلا... ئۆتۈنۈپ قالاي...

ـــ ماقۇل ـ ماقۇل، تۇتقاندەكقۇ قىلمىغان خېنىم، لې-كىن، مۇشۇ يۈزى قېلىن قولۇمنىڭ تۇتقۇسى كېلىپلا تۇرىدى-كەنغۇ تاڭ.

ـــ ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا بۇنداق چاپلىشىۋالمىسىلا! جاق تويدۇم!

ئوراقلىرى قىرىلىپ كەتكەن توك سىمىغا قولى تېگىپ كەتكەندەك چۆچۈپ قولىنى تارتتى ئېرىم، ئاندىن ئۇنىڭ ئېغىر گەۋدىسىنىڭ كارىۋاتتىن شۇنچىلىك تېز كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى-نى سېزىپ تۇردۇم...

بەلكىم ئۇ بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى، ئۆز خوتۇ-نىنىڭ بۇنداق دېيىشىنى مۇتلەق ئويلىمىغاچقا، قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى. يىغلاپ تۇرۇپ بىخۇدلۇقتا ئېغىزىمدىن چىقىپ كەتكەن مۇشۇ گېپىم ئۈچۈن يۈرىكىممۇ ئېغىزىمغا كەپلىشىپ قالغاندەك تىنىقلىرىم دەقىقە ئۈزۈلدى... لېكىن، ئۈزۈلۈش ئۇ-زاپ كەتسە قانداق ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلال-مايتتىم. يىرتىلىپ كەتكەن قەلب چىتلاقلىرىمدىن كۆرۈنۈپ قالغان يېغىر ـ جاراھىتىمنى ئېرىمگە كۆرسىتىپ، ئۇنى ئۆ-

زومدىن بەتتەر ئازابلاشنى خالىمايتتىم. ئۇ شۇنچە يىل ساقلاپ، شۇنچە يىل قوغداپ، شۇنچە تەستە بىر بىرلىيانتقا ئېرىشتىم دەپ، مەيدىسىنى تىك تۇتۇپ يۈرگەندە، ئېرىشكىنى رەڭلىك شىشىنىڭ پۇچىقى چىقىپ قېلىپ ئازابقا دۇچار بولۇپ تۇگە-شىپ كېتىشىنى كۆرگۈم يوق ئىدى. گەرچە مەن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي، ھېچنېمىنىڭ لەززىتىنى تېتىپ باقمىغان بول-ساممۇ، ئېرىشكەننىڭ لەززىتىنى تارتىۋېلىشقا ھەققىم يوق ئى-دى. چۈنكى مىڭ تەستە ئېرىشكەن نەرسىنىڭ ئەسلى ساختا ئىكەنلىكىنى بىلگەندىكى ئازابنىڭ ئېرىشەلمەسلىكنىڭ ئازابى-دىن نەچچە ھەسسە ئېغىر بولىدىغىنىنى بىلگۈچىلىكىم بار ئى-دى... بىلىمەن، ئابدۇللا غوجامنىڭ ئالدىمدا ھېچبىر تىل قى-سىنچىلىقى يوق، ھەر ئىككىلى دۇنيا ئالدىمدا يۈزى قۇياشتەك يورۇق. ئۇنىڭغا — ئۇنداق ئېسىل غوجامغا مەھەللىمىزدىكى ھەممىنىڭ رەسىدە قىزىنى بەرگۈسى، بۇ ئېسىل ئائىلە بىلەن قۇدا بولغۇسى كېلىپ لولىسىغا ئوت كەتكەن؛ نەچچە بىرلىرى مولللىغا پۇل خەجلەپ ئىسسىتقۇ - سوغۇتقۇلىرى بىلەن ئۇنى مەندىن سوۋۇتۇپ، ئۆزىگە قاراتماقچى بولۇشقان؛ يەنە نەچچە بىرلىرىنىڭ غوجام ئۆتىدىغان يوللارغا بەند قويۇپ، چەللە با-راڭلىرىغا تۇمار قويۇشقانلىقىنى ھەم ئوبدان بىلەتتىم. چۈنكى بۇ ئائىلە پاك نەسەبلىك، باي بولۇپلا قالماي، مۇھىمى ئابدۇللا غوجام شۇنچىلىك پەزىلەتلىك، ئەخلاقلىق، سېخىي، مەرد كىشى ئىدى. بەلكىم ئۇنىڭ يەنە مەن دەپ بېرەلمەيدىغان، ھېس قىلال-مايدىغان، قارىسام يا تۇشۇك كۆزۈم كۆرەلمەيدىغان نۇرغۇن ئې-سىل تەرەپلىرى بولۇشى مۇمكىن. مەن نېمىشقا بۇلارنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، ھېس قىلالمايدىغاندىمەن، ئادەمدە ھېس قىلىش تۇيغۇسى بۇرۇن قوزغىلىپ ئاندىن ئېتىراپ قىلامدىغاندۇ، ياكى ئېتىراپ قىلىپ بولۇپ ئاندىن ھېس قىلامدىغاندۇ؟ كاللام تو-مانلىشىپ، ئوي پىكىرلىرىم چىگىچلىشىپ كېتەتتى... شۇ

چاغدا قانچىلىك يىغلىدىمكىن تاڭ، غوجامنىڭ ئىغىر قەدەم-لىرىنى يۆتكەپ يېنىمدىن چىقىپ كەتكىنىنى ئىنىق جەزم قىلغۇچە ياستۇقتىن ئەسلا بېشىمنى كۆتۈرمىدىم. نېمىلا دې-گەنبىلەن ئىشقىلىپ بىر قېتىم پۈخادىن چىققۇچە يىغلىۋېلىپ بوشىدىم. ئايال كىشىنىڭ ئاچچىق يىغىسى قەلب يارىسىنىڭ ئىغىر ئېلىشىغا ئوخشىسا كېرەك، بۇنداق ياشنىڭ ئىچىگە تۆ-كۈلگىنىدىن تېشىغا تۆكۈلگىنى ياخشى دەپ ئويلاپ ئۆز - ئۆ-زۈمگە تەسەللى بېرىپ خاتىرجەملىكتىن پاناھلىق ئىزدىدىم...

*　　　　*　　　　*

رەھمەتلىك دادام سەدۇللا ھاجىم ئەسلىي مەھەللىمىزدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىسىنىڭ ئۇستىسى بولۇپ، كۆپ كىتابلارنى ئوقۇغان، كۆپنى كۆرگەن، جىق نەرسىلەردىن خە-ۋەردار ئوقۇمۇشلۇق زات ئىدى. ئۇ تەمبۇر چېلىپ خەلق ناخشى-لىرىنى شۇنچىلىك ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتاتتى، ئاۋازى ئىنتايىن يېقىملىق ئىدى. شۇڭا ئۇ كېيىنچە مەسچىتنىڭ ئىمامى بولغان رەھمەتلىك قېيىنئاتامنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن جامائەتنىڭ تەلى-پىنى ئېلىپ، مەھەللىمىزدىكى چوڭ مەسچىتكە مەزىن بولدى، ئانام قەمەر خېنىم ئۆزى خۇش پىچىم، سىپايە، رايىش ئايال بو-لۇپ، مەن ئۇلارنىڭ بىر تاللا ئارزۇلۇق قىزى ئىدىم. دادامنىڭ مېنىڭ يالغۇز قىز بولۇپ قالغىنىمدىن كۆڭلىنىڭ شۇنچىلىك يېرىملىقىنى، ئانامنىڭ ئىككىنچى قېتىم ھامىلىدار بولۇشى ئۈچۈن قۇلىقى ئاڭلىغان، كۆزى كۆرگەنلىكى بارچە زىياتلارنى قىلىپمۇ باللىق بولالمىغىنىدىن دادامنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى گۇ-ناھكار دەك ھېسابلايدىغىنىنىمۇ ئوبدان بىلەتتىم. قېرىندىشىم يوقلۇقىدىن ئۆزۈمنى يالغۇز - يېگانە ھېس قىلىپ قالىدىغان چاغلىرىممۇ بولاتتى. ئابدۇللا غوجامنى باللىق چاغلىرىمدىن

باشلاپ تونۇيتتىم، چۈنكى، ئۆيىمىزنىڭ ئارىلىقى ئىككى چاقىد-
-رىممۇ كەلمەيتتى. ئۇ ئاق پىشماق، يۈزلىرى سوزۇنچاق كەلگەن
كۆلگۈنچەك، سىپايە بالا ئىدى، ئەقلىمگە كېلىپ ئادەملەرنىڭ
ئەر - ئايال دەپ ئىككى جىنسقا ئايرىلىدىغىنىنى بىلگۈدەك
بولغىنىمدا، ئۇنىڭ بۇرۇتلىرى خەت تارتىشقا باشلىغانىدى. ئۇنى
مەھەللىدىكى ھەممەيلەن شۇنچىلىك چوڭ كۆرەتتى، قارىسىنى
كۆرگەن ھامان: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم غوجام» دەپ سالام - سە-
ھەت قىلاتتى، غوجامۇ قەدەملىرىنى توختىتىپ، ئوڭ قولىنى
كۆكسىگە قويۇپ ھەركىمنىڭ سالامىنى قىزغىنلىق بىلەن ئى-
لىك ئالاتتى. مەن ئۇلارنىڭ قورۇسىنىڭ ئاجايىپ چوڭلۇقىنى
بىلەتتىم، لېكىن پاسىل تېمى بولمىغاچقا باغلىرىنىڭ چەك -
چېگراسىنى بىلمەيتتىم. دادامنىڭ دەپ بېرىشىچە ئىلگىرى بار
ھەممە مېۋىنىڭ خىلى ئۇلارنىڭ بېغىدا بارمىشكەنتۇق، ياز ئاي-
لىرى باغنى پەرۋىش قىلغۇچىلار سېۋەت - سېۋەتلەردە قولۇم -
قوشنىلارغا مېۋە - چېۋىلەرنى تارقىتىپ بېرەرمىشكەنتۇق.
ئەمما، مەن ئەقلىمگە كەلسەم باغ ۋەيران قىلىنغان، يىقىتىلغا-
نىكەن. غايەت زور ئامۇت دەرىخىنىڭ پورلىشىپ كەتكەن كۆتى-
كىدە يىكەن توخۇسى چۈجە چىقارغانىدى، ئۇ چۈجىلەر شۇنچى-
لىك چىرايلىق ئىدىكى، تۇمشۇقى سېرىق رەڭدە بولۇپ، شۇ
چۈجىلەرنى قوغلاپ ئوينايتتىم، ئەمما كۈرۈك توخۇ قاناتلىرىنى
كېرىپ، روكۇلداپ مېنى بالىسىغا يېقىن يولاتمايتتى... بىز
ئابدۇللا غوجام بىلەن مۇشۇ باغدا پات - پات ئۇچرىشىپ قالات-
تۇق، بەك ھەيران قالاتتىم، ئۇ خۇددى دادام ئېيتقان چۆچەك-
لەردىكى جىن - شاياتۇنغا ئوخشاش ئاسماندىن چۈشكەندەكلا يې-
نىمدا پەيدا بولۇپ قالاتتى، ئاندىن ئېگىشىپ ئولتۇرۇپ چۈجى-
لەرنى ماڭا تۇتۇپ بەرمەكچى بولاتتى - يۇ، كۈرۈك توخۇ تۇمشۇ-
قىنى سوزۇپ روكۇلداپ كەلگىچە قورقۇپ كەينىگە ئوڭدا
چۈشەتتى... ماڭا ھەممىدىن بەك غەلىتە تۇيۇلىدىغىنى غوجام-

ىنىڭ بۇرۇن پەررىكىدىكى قارا مېڭى بىلەن ئوغرىلىقچە ماڭا قا-رىشى ئىدى، نەدە ئويناي، نەدە بولاي مېنىڭ كەينىمدىن ماراپ يۈرگەندەكلا تۇيۇلاتتى. راست گەپنى دېسەم مەن ئۇنىڭدىن ئە-مەس، شۇ مېڭىدىن قورقاتتىم... غوجام يېنىمغا كېلىپ مەندىن گەپ سوراپ باقمايتتى، مەن قارىمىغاندا قارىغاندەك قىلاتتى-يۇ، قاراپ سالساملا ئىككىنچىلەپ قارىمايتتى. مەن ئۇنىڭدىن پەقەت قورقۇپ قالمايتتىم، بىراق ئۇ مېنىڭدىن قورقىدىغ-اندەك تۇيۇلاتتى...

چاچلىرىم تۇم قارا، كۆزلىرىم چوپچوك، يۈزلىرىم بۇغداي ئۆڭ ئىدى، شۇڭا ئانام مېنى دادامغا ئوخشاش ئاق توشقىنىم دەپ ئەركىلەتمەي، قارا قۇمچىقىم دەپ كۆيەتتى، لېكىن قۇمچاقتىن قورقىدىغىنىم ئۈچۈن بۇ سۆز ماڭا بەك يېقىپمۇ كەتمەيتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى دەپ كۈلۈپ قوياتتىم. ئانام ياغاچ تارغاق بىلەن چاچلىرىمنى يېلىملاپ 40 كوكۇلا قىلىپ ئۆرۈپ قوياتتى، راستىنى دېسەم، جىگدە يېلىمىنىڭ پۇرىقىنى ياقتۇ-رۇپمۇ كەتمەيتتىم، ئەمما ئانام: «چاچ دېگەن ئۇيغۇر قىزىنىڭ زىننىتى، يېلىم دېگەن سۇمبۇل چاچنىڭ ئوزۇقى» دەپ، زىنھار چاچلىرىمنى يېلىمسىز ئۆرۈمەيتتى. بىر كېچە - كۈندۈز ئۆتۈپ هۆل چاچلىرىم قۇرۇپ، يېلىملار قاتقۇچە ئۇزۇن چاچلىرىمغا ئۆچلىكىم كېلىپمۇ كېتەتتى، لېكىن ئانام قاتقان چاچلىرىمنى قوللىرى بىلەن بىرمۇبىر ئۇۋۇلاپ، يۇمشىتىپ قويسىلا چې-چىمغا بولغان ئۆچلىكىم يوقاپلا كېتەتتى. ئوتقاشتەك مارجان گۈللۈك دوپپامنى سەل قىڭغىر كىيىشكە، قاپقارا ئۆرۈم چاچ-لىرىمنىڭ يەلكەمدە تۆكۈلۈپ تۇرۇشىغا بەكلا ئامراق ئىدىم.

بىزنىڭ مەھەللە ناھىيە بازىرىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە بولۇپ، پىيادە ماڭسام مەكتىپىمگە يېرىم سائەتكە قالماي بېرىپ بولالايتتىم. بىراق، رەھمەتلىك دادام مېنىڭ پىيادە مېڭىشىمغا مۇتلەق چىدىمايتتى، هەر پەيشەنبە چوڭ بازارنىڭ يۇقىرى تەرد-

پىدىكى شورلۇقتا ئوغلاق تارتىشىش بەيگىسىدە مىنىدىغان ئام-
راق ئارغىمىقىغا ھارۋىنى قېتىپ، ئاتنى چاپتۇرماي چۇلۋۇرىنى
تۇتۇپ، ئۆزى پىيادە مېنى مەكتىپىمگە توشۇيتتى ھەم مەكتەپ
دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتكۇچە چوڭ يولنىڭ بويىدا كۆلۈمسى-
رىگەن پېتى قاراپ تۇراتتى...

* * *

مەن تولۇقسىزنىڭ 2 ـ يىللىقىغا چىققاندا 12 ياشتا
ئىدىم.

دۇنيادا ئېچىلمايدىغان سىر، يېشىلمەيدىغان تۈگۈن بەك
ئازمىش، نىھايەت، مۇشۇ سىرمۇ ئاشۇ سىرلار قاتارىدا تەقدىرىم
بېتىدىن يىرتىلىپ كەتكەن بولسا، ھېچبولمىغاندا ۋاراقلانماي
ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولسىدى كاشكى، تەقدىرىمنىڭ قىسمەتكە
ئايلانغۇچە بولغان ئاشۇ جەريانىنى باللىقنىڭ غەمسىز، يوكسىز
شادىمانلىقىغا قاندۇرۇۋالايتتىم. ئەپسۇس، چۈشكەن سۆت
چىشلىرىم ئورنىغا يېڭى چىشىم چىقىشقا ئۆلگۈرمەي تۇرۇپلا،
بۇ سىرلارنى بىلىپ قالدىم.

— ساڭا بىر مەخپىيەتلىكنى دەيمەن، ھېچكىمگە دېمەس-
لىككە ۋەدە بەر، — دېدى بىر كۈنى سىرلىق چاچلىق خەدىچە.

— ۋەدە بېرىمەن. دادام ماڭا ھەمىشە: «ئىچىدە گەپ ياتمى-
غان ئادەم تۆشۈك چۆگۈنگە ئوخشايدۇ» دەيدىغان، — دېدىم خە-
دىچەنى خاتىرجەم قىلىپ.

— بىزنىڭ ئۆيدىمۇ شۇنداق بىر تۆشۈك چۆگۈن بولىدى-
غان، لېكىن تۆشۈكىنى زادى بىلگىلى بولمايدۇ ياكى ئىچىدىكى
سۇنىڭ نەگە كەتكىنىنى...

— ماڭا دەيدىغان سىرىڭ مۇشۇما؟ — خەدىچەنىڭ گەپلىرى
ماڭا دادامنىڭ سېھىرلىك چۆچەكىدىن سىرلىق بىلىنگەنىدى.

— تووۋا، ئىسىمدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قاپتۇ دېسە، قۇ-لىقىڭنى...، — بويى پاكار خەدىچە ئەتراپتا ئىككىمىزدىن ئۆزگە ھېچكىم يوقلۇقىنى بىلسىمۇ، ئىككى يېقىغا ئەنسىز قاراپ، قوللىرىنى دالدا قىلدى - دە، بوينۇمغا ئېسىلىپ كۇسۇرلىدى:
— سەن چوڭ بولغاندا ئابدۇللا غوجامنىڭ خوتۇنى بولغۇ-دەكسەن!
— نېمە؟! — چار يىلان چاپلىشىۋالغاندەك ئۇنى ئىتتىرىۋەتتىم، — يالغان سۆزلىسەڭ ئاغزىڭغا كۆيدۈرگە چىقىدۇ خەدىچە!
— ياخشىلىققا يامانلىق، ئارپىلىققا سامانلىقمۇ؟ ئادىشىم دەپ سىر بەرسەم، قەندەلەت بېرىشىڭ يوق، ئىتتىرىۋاتىسەنغۇ؟ — خەدىچەنىڭ سۇندۇك تۇخۇمى چاچراپ كەتكەن سەپكۈن يۈزلىرى ھۆپپىدە قىزىرىپ، ئېسىلدى.
— نەدىن ئاڭلىدىڭ بۇنى؟! چىشلىرىم كىرىشىپ، چاناق-لىرىم چىڭقالدى، خەدىچە كەينىگە ئىككى قەدەم داجىدى.
— بولدى لەيلىخان، ئىت پوقى، مۈشۈك پوقى... مەن ئىللا - بىللا دېمىگەن، سەن ئاڭلىمىغان بول ئاداش، بۇرۇن ئاڭلىدىم دەپلا قويساڭ، ئىت پوقىنى ئۆزۈڭ يەيسەن ماقۇلمۇ؟... تېخى تۆشۈك چۆگۈن بولىسەن...
— نەدىن ئاڭلىدىڭ دەپ سوراۋاتىمەن سەندىن، نەدىن ئاڭ-لىدىڭ قاشالڭ؟! — ئۇنىڭ يامغۇردا قېلىپ، مىجىلىپ كەتكەن دوپپىسىدىن ساڭگىلاپ تۇرغان ئىككى ئۆرۈم سېرىق چېچىنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدىم.
— چېچىمنى قويۇۋەت لەيلى... ۋايجان! ئاغرىتىۋەتتىڭ...
— دەپ بېرەمسەن - بەرمەمسەن؟!
— دەپ بېرەي، شۇ... سەن تۇغۇلۇشتىن خېلى يىللار بۇ-رۇنلا بەيگە مەيداندا، — خەدىچە ئاخىرى ئۇن قويۇپ يىغلىۋەت-تى، ئورۇق زاڭاقلىرى كاسىلداپ تىترەپ، ئېچىلغان ئېغىزلىد-

ـرىدىن شۆلگەي ئاقتى، ــ سىنىڭ داداڭ بىلەن ئابدۇللا غوجامنىڭ دادىسى...، ــ خەدىچەنىڭ ئاۋازىنى يىغا بوغۇۋالدى.

ــ جۇگۇ - جۇگۇ خەدىچە، گېپىڭنىڭ ئاخىرىنى دەپ بەر ئۇز ئاداش! ھېلى بىكار يۇزۇڭنى تاتىلاپ سالماي، ــ تىترەپ تۇرغان كىچىككىنە قوللىرىمنى ئۇنىڭغا ئۇزاتقۇچە خەدىچەنىڭ يىغا ئارىلاش ئاۋازى قۇلىقىمغا ئاڭلاندى.

ــ سەنەمنىڭ پادىشاھ ئاتىسى بىلەن غېرىبنىڭ ۋەزىر دادىسى ۋەدىلەشكەندەك قۇدا بولۇشقا ئەھدە قىلىشىپ، سىنى بەيگىدە ئۇتتۇرۇپ قويۇپتىكەنغۇ؟، ــ خەدىچە گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇپ توختىماي ۋاتىلداپ دەۋەتتى، ــ جامائەتنىڭ ئالدىدا ئىككىڭلارنىڭ ئەر - خوتۇن بولۇشقا قول بېرىشىپتىكەندۇق.

ــ يوقۇڭنى يېمە! ــ مارجان دوپپام ئايغىم ئاستىغا دوملاپ كەتتى، ــ «شۇنداق دەپ چۈش كۆرۈپتىمەن» دەپ بىرلا قېتىم دەپ بەرسەڭ قەندەلەت بېرەتتىم... ناھايىتى جىق قەندەلەت!...

ــ لېكىن، يالغان ئېيتسام ئېغىزىمغا كۆيدۇرگە چىقسا مەيلىما؟

خەدىچە ھېلىغىچە ھېقىلداپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ چاچلىرىدىكى قولۇم ئاجراپ موك توپىدا زوككىدە ئولتۇرۇپ قالدىم، يىغلاي دەپمۇ يىغلىيالمايۋاتاتتىم.

ــ ئەمما، مەن يالغان ئېيتسام بولمايدۇ لەيلىخان، ئېغىزىمغا كۆيدۇرگە چىقىپ قالسا خۇش بولامسەن؟ ــ خەدىچە بۇ سۆزنى يەنە تەكرارلىغاندا ئۇنىڭ قورايدەك ئورۇق قوللىرى مۇرەمدە قىمىرلىدى، ــ چۈشۈم ئەمەس ئاداش، ئەھدە قىلىشقان شۇ سورۇندا مېنىڭ دادامۇ باركەندۇق. ئانامنىڭ ئاچامنى ئابدۇللا غوجامغا بەكلا بەرگۈسى بار، بىزنىڭ ئۆيدە كۇندە شۇنىڭ جېدەلى، سەن تېخى شۇنىمۇ بىلمەيسەن؟ ــ خەدىچەنىڭ ئاۋازى بىردىنلا جانلىنىپ، سېرىق قۇشقاچتەك چۇرۇقلاپ كەتتى، ــ

غوجام ئۆتىدىغان يولغا، دۆڭ مەھەللىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ يولىنى سەنمۇ بىلىسەنغۇ؟ ھە، شۇ يولدىكى قاپاق تېرەكنىڭ ئۈستىگە غوجامنىڭ نامۇئەمەلىنى پۈتۈپ، ئاچامغا ئاشىق قىلىدىغانغا تۇمار قويدۇق تازا!

— نېمە؟ — ئىچىمگە قەندەلەتنىڭ شىرنىسىدەك تاتلىق بىر سېزىم ئېقىپ كىردى، خەدىچەنىڭ ئورۇق گەۋدىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ، سۆندۈك تۇخۇمىدەك چاركۇ يۈزلىرىگە يۈزلىرىمنى ياقتىم، — بايام چېچىمنى تارتقاندا بەك ئاغرىتىپ قويدۇممۇ ئاداش؟ مېنىڭكىنىمۇ تارتىپ ئەنتىكىنى ئېلىۋالامسەن - يا؟ بەزى چاغدا خۇيۇم تۇتسا بەك ئەسكىرەپ كېتىمەنغۇ تاڭ.

— قولۇڭنى تارت مۇشۇك، تاتلىقۋالغىلى تاس قالدىڭ يۈزۈمنى. خاتىرجەم بول لەيلىخان، ئابدۇللا غوجام دېگەن ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىلى قويمىغان، بۇرۇتى چىققان يوغان گادايلار تۇرسا، سەن - بىزلەر چوڭ بولۇپ ئەرگە تەگكۈچە ساقلىمايدىسىگە چۈشۈپ قېرىپ قالار.

— شۇ!...

خەدىچە بۇرۇن يېقىنلاشتىمۇ، يا مەنمۇ ئىشقىلىپ تازا ئېسىمدە يوق، بىز بىر - بىرىمىزنى قىچىقلىشىپ قۇمساڭغۇ تو- پىدا خېلىغىچە ئېغىناقلىدۇق.

— ئەمدى شۇ تۇمارنىڭ خاسىيىتىدىن يېقىن ئارىدا غوجام بىلەن ئاچاڭنىڭ تويى بولىدىكەن - دە، خەدىچە؟

— ئانام: «ئايەتتە شەك يوق، دوڭغاق مازاردىكى ئەما شەيخ چاھار دەرۋىشلەرنىڭ يار - بۇرادىرى، شۇڭا ئۇ پۈتكەن تۇماردا ئىش پۈتىدۇ» دەيدۇ. خېلى جىق پۇل خەجلەشتى... ئاچام تويىنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن ئېغىلدا قېپقالغان قويلارنى بورداپ، ھەلەپ ئېتىش بىلەن ئاۋارە، خويمۇ قۇتۇلدۇم شۇ سامان تاسقاشتىن...

كاللامدىكى تۇمان، قەلبىمدىكى ئاچچىق، يۈرىكىمدىكى نا- مەلۇم قورقۇنچ قۇيۇندىغان موردىن چىقىپ كەتكەن ئىستەك

تاراپ كەتتى.

— ئىنشائاللاھ، ئاچاڭ بىلەن ئابدۇللا غوجامنىڭ توي ئىشلىرى خەيرلىك بولسۇن خەدىچە.

ئىككىمىز ئۆز خۇشاللىقلىرىمىز ئۈچۈن ئىچ ـ ئىچىمىز ـ دىن قاقاھلاپ كۈلدۇق، تېرەكتىكى قاغىلار باش ئۈستىمىزدىنلا قاقىلداپ ئۇچۇشتى.

«ياخشىلىقتا تۇۋلىساڭ ئېشىكىنى يەرسەن، يا ـ مانلىقتا تۇۋلىساڭ بېشىڭنى.» كۆز ئالدىمدىكى قارا چېكىتكە ئايلىنىۋاتقان قاغىلارنىڭ قارا سىماسىغا قاراپ ئىچىمدە سۇپ ـ كۆچلىدىم...

*　　　*　　　*

— ئانا، — بوشقىنا ۋارقىرىۋەتتىم، — مەن ئولتۇرغان ماشىنا قاتتىق سىلكىنىپ ئالدىغا قاڭقىدى. شۇ ھامان چۆچۈپ كەينىمگە قارىدىم، توختاپ تۇرغان ماشىنىمىز كەينىگە ئۇرۇل ـ غان زەربىدىن سىلكىنىپ ئالدىدىكى ماشىنىغا سوقۇلغانىدى. ئەخمەت ئالدىراپ ماشىنىدىن چۈشتى ـ دە، قارا رەڭلىك CAMRY نىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، چىرايى سەل ئۆڭدى. ئۇنىڭدى ـ چە ئالدى ـ كەينىمىزدىكى ھەر ئىككىلى ماشىنىنىڭ قىرقىم چاچ شوپۇرلىرى تەڭلا ماشىنىدىن چۈشۈپ بىر يەرگە جۇغلاشتى.

... ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ!... ئەمدى بۇ ئۈچ سەپرا چۇجە خو ـ رازدەك بىر ـ بىرلىرىنىڭ پوكانلىرىنى سىقىشىپ، ياقىلىرى ـ دىن ئېلىشىپ كېتەرمۇ؟ دەپ ئەنسىرەپ، ماشىنىدىن چۈشۈشكە تەمشىلىپ تۇراتتىم، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئىككى نەپەر قاتـ ـناش ساقچىسى ئۇلارنىڭ يېنىغا ئۇنۇپ بولۇشتى. توۋا، ئادەتتە بېيجىڭنىڭ كوچىلىرىدا ھەر 25 مېتىر ئارىلىقتا بىردىن ئاق

پەلەيلىرىنى كىيىشىپ، يانچۇقلىرى جىق تاسما بەلباغلىرىنى
تاقىشىپ، گېگانىت ئادەمدەك يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋې-
لىشىدىغان قاتناش ساقچىلىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى. پەقەت
قاتنىشى كۆپ ئۆتۈش يولىنىڭ بويلىرىدا قىزىل جىيەكلىك
سىغىز رەڭ فورما كىيىپ، پىيادىلەرنىڭ بىخەتەر ئۆتۈشىنى كا-
پالەتكە ئىگە قىلىدىغان پۇشتەكچى مۇلازىمەتچىلەرنىلا كۆرگىلى
بولاتتى، لېكىن ماۋۇلارنىڭ فورمىسى ئۇلارنىڭكىگە ئوخشى-
مايتتى. ئالسا جەرىمانە ئالار، پۇل بېرىپ قۇتۇلىدىغانلا ئىش
بولسا مەيلىغۇ، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، ئەمما ئىشلار ئويلىغى-
نىمدەك بولمىدى. شوپۇرلار يانچۇقلىرىدىن تاماكىسىنى چىقى-
رىپ بىر چاقماقتا ئوتلاشتى، ئاندىن ساقچىلارنىڭ سوققۇلغان
ماشىنىلىرىنى سۈرەتكە تارتىشىغا ماسلىشىپ جىممىدە قاراپ
تۇرۇشتى. بىزنىڭ ماشىنىنى سوققان كىشى ئەخمەتنىڭ مۈرى-
سىگە قولىنى قويۇپ، كۇلۇمسىرەپ بىرنېمىلەرنى دېدى، ئاۋازى
پەس بولغاچقا، يىرىم چۈشۈرۈلگەن ئەينەكتىن ئۇنىڭ زادى نې-
مە دەۋاتقىنىنى ئاڭلىيالمىدىم، ئەخمەتمۇ بىز سوققان ماشىنا
شوپۇرىنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىل-
دى، ئاندىن چىرايىدا كۇلۇمسىرەش پەيدا بولدى. ئۇلارغا قاراپ
ئەقلىم يەتمىدى، ھېچكىمم ھېچكىمگە چىرايىنى قىغ ئۇسقان
گورجەكتەك سەت قىلىپ، چالۋاقاپ تۇرۇپ قوللىرىنى شىلتى-
مىدى، يا جەرىمانە تالونى كەسمىدى. ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتتى
يا ئۆتمىدى، مەسىلە مۇشۇنداق ئاددىي، يىگىندىن يىپ سۇغۇر-
غاندەك ئاسانلا ھەل بولدى. يەنە بىر قېتىم توۋا دەپ ياقامنى
چىشلىدىم. ئەخمەت ماشىنىغا چىقتى، ساقچىلارنىڭ پۇشتىكى
بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ماشىنىلار قاتارى ئاستا ـ ئاستا سىلى-
جىشقا باشلىدى.
ـــ سەت بولدى ھاجىم ئاچا، سىزنى چۆچۈتۈپ قويدۇق
مىنە، ـــ ئەخمەت ئوڭايسىز بىر ھالەتتە بىر قولىنى رولدىن

ئاجرىتىپ گەدەن چىچىنى سىلاپ قويدى، لېكىن بۇ قېتىم ئۇ-دۇلنى كۆرۈش ئەينىكىدە ئۇنىڭ 32 چىشى كۆرۈنمىدى.

— نېمە بولغىنى بۇ؟ ئىشلار شۇنداق ئاسان پۈتتىما؟

— پات - پات مۇشۇنداق قاتناش توسۇلۇپ قال-مىدۇ. ئارقامدىن سوقىقان ئاداش يېڭى پىراۋا ئالغان بال-كەن، تورمۇزغا دەسسەپ ئۈلگۈرمىدى، ئاندىن بىزنىڭ ماشىنا ئالدىغا قاڭقىپ ئالدىمىزدىكى خان تاجىنىڭ قۇيرۇقىنى چوقۇپ قويدى.

— بىزنىڭكىگىمۇ ھېچ گەپ ئەمەس ئەخمەت، لېكىن ئۇ خان-تاجىنىڭ شوپۇرى زىيىنىغا مەيلى دېدىما؟

— مەيلى دېمەمتىكى، بۇ دېگەن قەستەنلىك بولمىسا - يا؟ — مانا ئەمدى ئەخمەتنىڭ ئاق چىشلىرى ئېزىقلىرىغىچە كۆرۈندى، — ساقچىلار توردا رەسىملەرنى سۈغۇرتا شىركىتىگە يوللاپ بەرسە، بىز رېمونت تالونلىرىنى ئاپىرىپ، شۇلار بىلەن ھېسابلىشىمىز ھاجىم ئاچا، — يەنە بىر قېتىم قاتتىق «تىوۋا» دەپ ياقامنى چىشلىدىم، ئىچىمدە چۇچۇمەل بىر ھاياجان كۆۋەجەپ تۇراتتى. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا دۆڭكۆۋرۈكتىكى قىزىق بازاردا يول ئۈستىگىلا يايمىسىنى يايغان سېتىقچىلارنىڭ فورما كىيگەنلەر-نى كۆرگەندە يايمىلىرىنى يىغىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي قانداق قور-قۇپ، قانداق قاچقىنىنى، مېۋە سېۋەتلىرىنىڭ قانداق دومىلاپ، ئالما، نەشپۈتلەرنىڭ قانداق يورغىلاپ ئاللىكىملەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا قانداق ئېزىلگىنىنى مانا مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆر-گەن. يۇرتۇمدىكى قىستاڭچىلىقتا ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر - بىرلىرىنىڭ پەشلىرىگە تېگىشىپ كەتكەنلىك بىلەن سوقۇشۇپ ئاخىرىدا تۇرمىگە كىرىپ كېتىدىغان ئىشلارنىمۇ؛ ماشىنا ھەي-دەپ كېتىپ بېرىپ بىر - بىرلىرىنى قار - يامغۇر تىللىشىپ، سازايى - رەسۋا قىلىشىدىغانلارنىڭ قانداق جېدەل قىلىشىدى-غىنىنىمۇ جىق كۆرگەنمەن، ماشىنا جالاقلاپ ئۇسسۇشۇپ،

سىرلىرى قىرىلىپ كەتسىغۇ ئالەمنىڭ مالەم... ياپياش يولۇچى قىز ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىلەتچى قىزنى ئۇرۇپ ئۆلتۈ-رۇپ قويغىنى ئۈچۈن خەلق مەيداندا ئوچۇق ھۆكۈم ئېلان قىلىنىپ، ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى، تو-ۋا، ناھايىتى «بىلەت ئېلىڭ خېنىم» دەپ ئۇنلۇكرەك ئاۋازدا ئەسكەرتىپ قويغىنى ئۈچۈن، ئاپتوبۇستىن چۈشكەندە ھامىلدار بىلەتچىنىڭ چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ ماي يولىنىڭ گىرۋىكىدىكى يول توسۇقىغا كاللىسىنى ئۇستۇرۇپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئىككى جانغا زامىن بولۇپ، قولىنى ئۆز قېرىندىشىنىڭ قېنى بىلەن بويىمىدىمۇ بىر ئازغۇن ئايال... تېخى نېمە دېدى سوتتا؟ «چەككۈم كېلىپ تازا خۇمارىم تۇتقاندا كۆزۈم ھېچنېمىنى كۆرمەپتۇ»... ئاھ بىزگە پۇل بەرمىسەڭمۇ مەيلىتى، رىزقىمىزنى ئۇنىڭدىن تۇتۇپ قېلىپ ئەقىل، ھىدا-يەت، تىنچلىق بەرگىن!... قەلبىمدىكى كۆۋەجەش چاناقلىرىمدىن تاشتى...

— ئۇھ، يىغلاۋاتامسىز ھاجىم ئاچا؟ كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭە، غوجامنىڭ ئەھۋالى خېلى ياخشىلىنىپ...

— كارىڭ بولمىسۇن ئەخمەت، بەزى ئىشلارنى ئويلاپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى شۇ... بېيجىڭ ھەقىقەتەن بولىدىغان شەھەر-كەن، مەدەنىيلىككە، ئەڭ مۇھىمى دوستلۇق، مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان تىنچ...

— پايتەختتە - بۇ!

ناۋادا كىندىك قېنىنىڭ بىر تامچىسى مۇشۇ يەرگە توككىدە تېمىپ قالغان بولسا بېيجىڭدىن قانداق پەخىرلىنىپ كېتەر ئىدىكىن بۇ بالا؟... ياشلىرىمنى سۈرتۈپ، مەسۇك تارتىپ كۈلۈپ قويدۇم.

— يۈرتقا بارمىغىنىڭغا بىر يىلدىن ئاشتىغۇ ئەخمەت؟

— 16 ئاي 24 كۈن بولدى ھاجىم ئاچا، راست گەپنى دې-

سەم شۇنداق سېغىندىم! — ئەخمەتنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — ئۇنى دەيمىز، بۇنى دەيمىز، يەنىلا كىندىك قان تۆكۈلگەن يەر ياخشى، يۇرتنى بەك سېغىندىم!

— دېگەنلىرىڭغۇ توغرا ئەخمەت، لېكىن شۈكۈر قىلمىساق بولمايدۇ، جاھاننىڭ نەرىدىلا بولساق، بېشىمىز ئاپتاپ كۆرۈپ تۇرغىنى ياخشى.

— يەنىلا ھاجىم ئاچام ئەقىللىق جۇمۇ، — يەنە شۇ ياغلاش كۈلكىسى بىلەن يۇمشاققىنە كۈلۈمسىرىدى ئەخمەت.

— نېمانچە ئۇزۇن يول بۇ؟

— سىزگە شۇنداق تۇيۇلغان چېغى ھاجىم ئاچا، 200 كىلومېتىرمۇ كەلمەيدۇ بولمىسا، لېكىن قاتناش قىستاڭ بولغاچقا سۈرئەت مۇشۇنداق ئاستىلاپ كەتتى. ئاچقانسىزمۇ؟

— ياقەي، لېكىن سەل چارچىغاندەك تۇرىمەن، يەنە قانچىلىك يول قالدى يىگىت؟

— يېرىمىنىڭ يېرىمى قالدى.

... بىچارە... ھېچ بولمىسا تولۇق ئوتتۇرىغىچە ئوقۇيالىغان بولساڭچۇ؟ «ئۇچتىن بىرى قالدى» دېيىشنى بىلەر ئىدىڭ.

بېشىمنى ماشىنىنىڭ خىروم يۆلەنچۈكىگە قويۇپ چىڭقىدىلىپ تۇرغان چېكەمنى بارماقلىرىمنىڭ ئارىسىغا ئالدىم. خىيالىمغا ئۇ يەنە كىرىۋالغانىدى — مەن ئايرودرومنىڭ كۈتۈش زالىدا كۆرگەن، كۆزلىرىدە ئوت يېنىپ تۇرىدىغان، قاتتىق ئۆتۈك ئەبلەخ! تېخى مەن قاراپ تۇرسام، ئۆرۈلۈپلا كەينىنى قىلىپ، قاردىماي تۇرىدۇ - يا؟ كىم كۆرۈپ قالدى ئۇ مېنى... چاقماق چېقىلغاندا پىرىسلانغان نېرىپلىرىم قوزغىلىپ كەتتىمۇ، يا پىرىسلاندىمۇ؟ ئىشقىلىپ ئىككىسىنىڭ بىرى... ئەسلىگە كېلى-

ۋاتسا كېرەك، شۇ چاغدا شۇنچىلىك ئىزا تارتقىنىمنى ئەمدى قىياس قىلالىۋاتاتتىم. ۋاي دەپ كەتكۇدەكمۇ يېرى يوق، سۇلكەت - سۇمباتى بىزنىڭ غوجامنىڭكىگە يەتسە قانچىلىك پوچىلىق قىلاتتىكىن؟ ئۆڭى سەت يۇزلىرىدە بىزنىڭ غوجامنىڭكىدەك خاسىيەتلىك مېڭمۇ يوق... ئېرىمنىڭ بۇرۇن پەررىكىدىكى قارا گۆش مېڭى يادىمغا كېلىشى بىلەن كۆڭلۈمنى يەنە يېرىملىق باستى، تېشىغا قىيام سۇرتۇلگەن ئاچچىق مۇچنى ئېسىمدە يوق چايناپ سالغاندەك ئېغىزلىرىم ئاچچىق بولۇپ كەتتى... مەن ئەمەلىيەتتە ئۇ خاسىيەتلىك مەڭنى ئېسىمگە ئالاي دېمىگەن، شۇ مەڭگە شۇنچىلىك ئۆچ... ياق، توۋا دېگۈلۈك! توۋا! ئېغىزىمدىن چىقىپ كەتكىنىنى تۇيماي قالدىم... ئۆچ بىلەن قورقۇش، ئەيمىنىش بىلەن يىرگىنىش ئاساسەن يېقىن گەپقۇ؟ قارمۇقارشى بولمىسىلا بولدى! خاسىيەتلىك نەرسىلەرگە ئۆچ بولۇشقا بولمىغان بىلەن، قورقۇشقا، ئەيمىنىشكە بولىدىغۇ؟! ئەمدى جايىغا چۈشۈردۇم... مەن ئېرىمنىڭ شۇ مېڭىدىن بەك ئەيمىنەتتىم دېمەكچى بولسام كېرەك... هازىرچە مۇشۇنداق جەزملەشتۇرمەي تۇرغىنىممۇ بەك ئوبدان بولدى، شۇ مەڭنى دەپ يىلانغا پۇت سىزىپ، ئۆزۈمنىڭ كۆڭلىنى ئۆزۈم غەش قىلغۇچە، سىلىشتۇرىدىغان ياخشى يەرلىرىنى سىلىشتۇرۇپ، قارىمۇتۇقنىڭ قەلبىمدىكى يالقۇنلىرىغا توپا چاچسام نېمە بولار؟ ناۋادا ئېرىمنىڭ مەن ھېس قىلىشقا تىرىشقان ۋە نېسىپ بولمىغان يۇز مىڭ ئارتۇقچىلىقى ئاشۇ يالقۇننى ئۆچۈرۈشكە بىر چاڭگال توپا بولالىسىلا... كاللام يەنە تۇمانلىشىپ كېتىۋاتاتتى، ماشىنا مېنى بۆشۈكتەك يەڭگىل تەۋرىتىپ، كۆزۈم ستىدە يۇمۇلۇپ قالغان بولسىغۇ، نەچچە چارەك گۇناھتىن، ئازغۇن خىياللاردىن ساقىت بولاتتىم... لېكىن، شۇ ئۇيقۇ نەدە؟ ئۇيقۇ پەرىشتىسى! مەن دېگەن ھەقنى تونۇيدىغان تەقۋا بىر ئايال، ھېچبولمىغاندا ئالغان قە-

دەملىرىمنىڭ ئىرىم ئۇچۇن، ئىرىم تەرەپكە سىلجىۋاتقىنىنى بىلگۈچىلىك دەرىجىدە... مېنىڭ ئۆزۈم سۆيگەن بىرسىنىڭ يۈ-زىگە ئۇتتەك بىر قاراپ باققۇم بولسىمۇ، زىنھار قارىمىغان پاكىز يۈزلىرىمنى ئەمدى بۇ يېشىمغا كەلگەندە ئالدىڭدا شەرەپسىز قىل-ما... ئىسسىق ياشلىرىم ئەينىكىم ئاستىدىن يۈزلىرىمگە سىرغىدى...

# تۆتىنچى باب

ئۆزۈم سۆيمىگەننى سۆيۈپ، سۆيۈشنىڭمۇ، سۆيۈلۈشنىڭمۇ ھەر ئىككىلىسىدە قان قىساسلىرىم قالدى. ماقۇل، سۆيۈلگەنمۇ بولاي، ھېچبىر ئايال ئېرى تەرىپىدىن مەنچىلىك سۆيۈلمىگەنمۇ بولسۇن، لېكىن شۇ سۆيۈلۈشتىن ئازابلانمىساملا رازى ئىدىم. كېچىنىڭ زۇلمەت باسقان قاراڭغۇسى سەندەل ياغىچىدىن ياسال-غان كارىۋاتتا ئېرىمنىڭ يالقۇنلاپ تۇرغان قۇچاقلىرىدا لاغىلداپ تىترەۋاتقان، مۇز بولۇپ توڭلاۋاتقان دەقىقىلەردە، قەلبىمدىكى نىجاتكاردىن نېمىدەپ مەدەت تىلىگەنتىم؟... ماڭا سۆيگۈ بەر... ماڭا سۆيگۈ...

كاللامدىكى خاتىرىلەرنى، تىترەتلىرىمدىكى خاتا يېزىلىپ قالغان قېرىنداشنىڭ خېتىنى كەمپۈت پۇراپ تۇرىدىغان قىزىل ئۆچۈرگۈچۇم بىلەن ئۆچۈرگەندەك پاك پاكىز ئۆچۈرۈۋەتكۈم كېلەتتى. ئەمما، خەدىچەنىڭ غوجام توغرۇلۇق دېگەنلىرى پات - پات ئېسىمگە كېلىۋېلىپ يۈرىكىمنى زۇلۇكتەك چاقاتتى. شۇن-داقتىمۇ پۈتۈن ئۈمىدىمنى دوڭغاق مازارنىڭ ئەما شەيخىگە باغلاپ، خەدىچەنىڭ ئاچىسىنىڭ غوجامنىڭ ئەمرىگە ئۆتۈشىنى تىلەپ نەچچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى.

پۈتۈن دۇنيادىكى بارچە ئۇچار قۇشنى، ھەتتا شۇنچىلىك تەلەتى سەت ھۇۋقۇشنىمۇ يامان كۆرمەيتتىم، چۈنكى، ئۇ تۈن-لەردە ھۇقۇلداپ، باغنى چۆل قىلىدىغان ئاشۇ بەتبەشىرە ئاۋازى بىلەن زۇلمەت ئوچىقىدەك يېنىپ تۇرغان مۇدھىش كۆزلىرىنى ئۆزى خالاپ تاللىۋالمىغان... لېكىن، 12 ياشقا كىرگەندىن

باشلاپ قارا قاغىلارنى شۇنچىلىك يامان كۆرىدىغان بولۇپ قالـ-
دىم. شۇ قاغىلار بولمىغان، خەدىچە بىلەن ئىككىمىزنىڭ بىشىـ-
دىن شۇم ئىغىزىدا قارغاپ، قاقىلداپ ئۇچمىغان بولسا، بەلكىم
بۇ چاغقا ئىشلار بۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس ئىدى... ۋە بەلكىم
چاھار دەرۋىشلەرنىڭ يار - بۇرادىرى بولمىش دۆڭ مازاردىكى
ئەما شەيخ پۇتۇپ بەرگەن خاسىيەتلىك تۇماردا بىزنىڭ غوجامـ-
نىڭ يۈرىكى قىزىپ، خەدىچەنىڭ ئاچىسىغا ئوتى چۈشسە، بۇ
چاغقا ئۇلارنىڭ نىكاھى ئوقۇلۇپ، ئىككى - ئۈچ بالىسىمۇ بولۇپ
بولار ئىدى...

* * *

— كەل ئاق توشقىنىم، ئەمدى ساڭا يېڭى چۆچەك ئېيتىـ-
دىغان چېغىم بولدى، — دېدى دادام بىر كۈنى چار ساقاللىرىنى
سىيپاپ قويۇپ. ئەمدى مەن ئۇنىڭ تىزلىرىدا قەپەزگە ئۆگەتكەن
كۆك كەپتەردەك قونۇپ ئولتۇرالمايتتىم، ئېتەكلىرىمنى قاتلاپ
جىممىدە چۆكتىم تىزلىنىپ، — بەلكىم بۇ سىرنى ئاتىسى قىز-
زىغا دېسە تازا دۇرۇس بولماس، نە ئامالىم، ئۆزۈم تېرىغان خاـ-
پىلىقتا يەنە ئۆزۈم ئىگە بولۇشۇم پېشانەمگە يېزىلغاندۇ، — داـ-
دام بۇ سۆزلەرنى ماڭا ئەمەس، ئۆزىگە قارىتىپ سۆزلەۋاتقاندەك
قىلاتتى، — سېنى يورۇق دۇنياغا ئاناڭ بىلەن ئىككىمىز ئاپىـ-
رىدە قىلدۇق. بىراق، سەن تەڭرىمىنىڭ بىزگە بەرگەن بىر تاللا
رەڭدار ياقۇتى، يېگانە گۆھىرى ئىدىڭ لەيلى قىزىم، — داداmـ-
نىڭ ناھايىتى سىرلىق بىر چۆچەكنى باشلاشتىن بۇرۇن مۇ-
شۇنداق سۆزلەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم، لېكىن بۇ قېتىم تېخىمۇ
باشقىچە ھاياجانلىنىپ تۇراتتى، — قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەنـ-
دەر جاھاننى لەرزىگە سالغان كارامەت شاھ ئىدى، ئۇنىڭ ئەڭ
ئادىللىقى شۇكى، لەۋزىدە تۇراتتى. ئەسكىلىكى جاھانغا پاتماي،

96

خوتۇن ـ قىزلارنى خار ـ زار قىلغان، يېتىملەرنىڭ ھەققىنى يەپ ئۆز خەزىنىسىنى باي قىلغان، ئەزىز باشلارنى تەندىن جۇدا قىلىپ، لەكمىڭ جەسەتلەردىن تاغ، ئىسسىق قانلاردىن دەريا ئاققۇزغان 40 يىللىق ئەشەددىي دۈشمىنى ــ قارا قۇلاق قاراقچى ئاخىرى ئۇنىڭغا ئەسىرگە چۈشتى. ئۇنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى ئۈچۈن بېشىغا مىڭ قىلىچ ئۇرۇپ مىڭ پارە قىلسىمۇ يەڭگىل كېلەتتى.

ــ ئۆلتۈرسەڭ ئۆلتۈر، چاپساڭ چاپ! يولۇمدىن قايتمايمەن! ئۆلۈم ئالدىدا سەنلەردىن سورايدىغان بىرلا ئىلتىماسىم شۇكى، مەن بىلەن 40 يىل جەڭ قىلغان، ئاخىرى قوشۇنلىرىمنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، مەندەك نوچىنى ئەسىرگە ئالغان شانۇشەۋكەتلىك ئىسكەندەرنى ماڭا بىر كۆرسىتىڭلار! دۈشمىنىمنىڭ چىرايى ئۇزۇلگەن بېشىمنىڭ قارىچۇقلىرىدا قېتىپ قالسۇن، ــ دەپتۇ قارا قۇلاق جازا مەيدانىغا كىرىشتىن ئىلگىرى نۆكەرلەرگە.

بۇ خەۋەرنى شاھىغا شۇ ھامان يەتكۈزۈپتۇ نۆكەرلەر.

ــ دۈشمىنىڭ بولسىمۇ، ئۆلۈم ئالدىدىكى ئاخىرقى ئىلتىماسىنى بەجا قىلماسلىق نامەردىنىڭ ئىشى، ئۇنى باغلاقتىن يېشىپ قېشىمغا ئېلىپ كېلىڭلار! ــ دەپتۇ قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر.

ئىككى نۆكەر قارا قۇلاقنىڭ قوللىرىدىكى زەنجىر ـ كىشەنلەرنى بوشىتىپ، ئۇنى شاھىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپتۇ.

ــ سىلەرگە ئىجازەت! ئۇنىڭ دەيدىغانلىرىنى ئۆزۈم دەخلىسىز ئاڭلاي، ــ دەپتۇ شاھ ساپال كوزىسىدىن ساپال چىنىسىگە زەم ـ زەم قۇيۇۋېتىپ. قارا قۇلاقنىڭ ھەيرانلىقتىن ئاغزى قارا ئۆڭكۈردەك ئېچىلىپ، توك باسقان قارا قۇلاقلىرى مىدىرلاپ كېتىپتۇ.

چۆچەكنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئۈزۈپ، دادامدىن سوئال

سوراپ چۆچەك بۇۋىنى قاچۇرۇپ قويىدىغان يامان خۇيۇمنى خې-
لى تۈزەتكەن بولسامۇ، جانان چىنىسىدىكى ھور كۆتۈرۈلۈپ
تۇرغان زەپە چېيىنى ئىككى ئوتلىۋالغۇچە نەپسىم تاقىلداپ
كەتتى.

— قارا قۇلاقنىڭ تۈك باسقان قۇلىقى نېمىشقا مىدىرلاپ
كەتتى دادا؟

— ئەقىللىق پەرىشتەم - دە سەن، ھەربىر ھالقىلارغا دىق-
قىتىڭنى باغلاپ تۇرىدىغان مۇشۇنداق زېرەكلىكىڭدىن بەك سۆ-
يۈنىمەن گۈزەل قىزىم، — دادام يوغان، ئىسسىق قوللىرى بىـ-
لەن ئېڭىكىمنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ قويۇپ، ئۆزۈلگەن
چۆچىكىنى ئۇلىدى، — چۈنكى، قارا قۇلاقنىڭ ئويىچە بولغاندا
ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن دېگەن ئالتۇن - كۈمۈشتىن دۇبۇلغا -
ساۋۇت كىيگەن، كۆزلىرىدە ئىككى تونۇرنىڭ ئوتى گۇرۇلدەپ
كۆيۈپ تۇرىدىغان، شۇنچىلىك بەھەيۋەت بىر شاھ بولۇشى، سەل-
تەنەتلىك تەختىدە يۈزلىگەن سەركەردە - سانغۇنلىرىنىڭ مۇھا-
پىزىتىدە ئولتۇرغان بولۇشى كېرەك ئىدى.

— ئەمەلىيەتتىچۇ؟ — خان ئەتلەستىن تىكىلگەن يېكەنـ-
دازدىن ئالدىمغىراق سۇرۇلدۇم.

— ئەمەلىيەتتە، — كۈلدى دادام، — جانابى شاھ ئىسكەنـ-
دەر زۇلقەرنەيىن تۆپىلىكتىكى قۇملۇقتا ماتا يەكتىكىنىڭ ئال-
دىنى ئوچۇق قويۇپ، پىژ - پىژ ئىسسىقتا خورما دەرىخىنىڭ
سايىسىدا يالغۇز سەگىدەپ ئولتۇرۇپ، مۇزخانىدا ساقلىغان
مۇزدەك شەربەت بىلەن لەززەتلىنىۋاتقان ئىكەن. بوي - بەستى،
ئىسكەت - ھۆسنىمۇ ئادەتتىكىچە، ۋىجىككىنە كەلگەن ئادەم
ئىكەن. ئەتراپىدا نە بىر مۇھاپىزەتچىسى، نە نۆكىرى، ئەسكە-
رى، سانغۇنى يوق، شۇنداقتىمۇ شۇنچىلىك خاتىرجەم ھالدا
شەربىتىنى ئىچىپ ئولتۇرغۇدەك.

... توۋا! — دەپ ياقا چىشلەپتۇ قارا قۇلاق ھەيران بولۇپ،

شۇ ھامانلا ئۇنى قارا تەر بېسىپتۇ، ئۆزىنىڭ يىغىلىغەنلىكىنى ئىچىدە تەن ئېلىپ، بەزگەكتەك تىترەشكە باشلاپتۇ... لەسسىدە پېيى بوشاپ، قۇم ئۈستىگىلا تىزلىنىپ قاپتۇ ئاخىرى.

— نېمىشقا دادا؟ نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ — شۇنچىلىك ھەيران قالغانىدىم.

— توختاپ تۇر لەيلەم، ئالدىراپ كەتمە، ئېسىل يېرى تېخى كەينىدە، — دادامنىڭ بوز كۆزلىرىدە چىراغ ياندى.

— خوش، مەن سەن كۆرۈشنى تەلەپ قىلغان شۇ ئىسكەندەر، ئۆلۈم ئالدىدا نېمە تەلىپىڭ بولسا ئېيت، بەجا كەلتۈردەن، — دەپتۇ شاھ تەمكىنلىك بىلەن.

بۇنى ئاڭلاپ، قارا قۇلاقنى يەنە بىر قېتىم قارا تەر بېسىپتۇ، ئاندىن چىدىغۇسىز چاڭقاقلىق جېنىغا پېتىپتۇ.

— سۇ - سۇ... بەرا بىر ئاپقۇر سۇ...، — ئاران شۇنچىلىكنى دېيەلەپتۇ قارا قۇلاق لاغىلداپ تىترەپ.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇرۇپ يەكتىكىنىڭ بېلىنى باغلاپتۇ، ئاندىن ئاپقۇرىغا ئۆزى ئىچىۋاتقان شەربەتتىن لىققىدە قۇيۇپ، قارا قۇلاققا قوش قوللاپ تۇتۇپتۇ. قارا قۇلاق شاھنىڭ قولىدىن بىر چىنە شەربەتنى ئېلىۋېتىپ لاغ - لاغ تىترىگىنىدىن ئىشتىنىغىمۇ قويۇۋېتىپتۇ، بۇنى كۆرگەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى دۈشمىنىگە سەل رەھمى كېلىپ ئويلاپتۇ: «ئەزرائىل كۆزلىرىگە كۆرۈنۈپتۇ - دە؟ ئەجەل ئالدىدىكى ئۇسسۇزلۇق دېگەن بەك يامان دەيدۇ، ئاخىرقى تىنىقلىرىدا بولسىمۇ شەيتاننىڭ سۈيدۈكىنى ئىچمەي، مۇنۇ شەربەتتىن قېنىپ بىر ئۇتلىۋالسۇن».

— بولدى قورقما، مۇشۇ شارابنى ئىچكىچە ئۆلۈم ساڭا نەرك!

قارا قۇلاقنىڭ قۇلاقلىرىدا بوران گۇركىرەپتۇ! يۈرەكلىرى شادلىقتىن تېپىچەكلەپ سەكرەپ كېتىپتۇ ۋە قاقاھلاپ كۈلگە-

ـنچە قولـدىكى ئاپقۇرنى بېشىدىن چۆرۈپ قوم ئۈستىگە شۇنـ-
ـداق تاشلاپتۇكى ياقۇتتەك سۈپسۈزۈك شەربەت قوم ئىچىگە سىـ-
ـڭىپ كېتىپتۇ.

ـــ ئاھ!... دەپتۇ جانابى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن شۇ زامانىلا ئاسمانغا قاراپ، ـــ شۇ چاغدا دادامنىڭ بوز كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش ئاقتى، ماڭا ئاققىنى ياش ئەمەس قاندەك قىپقىزىل بولۇپ كۆرۈندى.

ـــ ئەمدى قانداق جازايىڭ بولسا ئىجرا قىل! ئۆلسەم كىر-پىكلىرىم جۇپلىشىدۇ، ـــ دەپتۇ قارا قۇلاق مەغرۇرانە قىياپەتتە كۆكسىنى تىك تۇتۇپ.

ـــ كاشكى، ئۆز دۈشمىنىمگە ئالدانغۇچە ئۈچ ياشلىق نەۋ-رەمگە ئالدانسامچۇ...! بوپتۇ لەۋزىم ھالال، شەربەتنى ئىچكىچە ساڭا ئۆلۈمنى تەرك قىلدىم. نىھايەت، ئول شەربەت قارنىڭغا ئە-مەس زېمىنغا تۆكۈلدى... ئەمدى سەن بىلەن خالاس بولدۇق. ئۆ-لۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدىڭ قارا قۇلاق، ئەمدى كۆزۈمدىن يوقال! ـــ دەپ بۇيرۇق قىپتۇ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنمۇ مەيدىسىنى تىك تۇتۇپ.

ـــ ۋادەرىخا! يەنە مەن يېڭىلدىم! ـــ دەپ گۈپپىدە قوم ئۈستىگە تىزلىنىپتۇ قارا قۇلاق، ـــ بۇ قېتىمقى يېڭىلىشىم بەكمۇ دەھشەت بولدى! سەن ئۆزۈڭ شۇنچە ئادىل بولمىساڭ، ئۆز قوۋمىڭنىڭ ھېچبىرىنىڭ ساڭا دۈشمەنلىك قىلىشىدىن ئەندىـ-ـشە قىلمىساڭ، مۇشۇنداق خالىي ـ پىنھاندا ھېچبىر مۇھاپىـ-ـزەتسىز، ھىماتسىز شۇنچىلىك خاتىرجەم ھالدا شەربىتىڭنى ئىچەلەرمىدىڭ؟ سەندە ئادالەت، مەردلىك بولمىسا ئۆزۈڭ ئىچكەن ئاپقۇر بىلەن ئۆز دۈشمىنىڭگە شەربەت تۇتارمىدىڭ؟ لەۋزىڭدە ھالاللىق بولمىسا بىر ئېغىز قىڭغىر كەتكەن گېپىڭ ئۈچۈن 40 يىل جەڭ قىلغان ئەشەددىي دۈشمىنىڭنىڭ قانخور جېنىدىن كېچەرمىدىڭ؟! مەن تەن ئالىمەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن! سا-

داقتىن ئېتىلغان ئوق ئىكەنسەن ئەركەك شاھىم! ساڭا يېڭىلـ-
دىم! مېنى يا ئۆز قولۇڭ بىلەن قەتل قىل، لەۋزى ھالال ئەر-
كەكنىڭ قولىدا جان تەسلىم قىلىپ كۆزۈم يۇمۇلسۇن، يا سې-
نىڭ قۇلۇڭ بولاي، بىر ئۆمۈر سادىق چاكىرىڭ قىلىپ، مېنى
توغرا يولغا باشلا! نادانلىقتا قالغان قوۋمىمنى ھەق يولۇڭغا
باشلا!

يېشىل كۆزلۈك ئالتۇن مۇنچاق ئاسقان قۇلاقلىرىمغا ئاس-
ماندا قوچقار سوقۇشقاندەك گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، كۆز-
لىرىمگە زېمىن چاقپەلەك بولۇپ چۆرگىلەۋاتقاندەك كۆرۈندى...
شۇ چاغدىلا دادامنىڭ سېھىرلىك چۆچەكنىڭ تېگىگە يېتىپ،
خەدىچە ئېيتقان ئابدۇللا غوجامنىڭ دادىسى بىلەن دادامنىڭ مەن
تۇغۇلۇشتىن خېلى ئىلگىرىلا غوجام بىلەن نىكاھىمىزنى چې-
تىشلىرى ھەققىدە قىلىشقان ئەھدىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى
بىلىپ بولغاندىم. دادامنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندى،
زاڭقىنى مەيدىسىگە تىرەپ جىممىدە پىرپەس تۇرۇۋالدى ئۇ
شۇ تەرزدە. ئاندىن ئۇنىڭ يەلكىلىرىنىڭ پالتا ئۇرۇلغان سەگۇ
تېرەكنىڭ غولىدەك تىترەپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، يۈرىكىم سۇ
بولۇپ ئاقتى...

ــ دادا، جېنىم!... سەندىن ئۆتۈنەي، بۇنچە ئېزىلمە، يۈرى-
كىڭنى بېسىپ تۇرغان نېمە ئەندىشەڭ بولسا قىزىڭغا ئېيت. 15
ياشقا كىردىم، سېنىڭ قەيسەر قىزىڭمەن... سېنىڭ بىر دانەڭ-
مەن جېنىم دادا!... ھەممىنى كۆتۈرەلەيمەن، يۈزۈڭنى ھەرگىز
يەرگە قاراتمايمەن، ھەممە ئىش سېنىڭ ئەھدەڭ بىلەن، لەۋزىڭ
بىلەن بولىدۇ! ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئۆز دۈشمىنىگە بەرگەن
بىر ئېغىز ۋەدىسى ئۈچۈن 40 يىل جەڭ قىلغان دۈشمىنىنىڭ
بىر قوشۇق قېنىدىن كەچكەن يەردە، نېمىشقا مەن ئۆز دادامنىڭ
ئۆز دوستىغا بەرگەن لەۋزىنىڭ ھالاللىقى ئۈچۈن ئۆز بەختىمـ-
دىن كېچەلمىگۈدەكمەن؟!...

دادام مېنى ئىسسىق باغرىغا ئۇنسىز ئېلىپ، يوغان قوللىرى بىلەن چىلگىدەك بېشىمنى تۇتۇپ، چېكىلىرىمگە سۆيدى. ئاندىن قۇلىقىمغا ئۇنىڭ تومۇز ئاپتىپىدىكى دانلىرى قېتىپ، قىلتىرىقلىرى سارغىيىشقا باشلىغان بۇغداي مايسىسىنى شامال سوققاندا شىلدىرلىغاندەك يىرىك، سالقىن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— سېنىڭ بەختىڭنى، تەقدىر - پېشانەڭنى مېنىڭ ئالدىن ئەھدە - قارار قىلغىنىم توغرا ئەمەس، بۇنى تەڭرىمنىڭ ھىممىتى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ قارار قىلغىنىڭ دۇرۇس ئىدى. ساڭا ئادالەتسىزلىك قىلىپ، يارالمىشتىلا ئىگەم ساڭا بەرگەن ھەق - ھوقۇقۇڭنى قاراقچىدەك بۇلىۋالدىم، بۇلاڭچىدەك يۇلۇۋالدىم ئاق لەيلەم... لېكىن، ئىسسىق جېنىم تېنىمدىكى چاغدا بەزى ئىشلارنى ئۆز لەۋزىم بىلەن ساڭا چۈشەندۈرۈپ قويۇشۇمغا ئىجازەت بەرگىن!

— ئىجازىتىڭ ئۆزۈڭنىڭ قولىدا جان دادا! ئۇنى مەندىن سوراپ مېنى گۇناھكار قىلما، سېنىڭمەن، ھەممە نەرسەم سېنىڭكى... ئاللاھتىن ئۆزگە ۋە سېنىڭدىن باشقا مېنىڭ بەختىمنى تىلىگۈچىم، ھىماتچىم، ئىگەم يوق. قۇلاقلىرىم ھەم سېنىڭ ھەق گەپلىرىڭنى ئاڭلىغىلى يارالغان، ئېيت، يۈرىكىم بىلەن ئاڭلايمەن! — مىشىلداپ يىغلاپ تۇرۇپ دادامنىڭ قوللىرىنى سۆيدۈم.

— ئابدۇللا غوجامنىڭ ئاتىسى مەرھۇم غەنى داموللامنى چۈشىنەمسەن قىزىم؟

— بىز بالىلار ئۇ زاتقا شۇنچىلىك ئامراق، خىزىر ئاتا دەيدىغان تۇرساق.

— خوش، بەلەن گەپ ئۆزى، راستىنلا خىزىردەك ئاتا ئۇ! يۇرتىمىزنىڭ كاتتا شەپقەتچىسى، ئەلنىڭ مېھرىبانى! ئۇ ئەزەلدىن ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئىسسىق چاپىنىدا تەرلىنىپ باققان ئەمەس، ئۆزىنىڭ ھالال ئەجىر - مېھنىتىدە يولمۇ، پۇلمۇ، يۈز -

مۇ تاپقان زات. ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ تالاي يۇرتلارغا تۆگە كارۋانلىرى بىلەن سەپەر قىلىپ يىپەك سودىسى قىلغان، ياماد- لىقتىن ھەزەر ئەيلەپ، ياخشىلىقنى ئۆزىگە يار قىلغان ئوقۇ- مۇشلۇق ئۆلىما. ئۆزى بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلغان، زېھنى ئوچۇق، ئەقلى سوزۇك، قولى ھاتەمدەك سېخىي، مەرد... ئۇنىڭ قارىشىچە يۈز قېتىم دېگەندىن، يۈزنىڭ بىرىنى قىلغان ئەلا ئى- دى. ساڭا ئۇنىڭ ھېكمەتلىرىدىن تەمسىل ئالايمۇ؟ — دادام مەن ئىشىنىدىغان ئۇ زاتنى ماڭا چۈشەندۈرىمەن دەپ ئاۋارە بولۇۋا- تاتتى، لېكىن مەسىلە ئۇ سۆيۈملۈك كىشىگە ئەمەس، ئۇنىڭ ئوغلىغا باغلىناتتى. تەقدىرىم ئۆزۈم سۆيمەيدىغان، ھەتتا قىل- چىلىك ياقتۇرمايدىغانلا ئەمەس، ئۆچ كۆرىدىغان ئابدۇللا غوجام- غا چېتىلاتتى... تېشىمغا تېپىپ چىقالمايدىغان ھېسلىرىمدىن بىخەۋەر دادام سۆزىنى داۋام قىلاتتى. ئۇنىڭچە: ماددىيەتنى دەپ، مەنىۋىيەتتىن ۋاز كەچكەن كىشى بىر خۇرجۇن ئالتۇن بىلەن چۆلدە قالغان ئاچ كىشى ئىدى؛ ئاقىللار باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرى بىلەن ئەمەس، قىلالايدىغان ياخشىلىقلىرى بىلەن ھېسابلىشاتتى، چۈنكى ئۇ، دۇنيادا ئۆزىنى ئاتىغۇدەك، پىدا قىلغۇدەك نەرسىسى يوق كىشىنى ئەڭ نامرات كىشى دەپ قا- رايتتى؛ يامان، غەيرىي نىيەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قىلغان ياخشى- لىقنى يامانلىقتىن مىڭ ھەسسە يامان دەپ تونۇيتتى... ئۇ يەنە ئىنسان تەن ۋە روھنىڭ بىرىكمىسى، ئۇ ماددىي ئېھتىياجغا ئىگە بولماقلىقى بىلەن نەپسى ئوتىدا كۆيگۈچىدۇر، مەنىۋى ئېھتىياجغا ئىگە بولماقلىقى بىلەن روھىي چوڭقۇرلۇقتا مۇۋ- تىلا بولغۇچىدۇر، تەن ياكى روھ بولسۇن ھەر ۋاقىت تەقەززالىق ھالىتىدە ئۆز قانائىتىنى ئىزدەيدۇ، ئەقىل بولسا خالىغان بىرى ئۈچۈن ئەمەس، ئاۋام ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ ئۇنىڭ ئېھتىيا- جىنى قامدايدۇ، روھىيەتتىن مەھرۇم ئادەم ئۈچۈن ئالەم خىل- مۇخىل نەرسىلەرگە تولغان ئارقا قازناق... ئاچ قېلىش تەن زە-

ئىپلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، بىلمەسلىك روھ زەئىپلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئىنساننىڭ كۆڭۈل نۇقتىسى قاراڭغۇ تەن ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ، تەڭرى شۇ يەرگە نەزەر سالىدۇ... روھىي زەئىپلىك مۇقەررەركى ئىنسان خارابلىقىنىڭ نىگىزلىك مەنبەسىدۇر، تەن زەئىپلىكى — ئىنساننى نورمال جىسمانىي مەشغۇلىيەت ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلسا، روھىي زەئىپلىك — ئىنساننى ساغلام پىكىر، تەپەككۇر قىلىش ئىمكانىيىتىدىنلا ئەمەس، ئىنساني خاسلىقى ۋە ئىنساني تە-بىئىتىدىنمۇ يىراقلاشتۇرۇپ، خارابلىققا يۈزلەندۈرىدۇ، مانا بۇ ئىنسان ئۆچۈن بىر پاجىئە، پاجىئە بولغاندىمۇ ھەرقانداق پاجى-ئەلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان، ئىچىدىن ئۆزىنى تۈگەشتۈرىدىغان پاجىئە... شۇڭا قوۋمنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قامداش بىلەنلا ئىش پۈتمىگۈدەك، روھىغا مەبلەغ سېلىش كېرەك، دەيتتى بۇ مۆھتەرەم زات، قىزىم. ئەمەلىيەتتە دېيىشقۇ ئاسان، ھەركىم ئۆزىگە تۇشلۇق دەيدۇ، لېكىن قىلىش ئۇنچىلىك ئاسان ئىشلار ئەمەس - تە بۇ، — دادام زەپە چېيىنىڭ ناۋاتلىرىنى سۈمۈرۈپ، پىيالىسىنى پەتنۇسقا قويدى. مەن زەرلىك تەتلىلادىن پاختىلىق ئىسسىقلىق كىيگۈزۈپ قويغان مىس چەينەكنىڭ، بېپىنچىسى-نى ئېلىۋېتىپ جانان پىيالىگە چاي لىقلىدىم، سوۋۇپ كەتمىگەن ئاتنىڭ قېنىدەك قېنىق چايدىن قەلەمپۇرنىڭ خۇش ھىدلىرى گۇپۇلدەپ تارىدى، — غەنى داموللامنىڭ ھېكمىتىنىڭ ۋەزنى ئېغىر، مەزمۇنى چوڭقۇر، تېگىگە يېتەلىگەنسەنمۇ ئاق لەيلە-كىم؟ — دادام تۈزدا چايقايدىغان ئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ قويدى.

— قارا سىنى، — تۇمشۇقلىرىمنى ئۇشلاپ دومسايدىم ئۇنىڭغا، ئەمەلىيەتتە ئىچىمدە قارا بوراندەك ئۆكسۈك بىر ئەلەم گۈمدەك قايناپ تۇراتتى، — سىڭىچە تېگىگە يەتتىممۇ يەتمىدىم؟ — دادامنىڭ سوئاللىرىغا ھەمىشە مۇشۇنداق سوئال

بىلەن جاۋاب بېرىشىم ئۇنى شۇنچىلىك خۇش قىلاتتى.
— كۆڭۈل بېغىمىنىڭ يېگانە گۈلىسەن ئاق لەيلەم، ئۇن پەرزەنتىم ئورنىغا سەن بىرنى بېرىپ، بىرى بىلەن ھەممەمنى تەل قىلغان تەڭرىمگە رەھمەت! — دادام چايلىرىنى سۇزۇپ ئوتلاپ سۆزلىرىنى داۋام قىلدى، — سۆزلەپ نەگە كەلگەنتىم؟ — سىناق ئىلمۋاتقان كۆزلىرىنى قىسىپ كۆزۈمگە تىكتى.
— دېيىش ئاسان بولغان بىلەن، قىلىش تەس ئىشلارغا.
— مانا دېمىدىمۇ؟ سەن ھامان ئۆزۈڭ ـ دە، — دادام كۆزلىرىنىڭ ئۆز قىزىغا تېگىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ئامراقلىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، باشلىرىنى لىڭشىتىپلا قويدى. ئاندىن ئۆزى كەسكەن سۆزلىرىنىڭ كېسىكلىرىنى دەل جايىدا ئۇلىدى: «ئېتىقادىمىزنىڭ بىرىنچى ئاۋازى ئوقۇش... ھەقىقەتنى بىلىش ئۈچۈن ئەقىل كېرەك، ئەقىلنى تاۋلاش ئۈچۈن مەرىپەت ـ كە مەبلەغ سېلىش ھەممىدىن زۆرۈر.» مانا بۇ بىزنىڭ غەنى دا ـ موللامنىڭ سۆزلىرىنىڭ جەۋھىرى ئىدى. ئۇ ئېغىزىدا ئاسمان ـ پەلەك پو ئېتىپ قويۇپ، ئەمەلىيىتىدە ھېچنېمىنى ئىشقا ئا ـ شۇرالمايدىغان ئادەملەرنى كۆزىگە ئىلمايتتى، ياڭاق چاققاندەك گەپ قىلىدىغان، ئۆزىمۇ ياڭاق مېغىزىدەك قۇۋۋەتلىك ئادەم ئە ـ مەسمۇ ئۇ؟ قولىدىكى بىھېساب مال ـ دۇنياسى، بېھىشتىن ئەنـ ـدىزە ئالغان ئاشۇ باغ ـ ۋاران، ئۆي ـ ئايۋانلىرى بىر زامانلار بەندىلەر تەرىپىدىن خانىۋەيران بولۇپ، يۇلۇۋېلىنىغان، شۇلۇۋې ـ لىنىغان، «ئەۋلىيا سىياقىغا كىرىۋالغان ئەجنەبىي پومېشچىك» دەپ كۆلا كىيگۈزۈلگەن، يۈزلىرىگە قارا سۈركىلىپ چامبۇل ئېشەككە تەتۈر مىنگۈزۈپ سازايى، رەسۋا قىلىنىغان بولسىمۇ، ئاشۇلار، ئۇنىڭ ئەلىنىڭ قەلبىدىكى ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى تار ـ تىۋېلىشالمىغان. نىيىتىنىڭ دۇرۇس، خالىس، پاكىزلىقىدىن نېمەتلىرىنىڭ تېگى ھالال، ئەجرى ئۇلۇغ بولغاچقىمۇ، كېسىلـ ـگەن سەگۈدەك يەنە ئۆز كۆتىكىدىن ئۆزى كۆكلەپ چىقىپ، قاي ـ

تىدىن نوتىلاپ، ياشناپ بىرى ئون بولغان، تاغنى تېشىپ پوپۇنا قاشتېشى كېنىنى ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئاچقان... سەن ئوقۇۋاتقان ئاشۇ مەكتەپلەرنىڭ ھەربىر كېسەك، چىمدىم توپىسىدا بۇ زات-نىڭ مىڭ پاتمان ئەجىر - مېھنىتى بار، بازارنىڭ يۇقىرىسىد-كى ۋەيران بولغان ئاشۇ بەيگە مەيدانىنىمۇ غەنى داموللام قايتىدىن قۇرۇپ، يېڭىلاپ بەرگەن...

— لېكىن، مەن ئۇنىڭ بەيگىگە چۈشۈپ، ئوغلاق تارتقىنى-نى ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان، — گەپ كېسىدىغان تۇتقاقلىق كې-سىلىم يەنە قوزغالغانىدى.

— قاي زامانلار ئىدى ئۇ جىنتەك! سەن ئۇ چاغدا تېخى تۇ-غۇلمىغان، داموللامنىڭ يوغان سەللە ئورىمىغان بەردەم چاغلىرى ئىدى. ئۇ مىنگەن ئالا قاشقىلىق، بەللىرى ئۇزۇن پەرغانە ئاي-غىرى دۇلدۇلدەك چاپاتتى، — دادام تامغاقلىرىنى تاتلىق تام-شىپ قويدى، — ئۇنى غەنى موللام ئاشۇ بىر ئوچۇملاردىن يو-شۇرۇپ، ئاشلىق شۇنچىلىك قىس چاغدىمۇ يەر ئاستى ئېغىلد-دا كۈنجۈر، قوناقتا بوغۇز بېرىپ باقاتتى، كېچىسى ئېغىر ئەل ياتقۇ بىلەن يولغا چىقىپ، چۆلنىڭ ئىچكىرىسىگە قېچىپ بې-رىپ بەيگە ئويناپتۇق، ئادەم كۆرمەيدىغان چۆل - جەزىرىنىڭ ئايغىدىكى قۇملۇقتا دېگىنە. ئىشپىيونلاردىن ئەنسىرەپ پوستا قاراۋۇل قوياتتۇق تېخى، تەشكىلگە چېقىپ قويسا چاتاق ئىدى.

— نېمىشقا؟

— ئۇ چاغلار زامان شۇنچىلىك تار ئىدى، بەيگە ئوينى-غانلارنى كۆرسە تۇتۇپ سولاپمۇ قوياتتى، قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ دەپ، ئاۋامنىڭ رايى قىيانكەن، تەۋرەپ تۇرغان قىيان، تاغنىمۇ غۇلىتىۋېتەلەيدۇ - غۇ؟ قور-قىتىپ، تاندۇرۇپ بولارمىدى... غەنى موللام ھەممىنىڭ ئالدى-دا ئوق بولۇپ ئۇچۇپ، كۈچلۈك بىلەكلىرى بىلەن ئوغلاقنى يۇلۇپ ئۇزەتتى... ئاجايىپ چاغلار ئىدى - ئۇ! — دادام خورسى-

نىپ، ھارغان جەڭ ئېتىدەك پۇشقۇرۇپ قويدى، — تولىسى تۇن نىسپى سۇت ئايدىڭدا ئوينايتتۇق، كارامەت! مەن ياش، ئۇ ئوتتۇرا ياش ئىدى. لېكىن، بىز داۋاملىق بەيگىدە تەڭلىشىپ قالاتتۇق - دە، ئوغلاقنى تارتىشىپ كىشنىشىپ كېتەتتۇق، بەيگە مەيداندا بىر - بىرىمىزگە كىرىشىپ، يالقۇن بولۇپ كۆيەتتۇق، لاۋۇلدايتتۇق... سەن توغۇلۇشتىن ناھايىتى بۇرۇنقى نو - رۇز بەزمىسىدە ئۇنىڭ بىلەن يېڭىش - يېڭىلىش ھەققىدە باغلىشىپ قالدۇق. ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى دەپ، ھەر ئىككىمىزنىڭ چاشقان كامىرىغا تىقىپ ساقلىغان ئالتۇن - كۈمۈش تىللا - يامبۇلىرىمىز يوق ئەمەستى، ئەمما ماددىي نەرسىلەرنى مۇقەددەس ئەھدىمىزنىڭ نىشانى قىلىشتىن ھەر ئىككىلىمىز نومۇس قىلاتتۇق.

— سەدۇللا قارىم، ناۋادا بۇگۈنكى بەيگىدە ئۇتتۇرۇپ قويسىلا نېمە بىلەن زاكالەت تۆلەيلا؟ — ئۇ تۇيۇقسىز قىزىرىپ تۇرغان پەرغانە ئايغىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتقىنىچە، ئات ئۇستىدە قامچىسىنى ئوينىتىپ، پېشانىسىنىڭ تەرىنى سۇرتتى.

— ئۆزلىرىچۇ غەنى موللام؟ ھەر ئىش چوڭدىن كەلسۇن، سىلىنىڭ دېگەنلىرى ھېساب!

— يېشىم داۋاندىن ھالقىدى، ئاللاھىم ھەممىنى بېرىپ، پەرزەنت بەرمىدى، بىر كۈنلەر ئۇنىڭ رەھمى كېلىپ شەرۋانەم گۆلدەك بىر قىز تۇغۇپ بەرسە، مەلىكەمنى سىلىنىڭ كەلگۇسىدە قەمەر خېنىمى تەۋەللۇت قىلىدىغان ئارسلانلىرىغا بېرىدىمەن. سىلى قىسران، مەن قىرى بولسامۇ ئىلاھىم تەڭ ئاتا بولۇش نېسىپ بولسۇن بىزگە! ناۋادا ئىلگىرى - كېيىنلىك بولۇپ قالسا نېمە قورقۇش، خەدىچە خېنىممۇ پەيغەمبىرىمىزدىن چوڭ ئىدىغۇ؟ ناۋادا مېنىڭ پەرزەنتىم ئوغۇل، سىلىنىڭ قىز بولۇپ قالسا، پۇشتى ئارسلانغا گۇل يۈزلۈك ئاي مەلىكىلىرىنى جۈپ قىلىپ بېرىدىلا، ئەھدىمىز قۇدىلىشىش بولسۇن!

— جان دەپ بېرىمەن، يا ئالىمەن غەنى موللام!
— ئەمدى نۆۋەت سىلىگە كەلدى، — قامچىسىنىڭ بېشى بىلەن زەر يېپتا تىكىلگەن يېشىل رەڭلىك، مەخمەل تاش دوپپىسىنى كەينىگىرەك سۈرۈپ، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە تىكىلدى موللام، ئىچىمدىكى مەنىنى ئىزدەپ، — مەن ئۈتتۈرسامچۇ ئۆزى؟
— بىزگە باش بولۇپ، ئەلنىڭ رايىنى ئېلىپ مەسچىتىمىزگە ئىمام بولىدىلا!
— ئىنشائاللاھ! قوشۇلىمەن! — نۇردەك ئىسسىق كۈلۈمسىرىدى موللام، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ باش ئېگىپ.
— ئەھدىمىز ئەھدە!
— ۋەدىمىز ۋەدە!
مىشىلداپ يىغلىۋەتتىم... ئۆپكەم كۆكسۈمگە پاتمايۋاتقاندەك ئېسەنگىرىدىم.
دادام چۆچىدى.
— نېمە، سەن رازى ئەمەسمۇ گۈلۈم؟
— مەن ئابدۇللا غوجامغا ئۆچ!
— نېمىشقا؟ شۇنداق ئېسىل بالا بولىدىغۇ ئۇ؟
— قورقۇنچاق! يولنىڭ ياقىسىدىن يەرگە قاراپلا ماڭىدۇ، مەيدىسىنى تىك تۇتۇپ، گۈس - گۈس دەسسەپ ماڭالمايدۇ. يىكەن توخۇسىدىنمۇ قورقىدۇ، يا بىر تال چۆجە تۇتۇپ بېرەلمەيدۇ... ئوغرىلىقچە ماراپ، يەر تېگىدىن قارايدۇ، قاراپ قويسا قىز بالىدەك يۈزى قىزىرىپ يەرگە قارىۋالىدۇ تېخى. يا باللار بىلەن توپ تېپىپ ئوينىمىسا، يا رەگەتكە ئاتالمىسا... ھەتتا گاگا چۆك... دەرەختىمۇ چىقالمايدۇ تايىنلىق.
— يەنچۇ؟ دادامنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى.
— مەن دېگەن سۇغا چۆمۈلۈشكە ئامراق تۇرسام، دېسەم - دېمىسەم ئۇ سۇ ئۈزۈشنىمۇ بىلمەيدۇ. ئەتىگىچە ئۇ-

لوغ ئۆتەڭنىڭ ئىقىنىدا كەلكۈن ئىقىتىپ كەتسە مېنى كىم قۇتقۇزۇۋالىدۇ دادا؟

دادام چار ساقاللىرىنى سىيپاپ قويۇپ ئىغىر خورسىندى، لېكىن بىر ئىغىزمۇ ئۈندىمىدى. ناۋادا شۇ چاغدا دادام ئۈندەپلا سالغان بولسا ئىش تېخىمۇ چاتاق، ئىچىمدە قىزىق قازاندىكى پاراسلاۋاتقان قوناق ئېتىلدۇرمىسىدەك سەكرەپ تۇرغان، «غو-جامنىڭ مېڭىگە تېخىمۇ ئۆچ» دېگەن گېپىم ئىغىزىمدىن چاچ-راپ چىقىپ كەتكەن بولسا قانداق بولار ئىدى...

# بەشىنچى باب

«ياخشىلارنىڭ ئۆمرى قىسقا» دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ. مەن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ 17 ياشقا كىرگەن يىلى غەنى داموللام قازا قىلدى. دادامنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ قاردەك ئاق، چاققانغىنا سەللىسى قويۇلغان، قارا قەمرۇت يوپۇق يېپىلـ ـغان تاۋۇتى كەلكۈندەك يامراپ تۇرغان ھازىدارلار بېشىدا دېڭىز ـ دىكى كىچىككىنە قولۋاقتەك لەيلەپ ماڭغاندا، كۆك ئاسماندا لەكمىنىڭ قارلىغاچ غەلۋىر شەكلىدە توپ ـ توپ بولۇپ ناھايىتى پەس ئۇچقان، ئۇلارنىڭ سايىسى غەنى موللام ياتقان تاۋۇتقا تا زاراتگاھلىققىچە چۈشۈپ تۇرغانمىش. مىش دېگىنىم توغرا بولـ ـمىدى، چوقۇم چۈشۈپ تۇرغان بولۇشى كېرەك، دادام ئەزەلدىن راست سۆزلۈك ئادەم ئىدى، مەن تاكى مۇشۇ يېشىمغىچە ئۇنىڭ بىر جۈملە يالغان ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىمىگىنىگە ھۆددە قىلالايتتىم، شۇڭا دادامنىڭ بۇ گېپى ماڭا رىۋايەتتىكى ساماۋى ۋەقەلەردەك ئاجايىپ سىرلىق ئاڭلىنىپمۇ كەتمىدى. ئۇنى دېـ ـمىسىمۇ، غوجامنىڭ بۇرۇن پەررىكىدىكى قارا مېڭى ھەققىدە توقۇلغان، مەھەللىمىزدە شامالدەك ئېقىپ يۈرگەن ئاجايىپ ۋەـ قەلەرنى كىچىكىمدىن باشلاپ تولا ئاڭلاپ كەلگەچكىمۇ تۇيغۇلدـ ـرىم پىشىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، ئىشقىلىپ ماڭا گويا شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەك تۇيۇلدىغۇ تاڭ؟... غەنى موللام يۇرت ئەھلى ئېتىراپ قىلىدىغان كاتتا بىر زات تۇرسا بېشىدا لەكمىڭ بۇركۈت، ئەنقا ئۇچسىمۇ ئۇچقۇچىلىكى بار... بەلكىم قارلىغاچ ئۇچۇشىنىڭمۇ مەن بىلمەيدىغان ئۆزىگە تۇشلۇق خىاـ

سىيتى بولۇشى مۇمكىن، بەلكىم ئابدۇللا غوجام تۇغۇلغاندىمۇ شۇ لەكمىلەك قارلىغاچلار غەلۋىر شەكلىدە ئۇچمىغان بولسا، شۇ قارلىغاچلارنىڭ سېھرىي ئالامىتىنى دادامدىن سوراپ بولسىمۇ بىلىۋالغان بولار ئىدىم. شۇنى دېمەكچىمەنكى، قارلىغاچ ئۇچسا نېمە بوپتۇ؟ جاندارلارنىڭ قانىتىنى باغلاپ قويغىلى بولامتىمۇ؟ لېكىن، ھەركىمنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتنى كۆرۈش شەكلى ئوخشاش بولسىمۇ، كۆزىتىش نۇقتىسى خىلمۇخىل بولغاچقا، مەۋجۇت دۇنيانىڭ مەۋھۇم دۇنياسىدا قالدۇرىدىغان ئىنكاس شەكلىمۇ سۇبيېكتىپ ئاڭ تەرىپىدىن قېلىپ خاتىرىسىگە ھەر خىل مەزمۇن، رەڭلەر بىلەن خاتىرىلىنىشى مۇمكىن... بۇ گېپ-پىم خېلى سەۋىيەلىك چىقتى - ھە؟ ناۋادا ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇيالىغان بولسام تېخىمۇ قالتىس گەپلەرنى دېيىشنى بىلى-ۋالار ئىدىم... ئاخىرقى جۈملەم سەل چەك باسمىغاندەك تۇرامدۇ نېمە؟ باسسا باسار، باسمىسا نېمە بولغۇلۇق... ئەمما، بىر ئىشقا شۇنداق ھەيرانمەنكى، مەھەللىمىزنىڭ يوللىرى توپىلىق بول-سىمۇ، خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى غەنى موللامنىڭ ئۇزۇن قونچلۇق قارا ئۆتىكىگە زىنھار توپا قونۇپ قالمايتتى، كەمزۇلىنىڭ تۆگ-مىلىرى قارا ياقۇتتەك يالتىراپ، يېشىل تاشلىق دۇخاۋا دوپپى-سىغا ئورالغان چاققانغىنا سەللىسىنىڭ مەككە داكىسى ئاپپاق قاردەك ئاقىرىپ تۇراتتى، چىشلىرى سەدەپتەك ئاق، يۈزلىرى ھېزىم ناۋاينىڭ گىردىسىدەك قىپقىزىل ئىدى. ماڭا قالتىس چىرايلىق كۆرۈنىدىغان بۇرۇن پەررىكىدە ئارزۇلۇق ئوغلى ئاب-دۇللا غوجامنىڭكىدەك قاپقارا گۆش مېڭى يوق ئىدى. ئۇ ماڭا ئۆچ بولمىسا كېرەك، يىراقتىن مېنى كۆرسە كۆزلىرى ئاجايىپ نۇرلىنىپ، كۈلۈمسىرەپ سالام قىلاتتى. بىراق، مەن ئۇنىڭدىن شۇنچىلىك ئەيمىنەتتىمكى ئالا قاشقىسىغا مىنىپ، تاڭ سەھەر-دە قۇياشتەك يالتىراپ مەھەللە يولىدا پەيدا بولسا، چاشقان تۆ-شۈكىنى تاپالمىغاندەك پىتىرايتتىم. ئۇ ھەر مەۋسۇم ئاپپاق

سەللىسنى ئوراپ بىرىپ، مەكتىپىمىزدىكى نامرات باللارغا تىترەت، باغلىق سومكا، سىزغۇچ، ئۆچۈرگۈچ دېگەنلەرنى تۇپى - تۇپى بىلەن تارقىتىپ بىرەتتى، ھېچنېمىسىنى ئالمىد - سامۇ ئۆچۈرگۈچىنى ئالاتتىم، چۈنكى قىزىل ئۆچۈرگۈچ كەم - پۇت پۇرايتتى...

ئادەملەر تۇغۇلغاندا ئۆزى يىغلىغىنى بىلەن، ئۆلگەندە باش - قىلار يىغلايدىكەن. ئەمما، ماڭا ئادەملەرلا ئەمەس پۈتۈن يۇرت - مەھەللە، ھەتتا مەھەللىدىكى سەگۈ تېرەكلەرگە قونۇۋالغان تۇ - رۇلغا، پاختەكلەرمۇ غەنى داموللام ئۈچۈن يىغلاۋاتقاندەك بىلىند - گەن. مېنىڭ مۇشۇ ئېغىزىمنىڭ قاتتىقلىقىغا ئامال يوقكەن، «ئۆلدى» دېگىنىمنى بىرەرسى ئاڭلاپ قالسىغۇ چوقۇم لەنەتكەر - دى بولىمەن، چۈنكى، غەنى موللام ئۆلگەن، ياق، قازا قىلغان، بۇمۇ قوپال بولۇپ قالدى... چەكلىك پانىي بىلەن خوشلاشقىنى بىلەن، چەكسىز ھاياتلىققا ئېرىشتى. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ نەزە - رىمدىلا ئەمەس، ھەممىنىڭ يۈرىكىدە ئۇنىڭ بارلىقىتىكى قىممە - تىدىن يوقلۇقىتىكى قىممىتى نەچچە ھەسسە يۇقىرى ئىدى. گەرچە بۇ دۇنيادىن كەتكەن بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنى كەتكەن قا - تارغا چىقىرىشنى خالىمىدى. موللامنىڭ ئەھلى - ئەۋلادىنىڭ يۇرت - مەھەللىدىكى ئىززەت - ئابرۇيىمۇ ئىلگىرىكىدىن ئېشىپ، ئابدۇللا غوجامغا ئۈچ قەدەم نېرىدىن قىلىنىدىغان سالام - سەھەتمۇ ئەمدىلىكتە يەتتە قەدەمگە ئۆزگىرىپ كەتتى.

غەنى موللام قازا قىلغاندا شور پېشانە ئوغلى ئابدۇللا غو - جام مىسىردىكى ھاممىسىنىڭ قېشىدا چەت ئەل تىلى ئۆگىنىد - ۋاتاتتى، ئۇنىڭ يۇرت ئاتلاپ چەت ئەلگە چىقىمىقى قانچىلىك مۇشكۇل بولغان بولسا، قايتىپ كىرمىكى ئۇندىن تەس بولغاچ - قىمۇ، ياكى باشقا سەۋەبى بارمۇ، مەرھۇمنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە غوجامغا بۇ شۇم خەۋەرنى مەھەللىنىڭ سۇندۇك - قۇشقاچلىرى - مۇ ۋىچىرلاپ قويالمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بىتەلەيگە شانۇ -

شەۋكەتلىك ئاتىسىنىڭ مۇقەددەس تاۋۇتىنى كۆتۈرۈپ، يەتتە كەتمەن توپا تاشلاش شەرىپىمۇ نېسىپ بولمىدى. راستتىنلا تە- لىيى يوقكەن، بىتەلەي بولمىسا چاھارباغنىڭ قايسى رەناسىنى ئۈزىمەن دېسە، لاله گۈللەر ئۆزى ئېگىلىپ تۇرىدىغان غوجامغا مەندەك خۇدا تىكەنىنىڭ رىزقى چېتىلىپ قالارمىدى؟... تايىنى- لىق، مىسىرنىڭ پۇقراسى بولۇپ ياشاپ كەتسەمچۇ... كۆزۈم بىر ئۆمۈر كۆرمىسە سەن چىرايلىق مەڭلەشنى. توۋا، ئۇنىڭ خاسىيەتلىك مېڭىدە نېمە گۇناھ...ئېغىزىمغا كۆيدۈرگە چىقمى- سىلا بولاتتىغۇ؟... ـــ ئۆزۈمنىڭ خىيالىدىن ئۆزۈم چۆچۈپ يۈ- رىكىم كۆيدى...

*　　　*　　　*

دادام مېنى ئاخىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتمىدى، چۈنكى، ئۇ چاغقىچە ئابدۇللا غوجامنىڭ ساقىلى مەيدىسىگە چۈشۈپ قالار- مىش. قانچىلىك ئازابلىنىپ، قانچىلىك يىغلىدىم، دەريا ـ ھەسرەتلىك ياشلىرىمنىڭ تېشىمغا ئەمەس، ئىچىمگە تۆكۈلگى- نىنى ئۆزۈملا بىلىمەن. ناۋادا تېشىمغا تۆكۈلگەن ياشلىرىم كەلكۈن بولسا، دادامنىڭ لەۋزى ھالاللىقىدا پۈتكەن ئىززەت ـ نەپسىنىڭ يەلكەنسىز كېمىسىمۇ نۇھنىڭ توپانى يۇتقاندەك غەرق بولاتتى. چۈنكى، دادامنى لەۋزىدىن قايتۇرۇش ئۇنى ئۆلتۈرگەن بىلەن باراۋەر ئىدى، مۇشۇ دۇنيادىكى تىنىقلىرىمنى، ۋۇجۇدۇم- دىكى چىدام، غەيرەت ـ جاسارەتنى دادام بەرگەن، مەن ئۇنىڭ يېگانە گۆھىرى، ئېپتىخارى، غۇرۇرى تۇرسام، ۋاپادار ئىسھاق ساداقەت ئۈچۈن ئاتىسى ئىبراھىمغا يالتىراپ تۇرغان پىچاق ئاستىدا كۆز ئالايتماي، باش تۇتۇپ بەرگەن يەردە مەن نېمىتىم؟

شۇنداق قىلىپ مەن 18گە تولغاندا، 26 ياشلىق ئاق پىشى- ماق، نەۋقىران غوجام مىسىردىن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بويى

ئۆسۈپ، ئاق پىشماق ئۆڭلىرىنىڭ ئىخىمۇ ئاقىرىپ كەتكىنى كۆزۈمگە غىل - پال چېلىققاندەك قىلدى، شۇغىنىسى مېڭىگە قاراپ سىلىشتىن ھەزەر ئەيلەپ، كۆزلىرىمنى دەررۇ ئېلىپ قاچتىم. شەرۋانە خېنىم ئوغلىنى كۆرۈپ باغرىغا شۇنچىلىك ئۇزۇن باستىكى، ھېچكىم ئۇلارنى ئاجرىتىۋېتىشكە جۈرئەت قىلالمىدى... مەن ئانا - بالا ئىككىيلەننىڭ بۇنداق ئۇزۇن ئۇدۇ-سىز قۇچاقلىشىپ تۇرۇشلىرىغا قاتتىق ھەيران قالدىم. ئۇلار قەدىردانى غەنى موللام ئۇچۇن ئۇن قويۇپ ھازا ئېچىپ، ياقا يىرتمىدى، پەقەت قوقاستىكى چاي چۆگۈنى بۇلدۇقلاپ تاشقان-دەك چاپ - چاپ تۆكۈلۈپ، بىر - بىرىنىڭ مۈرىلىرىنى چىلىق - چىلىق ھۆل قىلىشتى.

* * *

قىسمەت قاچقۇن ئاياغلىرىمنى چەنلەپ مېنى قوغلاپ تۇت-قاندا، مەن ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن يۇلقۇنۇپ قاچالمىدىم... كىمـ-لەردۇر رەيھان گۈللەرنىڭ يۇمران بەرگلىرىنى زۇمرەت سۇغا چىلىشىپ، ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ياغاچ ئىدىشتا مېنى ئاق بېلىقتەك چايقاشتى، كىملەردۇر سۇمبۇل چاچلىرىمنى تال - تال ئۆرۈشۈپ، كىملەردۇر كۆزلىرىمگە تاش سۇرمىسى تارتىش-تى. يەنە كىملەردۇر قوللىرىمغا چوغ رەڭ خېنە قويۇشۇپ، قاش-لىرىمغا ئوسمىنى قاتۇرۇۋەتتى؟ بىلمىدىم. تەبىئەتنىڭ ئەڭ ھەممەتلىك تىنىقلىرىدىن ئاق ئالمىنىڭ تاتلىق ھىد پۇراپ تۇرغان، ياپراقلار شەرۋانە خېنىمنىڭ تىللا ئۈزۈكىدەك چاقنىـ-غان مىزان ئېيىدا مېنىڭ جانابى غوجام بىلەن تويۇم بولدى. كىملەرنىڭ قولاقلىرىمغا ئالتە مىسقال ئالتۇن سۆكە ئېسىـ-شىپ، زەرلىك ئەنگىلىشتىن ياقۇت جىيەكلىك ئۇنچە كۆڭلەك كىيگۈزگىنىنى، كىملەرنىڭ يۈزلىرىمگە گىجىم رومال يېپىـ-

شىپ ۋە كىملەرنىڭ ناغرا ـ سوناي چېلىشقىنىنى ئەسلىيەل ـ مەيمەن، ئىشقىلىپ غەنى موللامنىڭ تالىپى ئوقۇغان نىكاھ پا ـ تىھەسىدىن كېيىن تىنىق ئۆتمەي غوجامنىڭ «ئالدىم» دېگەن ھاياجانلىق ئاۋازى قۇلىقىمغا كۆھىقاپتىن چىققان شىۋىرغاندەك ئۇرۇلدى... نەچچە تىنىق نەپەستىن كېيىن دادامنىڭ «بەردىم» دېگەن تىترەڭگۈ ئاۋازى ئاڭلاندى... بوغۇزۇمدىن چىققان يىغا ساتار كۈيىدەك مۆڭلىنىپ چىققاندا، بىرمەھەل توختىغان ناغ ـ را ـ سونايىنىڭ ئاۋازى قايتىدىن ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ يىغامنى يۇتۇپ كەتتى... بادام گۈللۈك قاپارتما نەققاشلىق پېشايۋىنىد ـ مىزدا ناغرا رىتىمىغا ماس ئوينالغان مەشرەپتىن جاھان تىت ـ رەيتتى، جاھانلا ئەمەس، مەن بولۇڭدا خان ياستۇقلارغا يۆلەن ـ نىپ، تىترىگىنىمچە تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان ياسىداق كارىۋاتمۇ تىترەۋاتقاندەك سېزىلەتتى. ھېلى يېگۈزۈشكەن تۇزغا چىلانغان ناننىڭ شاكرابلىرى تاماقلىرىمنى ئېچىشتۇرۇپ تۇراتتى، دېگەن ـ لى بولمايدىغان بۇ ئاچچىق بوغۇزۇمدا مۇشۇنداق تۇرۇۋالغاچقا يۇتۇۋېتەي دېسەممۇ يۇتالمايتتىم. ئىچىمدىكى مىڭ ئاچچىق ئال ـ تۇن قەدەھتىكى ئوغا سالغان شارابتەك قايناپ تۇراتتى. نېمە ـ سىنى دەپ، نېمىسىنى قوياي، ھەممە بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا تۈگىدى... ئوت رەڭلىك خاڭدەن يوتقاندا، ئوت بولۇپ كۆيگەن ئابدۇللا غوجامنىڭ قۇچاقلىرىدا ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغان ـ دىم... يالۋۇردۇم، يىلىندىم... ئاخىرى ئوت رەڭلىك خاڭدەن يوتقانلار سەندەل كارىۋاتتىن چۈشۈپ كەتكەن بىر سەھەر، ئۆ ـ زۈمنى ئۇنىڭ باغرىدىن دورا يېگەن خام بېلىقتەك سۇزۇپ ئې ـ لىپ، گۈل بەرگى چىلانغان ياغاچ ئىدىشتا بەرگىدىن ئۈزۈلگەن لەيلىنى كۆردۈم...

— سىزنى نېمە دېسەم بولار لەيلى خېنىم؟ تىنىقلىرى ئى ـ چار پۇرايدىغان ئالتۇن خېنىم... بارىڭىز مېنىڭ بولدى ئا ـ خىر... ھەممە نەرسەم سىزنىڭ بولسۇن، — غوجامنىڭ چىرايد ـ

غا قارىغۇدەك مادارىم يوقتى، مادارىم بولسىمۇ كاشكى، قاراشقا مۇتلەق رايىم يوق ئىدى. ئۇنىڭ دەرد ـ پۇخاسى چىقتى، ئار ـ زۇ ـ ئارمان، ئىستەكلىرى كۆڭۈل مەيلىمدە ئەمەس، پۈرلەشكەن تۆشەكتە مۇراد تاپتى، بەلكىم ئۇنىڭ يوغان قوي كۆزلىرى تې ـ خىمۇ مۇلايىملىشىپ، سوزۇنچاق ئاق يۈزلىرى ناۋاتتەك سۇزۇ ـ لۇپ، قاپقارا گۆش مېڭى يالتىراپ كەتكەندۇ؟... — كېلىنگە... مەندىن قاچماڭ...

— ياق، مېنى!... — سەنتۈرۈلۈپ غوجامنىڭ قۇچاقلىرىغا يىقىلدىم، بۇرنۇمغا ئۇنىڭ تېنىدىن كەلگەن ئەنبەر ھىدى يەنە ئۇرۇلدى، — سىزدىن ئۆتۈنەي ئابدۇللا غوجام، مېنى بۇنداق قىينىماڭ! — پۇت ـ قولىنى چۇشەپ، كۆزىدە پىچاق ئوينىتى ـ ۋاتقان ئوغلاقتەك تىپىرلىدىم، — رەھىم قىلىڭ...

— رەھمىنى مەن سىزدىن تىلەي ئۇز مۇدۇك، سىزنى بەك ئۇزۇن كۈتتۇم، يەتتە يېشىمدىن 27 يېشىمغىچە... ماڭا رەھىم قىلىڭ ئۇز ئالتۇن، ئاۋايلايمەن...

— چاچلىرىم تېخى قۇرۇمىدى، تاڭ ئېتىپ قالدۇ غوجام، بامداتقا ئەزان توۋلىسىلا...

— ئالتۇن خېنىم... بۈگۈن بىزنىڭ توي كېچىمىز، ئىگەم بىزنى كەچۈرىدۇ... يەڭگىلەر يەنە ئىلمان سۇ تەييارلىسۇن.

— مېنىڭ ئېتىم لەيلى، ئالتۇنۇم دېمەڭ! — شۇ چاغدا ئۇستىبېشىمدا يالتىراپ تۇرغان ئالتۇنلارنىڭ ھەننىۋاسىنى پەز ـ جىرىدىن ئارقا ھويلىغا ئېتىۋەتكۈم كېلىپ كەتكەندى.

— ئۆز بېغىمنىڭ لەيلىسى.

— ياق!...

شۇ كۈنى ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم. ھېقىقداپ شۇنچىلىك يىغلىدىمكى گاللىرىم قۇرۇپ، پەي ياستۇقلار يىغامغا چىلىشىپ كەتتى. ئىچ ئەزايىم كەكرى يۇتقاندەك ئېچىشىۋاتاتتى، يۈرىكىم ـ دىكى ئېچىشىش ئاندىن يامان، پۇت ـ قولۇمدا پاسارچىلىكمۇ

ماغدۇر يوق ئىدى. يەڭگىلەر ئېلىپ كىرگەن مىس تاۋاقلاردىكى باچكا، تۇزلىغان چوغ كاۋاپلىرى سۇۋۇپ، جانان چىنىدىكى زە-پەر ناۋاتلار ئۇيۇپ قالغانىدى.

*　　　*　　　*

بىر ھەپتە مەن ئۇچۇن شۇنچىلىك تەسلىكتە ئۆتۈپ كەتتى.

— ئەسسالام لەيلى خېنىم، — شەرۋانە خېنىمنىڭ ئىپار پۇرايدىغان ئىسسىق تىنىقلىرى يۈزلىرىمگە ئۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ يۇمشاق بارماقلىرى بېشىمنى سىلاپ ئۇلگۇردى، — ھەممە ئۆتۈپ كېتىدۇ جانىم، كەمىنە، رەھمەتلىك دادىكاڭنىڭ ئەمر-گە ئۆتكەندىمۇ سىنىڭدىن مۇدۇك ئىدىم... باغدا باققان پاقلاندەك ئاررۇلاپ - ئارمانلاپ چوڭ قىلىۋالىمىز سەن ئاي خېنىم مۇ-دۇكنى. لېكىن، يا يىمەي، يا ئىچمەي مالائىسكىگە ئايلىناي دې-مەيدىغانسەن بالاجانىم؟ — پىخىلداپ كۈلدى ئۇ لىغىرلاپ تۇر-غان ئاق يۈزلىرىنى ياش يۇقى يۈزلىرىمگە سۈركەپ ئەركىلە-تىپ، — تۇرغىنا ئالتۇن ئۇزۇكۇمنىڭ ياقۇت كۆزى، بىس-مىللاھ دەپ دەمبەس قىلىپ لىككىدە بىر ئورنۇڭدىن تۇرە، سو-ۋۇغان غىزالارغا رايى بارامتىكى مىنىڭ ئاق لەيلەمنىڭ، — زاڭىقىمدىن كۆتۈرۈپ تۇرۇپ چوككىدە سۆيۈپ قويدى ئۇ مەڭ-زىمگە، — كەكلىك شورپىسى قىلدۇردۇم، ئىسسىقىدا گۈپپىدە بىر پىيالە ئوتلىۋالغىن، پۇت - قولۇڭغا لەپپىدە ماغدۇر تېپى-لدۇ، سەن نەۋرەمنىڭ نەۋرىسىچە، مەن موماڭنىڭ مومىسىچە «سەن» لەپ قويسام كۆڭلۈڭگە كەلمەس؟

— يوقسۇ، ئانا.

— ۋاي گېپى تاتلىق ئاق لەيلەم، «ئانىكا»لاپمۇ كەتمەي، بىسمىللاسىدا «ئانا»لاپ ئاتاپ كۆڭلۈمنى ئەجەب خۇش قىلدىيا! — شەرۋانە خېنىم بوغۇرساقتەك يۇمشاق ئالىقانلىرىنى سوزۇپ

ئېڭىكىمنى قوش قوللاپ تۇتتى ـ دە، پېشانەمنىڭ قاپ ئوتتۇ ـ
رىسىغا تومتەك لەۋلىرىنى يېقىپ خېلى ئۇزۇنغىچە قويۇۋەتمە ـ
دى، ــ ئەسلىدىلا ئۆزۈمنىڭ ئىدىڭ، بېغىمدا ئۆسكەن ئاق لەي ـ
لەم، ئەمدى قىيامەتلىك ئۆزۈمنىڭ بولدۇڭ... سېنى بەرگەن
خۇدايىمغا رەھمەت، سېنى تۇغقان قەمەر خېنىمغىمۇ، ئىلىم ـ
ئېرپان بەرگەن سەدۇللا قارىمغىمۇ مىڭ مەرتەم تەشەككۈرلەر
بولسۇن. تاقلاپ، سەكرەپ كۆز ئالدىمدا چوڭ بولدۇڭ، ئاق خە ـ
سىدەك ئاق، ئېقىن سۇدەك پاك بولدۇڭ بىر دانەم. سەندىن
بىرلا ئىلتىماسىم، غوجامنىڭ ۋاپالىق يارى ـ جۈپتى بول،
ئەۋلادىمىزنى ـ ئەۋلادىمىزغا ئۇلاپ، نەسەبىمىزنىڭ چىرىغىنى
ئۆچۈرمە تاتلىق قىزىم. ئىچىمدىكىنى بىلمەيدۇ دېمە، سەن دې ـ
مىسەڭمۇ ئوبدان بىلىمەن، ئىنسانغا مۆكەممەللىك ئەبەدىي نې ـ
سىپ بولمايدىكەن، غوجامنىڭ خۇي ـ پەيلى دىتىڭغا تازا ياق ـ
مايدۇغۇ؟ ئۆزىنى تۇغقان بىلەن خۇيىنى تۇغقىلى بولمايدىكەن
يە، ئۇ دادىسىنى دورىماي تاغىسىنى تارتىپ قالدى دېسە، بۇ تە ـ 118
رەپلىرىدىن نارازىمۇ سەن گۈزىلىم؟

ــ ياق... نارازى... ئەمەس! ــ ھولۇقۇپ دىگىدە چۆچۈ ـ
دۇم، ئورنۇمدا قىمىرلاپ، ئوچۇق قالغان يالاڭ پۇتلىرىمنى دەر ـ
رۇ ياپتىم.

ــ بۇنداق قورۇنماي ئازادە ئولتۇر، ئەمدى بۇ سېنىڭ ئۆ ـ
يۈڭ! بار ـ يوقىمىزنىڭ ھەممىسى سېنىڭ لەيلى خېنىم. سىقى ـ
لىش ياخشى ئەمەس، ئەركىن نەپەس ئال، يۈرىكىڭدىكىنى دەۋې ـ
لىپ ئىچىڭنى بوشات!

ــ نېمىنى دەي جان ئانا؟ سىلىدىن يوشۇرغىنىم يوق، ــ
دېمىم بىردىنلا ئىچىمگە چۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئېسىلىپ بۇقۇلداپ
يىغلىۋالغۇم كېلىپ كەتتى. ئۇ بەلكىم ماڭا تىكىلىپ قاراپ
تۇرغاندۇ، ئوق ئاۋازى ئاڭلىغان كېيىكنىڭكىدەك چۆچۈگەن قا ـ
رىچۇقلىرىمدىن، تىترەپ تۇرغان كىرپىكلىرىمدىن قەلبىمنىڭ

قات ـ قېتىغا يوشۇرۇنۇپ سىقىلىپ ياتقان مەھكۇملۇقنى بىلـ-
گۈسى كەلگەندۇ؟ راست گەپنى دېسەم، قېيىنئانامنىڭ زېرەكلىـ-
كىنى بىلسەمۇ، ئۇنىڭ بۇنچىۋالا سۇزۇك، ئىنچىكىلىكىنى
ئويلىمىغانىدىم، مەن تاش سانىسام بۇ بۇزرۇكۋار قۇم ساناپ يۈ-
رىدىكەن ـ دە؟...

— رازى بولماسلىقا نېمە ھەددىم، مىنىڭ مەرتەم رازىمەن
ئانا! — شەرۋانە خېنىمنىڭ ئېتەكلىرىنى سۆيۈپ تۇرۇپ، قول-
لىرىنى تۇتتۇم، تىللا ئۇزۇكلۇك بارماقلىرىمىز شاراقشىپ كې-
رىشتى، — سىلىدەك كۆيۈمچانىم، مېھرىبانىم تۇرسا، غوجام-
نىڭ ئەمرىدە بولۇش پېشانەمگە پۈتۈلگەن تەقدىرىم...

— ۋاي مېنىڭ خام قايمىقىم، ئېغىزىڭغا بىر كاللەك نا-
ۋات!...

* * *

119

جاھان كەزگەن، يۇرت كۆرگەن، ئەھلى ـ ئەۋلادىدىن تار-
تىپ بار ـ يوقىنىڭ توققۇز قازىنىدا تەڭ قايناپ، تېگى ـ تەك-
تىدىن سىگىرىپ پىشقان، توق يەپ، توق ئىچىپ، بۇ جاھاننىڭ
مەئىشەت ـ پاراغەتلىرىگە كۆزى، نەپسى غىق تويغان، نەزەرى
ئۇستۇن، ئەمما شۇنچىلىك مېھرىبان ئەقىللىق قېيىنئانام مې-
نى ھىماتى ئاستىغا ئېلىپ، ئىچىمغا ئاچ، توقۇمغا توق بولغاچ-
قىلا، بۇ ئائىلىگە شۇنچىلىك مېھرىم چۈشۈپ ئىچەركىپ كەت-
تىم. لېكىن، بۇنداق ئىچەركىشىشتىن ئۇننى يۇغۇرۇپ، يەنە
يۇزنى قوشىمۇ بۇ مېنىڭ ئابدۇللا غوجامغا بىر زەررە ئامراق
بولۇشۇمغا پايدا قىلمايتتى، چۈنكى غوجامنىڭ لىيىنىڭ تۇزى
يوق، ئۇنىڭ ئۇستىگە شېكەر بىلەن ھەسەلنىڭ زىيادە جىق قو-
شۇلۇپ قالغىنى كۆڭلۈمنى ھە دېگەندە غەش قىلىپ، لەش
قىلاتتى... شۇنداقتىمۇ شەكىللىنىپ بولغان پاكىتنى قوبۇل

قىلماسلىقىنىڭ نامەلۇم بىر پاجىئەگە ھامىلىدار ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىپ تۇراتتىم. ناۋادا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ھەر-قانداق قاباھەت پەقەت ئۆزۈمنىڭلا تەقدىرىگە چېتىلسا ئىدى، ئالتە كۆنلۈك ئالەمدە تەقدىرىم بىلەن ئېلىشىپ بېقىشىممۇ مۇمكىن ئىدى. شەرتلەر ئادا بولۇپ، داداممۇ لەۋزىدە تۇرغان بولدى. نىھايەت، تېشىمدىكى ئىمكانىيەتنى ئىچىمنىڭ ئىچىدى-كى مۇمكىنسىزلىك مۇتلەق ۋە مۇتلەق دەم تارتىپ يۇتۇپ كەت-تى. بويۇمدا قالدى... غوجامنىڭ پۇشتى ـ ئەۋلادى ۋۇجۇدۇمغا ئۇنگەن شۇ كۈندىن باشلاپ تەقدىرىمگە مۇتلەق قۇل بولدۇم، ھەممىنى تەن ئالدىم، ئەلھۆكمىلىللا جان دەپ بويسۇندۇم... ئەمدى قاچانغىچە دېيەلمەسلىكنىڭ يالقۇنسىز ئوتلىرىدا چۇچۇ-لىدەك كۆيەرمەن؟ ئاچچىق تۇتۇنلىرىم يا مېنى كۈل قىلىپ تاشلاپ، يا چوغ قىلىپ يالقۇنلىتالمىدى. مەيلىدىغۇ كۆيۈپ، ئا-شۇنداق تۇتۇنگە ئايلىنىپ مۇشۇ ئۆيگە سىڭىپ كەتسەم... لې-كىن، مېنى ئۆلۈمدىن بەتتەررەك ئازابلاپ جان ـ جېنىمغا ئوغ-رى تىكەندەك پاتقىنى ــ مېنىڭ تەقدىرگە بويسۇنغىنىمدىن-مۇ ھەسسە ئۆتە، غوجامنىڭ ماڭا بويسۇنۇشى بولدى. 

ھامىلىدار بولۇش بىر ئانىنىڭ ئەڭ بۈيۈك بەختى! توغرى-سى، ھالاللىق بىلەن ئەرگە تەگكەن خوتۇن كىشىنىڭ ھەق نې-سىۋىسى، بۇرچى، ۋەزىپىسى، مەجبۇرىيىتى. مۇشۇ گېپىم قاند-داق بولغاندۇ؟ قەلبىمدىكىنى تازا توغرا ئىپادىلىيەلمەي رەللە بولۇۋاتىمەن... راست گەپنى دېسەم مۇشۇ چاغدا ئاچچىق تۇيغۇ-لىرىمنى شەرھلەشتە ئانا تىلىمنىڭ پاساھىتىدىن مۇۋاپىق سۆز تاپالماي شۇنچىلىك قىينىلىپ غوجامغا تېخىمۇ ئۆچلۈكۈم تۇ-تۇپ كېتەتتى. چۈنكى ئۇ بولمىغان بولسا مەن ئالىي مەكتەپكى-چە ئوقۇيالايتتىم، بۇنداق گاچىدەك تىتىلداپ تۇرماي، جىمىق نەرسىلەرنىڭ تېگىگە يېتىپ، مەنىسىنى بىلىپ، ئىپادە قىلالايتتىم. توم ـ توم كىتابلارنى يازغان ئاشۇ يازغۇچى ئادەم-

لەرگە ئەقلىم بەكلا ھەيران قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچ ـ قارنى غىچ سۆز خەزىنىسىمىكىن، قانداق يازالايدىغاندۇ ئۇلار؟!... غوجامنىڭ ئاق دېسەم ئاق، قارا دېسەم دەل قارا دەپ قارشىلىقسىز يول قو-يۇشلىرى، ئاشۇ رەڭسىز، پۇراقسىز، تەمسىز، تېتىقسىز سۆ-يۇشلىرى ۋۇجۇدۇمدىكى ئىنتىلىش، قىزىقىش، زارىقىش، تەشـ-نالىق يەنە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان روھىي، ھېس ـ تۇيغۇمغا تەۋە بارچە نەرسىلەرنى مۇگدىتىپ، گاراڭلاشتۇرۇپ، زەئىپلەشتۇ-رۇپ، خارابلاشتۇرۇپ، ئاياللىقىمنىڭ تېرەن، ئويناق، جۇشقۇن ماغدۇر ـ قۇۋۋىتىنى يۇتۇپ كەتتى. شۇنداق مەن 18 ياشقا تو-شۇپ غوجامنىڭ نىكاھىغا ئۆتكەن دەقىقىدىن باشلاپ ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى يوقاتقىنىمدىن گۇمان قىلمايتتىم. بىر خىل رىتىمدا ئۆتىدىغان ئازابلىق تۇرمۇش. بۇنى ئويلىغانسېرى تې-خىمۇ جۇدۇنۇم ئۆرلەيتتى. ئېتىم لەيلىگۇل! بىلىشىمچە «لەيـ-لى»مۇ گۇلنىڭ ئىسمى، غوجامنىڭ لەنىتى چۈشكە كىرگەن چىمەنلىكتىكى لەيلىقازاقلىقتا لەگلەك ئۇچۇرۇپ ئوينىغان قىزنىڭ ئىسمى... شۇنداق بولغاچقىمىكىن، بەزىدە بۇ ئىسىمـ-غىمۇ ئۆچلۇكۇم كېلىپ قالاتتى، ۋۇجۇدۇمدىكى ھېچبىر نەر-سىدە ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي نېسىۋەم يوقتەك... لەيلىگۇلنىڭ ئاق ۋە قىزىل رەڭدە ئېچىلىدىغىنىنى بىلەتتىم، لېكىن ئۇنىڭ پۇ-رىقى چۈچۈمەل ئىدى، كاشكى، چۈچۈمەل پۇراق چىقىرالىغان بولسام، قىرتاق پۇرايدىغان لەيلىگۇل بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. قو-رۇپ، قاغجىراپ ئۆلۈپ قېلىشىمدىن قورقۇپ قالمايتتىم، كۆز-لەرنىڭ بىرىدە زەھەر پۇراپ باشقىلارنى ۋەيران قىلىپ قويۇ-شۇمدىن بەك قورقاتتىم.

— تۇتۇپ باقسام بولارمۇ؟ — غوجام سەندەل كارىۋاتنىڭ ئوتتۇرىسىغا پاسىل قىلىپ دۈۋىلەپ قويۇلغان خاڭدەن يوتقاندىن تۇكلۇك بىلەكلىرىنى ناۋاينىڭ ئوت چۇخچىلايدىغان كۆسىيە-دەك سوزۇپ كەلدى.

— قوللىرىنى يىغىسىلا! — ئۆزۈمنى ئىلىپ قاچىمەن دەپ، كارىۋات گىرۋىكىدىن سىيرىلىپ كەتكىلى تاس قالدىم، — ئانا - بالا ئىككىمىزگە قەست قىلماقچىمۇ؟ دوختۇرنىڭ دېگەنلىرىنى ئۇنتۇدىلىما؟ ئەسلىدە ھۇجرا ئايرىشىمىز كېرەككەندۇق، — ئىچىمگە مۇز چۈشكەندەك جۇغۇلداپ كەتكەنىدى.

— قورقمىسىلا لەيلى خېنىم، تۇتۇپ باقاي دېگەن شۇ، مۇندۇ بىرنى تۇتۇپ باقساممۇ بولماسمۇ؟

غوجامنىڭ مىسكىن، تىترەڭگۈ يېلىنىشلىرى قۇلىقىمدا غىڭىلدىغاندا تېنىم تىكەنلەشتى، ئۇنىڭ ماڭا بولغان كۆيۈنۈشلىرى تېخىمۇ تېتىقسىزلىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. سىزلەيدىغان ئادەم تۇرۇپلا «سىلە، ئۆزلىرى» گە ئۆگىنىۋالدى. بىلىمەن، بۇ ئۇنىڭ مېنى بارغانچە ئەتىۋارلاپ، مەندىن بارغانچە ئەيمىنىپ كېتىۋاتقىنىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

— نېمىنى تۇتىدىلا؟

كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم، لېكىن تولۇق جۇپلەشمىگەن كىرپىكلىرىم تىترەپ تۇراتتى.

— باشقىنى ئەمەس... شۇ ئۆزۈمنىڭ پۇشتىنى... مىدىرلىغىنىنى مەنمۇ بىلىپ باقسام...

— لېكىن ... غوجام، — گېپىم بوغۇزۇمدا تۇرۇپ قالدى. بىلىمەن، بىزنىڭ غوجام كالىلىسى شۇنچىلىك سۇزۇك، دىل ئازاردىن بىزار، كۆڭلى نازۇك ئادەم، شۇ بىر يېرى باركى، مەندەك توك تېزەكنى نېرى - بېرىسىنى ھېسابلاشمايلا «خۇدايىم بەرگەن ئالتۇن - تىللا» دەپ ئىلىپ قويغان؛ «كىمنىڭ ئەزىزلىرى كىمگە خار» دەپ، مەندەك دىلى چويۇندىن قاتتىق مۇزلۇق چامغۇرنى تەۋەككۈل قىلىپ يۇلۇپ قويغان... مۇشۇ «ئۆچلۈك» دېگەننىڭ مەندە قانچىلىك قان قىساسى بارلىقىنى بىلمىدىم، بىلىدىغىنىم — مۇشۇ مۇبارەك بەختى قارا ئېرىمنىڭ ماڭا ھەددى - ھېسابسىز ئامراق بولغىنىغا قارىغاندا مېنىڭ ئۇنىڭغا

مىڭ ھەسسە ئۆچ بولۇشۇم... مۇشۇ كۆڭلۈمنىڭ غەشلىكىدە، نا-ۋادا ئۇنىڭغا دىل مەيلىمنىڭ مايىللىقىنى قوزغاپ، ئۆچلۈكۈمگە زەررىچە داۋا بولىدىغانلا ئىش بولسا ئىت پوقى بىلەن مۇشۇ-نىڭ پوقىنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسىغان كۆمىلاچ بولسىمۇ كۆزۈمنى يۇمۇپ قىلماي ئېغىزىمغا كوملا سالار ئىدىم، — سىلى بىلمەيدىلا غو-جام، مۇشۇ سېزىكلىك دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن دېسە، سىلى-دىن قورقۇيدىغانغا سېزىك بوپتىمەن، — ئىككى كۆزۈمنى تامغا تىكىپ تۇرۇپ، قىپقىزىل يالغان ئېيتىۋاتقىنىمدا ئۇنىڭ بىلىپ قالغان - قالمىغىنىنى ئاڭقىرالمىدىم. ھەممىنى سېزىككە ئارتتىم، شۇنىڭغا دۆڭگىمىسەم، ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇشقا دەسمىي ھەم تۇتۇرۇق بولغۇدەك ھېچبىر ئاساسىم يوق ئىدى. مۇشۇ ئا-دەملەرنىڭ سەۋەب - نەتىجىلەرنى سۈرۈشتە قىلىشلىرىغا شۇن-چىلىك خۇشۇم يوقكى، تۇۋا، ئامراقلىق بىلەن ئۆچ بولۇشنىڭ سەۋەبىنى نېمىشقا ئېنىق شەرھلەپ بەرگىلى بولمايدىغاندۇ؟ كۆڭۈلگە تالىق نەرسىگە پاكىت تەلەپ قىلىشنىڭ ئۆزى قىپقى-زىل ساراڭنىڭ ئىشىغۇ؟ (ئەمىسە ئۆزۈم قىپقىزىل ساراڭ) ئە-گەر تۇيغۇغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنىڭ سەۋەبىنى ئىنسان ئۆ-زى بىلىپ تۇرۇپ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى كونترول قىلا-لىسا ئىدى، بىرمۇ ئايال ئۆزى سۆيمىگەن ئالىيجاناب، پەزىلەت-لىك، تەقۋا، رايىش، سىپايە، باي - زەردار... يەنە شۇنىڭغا ئوخ-شاش ياخشى سۈپەتلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرىدىغان نامى ئۇ-لۇغ ئەر بىلەن مۇھەببەتسىزلىكنىڭ زۇلمەت باسقان جاڭگىلىدا يالاڭئاياغ تىكەن دەسسەپ يۈرمەس بولغىيتتى! ھەم بىرمۇ ئايال ئوغرى، قىمارۋاز، بۇلاڭچى، قاراقچى، ھاراقكەش، بەڭگى، نام-رات، گادايلار بىلەن توي قىلىپ قورسىقى ئاچ، كىيىمى يېلىڭ يۈرسىمۇ، يۈرىكىنى توق تۇتۇپ، ياتسا يېتىپ، قاچسا قېچىپ، باياۋاندا تاشنى ياستۇق قىلىپ ماموق تۆشەكتە ئېغىناپ ياتقان-دەك راھەتلىنىپ ياشىماس ئىدى. ئامراقلىق بىلەن ئۆچلۈك دې-

گەننىڭ كۆچى نىمانچە زور، ئارىلىقى نىمانچە يىراق، پەرقى نىمانچە چوڭ بولىدىغاندۇ؟ غوجامغا بولغان ئۆچلۈكۈمنى دەپتەر ـ قەغەزگە پۈتۈپ قويۇشقا توغرا كەلسە، بىر دېڭىزنىڭ سۈيىنى سىياھ قىلسامۇ يېزىپ تۈگىتەلمەيتتىم، ھەتتا ئۇنىڭ خوتۇنى بولغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمگىمۇ ئۆچلۈكۈم كېلىپ قالاتتى، خەقنىڭ خوتۇنلىرى جېنىدىمۇ قۇرۇپ قالغان كالا تېزىكىگە سېزىك بولۇپ، قول ياغلىقىغا قۇرۇق تېزەكنى ئوراپ، پۇراپ يۈرگەنۇ، مەن نېمىشقا بۇرۇن پەررىكىدە خاسىيەتلىك مېڭى بار، ناۋاتتەك سۆزۈك غوجامغا سېزىكلىك سەۋەبىدىن بولسىمۇ بىر نۆرە ئامراقلىق بىلەن قاراپ باقمايدىغاندىمەن؟ ئۆچلۈكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىلىگەن تىلەكلىرىم تەقدىرىمنىڭ باغرىنى ئېرىتەلىگەن بولسا، مەن ئۇنىڭدىن مىڭ مەرتەم ئادا ـ جۇدا بولۇپ بولغان بولاتتىم. نىھايەت، ھەققىمگە شۈكۈر قىلماي، ئىچىمدە ئۆز نېسىۋەم، ھالال رىزقىمدىن زارلانغىنىم ئۈچۈن تىلىگەن تىلەكلىرىم پۈتلىرىمغا چىتە، بوينۇمغا تاقاق بولۇپ، مېنى ئۇنىڭغا ئەبەدىيلىك باغلاپ قويدى. تېشىم ئاپپاق رەڭ بىلەن قۇياش چۈشكەن ئاق ياقۇتتەك يالتىراپ تۇرسىمۇ، ئىچىمدىكى لەھەدتەك قاراڭغۇ، كېچە زۇلمىتىدەك قاپقارا خىيالىمنىڭ ھەرىكەتكە ئايلىنىشىدىن بۇرۇن گۇناھ ھېسابلىنىشى ھەقىقەتنىڭ بەتلىرىگە پۈتۈلگەن بولسا ئىدى، مەن دۇنيادىكى گۇناھى ئەڭ ئېغىر ئايال بولۇپ قالار ئىدىم...

— خوتۇن خەقنىڭ سېزىكلىكىنى يامان دەيدىكەن. ئىدىسىت، پاكىز پۈشتۇمنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىدىن بولسىمۇ، كەمىنە كۆيەرلىرىگە بىر نۆرە ئامراق بولۇپ بەرگەن بولسىلىرى ئۆلسەم كىرىپكىم جۇپلىشەر ئىدى... سىلىگە ئۇۋال قىلدىم، لېكىن ئاشىقلىق دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن، — غوجامنىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىنى قاراڭغۇلۇق يۇتۇپ كەتتى.

— نېمە دېگەنلىرى بۇ غوجام؟ — خۇددى ئۇ چېقىلغان

قەلب پەنجىرەمدىن، بىلىشكە تېگىشلىك بولمىغان مەخپىيە-تىمنى كۆرۈپ قالغاندەك قاتتىق چۆچۈدۈم، — ئەسلىدە سىلد-گە ئۆچ ئەمەستىم.

— بىلىمەن لەيلى خېنىم، — غوجام ھەسرەتلىك تىنىپ خاڭدەن يوتقان ئۈستىدە قېتىپ قالغان قوللىرىنى، ئۇتقا تەگ-مەي تۇرۇپ تەپتىدە چۇچۇلىغا ئايلانغان كۆسەيدەك ئۇزۇن بە-لەكلىرىنى ئاستا يىغىشتۇرۇۋالدى.

— كەلسىلە، تۇتۇپ بېقىشقا ھەققى - ھوقۇقلىرى بار تۇ-رۇپ نېمىشقا چەك تۇرمايدىلا؟ بۇنچە ئەتىۋارلاپ، ئەيمىنىپ، يىتىرقاپ كەتكىلى مەن دېگەن كىمدىم؟ ناھايىتى سىلىنىڭ بىر تال يېتىم قوۋۇرغىلىرى، ئاجىز مەزلۇمەلىرى... كەلسىلە ئۇز غوجام! مانا ئۇ يەنە بىر قېتىم مىدىرلىدى، — غوجامنىڭ يوغان قوللىرىنى تۇتۇپ، قوزا بېشىدەك تومپىيىپ چىققان قورسىقىمغا ئاستا قويۇپ قويدۇم. ئاندىن كۇلۇمسىرىمەكچى بو-لۇۋېدىم، پېشانەمنى غۇچچىدە سوغۇق تەر بېسىپ، يۈز مۇسكۇل-لىرىم غەلىتە تارتىشىپ كەتتى.

— رەھمەت ئۇز ئالتۇن، — غوجامنىڭ ئۇنىنى يىغا بوغۇ-ۋالدى، بۇرۇن پەررەكلىرى لىپىلداپ تىترىگەندە قارا مىڭمۇ مىدىرلاپ كەتتى بولغاي، — سىلىگە ئاشىقمەن لەيلى خېنىم، سىلە بولمىسىلا ياشىيالمايمەن ئۇز ئالتۇن! نازۇك تەنلىرىنى كۆپ ئاسرىسىلا بولاتتى، يا يېمەيدىلا، يا ئىچمەيدىلا، بەدەنلىرد-نىڭ قۇۋۋىتىنى بالام شۇمۇرۇپ تۇرسا... كۆڭۈللىرى نېمە تارتسا دەۋەرسىلە، توخۇ سۈتى، يىلان پۇتى دېسىلىمۇ ئامالىنى قىلىمىز ئالتۇن خېنىم.

— ماڭا ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلىسىلا تېخىمۇ سىقىلىپ كېتىدىكەنمەن ئۇز غوجام.

— بېشىمغا ئېلىپ، چېكەمگە تېڭىپ، تۆگە تايلاق ئېتىپ

ماڭسامىۇ قەدىرلىرىگە يەتمىگەنگە ھېساب.
— غوجام!... مەن بىلەن قېرىشىۋاتىدىلا.
مىشىلداپ يىغلىۋەتتىم.
— سىلىنى بىزار قىلغىنىمنى بىلىمەن، بەزىدە زادى قانداق قىلسام ياخشى بولىدىغىنىنى بىلەلمەي قالىمەن، تەمتىرەيمەن.
غوجام شۇنداق تەسىرلىك سۆزلىدى. تەسىرلىك گەپنى ئېغىزى تۆشۈك ئادەمنىڭ ھەممىسى قىلالايدۇ، گاس ـ گاچا بولمىسىلا نۆۋەتتى كەلگەندە ئېسىگە كەلمىسە يادقا ئېلىپ، تەسۋىرلىيەلمىسە تەقلىد قىلىپ بولسىمۇ ياناپ، يامىداپ قىلالايدۇ. ئەمما، بىر ھەقىقەتكە شەكسىز، شەرتسىز ئىشىنىمەنكى، ئۇ ھەممىسىدىن بەك راست گەپ قىلدى. چۈنكى قۇلىقىم چىقىپ تا مۇشۇ كەمگىچە مەن بۇ ئادەمنىڭ بىر ئېغىز يالغانىنىڭ پۇچۇقىنى قوشۇپ سۆزلەپ باقمىغىنىغا قەسەم قىلىپ بېرەلەيتتىم. ئۆزۈم دەسسەپ تۇرغان يەرنىڭ ئۈستى، ئاسمانىنىڭ ئاستىدا مېنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنىڭ غوجام ئىكەنلىكىدىن ئەزەلدىن گۇمانلىنىپ باقمايتتىم، ئۇنىڭ بوز كۆزلىرى مەن لەيلىخاندىن باشقا مەزلۇملارنى كۆرەلمەيتتى، ئۇنىڭ بۇرنى مەندىن باشقا مەزلۇملارنىڭ ھىدىنى پۇرىيالمايتتى. ئايال كىشىنىڭ ھىدىنى ئېرىمنىڭ بۇرنى پۇرايتتى، دېگىنىمنى باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن راستتىنلا ھەزەر ئەيلەيمەن... ئەڭ ياخشىسى ئېرىمنىڭ سەزگۈسى دەي... ناۋادا مەن قازايىقەدەر، ئۇلارنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى دۇتلانغان 90 توقاچلىق شور تونۇرغا چۈشۈپ كېتىپ، يۈزلىرىم سويۇلۇپ چۈشكەن ئېچىق خېمىرنىڭ توقىچىدەك ساقىپ چۈشۈپ كەتسىمۇ، ئۇ مېنى تاشلىۋەتمەيتتى. دەل مۇشۇ بىگۇمانلىق، تاش تۇزىدەك ئېغىر، ئاچچىق شاكىراب ئىشەنچ نەپسىمنى ئېچىشتۇرۇپ، ئى-

چىمنى جىگەرگە ئۇلاشقان سىبرىق ھەرىدەك چىشلەپ يەيتتى.
ناۋادا ئۇنىڭدىن يىڭنىنىڭ ئۇچىدەك گۇمانلىق، زەررىچىلىك
ئىشەنچسىزلىكنى ئىپادىلەيدىغان باھانە ـ سەۋەبكە ئېرىشەلە-
سەم كاشكى، كۆز بىلەن كۆرۈپ، قول بىلەن تۇتۇپ بىلگىلى
بولىدىغان ماددىلاشقان، شەكىللەشكەن تەن ـ ۋۇجۇدۇم ئاخى-
رەتكىچە ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولۇپ كەتكەن، كەتكىنىگە ئاسمان ـ
زېمىن، قۇياش ۋە ئاينى شەكسىز گۇۋاھلىتىپ قويۇشقا ئىشەن-
چىم تاغدەك بولسىمۇ، ۋاھالەنكى، روھىي جەھەتتىكى مەۋھۇم
بوشلۇق خىيال ـ تۇيغۇلىرىمدىن، تەسەۋۋۇر، چۈشلىرىمدىن
كۆڭلۈم خۇشىغا ئىمكان ئىزدەيتتىم. ئەمەلىيەتتە بىر مەزلۇمە-
نىڭ ئۆز ئېرەكتىسى ئېغىزىدىن مۇشۇنچىلىك راست گەپنى
ئاڭلىشى ئۇنىڭ ئىككىلى دۇنيالىق بەختى ئۇچۇن شىرىن تې-
تىتقۇ، مەنىۋى خۇرۇج ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتىم. ئىست،
بىلگىنىم چاتاق بولدى. بىر ھېسابتا، نادان، ئەخمەق، يەڭگىل-
تەك بولغانمۇ ئايال كىشى ئۇچۇن راھەتلىككەن... تۇيغۇلىرىم
ئازغۇنلۇققا قاراپ يۈزلىنىپ، مەنىۋىيىتىمنىڭ تەتۈر قويۇنلىرى
ئۇشقىرتقاندا شەيتاننىڭ ھىيلىسى بىلەن ئېغىزى ئېچىلىپ
كەتكەن دەمدە قاپاقتىن چىقىپ كەتكەن بەند دىۋىنىڭ روھىدەك
ئەقلىم خىرەلىشىپ، ئېغىزىمغا كەلگەننى جۆيلۈپ قويارمەنمۇ؟
ئادەمنىڭ ئەقلىنى تۇپراقتىن، نەپسىنى ئوتتىن، كۆڭلىنى سۇ-
دىن، روھىنى شامالدىن ئالغان دەيدۇ، شۇڭا ئادەمنىڭ ھە دېگەن-
دە ئەقلى توزۇپ، نەپسى كۆيۈپ، كۆڭلى داۋالغۇپ، روھى گۇر-
كىرەپ تۇرامدىغاندۇ؟... تۇيغۇلىرىم قاپقارا، خىيالىم بەتبەشىرە
بولسىمۇ ئېغىز ئالغان يامان خەستەك ئىچىمدىن تېشىمغا تاش-
تىم. راست سۆزلەش قانچىلىك راھەت ـ ھە! ئۆزۈمگە ھالاللىق،
توغرىلىقتىن يەنە تەسكىن ئىزدەيتتىم، لېكىن ئۇنىڭ ئاشۇ
«ئالتۇنۇم» بىلەن باشلانغان قايماقتىن سىلىق، ھەسەلدىن تاتلىق

گەپلىرىنى ئاڭلىساملا كوڭلۈمنى قايتىدىن غەشلىك باساتتى.
— ئۆتۈنەي ئەمىسە، مېنى ئالتۇنۇم دېمىسىلە ئۇز غوجام.
— لېكىن، شۇنىڭغا ئېغىزىم كۆنۈپ قاپتۇ ئالتۇنۇم.
... ئىسىت... مەن بىلەن شۇ قەدەر قېرىشىپ نېمىگە ئې-
رىشەرسەن مەڭلەش غوجام، دەيتتىم ئىچىمدە. ئاندىن چىشلى-
رىم غۇچۇرلاپ كېتەتتى، بۇنى غوجام ئەسلا بىلمەيتتى...

# ئالتىنچى باب

شۇنداق قىلىپ كۈنلەر جۇۋازغا قاتقان قاشاڭ كالىدەك ئاستا ـ ئاستا ئۆتۈپ، قورسىقىم بارا ـ بارا يوغىناشقا باشلىدى، ۋۇجۇدۇمدىكى بۇ جانغا ئامراق ياكى ئۆچلۈكۈمنى ئۆزۈممۇ ئاڭقىرالمايتتىم، ئۇنىڭ قىز ياكى ئوغۇل بولۇشىمۇ مەن ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ يەتتە ئەزايىنىڭ ساق ـ سالامەت، بىجىرىم بولۇشىنى تىلەيتتىم. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بۇرۇن پەرىكىدە مەڭ بولۇپ قېلىشىدىن بەكلا ئەندىشە قىلاتتىم ۋە كېچە ـ كۈندۈز شۇ گۆشنىڭ ئەندىشىسىدە ئۆتەتتىم.

— مۇشۇنداق يېمەي ـ ئىچمەي قايسى ماغدۇرۇڭ بىلەن تۇغۇپ بېرىسەن نەۋرەمنى؟ — شەرۋانە خېنىم مىس لېگەندىكى شورپىدا پىشقان قاشتېشىدەك ئاق چامغۇرنى جىگدە شوخىسى بىلەن ئېلىپ، ماڭا خوش ئەتتى، — ئاچ ئېغىزىڭنى، بىر چىشلەمنى كۆزۈم كۆرە يەپ بەرگىن، گۆشنى يېمىسەڭمۇ مەيلى دەيمەن.

— ئۆزۈم يەيمىكىن، سىلىنى مالال قىلىپ، — ئۇنىڭ قولىغا قولۇمنى ئۇزاتتىم.

— مەن يېگۈزگەننىڭ تەمى باشقا، ئېغىزىڭنى تۇمۇچۇقتەك بىر ئاچە بالام، — بۇزرۇكۋار قېيىنئانامنىڭ گېپى مانا مۇشۇنداق تاتلىق، مەھەللىدىكى ھېچبىرىنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. نەزەرىمدە دۇنيادىكى ھېچبىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭچە يېقىملىق، گەپ سۆزىنىڭ ۋەزنى ـ ئۇرغۇسى ئۇنىڭچە گۈزەل، شىرىسى ـ تەمى ئۇنىڭچىلىك لەززەتلىك ئەمەس ئىدى. ئەتلەس يېكەندازدىن

سەلگىنە قوزغىلىپ ئۇنىڭغا بويۇندىدىم، ئاندىن زاڭىقىمنى سو-زۇپ، لەۋلىرىمنى ئاچتىم، ـــ شىپا بولسۇن، سىڭسۇن، يەنە بىر لوقما يەپ بەر.

شۇ چاغدا كۆڭلۈمدىن بىر خىيال كەچتى. نېمىشقا بۇرۇن-راق شۇنداق ئويلىمىدىمكى، ھېلىمۇ كېچىكمىدىمغۇ؟ بالام مەي-لى ئوغۇل ياكى قىز بولۇپ تۇغۇلسۇن، ساق ـ سالامەت يەرگە چۈشسىلا ئۇنى چوقۇم شەرۋانە خېنىم ئېغىزلاندۇرۇپ بەرسۇن، ياق... ياق، ئوغۇل بولۇپ قالسا... دەرھال بۇ خىيالىمدىن يالتى-يىپ قالدىم. ھەرگىز دادىسىنى تارتىپ قالمىسۇن! ئەر كىشى-دەك قەھرلىك، خۇي ـ پەيلىنىڭ تىيى ـ رەزمى بولسۇن! قاش ـ قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان، بۇزۇلغان ئاسماندەك گۈلدۈرلەپ تۇرىدىغان، قارا بوراندەك قۇيۇن تەلەتلىك، كۆڭلى ـ كۆكسى يەنە دادىسىنىڭكىدەك كەڭ، دادىسىنىڭكىدەك ئاق، مې-ھرىلىك بولسۇن... گۇناھلىق خىياللىرىمنى ساخاۋەتلىك تۇي-غۇلىرىم يۇيۇپ كېتەلەرمۇ؟... شېشە پوچۇقى ئارىسىدىن خى-رۇستال دانچىسى تېپىۋالغاندەك سۆيۈنۈپ، ئۆز خىيالىمدىن بىردىنلا ئادالەت تۇيغۇسىنى سەزدىم... ئاچچىق ئوغىدىن تاتلىق قىيام قايناتقىنىمدىن راستتىنلا ھۇزۇرلىنىپ قالدىم... چۈنكى كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ ھەقنى كۆرمەسلىكنىڭ ئۆزى ئېغىر گۇناھ...

* * *

ھەممىنى يېپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە خاتىرلەپ قويۇشۇم نە ھاجەت، مېنىڭ بېشىمغىلا كېلىدىغان كۈن ئەمەسقۇ ـ بۇ؟! ئاي قارارىم توشقاندا دۇنيادىكى بارلىق ئانىلار تارتىدىغان ئاچچىق تولغاق، دەھشەتلىك ئاغرىق ئازابىنىڭ ئەڭ ئېغىرىنى تارتىپ، ئوغۇز ئېيىنىڭ 25 ـ كېچىسى سۇبھىگە ئۇلاشقان سەھەردە، سۇمبۇل چاچلىرىم ئۆز بارماقلىرىمدا يۇلۇنۇپ، چىرقىرىغان

ئازابلىق ئاۋازىم شىپاخانىنىڭ سوغۇق تاملىرىنى تىترەتكەندە ئۆگە ـ ئۆگىلىرىم قاراسلاپ ئاجراپ، باغرىم ۋاراسلاپ يېرىلىپ غوجامنىڭ پۇشتى ـ ۋەسلى چىرقىراپ ـ ئىڭەلەپ يورۇق دۇن-ياغا چۈشتى.

ــ ئوغۇلكەن!

ــ مۇبارەك بولسۇن لەيلى خېنىم.

پۈتۈن بەدەن ـ ئەزايىم لەشتەك بوشىشىپ كەتكەن، كۆزۈمنى ئاچقۇدەك مادارىم يوق، قۇلىقىمدا بوران گۈركىرەپ تۇراتتى.

ــ قاراپ بېقىڭ... لا، ئۇنىڭ بۇرۇن پەر... رىكىدە مېڭى بارمىكىن؟ ــ ماغدۇرسىز ئۈنۈم بوغۇزۇمنى تىترەتكەندە، چىشلىرىم پاتقان قۇرۇق لەۋلىرىم مىدىرلىدى.

ــ نېمە مەڭ؟ يۈزلىرى دۈپدۈگىلەك، پاقلاندەك بۇدرۇق.

ــ ئۇنى ماڭا كۆر... سىتىڭلا، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي...

قىزغۇچ ئاتلىما گۆش، بۇدرۇق بالامنىڭ قىرقىراپ يىغلا-ۋاتقان چىشسىز ئېغىزلىرىغا قاراشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ بۇرۇن پەررىكىگە قاراپ ئۆلگۈردۈم، ئاھ خۇدا ئۆزۈڭ ساقلاپسەن!... ئۇ-نىڭ تېپچەكلەپ تۇرغان مىغدىق پۇتلىرى ئاراچلىرىغا كۆزۈم چۈشتى، راستىنلا ئوغۇلكەن... ئارسلانىم!... چىڭقىلىپ تۇر-غان كۆكسۈم شۇررىدە قىلغاندا ئىسسىق بىر سۆيۈقلۇق كۆڭ-لىكىمنى نەم قىلدى. سىرتتىكى ئوچۇق ئاسماندا لەكمىنىڭ قار-لىغاچ تۇپى تۇغۇتخانا ئۆگزىسىدە پەس ئۇچتىمۇ ـ يوق، ئۇنى بىلەلمىدىم... ئۇچسۇن ـ ئۇچمىسۇن مېنىڭ ئىختىيارىم ئە-مەس، بالام كۆز ئېچىپ يورۇق دۇنياغا چۈشكەن مۇشۇ دەقىقە، ئانىلىق قەلبىمنىڭ چەكسىز ئۇپۇقىدا تۇمەنمىڭ ئارمان ۋە گۈ-زەل تىلەكلىرىم قارلىغاچتەك پەرۋاز قىلىپ، بۇيۇك بىر مەن-زىلگە قاراپ قانات قېقىۋاتقاندەك تۇيۇلدى...

قورقۇنچلۇق تۇغۇت ئۆيىدىن گۆش رەڭ رەزىنكە كىرلىك

سىلىنغان غالتەكتەكلىك ناسولكا بىلەن غىچىرلاپ چىقتىم. بىتون تەگلىرى جىگەر رەڭ سىرلانغان تارچۇق كارىدوردىكى بىر توپ ئادەملەر كارىۋىتىمغا غۇچچىدە ئولاشتى، ماغدۇرسىز قولۇمنى ئالدى بىلەن شەرۋانە خېنىم يۇمشاق ئالىقانلىرىغا ئې-لىپ، يۈزلىرىگە ياقتى.

— مۇبارەك بولسۇن لەيلى بالام! خۇدايىم ئاسانلىقنى بەر-دى، پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغدۇڭ! چىراغلىرىمىزنى نۇرلاندۇر-دۇڭ قىزىم! — ئۇنىڭ ئىسسىق ياشلىرى يۈزۈمگە تامدى. شۇ هامان بوغۇزۇمنى ئەزگۈ بىر يىغا قاپساپ، تاشقان ياشلىرىم چاچلىرىم ئارىسىغا سىڭدى.

— مۇبارەك بولسۇن خېنىم بالام، ئاللاھ ئاسانلىقنى بەر-دى، — ئانامنىڭ نەملەشكەن كىرپىكلىرى يۈزلىرىمنى سۆيۈپ، ئورۇق قوللىرى پېشانەمنى سىلىدى.

— ئانا... جېنىم ئانا... جەننەت راستتىنلا ئايىغىڭ ئاس-تىدا ئىكەن، — مىشىلداپ يىغلىۋەتتىم.

— ئالدىرىما قىزىم، بۇنى ھەقىقىي ھېس قىلىشىڭغا تېخى كۈنلەر ئۆزۈن، شۇنداقمۇ قۇدام، — شەرۋانە خېنىم ئانامنىڭ كەينىگە سۇرۇلۇپ كەتكەن گىرىپ لېچىكىدىن چىقىپ قالغان چۇۋۇق چاچلىرىنى ياغلىقلىرى قېتىغا باستۇرۇپ قويۇپ، ئانام-نىڭ ئورۇق بىلەكلىرىدىن ئالماپ ئېلىپ گىرەلىشىپ تۇردى.

— قەمەر خېنىمنىڭ تۇغۇتى سىنىڭكىدىن يۈز ھەسسە يا-مان بولغان... ئۇ چاغدا بۇنداق ياخشى تۇغۇت ئۆيىمىز يوق، ئا-لەم مالىمان، ئېرەكتىلەر كۈرەش ـ پىپەندە، ھېچكىم بىز ئۇ-چۇن چاڭگاك مومدىكى قايىنتىپ تۇغۇتىمىزغا ئاسانلىق تىلى-مىگەن... شۇڭا قەمەر خېنىم سىنى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدە تە-ۋەللۇت قىلغان، ئۇنى يۇدۇپ يەتتە قېتىم مەككىگە ئاپارساڭمۇ سىنى ھۆل يەردىن قۇرۇق تۆشىكىگە ئالماشتۇرۇپ، ئۆزى ھۆلدە ياتقان بىر كېچىسىنىڭ ئەجرىنى قايتۇرالمايسەن... ۋۆي!

قېنى مېنىڭ ئابدۇللا غوجام؟ سېنىڭ ئۇنۇڭ چوت گەز ئېچىگە چۈشۈپ كەتتۇغۇ لاچىن ـ قۇرغۇيۇم؟ كەل بۇياققا، خوتۇنۇڭنىڭ ۋەسلى پۈشتۈڭنى ساق ـ سالامەت تەۋەللۇت قىلغىنىنى قۇت ـ لۇقلا جىگەرىم! توۋا، بۇ بالامنىڭ ئىچىنىڭ يۇمشاقلىقىنى، ئا ـ غىچىسىغا ئامراقلىقىنى، سەن لەيلى خېنىم ئاچچىق تولغاق يەپ ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيسەڭ، كۆيەرىڭ تېشىدا تۇرۇپ بەتتەر كۆي ـ دى، توختىماي تەسۋى سىيرىپ، سۈرە ياسىننى نەچچە ئون ئو ـ قۇپ تۇغۇتۇڭغا ئاسانلىق تىلىدى.

ـــ غوجامغا رەھمەت!

ـــ ياق... ياق، ئالەمدىكى پۈتۈن رەھمەتلەر سىلىگە بول ـ سۇن... مۇبارەك بولسۇن! جىق قىينالدىلا، ـــ غوجامنىڭ بە ـ لەكلىرىنىڭ قىمىرلاپ، مەن تەرەپكە سىلجىۋاتقىنىدىن ئۇنىڭ قولۇمنى تۇتقۇسى بارلىقىنى سېزىپ قالدىم. بۇ مېنىڭ ئۆمە ـ رۈمدە باشقىلارنىڭ كۆزىچە قىلغان ئەڭ ئۇياتسىز ئىشىم بول ـ سىمۇ، ئۇنىڭ تۇكلەش قوللىرىنى تۇتۇپ قويۇشنى راۋا كۆر ـ دۈم... راست گەپنى دېسەم، شۇ چاغدا نېمىنى ئويلىغىنىمنى ئېنىق دەپ بېرەلمەيمەن، لېكىن ئۆزۈمنىڭمۇ تونجى قېتىم ئۇ ـ نىڭ قولىنى تۇتقۇم كەلگەنىسىمان بىر ھالەتتە ماغدۇرسىز بار ـ ماقلىرىمنى ئۇنىڭغا ئۇنسىز ئۇزاتتىم، ئۇنىڭ يوغان قوللىرى بارماقلىرىمنى بوش سىقىپ قويدى. ئەمما، غوجام بىر ئېغىز ئۈندىمىدى، بىلەتتىم، ئەگەر ئۇ ئۈندەپلا سالسا چاناقلىرىدا لى ـ غىرلاپ تۇرغان ئىسسىق ياشلىرى تېشىپ كېتەتتى... توۋا، ئۇ ـ نىڭ قوللىرىنىڭ بۇنچىلىك ئىسسىق ئىكەنلىكىنى ئەزەلدىن سېزىپ باقماپتىمەن... ئۇنىڭ بوز كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ تۇراتتى، ئېنىقكى، ئىششىغان قاپاقلىرى، قىزارغان چاناقلىرى ـ دىن ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن ياش تۆككىنى بىلىنىپ تۇراتتى... ئۇ چىمەن دوپپىسىنى مەقسەتسىز كەينىگەرەك سۈرۈپ، بۇرنىنى يەڭگىل تارتىپ، لەۋلىرىنى قىمىرلاتتى. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى

بولغىنىنى مەن ھېس قىلدىم، «جاپا تارتتىڭىز ئالتۇن خېنىم!» ئۇ ئېغىز ئاچسىلا چوقۇم شۇنداق دەيدىغاندەك قىلاتتى. مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ قويۇپ، كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم، ئىسسىق ياشلىرىم يەنە چاچلىرىمغا سىڭدى.

ئاق سېلىنچىلىق تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ پۇرژىنىلىق كارىۋىتىدا ئوتتۇرىغا سامداپ ياتقىنىمدىنمۇ ياكى ئاچچىق تۇغۇتنىڭ ئاسارىتىدىنمۇ توقىقۇز كۆز ـ بەللىرىم شۇنچىلىك ئاغرىپ، چىڭقىلىپ تۇراتتى.

ـــ قولۇڭنى يېپىنچىغا تىق لەيلى قىزىم، شامالدارىپ قالـ سا كېيىن بىلىكىڭ ئاغرىپ قالىدىغان خاپىلىقىقا قالىسەن، ئۇ دەردنى بىز يا ساڭا تەڭ تارتىشىپ بېرەلمەيمىز. ئەمدىكى گەپ نەۋرەمنى ئېغىزلاندۇرۇش ئىشى ھەممىدىن مۇھىم، مېنىڭچە...

ـــ ئەڭ ياخشىسى جېنىم قۇدام، ئۇنى ئابدۇللا غوجام ئۆزى ئېغىزلاندۇرسۇنمىكىن. مانا مەن ئۇنىڭغا مەككە خورمىسى، باـ دام، ياڭاق مېغىزى، ئاندىن چوكا ناۋاتمۇ تەييارلاپ قويغان، ـــ ئانام شۇنداق دەپ ئاق داكىغا ئورالغان تۇگۇنچەكنى شەرۋانە خېنىمغا تۇتقۇزدى. قېيىنئانام تۇگۇنچەكنى تۇتۇپ بىرپەس جىممىدە تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ماڭا بۇرۇلۇپ، پىسىڭدە كۈلـ لۈپ قويۇپ پەس ئاۋازدا دېدى، ـــ ئەڭ ياخشىسى لەيلى بالام ئۆزى ئېغىزلاندۇرسۇن، ئۇنىڭ گەپ ـ ئېغىزى تاتلىق، خۇي ـ پەيلىنىڭ ۋەزنى بار.

ئابدۇللا غوجامغا قارىدىم.

ـــ ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئانىسى ئېغىزلاندۇرسۇنمىكىن، ـــ غوجامنىڭ «مىكىن» لىرىدىن كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئوغلىـ نى ئۆزىنىڭ ئېغىزلاندۇرغۇسى بارلىقىنى ھەممىمىز بىلىپ قالدۇق.

ـــ ياق ـ ياق، ئوغۇل بالا بولغاندىكىن دادىسى ئېغىزلانـ دۇرسۇنمىكىن بۇزرۇكۋار ئانا، ـــ قائىدە ـ يوسۇنىنىڭ ھۆرمىـ

تىدىن يۈرىكىمدىن ئەمەس، بوغۇزۇمدىن چىققان بۇ يالغان كېـ-
كىردەكلىرىمنى قىچىشتۇردى، — گەپنىڭ چىرايلىقىنى ھەممە
ئادەم قىلالايدۇ، ئەمما دېگىنىنى قىلماق بەسى مۇشكۇل. غوجام-
دەك ئاق كۆڭۈل، راست سۆزلۈك، ساخاۋەتلىك، مېھرىبان بول-
سۇن، (بۇ گېپىمغۇ راست)! — ماغدۇرسىز بەدەنلىرىم ياپراق-
تەك تىترەپ، ئىچىم ئوت ياققان قازاندەك مىژىلداپ تۇرمىغان
بولسا، غوجامنى يەنە قانداق سۈپەتلەر بىلەن رەڭلەر ئىدىم. ئى-
چىمنىڭ ئىچىدىكىنى دېسەم، ئوغلۇمنى دادىسىنىڭ ئېغىزلاز-
دۇرۇشىنى پەقەت خالىمايدىغىنىمنى ئۆزۈملا بىلەتتىم. شۇنداق-
تىمۇ «ئۆزىنى سورىغان ئاقىلنىڭ ئىشى» دەپ دادام ئېيتقان،
پۈتۈن - سۆرۈك بىر ئەركەك — ئۇنى مۇشۇ دۇنياغا ھالاللىق
بىلەن ئاپىرىدە قىلغۇچى مۆرەببىم ئىككى كۆزىنى پارقىرىتىپ
كۆز ئالدىمدىلا تۇرسا، قېيىنئانامنىڭ نەپسىنى ئىزا تارتقۇزۇپ،
جېنىمدىن ئەزىز كۆرىدىغان ئوغلىدىن بۇ ھەق - ھوقۇقنى قاز-
داقسىگە يۇلۇپ ئالالايتتىم؟
قېيىنئانامنىڭ سۇ تولۇپ تۇرغان قاپاقلىرى سەلگىنە كۆ-
تۈرۈلۈپ، مېھرىلىك كۆزلىرىدە تاڭ قۇياشى پارلىدى...
— تېشىڭنىڭ گۈزەللىكى بىر دۇنيا، ئىچىڭنىڭ مىڭ دۇن-
يا بالىجانىم. سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن ئەمەسە! دېسەم -
دېمىسەم، ئېغىزلىق خۇرۇجىقا ناۋاتنى ئارىلاشتۇرغۇڭ يوققۇ لەي-
لى خېنىم؟!
توۋا دېسەم مىڭ دېگۈچىلىكى بار ئىش! ئۇ، مېنىڭ ئىچىم-
نىڭ ئىچىدە ئويلاۋاتقىنىمنى دائىم مۇشۇنداق بىلىپ قالىدۇ،
ئۇنىڭ كۆز ئېقىنىدەك سۈزۈك، دېڭىزدەك چوڭقۇر ئەقلىگە لال
بولماي مۇمكىنمۇ؟!... مىڭ رەت زىكىر قىلسامىمۇ ئازلىق قىلى-
دۇ... قالتىس دېيىشكە توغرا كەلسە، مەن بىلگەن ۋە بىلمىگەن
بارچە ئانىلار ئىچىدىكى ئەڭ دانا، ئەڭ پاراسەتلىكى مېنىڭ مۇ-
شۇ سۆيۈملۈك قېيىنئانام — شەرۋانە خېنىممىكىن؟ «مىكىن»

دېگىنىم نېمە دېگىنىم؟! شۇنداق ئىكەنلىكى شەكسىز راست!...
ئۆيىمىزگە كېلىۋالدۇق. قېيىنئانام «قەمەر خېنىمنىڭ تېـ ـنى ئاجىز، تۇغۇت بېقىشنى كۆتۈرەلـمەيدۇ، ئۆزۈم بىر قوللـۇق باقىمەن» دەپ، مېنى ئانامغا بەرمەي چىڭ تۇرىۋالدى.
سەندەل كارىۋاتقا سېلىنغان تۆگە يۇڭى كۆرپىدە يانتۇ يېـ ـتىپ، زەيتۇن رەڭ خـاڭدەن كۆرپىـگە زاكىلانغان بوۋىقىمنىـڭ قاڭشىرىنى سىلاپ تۇراتتىم. ئىچىمدە، مۇشۇ بـالامنى بەرگـەن ئاللاھىمغا مىڭ ھەمدۇسانالار ئېيتاتتىم، دۇنيادىكى ھېچبىر نەرسىنىڭ لەززىتى ئانىلىق لەززىتىگە، ھېچبىر نەرسىنىڭ تاتـ ـلىقلىقى بالىنىڭ تاتلىقلىقىغا يەتمەيدىغىنىغا مىڭ قەترە ئىشىـ ـنىپ، سۆدەك ئېرىپ، ئوتتەك كۆيۈپ ياناتتىم. ھەر قېتىم ئـۇ ـ نىڭ كۆمۈرچەكلىرى قاتمىغان ناچىدەك كىچىك قاڭشىرىغا، قىزغۇچ مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇرغان مەڭسىز بۇرۇن پەررەكـ ـلىرىگە قارىغىنىمدا خۇشاللىقىمنى، شۈكۈر ـ سانالىرىمنى ئىچىمگە پاتۇرالمايتتىم...
قېيىنئانامنىڭ تەڭگە گۈللۈك ئاق لېچەكنى قوش قاناتـ ـلىق پەنجىرىنىڭ قىيا قايرىلغان چېكەن پەردىسى ئاراچلىرىدىن غىل ـ پال كۆرۈپ قالدىم. ناۋات رەڭ يىپەك كـۆڭلىكىمنىڭ ئوچۇق پىسسىلدىقىنى ئېتىپ ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالغۇچە، ئۇنىڭ ئاقساپراق قالغان يۇمشاق قەدەملىرى ھۇجرىمىزنىڭ بوسۇغىـ ـسىدىن ئاتلاپ كىردى.
— خەيرلىك سەھەر لەيلىجانىم! — چېكىلىرىمنى تۇتۇپ پېشانەمگە سۆيدى قېيىنئانام، ھاۋا خېلىلا سوۋۇپ كەتـ ـكەن بولسىمۇ ئۇنىڭ تالادىن كىرگەن لەۋلىرى تېخى ئىسسىق ئىدى، — خەيرلىك سەھەر، بۇ دۇنيانىڭ يېڭى مېھمىنى! — ئاندىن زاكىغا ئېگىشىپ نەۋرىسىنىڭ چالا قانسىراتقان ئۆپكىـ ـدەك مەڭزىگە لەۋ ياقتى ئۇ، — بۈگۈن كۈنگە جۈمە، ئارسلانىمـ ـنىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقىنىنىڭ 7 ـ كۈنى، قائىدىمىز بويىچە

ئۇنىڭ ئوڭ ـ سول قۇلاقلىرىغا تەكبىر ئوقۇپ، مۇبارەك زاتىـ
نى ـــ ئىسمىنى چاقىرىدىغان كۈن. غوجامغا ئېيتتىم، ئىككى
قوچقارنىڭ بېشىنى كېسىپ قان قىلىمىز، جامائەتكە نەزىر بېرـ
ىپ ئۇنىڭ مەرىكىسىنى بېرىمىز، مېھىر ـ شەپقەت ۋە ھۆرـ
مەتتە سەن ئۇنىڭ بىرىنچى رەتتىكى كامالى ـــ غەمگۇزارى! شۇڭا
نەۋرەمنىڭ ئىسمى ـ ئاتى ھەققىدە كۆڭلۈڭگە پۈككىنىڭ بولسا
ئېيتقىن بالام.

ئۆزۈمنى بەك زېرەك چاغلىمىسامۇ، ئۇنچىلىك دېۋەڭ
چاغلىمايتتىم، ئەمما شەرۋانە خېنىمدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ
سەل مەڭدەپ قالدىم. راست گەپنى دېسەم، ئوغلۇمنى قايسى ئىـ
سىم بىلەن چاقىرىش ھەققىدە ئەزەلدىن ئويلىنىپ باقماپتىمـ
مەن، بۇنى ھازىر ئويلىسامۇ ئۆزۈمنى ئەيىبلىگۈم كېلىدۇ،
قايسى ئانا مەندەك بىپەرۋا، پەلىپەتىشتۇ؟... ئىشقىلىپ بۇ ھەقـ
تە قانچىلىك ئەيىبلەنسەم ھەقلىق ئىدى.

ـــ سىلى تۇرغان يەردە مەن نېمە دەي ئانا؟ غوجام نېمە
دەيدىكىن؟ دادىسى بولغاندىكىن شۇنىڭ دېگىنى ھېساب بولسۇنـ
مىكىن.

ـــ ۋاي توۋا، سۇنۇقتىن باشقىسى يۇقىدۇ دەپ، سەنمۇ كۆـ
يەرىڭدىن مىكى ـ مىكىنى ئۆگەندىڭمۇ؟ ئۆزلۈكۈڭنى يوقاتما
لەيلى گۈلۈم! تەقدىر قىسمىتىمىزنىڭ ھەممىتىدىن سېنىڭ
شۇ تەرەپلىرىڭنى ئېلىپ، چىمەنزاردىكى يېگانە رەيھان بىلىپ
ئۇزۇۋالغانمىز سېنى! ئالتۇندەك ساپ غوجامغا جۈپ قىلىپ، ئۇـ
نىڭ ئېچىغا ئاچ، توقىغا توق بولۇپ، كېمىنى تولۇقلاپ، ئەھلى ـ
ئەۋلادىمىزنىڭ جۇلاسىنى چاقناتسۇن دەپ، سەن ياقۇتنى قويۇـ
ۋالغانمىز... يالقۇنلاپ، چاقناپ، كۆيۈپ تۇر، سۇسلىشىپ قالما،
چۈنكى بۇ ئائىلىگە سەن بولمىساڭ بولمايدۇ، سەن چىراغنىڭ
پىلىكى بولساڭ، غوجام چۆنەك! چۆنەكتە لىققىدە ماي بولغان
بىلەن، پىلىكتە كۆيگۈدەك جان بولمىسا جاھاننى زۇلمەت قاپـ

لىمامدۇ؟!... — شەرۋانە خېنىمنىڭ سۆز ـ مەقسىتى نەۋرىسىنىڭ ئىسىم ـ زاتىنى قويۇشتىن ئاتلاپ كەتتى. شالاڭلاشقان ئۇزۇن كىرپىكلىرىدە ئىلىنىپ تۇرغان ياش تامچىسى خېلىغىچە ئېسىلىپ، يالتىراپ تۇردى. قوللىرىمىز كىرىشىپ، ئىسسىق نەپەسلىرىمىز يۇزلىرىمىزگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئىختىيارسىز ئۇنىڭ يۇمشاق كۆكسىگە بېشىمنى قويدۇم.

— ئانا! مەقسەتلىرىنى چۈشەندىم، سىلىدەك ئېسىل ئانىغا كېلىن بولۇش مېنىڭ تەلىيىم! خاتىرجەم بولسىلا، مەن... — شۇ چاغدا ئىچىمدىكى داۋالغۇپ، كۆۋەجەپ تۇرغان ھېسلىرىمنى تىل بىلەن ئىپادە قىلالماي كېكەچلەشتىم.

— دېيىش نە ھاجەت ئۇز بالام؟ قىلىش ھەممىدىن مۇھىم! مەن ساڭا ئىشىنىمەن! سەھەردە دادىكاڭنىڭ بېشىنى يوقلىدىم، قەبرىسىگە تېرىق چاچتىم، شەددە ـ تۇغلارغا يېڭى تۇمار ئاستىم... رەھمەتلىكىم غەنى ئاخۇنۇمنىڭ ئىسسىق نەپەسلىرى مۇشۇ ياخشى كۇنلەرگە ئۇلىشالىغان، ئارسلانى ـ پۇشتىنى كۆرۈش نېسىپ بولغان بولسا يۇرىكى يېرىلىپ كېتەرمىدى خۇشلۇقىدىن؟... شۇنچىلىك بالا ئارزۇلايتتى، شۇنچىلىك بالىجانلىق ئىدىكى، غوجام تۇغۇلغاندا يەتتە كۇن شۇكۇر ـ سانا ئېيتىپ ئىستىقامەتتە بولغان، تالاي بالىلىق، بالىسىز نامراتلارغا تاغار ـ تاغاردا ئاشلىق، پۇل ـ پۇچەك خەير ـ ئېھسان قىلغان... لېكىن بىرىنى بەرگەن خۇدايىم بىرىدىن قىسىدىكەن، غوجامدىن كېيىن بالىلىق بولالمىدىم. قېرىپ قالدىم، زورىخان يەڭگەڭ ئېرىدىن كىچىك تۇل قېلىپ، دەردىنى كۆپ تارتقان بىچارە يېتىم بولغاچ، ئۇنى ئاسراپ ئۆيىمىزگە ئەكىلىۋالغان، لېكىن ئۇ جىن چاپلاشقان ئەركەك زەدەكتەك، باشقا ئەر بىلەن توي قىلىشنى زىنھار خالىمىدى. قولى چېۋەر، خۇي ـ چىرايى ئۇز سېكىلەك بولغاچقا ئىچىم كۆيۈپ دادىكاڭغا خۇپىيانە نىكاھ ئوقۇتۇپ قويايلى، بىرنى تۇغۇپ بەرسە ئەجەب ئەمەس دەپ، ئېغىد ـ

ـزىمدىن چىقار ـ چىقماس قانداق قىلدى دېمەمسەن؟
— قانداق قىلغان؟
— كۆزلىرىمدىن ئوت چىقىرىۋەتكەن.
— نېمىشقا؟
پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى ئۇ، ئاندىن كۈلكىسىنىڭ قۇيرۇقىغا يىغا يامىشىپ ئىسەنگىرىدى، — ئۇن ـ تىنسىز ۋاڭ قىلىپ تەگكەن بىر شاپىلاقتىن كۆزلىرىمدىن ئوت چاقناپ كەتكەن شۇ!... ئۆمرۈمدە يېگەن تۇنجى ھەم ئاخىرقى تەستىكىم شۇ، — قېيىنئانام ماڭا ئەمەس، گويا ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك قىلاتتى، — شۇنداق جايىدا تەگكەن چىرايلىق تەستەك ئىدى، شۇ بىر تەسـ ـتەك ئۈچۈن مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ بىر تىرىلسەم ئۇنىڭ قەدرى ئادا بولالماس. زامانى ئىقلىمدىكى ھېچبىر پۇشتى ـ ئەركەك ئۆز خوتۇنىنى ئۇنداق چىرايلىق ئۇرالماس، — قېيىنئانام مەشۇقىغا بېيىت ئوقۇغان ئاشىقتەك پىچىرلاپ مەڭزىنى ئالىقانلىرى ئاـ رىسىغا ئېلىپ، كۆزلىرىنى ئاجايىپ بىر لەززەت بىلەن يۇمغانـ دا، ئاق تەڭگە گۈللۈك لېچەكلىرى يېپىپ تۇرغان سېمىز يەلـ كىسى بوش ـ بوش سىلكىنىدى، — قانداق قىلىدىغىنىمنى تاڭ بىلـ مىدىم، دېيىشكە تېگىشلىك بولمىغان مەخپىيىتىمنى دەپ قويـ دۇمغۇ ساڭا... لېكىن، ئۆزۈم خالاپ ئىختىيار قىلدىم.
— ماڭا بۇنچە ئىشەنگەنلىرى ئۈچۈن رەھمەت ئانا!
ئىككىمىز بىرھازا كۆزلىرىمىزگە ئۇنسىز بېقىشتۇق.
— ۋاي توۋا، ئىسىم قۇرۇسۇن لەيلىجانىم، راستىنلا قېـ رىپتىمەن... قېرىپتىمەن...
— قانداق دەيلا، بىر ئوبدانغۇ، ئاق ئالمىدەك تۇرمامدىلا سۈپسۈتۈن؟ — پىلتىدەك بارماقلىرىنى بوش تەگكۈزۈپ ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ قويدۇم.
— ئېزىپتىمەن، مەقسەت ـ مۇددىئادىن چوت تېيىپ كېـ تىپتىمەن ئەمەسمۇ، مەن بايام سەن بىلەن نېمە توغرۇلۇق

سۆزلىشىۋاتقان؟

— ھە، نەۋرىلىرىنىڭ ئىسمى توغرىسىدا، — قولۇمنىڭ كەينى بىلەن ئېغىزىمنى تۇتۇپ ۋىلىقلاپ كۈلۈۋەتتىم.

— قارا بىزنىڭ ھاڭۋاقتىلىقىمىزنى، ئىككى ھاڭۋاقتى بىر بولدى، قۇلىقى دىڭ بولدى، — قېيىنئانام ئىككى ئالقىنىنى ئىككى چېكىسىدە قۇلاق قىلىپ ئوينىتىپ، ئېغىناپ ئەركىلىگەندە، ئىچىمگە ئاجايىپ ئىسسىق بىر ئىللىقلىق تاراپ، ئۇنى شۇنداق چىڭ قۇچاقلاپ مەڭزىگە سۆيگۈم كەلدىكى، راست گەپنى دېسەم گۇناھ بولسا ئۆزۈم يۇدەي، مۇشۇ ياشقا كىرىپ بىر بالىغا ئانا بولۇپتىمەنۇ ئۆز ئانامغىمۇ بۇنچىلىك يېقىنچىلىق قىلىپ باققىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن، ھەم ئىچ - ئىچىمدىن ئىنتىلىپ بۇنچە قۇچاقلىغۇم كېلىپ باققان ئەمەس...

— ئارسلانىمنى سەن تۇغۇپ بەردىڭ، غوجام ئېغىزلاندۇردى، مەن ئۇنىڭ بۇزرۇكۋار مومىسى بولغاندىكىن ئىسمىنى تاللاشقىغۇ ھەققىم باردۇ؟

— ۋاي ئالتۇن ئانا!... — قېيىنئانام دېگەندەك، سۇنۇقتىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى يۇقۇپ، غوجامنىڭ «ئالتۇن»لاشلىرى ماڭا كۆچۈپتىمۇ نېمە؟

— ئۆزلىرى بۇنىڭغا ئەڭ لايىق، — دېدىم پەس شىۋىرلاپ، — سىلىدىن ھەقلىق كىم بار دەيلا؟ ئېغىزلىرىدىن چىققىنى ھېساب!

شۇ چاغدا دادامنىڭ قۇچىقىغا قونۇپ ئولتۇرۇپ، چۆچەك ئاڭلىغاندا تۇتىدىغان ياۋايى شوخلۇقۇم قوزغىلىپ، ئۆزۈمنى بىسۇۋالغۇچە قېيىنئانامنىڭ كۆڭلىگە پۈككىنىنى داغدۇغىسىز، ئىزاھسىز ئۇدۇللا ئوتتۇرىغا قويۇشى مېنى تېخىمۇ شادلاندۇرۇۋەتتى.

— نەۋرەمنىڭ ئىسمى ئەرتېكىن بولىدۇ!

— ئەرتېكىن؟!

— ياقتۇرامسەن لەيلى خېنىم؟

— شۇنداق چىرايلىق، مەردانە ...
— مېنىڭچىمۇ شۇ! مەن بۇ ئىسىمنى بۇرۇندىنلا ياقتۇراتتىم، لېكىن غوجام تۇغۇلغاندا دادىكاڭ رەھمەتلىك ئۇنىڭ ئىسمىنى ئابدۇللا قويىمىز دەپ تۇرۇۋالغان. ئابدۇللادەكلا بالا بولدى بۇ بىزنىڭ غوجام. يەنە بىر گەپ لەيلىجانىم، جان تەندە ئامانەت، يېشىم 70تىن ھالقىغىلى نىكەم، خۇدايىم بەرسە بىر كۈنلەر ئۆزۈڭگە ئوخشاش ئاي يۈزلۈك خېنىمدىن بىرنى تەۋەللۇت قىلساڭ، ناۋادا ئۇنى مېنىڭ كۆرۈشۈم نېسىپ بولماي قالسا، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنىڭ ئىسىم زاتى ئايتۇرك بولسۇن!
— ئايتۇرك؟ ئاھ! نېمانداق چىرايلىق، نېمانداق يېقىملىق...

*　　　*　　　*

— تېلېفونىڭىز يەنە سايراپ كەتتى ھاجىم ئاچا.
— ھە؟ — ئەخمەتنىڭ ئەسكەرتىشى بىلەن خىروم ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىدىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ھولۇقۇپ كەتتىم. قىسمەتلەرگە باي ئۆتمۈشۈمنىڭ شېرىن ـ چۈچۈمەل باغاشلىرىدىن يۇلقۇنۇپ چىققاندا، ئۆزۈمنىڭ سەندەل ياغاچلىق كارىۋاتتا شەرۋانە خېنىم بىلەن ئەمەس، يەڭگىل تەۋرىنىپ ئەخمەت بىلەن ماشىنىدا كېتىۋاتقىنىمنى بىلىپ، قارا كۆزەينەك ئىچىدىكى كۆزلىرىم يوغان ئېچىلدى. ئارىدىن مىڭ ئەسىر ئۆتۈپ كەتكەندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى، بىر چاغلار دولقۇن چاچلىق فىزىكا مۇئەللىمىمىزنىڭ: «ھەممىدىن نۇرنىڭ سۈرئىتى تېز» دەپ خاتا ھۆكۈم قىلغانلىقىنى شۇ لەھزىدە تولۇق جەزملەشتۈردۈم، ئەمەلىيەتتە ئىنسان تۇيغۇسى ھەممىدىن تېزكەن. بۇلغۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن يۇمشاق سومكامدىن نېپىز ئېكرانلىق يانفونۇمنى ئېلىپ ئۈلگۈرگۈچە ئۇنىڭ ئاۋازى تومتاق ئۆچۈپ قالدى،

تىللا ئۈزۈكلۈك بارماقلىرىمدا يېنىپ ئۆچكەن ئېكران يۈزىنى سىيرىپ، كەلگەن نومۇرنى تەكشۈرۈۋېتىپ تۈيغۇلىرىمنىڭ ئەق-لىمنى شۇ قەدەر لال قىلىۋەتكىنىدىن قاتتىق ھەيران قالدىم. ئارقا - ئارقىدىن ئۇرۇلغان تېلېفونلارنىڭ ھەممىسى گېرمانىد-يەدە ئوقۇۋاتقان ئوغلۇم ئەرتېكىن بىلەن پارىژدا ئوقۇۋاتقان مە-لىكەم ئايتۇركتىن كەلگەن ئىدى، — نېمىشقا ئەسكەرتىپ قوي-مىدىڭ ئەخمەت؟ نېمانچە ئۇزۇن يول بۇ؟

— بەكمۇغۇ ئۇزۇن ئەمەستى بولمىسا، شۇ چارچاپ كەتتىد-ڭىز... سىزنى ئۇخلاۋاتقان بولسا دەپ، — ئەخمەت ئوڭايسىز بىر ھالەتتە تەۋرىنىپ قويۇپ گەدەن چاچلىرىنى سىلىغىنىچە ئۆزىنى ئاقلىدى.

توۋا دەپ قالدىم، بالىلىرىمدىن — چاڭگىسىدىن ئايرىلغان قۇشلىرىمدىن، ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ يىراقتىكى يات ئەلدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان مۇساپىرلىرىمدىن كەلگەن ھەرقانداق بىر تاۋۇش - تىۋىش مىېنى دىۋىنىڭ ئۈيقۇسىدىن — ئېغىر غەپلەتتىنمۇ ئويغىتىۋېتەلەيتتى. يۈرەك - باغرىمغا تۇتاشقان ئۇتلۇق تىنىقلىرى مەن تامان ئۇچۇپ كەلگۈچە ئىچىم ئوت ئې-لىپ، لاۋ - لاۋ كۆيەتتى. نېرىسىنى ئويلاشقا شۇ مىنۇت راست-تىنلا ئەقلىم يەتمەيۋاتاتتى، قايسىسىغا بۇرۇن ئالاي، قايسىسىغا كېيىن دەپ تۇرماي، ئىككى نومۇرنىڭ بىرىگە ئالدىراپ تېلې-فوننى باستىم، تەمبۇر ساداسى قەلبىمنى چېكىپ، تومۇرلىرىم زەخمەك ئۇرۇلغان سىم تاردەك تىترەپ كەتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئاپا!

— ئايتۇرك!

— ئاپا، سەن سالامەتمۇ ئاپا؟ دادامچۇ؟ يۇرت تىنچ - ئاماد-مۇ؟! — قىزىمنىڭ مىشىلداپ يىغلىغان ئۈنى تۇرۇپكىدىن يۈ-رەكلىرىمگە شارقىراتمىدەك قۇيۇلدى.

— ئاي قىزىم! كۆن قىزىم! كۆزلىرىمنىڭ قارىچۇقى... سەن ھەم ساقمۇ؟ — ئىسسىق ياشلىرىم مەڭزىمگە دومىلىدى، كۆزەينىكىمنى يۇلۇپ ئېلىپ سومكامدىن قەغەز ئىزدىدىم، — كەچۈر سېنى ئەنسىرىتىپ قويۇپتىمەن، جېنىم بالام...

— تېلېفونۇمنى ئالمىدىڭ.

— ماشىنىدا كېتىۋاتقان، مۈگدەك بېسىپ، كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

— بىپىجىڭغا ساق ـ سالامەت بېرىۋالدىڭمۇ ئاپا؟ تېخى دادام بىلەن كۆرۈشمىگەن چېغىڭ.

— ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىۋەتمەكچىدىم، ئۇنىڭغىچە ئەخمەت ئاكاڭ ئالدىمغا چىقىپ ئۇلگۇردى، ئالدىراپ...، — تاۋۇشۇم بوغۇزۇمدا تۇرۇپ قالدى، ئۇنۇم غىدىژىلداپ، مېڭەمدە يەنە كۈچلۈك چاقماق چېقىلدى... كۆزلىرىدە ئوت يېنىپ تۇرغان ھېلىقى قارا كۆزلۈك ئەبلەخ ماڭا قاراپ سۈس كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. توغرا، ئۇ چاغدا ئەقلىم تىزگىنىدىن ئاللىقاچان چىقىپ كەتكەن، كۆزۈمگە ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭدىن ئۆزگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگەن... ئىچ ـ تېشىمدىكى بارچە نەرسىنىڭ سايىسى، سايىسىنىڭ سايىسىنىمۇ ئۇ دەم تارتىپ يۇتۇپ كەتكەن... ماھىيىتىگە يانغان، بېزەكسىز، رەڭلەنمىگەن ئەسلىي دۇنيايىمدا پەقەت ۋە پەقەت ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈملا بار ئىدىم...

— ئۆگۈنلۈكنىڭ بېلىتىنى ئالدىم ئاپا، بېيجىڭغا ئۇچىمەن، ئاكاممۇ شۇ كۈنىڭكىنى تىزىملاتتى، لېكىن ئۇزۇن تۇرالمايمىز، دادامنى شۇنداق سېغىندىم، سېنىمۇ...

— كۈندە تېلېفوندا كۆرۈشۈۋاتساڭ...

— ئىسسىق يۈزىنى كۆرۈپ، باغرىغا باش قويغانغا يېتەمدۇ؟ ئاززاق ياخشىلىنىش بولدىمىكىن؟ لېكىن، ئىشەن، مۆجىزىگە تولغان ئالەم بۇ، دادام ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ.

— ئىنشائاللاھ، دېگىنىڭ كەلسۇن!
شۇنىڭدىن كېيىن نەچچە دەقىقە ئۇنىمىز ئۆچۈپ قالدى. ئەمما، ئېغىر، ھەسرەتلىك، تىترەڭگۈ تىنىقلىرىمىز يۈرىكىمىزگە ئۇرۇلۇپ، كۆكسىمىزنى ئېچىشتۇرۇپ تۇردى.
— ئۆزۈڭنى ئاسرا، سېنى ئىگەمگە تاپشۇردۇم ئايتۇرك! كۆرۈشكىچە ئامان بول.
— سەنمۇ ھەم، توختا ئاپا، ئۆچۈرمەي تۇر... ئاپا...
— ئايتۇركۇم! جېنىمنىڭ جەۋھىرى.
— ئاپا، سېنى شۇنداق قۇچاقلىغۇم كەلدى، چاچلىرىڭنى پۇرىغۇم...
— مېنىڭمۇ شۇ، كۆز مونچىقىم... چىرايلىق مەڭزلىرىڭنى شۇنداق سېغىندىم.
— ئىپار تىنىقلىرىڭنى ئاپا... يەنە كۆزلىرىڭنى، زىناقلىرىڭنى، بوينۇڭنى، قولۇڭنى، پۇتۇڭنى... سەن شۇنچىلىك تاتلىق پۇرايسەن ئاپا، دۇنيادىكى ھېچقانداق پۇراق سېنىڭچە تاتلىق ئەمەس...
— ھېچنېمە سېنىڭچە شېرىن ئەمەس قىزىم... پەرىشتىلەر ئەرشكە كۆتۈرۈلگىچە ئۇيقۇڭدىن ئويغىنالىدىڭمۇ؟ بادام، ياڭاق مېغىزلىرىدا سۈت چاي قىلىپ ئىچەلىدىڭمۇ؟ قۇرۇق بولكا يېمە، پاسارچىلىك قۇۋۋىتى يوق. سۇمبۇل چاچلىرىڭنى مەن يەنە قۇندۇز رەڭگىدە كۆرەي...
— بىلىمەن ئاپا، سەن قارىغا ئامراق، لېكىن ئىچىڭ شۇنچىلىك ئاق.
... ئىچىم راستىنلا ئاق بولسا كاشكى، «كاشكى» دەپ كەتكۈدەك قارا بولۇپ نېمە قىپتىمەن؟ قارىمۇ ئاللاھنىڭ رېڭى، قارا بولمىسا كېچە بىلەن كۈندۈزنى قانداق پەرقلەندۈرگۈلۈك؟ ئىشقىلىپ مەن ئۆزۈمنى قاردىن ئاق، سۈتتىن پاك دېمىدىمغۇ؟ كۆڭلۈمگە ئىنساب بەر...

— ئاپا!
— ھە... بالام.
— جىمپىلا كەتتىڭغۇ؟
— شۇ جىق ئىشلارنى ئويلاپ.
— بىلىمەن، بەكلا ئېغىر جاپادا قالدىڭ، پۈتۈن ئائىلىنىڭ ئېغىرى سېنىڭ زىممەڭدە. قار، يامغۇر ياغىدى، مۆلدۈرمۇ ھەم، ئەمما بىزنى ھۆلچىلىكتە قويمىدىڭ ئاپا، بوران چىقتى، شىۋىرغان ھۇۋلاپ قۇيۇن، كىرپىكىمىزگە توپا قوندۇرمىدىڭ، ئۇلۇغ ئايالسەن! راستتىنلا ئۇلۇغ ئانىسەن! لېكىن ئاز قالدى ئاپا، ئاكام ئوقۇشىنى تۈگىتىپ قايتىپلا كەلسە شىركەتنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بېرىسەن، چىداپ تۇر.
— چىدايمەن بالام! شۇغىنىسى سېغىنىشقا چىدىماق تەس. كەن، رەھمەتلىك موماڭ «باللارنىڭ قانىتىنى بوغما» دېگەن، سىلەرنى پەرۋاز قىلسۇن دەپ، جۇدالىقتا كۆيۈۋاتىمىز.
— تەڭ كۆيۈۋاتىمىز ئاپا، كۆيمىسەك قانداق يانالايمىز؟ يانمىساق قانداق يورالايمىز؟
— ئايتۇرك!
— لەببەي، ئاپا!
— ئىككىلى دۇنيا ساڭا بەرگەن سۈتۈمگە رازىمەن ئايتۇرك! ئۇلۇغ روھلار سېنىڭ شۇ قەدەر ئۇز، ئەقىللىق قىز بولغىنىڭنى كۆرەلىگەن بولسا.
— روھى كۆرىدۇ ئاپا!
— راست دەيسەن، ئۇلۇغ روھلار ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ ئايتۇرك! سەن دېگەن كىم؟ ئابدۇللا غوجامنىڭ قىزى، غەنى موللام بىلەن شەرۋانە خېنىمنىڭ پۇشتى - ئەۋلادى سەن! ئېزىلمە، پۈچۈلمە! ئىچىڭگە كۈچلۈك بول!
— بىلىمەن ئاپا! گېپىڭنى ئېسىمدە ساقلايمەن.
تېلېفون ئۈزۈلدى. نېمىلەرنى دەپ كەتتىمكىن - تاڭ، ئەتە

كۆرۈشـدىغان تۇرۇقلۇق؟ ئىشقىلىپ دېگىنىمنىڭ يامىنى يـوق، قاراڭغۇدا چىراغسىز قالمىسۇن، نەسىھەتلىرىم قەلبىدە شامدەك كۆيۈپ يېنىپ تۇرسۇن دېدىم. ئالدىراپ يەنە ئېكرانىنى سىيـرد- دىم، زارىقىشلىرىمنىڭ قات ـ قاتلىرىدا سېغىنىشنىڭ يالقۇن- لىرى يېلىنجاپ، نەپسىمنى كۆيدۈرۈپ تـۇراتتى. هەر بـالىنىـڭ ئۆتى باشقىكەن، «ناۋات ئورنىنى هەسەل ئالالماس» دەپ، قىزىم- نىڭ تىنىقلىرى قەلبىمگە سىڭىپ ئۇلگۇرمەي، ئوغلۇمنىڭكىنى ئاڭلىغۇم كېلىپ لولامغا ئوت كەتتى، ئۇنىڭ نومۇرىنى باسماق- چى بولـدۇم، قولۇم شۇنچىكى تـەگسىلا ئـۇ ئامراق ناخشىنىـڭ تۇنجى مىسراسى تۇگـمەي تۇرۇپلا تۇرۇپكىدىن ئۇنىڭ ئاۋازىنـى ئاڭلىيالايتتىم... باشمالتىقىمنـى قىمىـراتتىم ـ يـۇ، يۈرىكىم جىغ قىلىپ توختاپ قالدىم، دەخلىسىز ئىمكانىمنى يەنە نېمە- دۇر بوغۇپ، چىشلەپ، جۇرئىتـىمنىـڭ مادارىنى يـالماپ يۇتـۇپ كەتتى... ئەرتېكىن بالام، غۇرۇر ـ پەخرىم! بىلەكلىرىڭنى ئـەر- كىن تاشلاپ، پەي ياستۇقتا يۇزلىرىڭنى يانتۇ قويۇپ ئۇخلاشلى- رىڭنى، قويۇق قوڭۇر چاچلىرىڭنـى سىلاپ قويسام، قېرى بـو- ۋاقتەك تـامشىپ قـويۇشلىـرىڭنى، يىراقتىنلا غۇلاچلىـرىڭنـى تاشلاپ، ـــ ئاپا جانىم، ـــ دەپ موماڭچىلاپ چاقىرىـپ، يېقىـن كەلگەندە سۇركىلىشلىرىڭنى شۇنچىلىك سېغىندۇردۇڭ... خـەت تارتقان چىرايلىق بۇرۇتلىرىڭغا ئۇستىـرا چۈشمىگەندۇ يولـۋد- سىم؟ مـۇقەددەس سادا قەلـبىڭگە يەتكەن سـەهەرلەردە چاچـراپ ئورنۇڭدىن تۇرالىغانسەنمۇ يىلپىزىم؟ زىممەڭدىكى يۈكنىڭ نـە- قەدەر ئېغىرلىقىنى، ۋەتىنىڭ، خەلقىڭنىڭ سەندىن نېمىلەرنـى كۈتۈۋاتقىنىنى زىنهار ئۇنتۇمىغانسەن كۆك يالىلىق ئەركەك بۆ- رەم؟!... ئۇنىڭ هەربىر رەقىمى يۈرىكىمگە ئۇيۇلۇپ كەتكەن تې- لېفون نومۇرىنى بېسىشـقا قانچـە تېز تەمشـەلگەن بـولسام يەنـە شۇنچە تېز توختاپ قالدىم... بەلكىم ئۇ ئۇخلاۋاتقان بولسا كې- رەك، تېلېفون ئاۋازىنى ئاڭلاپ چوقۇم چۆچۈپ ئويغىنىپ كې-

تىدۇ، شېرىن چۈشلىرىنىڭ لەززىتىنى كېسىپ نېمە قىلار-
مەن؟... مانا بۇ مېنىڭ ئۇنىڭغا تېلېفون قىلماسلىقىمنىڭ بىر-
دىنبىر سەۋەبى دېسەم، بەلكىم بۇنىڭغا باشقىلار ئىشىنىپ
قالار، لېكىن... لېكىن ئۆزۈمنىڭ ئىشىنىشى مۇمكىن ئە-
مەس... بۇ قانداق ھېسسىياتتۇ؟ كۆرۈشمىگىلى 450 كۈن بول-
غان ئوغلۇمغا — يۈرىكىمنىڭ پارىسى، جىگىرىمگە تېلېفون
قىلىشتىن نېمىشقا يالتىيىپ قالدىم؟... تېشىم ئانىلىق سول-
كەت، ئۇلۇغلۇق، نۇسرىتىم بىلەن شۇ قەدەر پاكىز، ئاق لەيلى-
دەك ئاق، ئاق ياقۇتتەك جۇلالىق يالتىراپ تۇرسىمۇ، ئىچىم قا-
زان قارىسى، مورا قۇيۇنى، تۈن قاراڭغۇسىدىنمۇ قارا بولغاچقى-
مۇ؟... ياق... ياق! ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئادالەتسىزلىك قىلىۋاتىمەن...
كىم مېنى مۇشۇ يېشى، مۇشۇ ھالى ـ سۈلكىتى، شۆھرىتى بى-
لەن ئۇ ئاتام ـ ئانام كۆرمىگەن ساراڭ قېتىش قاتتىق ئۆتۈككە،
بوينى جىگدە ئوتۇنىدىن قوپال، تېرىسى جىگدە قوۋزىقىدىن
بەتبەشىرە، سۆكۈنى قورۇق ئوغرىغا كۆيۈپ قاپتۇ دەيدۇ؟ بەلكىم
ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن قورۇق سۆلەت پاخال ـ پوستەك، ياسالما بىر
نېمە؟ چۆنتىكى قورۇق، ساغرىسى ئوچۇق، ئېتى مارجان بوۋى،
ئوماچ ئىچىپ بۇرۇتىنى زاغۇن يېغىدا ياغلاپ يۈرگەن پوپاڭ
دامبىلىغۇ... ھېلىقى ھاۋا رەڭ كۆڭلەكلىك ئىنجىمارۇق بەلكىم
ئۇنىڭ سىڭلىسى، يا ئاچىسى... يوغىنى كەلسە خو... تۇ... نى!
كېكەچلىسەم كېكەچلەيمەن، گەپ قىلىدىغان ئېغىز ئۆزۈمنىڭ
بولغاندىكىن. خوتۇنى بولسا نېمە كارىم، شۇنچىلىكلىكەنغۇ...
كۆزۈمچىلا بېقىنداشتى، تېخى قاراپ تۇرسام ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ
ماڭا كەينىنى قىلىپ تۇردى. مانا مەنمۇ يۇرت ئىچىدە ئۇنىڭ
بىرى، ئۇنىڭ ئەمەس توققۇزى تەل بىردىنبىرى... قولىنى نە-
گە سۇنسا يېتىدىغان، خىزىردەك ئۇلۇغ غەنى موللام، مالائىكى-
دەك شەرۋانە خېنىمنىڭ تەۋەررۈك كېلىنى — جانابىي ئابدۇللا
غوجامنىڭ يارى ـ جۈپتىكى، ئىككىلى دۇنيالىق ھالال خوتۇنى!

ئوغۇل دېسەم رۇستەمدەك ئارسلانىم، قىز دېسەم پەرىشتىدەك
دىلرابايىم بار... جەددى ـ پۇشتۇم يېتىپ يېسىمۇ خەجلەپ تۈ ـ
گىتەلمەيدىغان جىرىك ـ جىرىك ئاقچام، خوراپ تۈگىمەس ئال ـ
تۇن ـ كۈمۈش، تىللا ـ مەرۋايىتلىرىم بار... ئۇنداق قوغالتاق ـ
تىن نەچچىسى بولسىمۇ خوتۇن بالىسى بىلەن قوشۇپ باققۇدەك
ماغدۇر ـ قۇۋۋىتىم تېشىپ تۇرۇپتۇ... ئاچچىقىمنى زورىغا بې ـ
سىۋالمىغان بولسام يەنە نېمىلەرنى دەۋېتەتتىمكىن؟ «تېرىقنى
ئالتۇنىنىڭ سۈيىدە سۇغۇرساڭمۇ بەرىبىر تېرىق» ئىكەن، ھەر ـ
قانچە قاسىراقلاپ، زىننەتلەپ رەڭ بېرىپ، زەر تۇتقىنىم بىلەن.
ئىچىمىنىڭ قارىلىقى بىراقلا تېشىمغا تەپكەندى... كىمگە ئوخ ـ
شاپ قالدىم؟ چوقۇم بىرسىگە ئوخشىشىم كېرەكمىدى؟ شۇ تاپ ـ
تا ھېچكىمنىڭ ئىچى مېنىڭچە قاپقارا ئەمەستۇ؟... مانا ئەمدى
راستىنلا ئۆزۈمگە ئوخشىدىم... بىر ھېسابتا ئۆزىنى ئۆزى ئې ـ
تىراپ قىلىشمۇ ئاجايىپ بىر ھوزۇرلۇق ئىشكەن... دېمەكچى ـ
مەنكى، بۇ دۇنيادا رەزىل ئادەملەر شۇنچىلىك كۆپ بولۇشى،
مەنمۇ ئۇنىڭ بىرسى بولۇشۇم ئېھتىمالغا يېقىن. ئەسلىدە مې ـ
نىڭ بۇنداق قۇرت چۈشكەن پىستە ـ بادامدەك قارنىم يارىلىق،
تەخسىدە تۇرماس سۈيى جىق لەڭپۇڭدەك لىغىر ـ لىغىر، ئې ـ
چىغان خېمىردەك لۆم ـ لۆم، سوزىلاڭغۇ، چاپلاشقاق بولغۇم
يوق ئىدى، لېكىن كىم ئۇچۇن يېرىلىپ قارنىمنى ئېچىپ، تاد ـ
لىق مېغىزىمنى كۆز ـ كۆز قىلىپ تۇردۇمكىن؟ بەلكىم ئۇنىڭ
ئۆرۈك مېغىزىغا كۆنۈپ كەتكەن ئېغىزى پىستە ـ بادامنى تې ـ
تىيالماس... مەرۋايىت نېمە ئۇچۇن قىممەتلىك؟ چوڭقۇر دېڭىز
تەكتىدىكى پىنھاندا قۇلاقسىمان قۇلۇلە قېپىدا تۇگۈلۈپ تۇر ـ
غاچقىلا. ئەمما، مەنچۇ؟ قۇلاقسىمان قۇلۇلە قېپى نەدە؟ ئۇنىڭ
ئالدىدا لاتقىغا چىقىپ قالغان قوتۇر تاشتەك ياپيالىڭاچلىنىپلا
قالدىم، ئېھتىمال ئۇ ئىچىمدىكى ئېچىرقاشلىرىمنى چاقماق
چېقىلغاندا كۆڭۈل كۆزنەكلىرىمدىن كۆرۈپ سەسكەندى. ئاقىد ـ

ۋەت يولغا چىچىلىپ، ئاياغلىرىغا يۆتىلىشىپ تۇرغان شىغىل تاشچە كۆرۈپ قويىمدى، ئىنىقكى، ئۆزگە تىكىلىپ تۇرغان بىر-ھايا، ئاچ كۆزلىرىمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى، بولمىسا شۇنچە قاتتىقلىق بىلەن كەينىنى قىلىپ، يۈز ئۆرۈپ تۇرارمىدى؟ چو-قۇم مەن ئۇنىڭغا سوزۇلۇپ بىرىپ تۇتسىلا چاپلىشىپ قالىدىغان لۆم - لۆم خېمىر دەك تۇيۇلدۇم، شۇڭا مەندىن ئىككى قەدەم، ياق بەش قەدەم ھەتتا قەدەملىرىنىڭ مەنزىلى يوق يىراقلاشتى... تو-ۋا، مىڭ توۋا! نەچچە سائەت ئالدىدا كۆزلىرىمدە چاقماق چىقىد-قان ئاشۇ قارا كۆز ئەبلەخ شۇنچىلىك كۆپ ئويلىشىمغا ئەرزىم-دۇ بىلمىدىم، ئەرزىش - ئەرزىمەسلىكقۇ ھېچنېمىگە دال بولال-مايتتى، مۇھىمى ئويلىماسلىقتا ئىلىنچۇك، تۇتۇرۇق بولىدىغان باھانە - سەۋەب تاپالمايتتىم... نىھايەت، ئويلىماي دېگەنسېرى ئويلارنىڭ تەگسىز پاتقاقلىرىغا شۇنچىلىك چوڭقۇر پاتاتتىم - دە، ھايال ئۆتمەي پاتقاقلار سوزۇلۇپ، لايلىرى دەريا سۇلىرىنىڭ قۇم دانچىلىرىدەك تەگكە چۆككەندە، سۇزۇلگەن زۇمرەت سۇلى-رى ئىچرە پىلتىڭلاپ، ئالتۇن بېلىقتەك ئۈزەتتىم، قولىقىمغا شۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق شەپە كىرمەيتتى، كۆزۈمگە يا ھېچ-نېمە كۆرۈنمەيتتى... ساراڭ قېتىش دېسەم، راستتىنلا بىر مىسقال كەم ئەمەس ساراڭ قېتىشمەن، بولمىسا بۇنداق چاغدا كىتابتىكى گەپلەر ئېسىمگە كېلىۋالارمىدى؟ مەنغۇ جىق كىتاب ئوقۇغان خوتۇن ئەمەستىم، لېكىن قايسىدۇر بىر كىتابنى ئو-قۇۋېتىپ، كىتاب يازغان يازغۇچىغا شۇنچىلىك ئۆچلۈكۈم تۇ-تۇپ كەتكەن، «كىتاب يېزىپ قەغەز ئىسراپ قىلغۇچە ئوچىقىغا ئوت قالاپ ئومىچىنى قايناتسىچۇ» دەپ غودۇڭشىغان ئۆزۈمچە، خۇددى ئۇ ماڭىلا كىتاب يېزىپ بېرىپ، مەجبۇرىي ئوقۇتقاندەك. نېمىدەپ يازغانتى ئۇ يازغۇچى كىتابىدا؟... ھە توغرا، «ھېلىقى خېنىم دوختۇرخانىدىن راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان دىياگ-نوز قەغىزىنى ئېلىپ پەلتوسىنىڭ يانچۇقىغا قوللىرىنى سال-

غىنىچە، ئاسفالىت يولدا كېتىۋاتقانمىش؛ قار يېغىۋاتقان كېچىدە چىراغلار يولنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغانمىش؛ ئاندىن بۇ بەختسىز چىرايلىق ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى ئويلاپ، قار ياغقاندا ھېلىقى قوشۇما قاشلىق يىگىتى بىلەن مەكتەپنىڭ پۇتبول مەيدانىنىڭ ۋاراتاسى يېنىدا ناھايىتى ئۇزاق سۆيۈشكەنلىكىنى ئەسلەيدۇ...» شۇ چاغدا ماڭا بۇلار بەك لاۋزا تۇيۇلغان، ئۇ ئايالدىن شۇنداق يىرگەنگەن، ئاندىن شۇ قۇرلارنى يازغان يازارمەنىمۇ ئىچىمدە تىللىغان... تىللىمامتىم ئەمىسە؟... ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا كاللىسىغا كېلىدىغان بىرىنچى خىيالى نېمە بولار؟ قانداق قىينىلىپ، قانداق جان بېرىشىنى؛ قاچانلىقنى، قانداق ئۆلۈشىنى قارار قىلغىلى بولمىسىمۇ، قانداق لەھەتكە كۆمۈلۈشىنى؛ ئاندىن يەنە مۇنكىر ـ نەكىرلەرنىڭ سوراق ـ سوئاللىرىنىڭ قانچىلىك دەھشەتلىك بولىدىغانلىقىنى؛ تىرىكلىكتە نېمىنى خاتا قىلىپ، نېمىنى توغرا قىلغانلىقىنى؛ ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزىگە ئەڭ ئىچ ئاغرىتىدىغان ئادەمنىڭ زادى كىم بولىدىغانلىقىنى؛ ئېرىنىڭ قايسى جىڭگىلىباش سەتەڭنى نىكاھىغا ئېلىۋېلىپ ئۆزىنىڭ ھىدى سىڭگەن مامۇق تۆشەكلىرىدە قانداق ئېغىناپ كېتىشلىرىنى بىلىشكە تېگىشلىكقۇ؟ مەنغۇ ئابدۇللا غوجامنىڭ كىم بىلەن ئېغىنىشى بىلەن مۇتلەق كارىم يوق، خىيالىمنىڭ قىرىغا كىرىپ ـ چىقسا لەيلىخان دېگەن ئېتىمنى يۆتكىۋېتىمەن. ھەممىدىن مۇھىمى ـــ باللىرىنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، يىغىپ تۆشىگەن مال ـ دۇنياسىنىڭ كىملەرنىڭ قولىدا كۆيۈپ كۆلى كۆككە سورۇلۇپ كېتىشىدىن بۇرۇن، ھەممىنى باقىيدىكى ئەبەدىيلىك بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن نامرات ـ يوقسۇزلارغا خەير ـ ئېھسان قىلىپ، ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن دەسمىي قىلىۋېتىمىگىنىگە مىڭ پۇشايمانلارنى قىلىپ ئۇلگۇرەلمەسلىك... خويئۇبدان! مەنچۇ؟ پالەچ ئېرىمنى يوقلاپ كېتىۋېتىپ نېمىنى ئويد-

لىدىم، كىمنى خىيال قىلدىم؟ ئەمەلىيەتتە، ئېرىم بىلەن ئۆت-
كەن كۈنلىرىمنى ئەسلىگىنىم يالغان! مىڭ قات ياسالما، يۈزمىڭ
قات ساختا! كۆيگەن بۇلۇتتەك سارغىيىشقا باشلىغان قىزغۇچ
سېرىق خىيالىم مۇقاۋىسىغا قىلسىز پەلكۈچنى يېشىل سىياھقا
تەگكۈزۈپ، يېشىل يوپۇرماقلىق كاككۇك گۈلى سىزىپ قويغان-
چىلىكلا بىر ئىش... لېكىن، كاككۇك گۈلى ئەسلىدىلا سېرىق
رەڭدە ئىدى... ئىسىت، لەيلىگۈل بولۇپ قالغۇچە كاككۇك گۈلى
بولۇپ قالغان بولسامۇ ھېچكىمنىڭ چىمەنلىكىدە ئەمەس، بىر-
پايان دالىدا ئېچىلارئىدىم... ھېچكىمنىڭ لەيلىقازاق ئېچىلغان
چاغدا چۈشكە كىرىپ قالغان لەگلەك ئۇچۇرۇپ ئوينىغان لەي-
لىسى بولۇپ قالماس بولغىيتتىم... نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم،
نېمانداق تاققا - تۇققا خىيال بۇ؟ ئويلاپ - ئويلاپ خىياللىرىم
يېشىدا يۇيۇنماقچى؛ ياسىنىپ - تارىنىپ، ئۆز - ئۆزۈمنى قاي-
تىدىن تونۇماقچى؛ كىم ئىكەنلىكىمنى ئۆزۈمگە يېڭىباشتىن
بىلدۈرمەكچى بولغىيمىدىم، مەقسىتىم شۇلىمۇ؟... ياق - ياق!
ئۇنىڭ قەلبىمدىكى كۆيۈپ تۇرغان دوزاخنىڭ ئوتىدەك يالقۇن-
لىرىغا تويپا چاچماقچى... مىڭ ئەپسۇس، ئويلىماي دېسەممۇ ئۇ-
نىڭ شۇ سىماسى مېڭەمگە قۇرتتەك كىرىۋېلىپ، قۇيرۇقلىرىدا
قەلبىمنى غىدىقلاپ، چىشلىرىدا يۈرىكىمنى غاجاۋاتاتتى. بەل-
كىم ھېلىقى ئايالنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا، قار ياغقان گۈگۈمدا سۆي-
گۈنى بىلەن ئۇزاقتىن ئۇزاق سۆيۈشكەنلىكىنى ئويلىغىنى
راستتۇ، نېمىدەپ ئۆزۈمنىڭكىنى راست دەپ باشقىلارنى ئەيىب-
لەپ يۈرگەندىمەن؟ مانا ئەمدىلىكتە بۇ ھەقىقەتنىڭ تېگىگە يەت-
كەندەك تۇراتتىم... نەقەدەر ئالماش تەقدىر، نەقەدەر يەڭگۈش ھا-
يات، يەكپاي تۇرمۇش... ئۇ خېنىم ئۆلۈم ئالدىدا ئۆزىنىڭ ھالال
رىزقىغا يۇتۇلگەن ئەڭ ھەق نەرسىلىرىنى ئويلىمىدى، ئويلىمى-
دى ئەمەس ئويلىيالمىدى، ئېرىنى تۇگۇل، بالىسىنىمۇ... ئۇلار-
نى ئويلىمىغان گۇناھى بەلكىم ئۆزىدە بولسىمۇ، ئويلىيالماسلى-

قىنىڭ گۇناھىنى ئۇنىڭغا ئۇستلەپ ئارتىشقا بولمايتتى... كىم-
نىڭ ئاشىقلىرى كىمنىڭ مۇزدەك سوغۇق، لەھەتتەك مۇدھىش
چاڭگىلىدا مۇھەببەتسىزلىكنىڭ تەمسىز، بەترەڭ، لاۋزا قۇچاق-
لىرىدا تىرىك تۇرۇپ گۆرنىڭ ئازابىنى كۆرۈۋاتقانلىكىن؟ مۇشۇ
دۇنيادا قانچىلىك ئاشىق ئۆزىنىڭ مەشۇقى بىلەن ئىككىلى دۇن-
يالىق ھالال ئەر - خوتۇن بولۇپ ئۆتەلەيدىكىن؟ ئەمىسە بۇنىڭ
گۇناھىنى كىم ئۇستىگە ئالار؟ ئاشىقلارنىڭ تارتقان رىيازىتى
ئىبادەت بولۇپ، ئاقىۋەت قاراڭغۇ گۆرنى جىنچىراغدەك يورۇ-
تالارمۇ؟... بەربىر، ئاشىقلار ئۇچۇن كېچە - كۈندۈزنىڭ، قاراڭ-
غۇ بىلەن يورۇقنىڭ نىمە پەرقى؟ چۈنكى، ئۇلارنىڭ يالتىراپ
تۇرىدىغان بىر جۈپ كۆزى ئەمەس، لاۋۇلداپ تۇرغان قەلبى -
يۈرىكى كۆرىدۇ... بەلكىم تەڭرىنىڭ رەھىم - شاپائىتى چەك-
سىز، ئۇلارنىڭ قان يۇتۇپ تۇرۇپ مەندەك چىداشلىق بىلەن مۇ-
ھەببەتسىزلىكنىڭ شىۋىرغانلىق جۇتلىرىدا مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ
بىر تىرىلىپ، قار ياغقاندا تۇمشۇقىدا تىزغان چاڭگىسىنى بۇ-
زۇۋەتمەي، قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ، باچكىلىرىنىڭ ئۇۋىسىنى
ساقلاپ كېلىۋاتقان ئانا قۇشتەك مېھنىتى ئۇچۇن، تەقدىر ئادا-
لىتى بىلەن كېلەركى دۇنيادا پېشانىسىگە سۆيگىنى بىلەن ئەبە-
دىيلىك جۈپ بولۇپ ئۆتۈشنى يېزىپ قويار. ئەمىسە مېنىڭ پې-
شانەمگە كىم يېزىلغان؟ ئايرودۇرۇمنىڭ كۈتۈش زالىدا كۆزلى-
رىمدە چاقماق چېقىتقان، سۇر رەڭ مايكىسىدىن بۇغدىيەكلىرى
كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاشۇ — ئۆمرۈمدە كۆزۈم ئېچىلىپ، قەلبىم
تۇنجى ھېس قىلغان يوچۇن ئەرمۇ؟ ئەقىل كۆزلىرىمنى باغلاپ،
تۇيغۇلىرىمنى گاراڭلاشتۇرۇپ، ئىلكىمدىكى ئۆزۈمگە مۇتلەق
تەۋە بولغان قىممەتلىك نەرسىلىرىمنى تامام خىرەلەشتۇرگەن،
قەدىر - قىممىتىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، بۈيۈك سىماسىنى مېھرىم
قاتلىرىدىن ئۆچۈرۈشكە ئورۇنۇۋاتقان ئاشۇ ئىچى قاتتىق،
شەخسىيەتچى ئەبلەخمۇ؟ ياق، ئۇنىڭ قەلبىمنى شەيدا قىلىۋالغان

سۈلكىتى، قەددى ـ قامىتىنى بالىلىرىمنىڭ ھەققى ئۇچۇن بولسىمۇ بارلىق مۇھەببىتىمنىڭ جەۋھىرىنى قوشۇپ، قولۇم-دىكى ئۇچلۇق يىڭنىنى ئۆز تېنىمگە سانجىپ تۇرۇپ، تومۇرلىر-رىمغا ۋاكسىنا قىلىپ ئۇرماقچى بولۇۋاتاتتىم ... لېكىن، قانداق بولار؟ «قانداق بولار»نىڭ ئىچىدە ئۆزۈم چۈشىنىشكە تىرىشىۋات-قان، ئەمما چۈشىنەلمەيۋاتقان ناھايىتى نۇرغۇن ئېنىقسىزلىق بىخسىپ تۇراتتى... ئايتۇرككە تېلېفون قىلغاندا نېرى ـ بېرد-نى ئويلاشقا ئۇلگۇرمىدىم... ئەھۋال شۇ قەدەر ئېغىر، كەيپىيا-تىم شۇ قەدەر مۇرەككەپ، تۇيغۇم بومبا چۈشكەن خارابىدەك ما-لىمان ھالەتتە قايسى يۈزۈم بىلەن ئوغلۇمغا ـــ غۇرۇرۇم ئەرتې-كىنگە تېلېفون ئالالايتتىم. (ناۋادا ۋۇجۇدۇمدا غۇرۇرغا تەئەللۇق نەرسىلىرىم ھېلىھەم بار دېيىلگەن تەقدىردە...) ئۇنىڭغا گەپ قىلىشتىن تىلىم كۆيەتتى، يۈزۈم قىزىق تونۇرغا ياققان تۇز-سىز خېمىردەك سويۇلۇپ چۈشەتتى... تېلېفون رەقەملىرىدىن بارماقلىرىمنى يېلىنجاپ تۇرغان چوغ ئۇستىدىن تارتىۋالغاندەك تارتىۋالدىم... يولدا ماشىنىلار خىلىلا شالاڭلاشقان ئىدى. دېرد-زە سىرتىدىكى ناتونۇش شەھەر چېقىلغان ئەينەك پارچىسىدەك يالتىراپ، كۆز ئالدىمدىن غۇيۇلداپ ئۆتەتتى.

# يەتتىنچى باب

ئەخمەت قارا رەڭلىك CAMRY نىڭ دېرىزىسىنى چۈشۈ-
رۈپ، قىزىل كىرېست بەلگىسى قويۇلغان ئېلېكترون ئىشىك-
نىڭ بىخەتەر ساندۇقىغا كارتىسىنى سۈركىگەندە ماشىنا يول-
دىكى ئالا بالداق كۆتۈرۈلدى.

— توۋا، مۇشۇنداق تىنچ شەھەردىمۇ ئىشىكلەر كۆزەت قى-
لىنامدۇ ئەخمەت؟

— بۇ دېگەن قائىدە ھاجىم ئاچا، يەر قىس، ئادەم كۆپ،
ماشىنا توختىتىش ئورنى كەمچىل، كارتىغا سۈركەلگەن ۋاقىت
بىلەن كىرگەن - چىققان ۋاقىتنى بەلگىلەپ، ماشىنا توختى-
تىش ھەققى تۆلەيمىز.

... ھەممىسى پۇلنىڭ ئىشىكەنغۇ؟ بىر ھېسابتا پۇلۇڭ
بولغانمۇ يامان ئىش ئەمەس. ئەمما، ھاياتىڭدا پۇلغا سېتىۋالغى-
لى بولمايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بولىدىكەن، ناۋادا پۇلنىڭ
قۇدرىتى شۇنچىلىك چوڭ بولسا پۈتۈن بىساتىمىزنى سەرپ قى-
لىپ غوجامنى ئۆرە تۇرغۇزالىساق ئۆلسەم كۆزۈم يۇمۇلار ئى-
دى... ھەسرەتلىك تىنىقلىرىم يۈرىكىمنىڭ ئىچ - ئىچىدىن
چىقىۋاتاتتى، ئەلۋەتتە راست سۆزلەۋاتاتتىم، خۇدا ھەقىقەتەن بۇ
سۆزۈمدە قىلچىلىك ساختىلىق يوق ئىدى... ئىلكىمىزدىكى پۈ-
تۈن بىساتىنىڭ تېگى - ئۈلى، مەنبەسى - يىلتىزى ئابدۇللا غو-
جامنىڭ پاكىز رىزقى ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن بۇ بايلىقلىرىنىڭ
شۆھرىتىدىن پەخىرلىنىپ، نېمەتلىرىنىڭ پاراغىتىدە لەيلەپ
مەست بولۇپ باققان ھەم بىرىگە كۆز - كۆز قىلىپ باققانمۇ

ئەمەس. قىشۇ ياز پوپۇنا قاشتېشى كانىدا تاش قازغۇچىلار بىلەن مۇرنى مۇرىگە تىرەپ ئىشلىگەن... ئۇنىڭ يوغان قوللىرى ئە-زەلدىن بايلارنىڭ سېمىز قويىنىڭ دۇمبىسىدەك يۇمشاق، مايلىق قوللىرىغا ئوخشىمايتتى. باشقىلار ئېتىزلىقىدا موندەك تېرىپ يۇرگەندە، بىزنىڭ غوجام مىسىردا چەت ئەل تىلى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، ئىككى ئادەمنى كۆرسە ئۇنداق شالۇۋۇرنى ئېقىتىپ مەنمەنچىلىك قىلىپ، كولدۇرلاپ چەت ئەلچە سۆزلەپمۇ كەت-مەيتتى، لېكىن جايىغا كەلگەندە بىلىشلىرىنى دوللاردەك خەج-لىيەلەيتتى. ئەزەلدىن باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقى بىلەن ئە-مەس، قىلالايدىغان ياخشىلىقى بىلەن ھېسابلىشاتتى. ئۆزى تاپ-قاننى باشقىلارغا يېگۈزۈشتىن راھەت تاپىدىغان بۇنداق ئادەمدىن ئاسماننىڭ ئاستىدا يەنە قانچىسى باركىن... تۆگىنىڭ يېغىرى چوڭ بولغىنىدەك، جىقنىڭ دەردى ئاندىن يامان بولىدىكەن، ئې-غىزىدا ئاھ - پاھ دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەقۋا بولماق بەك ئاسان بولغىنى بىلەن، ئەلگە ئەرزىيدىغان تەقۋا بولماق ئۇنچىلىك ئا-سان ئەمەسكەن. قېيىنئانام شەرۋانە خېنىمدىن قالغاندىن كېي-ىن مۇشۇ چوڭ ئائىلىنىڭ پۈتۈن دەردى - بالاسى ئۇنىڭ بې-شىغا چۈشتى، ئاخىرى كان گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈپ ئۇنىڭ ھاياتى كۆچىنى يۇتۇپ كەتتى. ئۇ ئوق تەگكەن جەڭ ئېتىدەك يەر چىش-لىگەن 15 يىلنىڭ ياقى پۈتۈن يۈك مېنىڭ زىممەمگە يۆتكەلدى. باللار تېخى كىچىك، يوقىرى - تۆۋەن قاتراپ ئايىغىمنىڭ چە-مى تېشىلىپ، جىسمىملا ئەمەس، زېھىن - قۇۋۋىتىمنىڭ ماغ-دۇرنى بايلىق يۇتۇپ كەتتى. قۇندۇزدەك قارا چاچلىرىمغا مەز-گىلسىز ئاق ئارىلىدى، شۇنچىلىك كېسەرمەن - پىچارمەن، بۇيرۇقۋاز، قاتتىق قول، رەھىمسىز بولۇپ كەتتىمكى، بەزىدە ئۆزۈمنىڭ قايسى جىنسقا تەۋە ئىكەنلىكىمنىمۇ ئاڭقىرالماي قالاتتىم. ئالدىغاندىن ئېلىپ، بېرىدىغانغا بەرمىسەم بولمايت-تى، بۇنداق بولمىسام بۇ ئىگىلىك ۋە ئۇنىڭ ھاياتى مېنىڭ قو-

لۇمدا ۋەيران بولاتتى. مىلڭ قېتىم دېسەممۇ ئازا بولمىسىغۇ ئېـ
ـرىشمەي قـۇتۇلغۇلـۇقكەن، بارنـىلڭ دەردى ئاندىـن يامان... بىـر
ھېسابتا مال ـ دۇنيانىڭ ھېسابىدا بولغىنىمۇ ياخشـىكەن، بىـر
قاچا ئۇگرە بىلەن تويىدىغانلا قورساققۇ ـ بۇ؟ ئـەمما، «قورسـاق
ئۇچۇنلا ياشىمايمىز بالام» دەيتتى قېيىنئانام رەھمىتى، ئـەزەلـ
ـدىن ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەق سۆزلەيمەنكى قېيىنئـانام شەرۋانە خېـ
ـنىمنىڭ ھەقىقىتىدىن ئەزەلدىن گۇمان قىلىپ باققـان كىلىـن
ئەمەسمەن. ئۇ سەكراتتىكى ۋاقتىدا قولۇمدىن تۇتقىنىچە ئالـدـ
ـقىنىمغا سۆيۈپ تۇرۇپ نېمە دەپ ۋەسىيەت قىلغان؟ «ھەممىدىن
ئاۋۋال ئاللاھ، ئاللاھتىن كېيىن ساڭا تاپشۇردۇم لەيلى قىزىـم.
بىلىسەن، ساڭا ئۆزۈم قارنىمنى يېرىپ تۇغقاندىن زىيادا كۆيـدـ
ـمەن، ئۇنتۇمىغىن، ئېتىقاد روھتا بولىدۇ، تەن پەقەت روھ ئـۇـ
ـچۇنلا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئىبـادەت شەكىلـدىلا ئەمـەس، يـۈرەك
سوققان نەپەستە بولىدۇ، نەپەس ئۇزۇلسە تىنىق تـوختايدۇ، تىـ
ـنىق توختىسا تەن دېگەن بىر پارچـە خام گۆش... ئاھ! دەپ بـويـ
ـنۇڭغا قارا ئارغامچا سېلىپ، ئېتىكاپتا تەڭرىمگە يىغلـىساڭمـۇ
ئۇنى ئەمەلىيىتىڭ بىلەن تەسىرلەندۈرەلمىسەڭ بىكار... مۇشـۇ
ئائىلە ئۇچۇن قىلغان ئەجىر ـ مېھنىتىڭ بەدىلى ئىبادەتلـەر
ئىچىدىكى ئەڭ سەمىمىي ئىبادەت بولىدۇ. كۆڭلۇڭنى چۈشىنـ
ـمەن لەيلى، كۆڭلى ـ كۆكسى ھۆسنىـدىن ئۈز بـالام، پېشانەڭ
شۇكەن... غوجامدىن ئەمدى مۇكەممەللىك ئىزدىمە، ئـۇنى قايتـا
قارنىمغا سېلىپ سەن ـ بىز دېگەن تـەم ـ تۇز بىلـەن يەنە بىـر
رەت تۇغۇپ بېرەلىسەم كاشكى، مىلڭ رەت ئاچچىق تولغاق يـەپ،
كۆز چاناقلىرىمدىن تۇغۇپ بېرەر ئىدىم. شۇكۇر قىـل! سەندىـن
ئۆتۈنەي، ئابدۇللايىمنى ئـوتتۇرا يولـدا ھەرگىز تـاشلاپ قويمـا!
چۈنكى، ئۇ مۇشۇ ئۆينىڭ تۈۋرۈكى ـ تېرىكى، سېنىڭ ھەق پـاـ
ـناھىڭ، يۆلەنچۈكۈڭ! سېنى نۇرلاندۇرۇپ تۇرغان چىراغنىڭ چۆـ
ـنكى، چۆنەكتە ماي بولسا پىلىك يورۇق كۆيەلەيدۇ. بىر ئانىنىڭ

ئاياللىق لەززىتى ئېرىنىڭ نوقۇل ئىشقىۋاز مۇھەببىتىدە ئەمەس، سەن ئەمەلىيەتتە ياخشى ئەرنىڭ نىكاھىغا چۈشتۈڭ لەيلى... بىر ئۆمۈر ساداقەتسىزلىكىنىڭ، ئۆچمەنلىكىنىڭ، كۈنچىلىكىنىڭ دەردى - ئوتىدا پۇچىلانمايسەن، قايناق سۇدەك كۆيدۈرمەيدىغان، كاچكۇل سۇيىدەك مۇزلاتمايدىغان ئىلمان تۇرمۇشمۇ بىر ھېساپتا ئايال كىشى ئۈچۈن ياخشى. غوجام سېنى شۇ قەدەر قەدىرلەپ ساقلايدۇ، ئەرتېكىن بىلەن ئايتۇركىنىڭ قانىتىنى بوغۇپ قويما... ئەقىل ئىمانىنى نۇرلاندۇرىدۇ، «قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونجۇڭغا»، دەپ، ئاجىز - ئورۇقلارغا كۆپرەك ئېھسان قىل، گۆر - لەھەتلىرىمىزنى يورۇتۇپ تۇرغۇچى چىراغلىرىمىزنى شۇنداق نۇرانە ياندۇرغىنىكى...» قېيىنئانامنىڭ تىنىقلىرى ئۈزۈلۈپ، دېمى سىقىلىپ تەۋرىنىپ كەتكەن ئىدى...

لىفىت كۆتۈرۈلدى، يالىڭاچ ئەزالارنىڭ زىر - زەۋىرىگىچە رەڭلىك سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن داۋالاش ئېلانلىرى چاپلانغان لىفىت تاملىرىدىن كۆزۈمنى ئېلىپ قاچتىم، ئەخمەتمۇ ئوڭايسىز بىر ھالەتتە كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇردى.

— غوجام سىزنى كۆرسە يىغلاپ سالامدىكىن، ئىككى ئېغىز گېپىنىڭ بىرىدە سىز، — ئەخمەت قىلغىلى گويا بۇنىڭدىن ياخشىراق سۆز تاپالمىغاندەك بېشىنى تاتىلاپ. لىفىت پالاسلىرىغا پۇتلىرىنى سۈركەپ قويدى.

— ئەلۋەتتە مەنمۇ شۇ، سەن تېخى چۈشەنمەيسەن، ئەر - ئاياللىق مېھرى...، — ئەخمەتكە دېگەنلىرىم ئۆزۈمگە شۇ قەدەر راست تۇيۇلۇۋاتاتتى. لىفىت ئىشىكى ۋىشىلداپ ئېچىلدى. يالتىراپ تۇرغان سۈت رەڭ چاقچۇق ياتقۇزۇلغان ئازادە كارىدور شۇنچىلىك تىمتاس ئىدى، ھەر قەدەمگە قويۇلغان چىنە تەشتەكلەردىكى گۈل ياپراقلىرىدىن سۇ تېمىپ تۇراتتى، نەدىندۇر دورىلىق يىلتىزنىڭ چۈچۈمەل ھىدى بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى، ئۇنىڭ

چۈچۈمەللىكى قەلبىمدىكى پۇراقنىڭ ئالدىدا نېمىگە ھېساب بولار؟... ئىچىمدىكى ئاچچىق تېشىمغا تەپكۈچە كۆزلىرىمدىن ئىسسىق ياشلىرىم سىرغىدى.

بالىنىستىنىڭ ياتاق ئىشىكىگە كەلگۈچە يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سوقۇپ ئۆز قۇلىقىمغا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇردى. تىللا ئۈزۈك سالغان بارماقلىرىم تىترەپ تۇراتتى، تېنىم جۇغۇلدايتتى، تىترەك بېنزىن چاچقان ئۇلۇغ ئوتتەك پۈتۈن بەدىنىمگە يامىراشقا باشلىدى، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ تىنىقلىرىم كۆكسۈمگە پاتمايۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەخمەت ئالدىغا ئىككى قەدەم داجىپ ياتاق ئىشىكىنى ئېچىپ بەرمەكچى بولۇۋېدى، ئۇنىڭ پېشىنى تارتىپ، ئالدىرىماسلىقنى ئىما قىلدىم. گويا ۋاقىت قېتىپ قالغاندەك ياتاق ئىچىدىن ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمايۋاتاتتى. بەلكىم غوجام ئۇخلاۋاتقان بولسا كېرەك، بەلكىم، قارىچۇقلىرىنى ئىشىككە تىككىنىچە خىيال قىلىۋاتقاندۇ... نېمىنى خىيال قىلىدىكىن؟ ئۇنىڭ قارىچۇقلىرى قانداق رەڭدە بولغىيتتىكىن؟ ئاتىتە كۆزۈمگە بوزدەك كۆرۈنگەندەكقۇ قىلغان، توغرا، بوزراق، ياق، قارىغا مايىل بوزراق. نومۇس قىلايچۇ، ئۆزۈمنىڭ ئېرىنىڭ قارىچۇقلىرىنىڭ قايسى رەڭدە ئىكەنلىكىنى دەپ بېرەلمەي... قوي كۆز... لېكىن، ئەزەلدىن بۇ كۆزلەردە چاقماق چېقىپ باقمىغان. يەنە شۇ چاقماق... لەنەت! مۇشۇنداق چاغدىمۇ شەيتان ئىچىمنى مىتىلدىتىپ، خىيالىمنىڭ ئازغۇنلۇقىغا تۇتقۇن بولۇپ قالغىنىغا ھەيرانمەن. دىققىتىمنى يىغىۋالاي... چوقۇم ئۇنىڭ ئالدىدا گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالاي، ئۇنى سېغىنىپ ئۆلەي دېگەن قىياپەتكە... بۇ نېمە دېگىنىم؟ سېغىنىماسلىقتا ھەققىم يوقتىغۇ... چۈنكى، ئۇ مېنىڭ ئېرىم! ئۆلسەم زاڭقىمنى تېڭىپ، ھازامنى ئېچىپ، كېپەنلەپ يەرلىكىمگە قويىغۇچۇم... يەنىچۇ؟ چوقۇم ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ھەممىنى يېپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە دېيىشىم كېرەك ئەمەستۇ؟ ئۇ يەنە ناھايىـ

158

تى جىق نەرسىلىرىمگە ئىگە بولغۇچى، قول بىلەن تۇتۇپ، كۆز بىلەن كۆرەلەيدىغان نەرسىلەرگە... نېمە دېدىمكىن؟ مۇشۇنداق قەدەمدە بىر ئۆزۈمدىن سوئال سوراشلارغا راستىنلا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتاتتىم. نېمە دېسەم ھېچكىمگە ئەمەس، ھەممىنى ئۆزۈمگە دەۋاتاتتىم؛ نېمىلەرنى دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ، تەھدىت سېلىپ، قىستىساممۇ، ھېچكىمنى ئەمەس ئۆزۈمنى قىستاۋاتاتتىم... شۇ تەرزدە ئاردىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلەلمىدىم، ياشلىرىم قۇرۇپ، يۈزلىرىمنىڭ تارتىشىۋاتقىنىنى ھېس قىلدىم، يۈرىكىم ھېلىھەم ئېچىشىشتىن يانمىغان بولۇپ، ئەخمەت يېنىمدىلا قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ تامغا يۆلەنگىنىچە قاراپ تۇراتتى. «بىسمىللاھ!» دېدىم ئىچىمدە بوش شىۋىرلاپ، ئاندىن قولۇمنى ئەينەككە تەگكۈزۈپ بوشقىنا چەكمەكچى بولدۇم، بەزەن بىر باغرى قاتتىقلارنىڭ قەلبىنى چېكىش بەسى مۇشكۇل بولغىنى بىلەن، ئەينەكلەرنى چەكمەك مۇشۇنچىلىك ئاسان. شۇنداقتىمۇ، ھەر ئىككىلىسى ئەينەك، قاتتىق تېگىپ كەتسە چاراسلاپ مىڭ پارە بولىدىغان ئەينەك. ئەمما، ھۆددە قىلالايمەنكى، قەلبىم ئۇنىڭ قەلبىگە يەتمىگەندەك، بارمىقىم تېخى ئەينەككە تەگمىگەن، ئەينەكنى چەكمىگەن شۇ دەقىقىدە ياتاق ئىچىدىن ئاڭلانغان — غوجامنىڭ جاڭگالغا باغلاپ قويۇلغان بۆقىنىڭ مۆرىشىدەك مىسكىن، يۈرەكنى ئېزىدىغان يىغا ئاۋازى قۇلاقلىرىمدىن يۈرىكىمگە شارقىراپ قۇيۇلدى.

— غوجام!!! — ياتاق ئىچىگە ئۆزۈمنى قانداق ئاتقىنىمنى بىلمەيمەن، تاغلارنى غۇلاتقان كەلكۈندەك يوپۇرۇلۇپ بېرىپ ئۇ ئولتۇرغان مېيىپلار ھارۋىسىنىڭ ئالدىغا تىزلاندىم، — ئامانمۇ سىلى؟ سىلىنى مۇشۇ ھالدا تاشلاپ قويغان گۇناھىمنىڭ ئۇۋالىدىن قانداق چىقارمەن؟ مېنىمۇ خوتۇن دېگىلى بولدىمۇ؟ تىللىسىلا! ئۆتۈنۈپ قالاي، كاچىتىمغا كېلىشتۇرۇپ بىرنى قويۇۋالسىلا چىرايلىق غوجام! — ئىزتىراپقا چىلاشقان ھەسرەتلىك

ندايمىنىڭ تېگىدە ئۆزۈمگە ئېنىق ۋە گۇڭگا بولغان نۇرغۇن گۇناھلىرىم كۆمۈلۈپ ياتاتتى، كۆز ياشلىرىمدا ھەممىنى يۇيۇپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك يۇم ـ يۇم تۆكۈلۈپ تاشتىم، ــ ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەيمەن... ھەرگىز كەچۈرەلمەيمەن...

ــ خېنىم! ئالتۇن خېنىم! سىلىنى قوغلاپ يەتكەن ئاياغ ـ لىرىم تۇۋىدىن قۇرىدى، ئەمدى سىلىگە يامان نىيەتتە تەگكەن قوللىرىمنى، تىللىرىمنى قۇرۇپ كەتسۇن دەمدىلا؟ سىلىنى سېغىنىپ ئۆلەي دېدىم... سىلىنى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كېتەرمەن ـ مۇ دەپ بەك ئەنسىرىدىم!

ــ مېنى ئاياغلىرى بىلەن قوغلىغانمىدىلە؟ قوللىرى بىلەن تۇتۇپ قالماقچىمۇ؟

ــ ياق ـ ياق، يۈرىكىم، مۇشۇ سوقۇپ تۇرغان يۈرىكىم بىلەن... لېكىن، سىلىدەك چىرايلىق سۆزلىيەلمەيمەن، گاچا ئادەممەن... بەزىدە مۇشۇ تەرەپلىرىمدىن ئۆزۈممۇ بىزار.

ــ كىم دەيدۇ، بەك چىرايلىق گەپ قىلىدىلا، ــ مەيۈس كۈلكەم يۈزلىرىمگە بالقىپ چىقتىمىكىن، ــ ئەمەلىيەتتە ئۆ ـ زۈم ئەسكى، بىر ئىشنى قىلاي دېسەم يۈز تۈرلۈك سەۋەب، قىلماي دېسەم مىڭ تۈرلۈك باھانە چىقىدىكەن چىرايلىق غو ـ جام. ئۆزۈم ئەسكى دېدىمغۇ، ئۆزۈم ئىنسابسىز، ۋاپاسىز، ــ مىشىلداپ يىغلاپ، ئۇنىڭ كۆك سىزنقلىق كېسەللەر كىيىمىدە جۈپلىشىپ تۇرغان بىر جۈپ تىزىغا بېشىمنى قويدۇم.

ــ سىلىنى مۇشۇ ئېغىرچىلىقتا قويغىنى مەن! ئۆزۈمنىڭ يېغىدا ئۆزۈمنى بۇنچە قورۇمىسىلا، سىلىگە قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەنكى... 15 يىل بولدى... 15 يىل! ــ غوجام ئىششىپ، قىزىرىپ، چىڭقىلىپ تۇرغان ياللۇغى ئېغىز ئالغاندەك ئىچ ـ ئىچىدىن تېشىپ تۆكۈلدى، ئاقتى، ــ دۇنيانىڭ ئېغىرچىلىقىد ـ غا سىلىنى تاشلاپ قويدۇم، نازۇك خۇش پۇراق لەيلىگۈل ئىدى ـ لە، ئوغۇتلاپ، سۇغۇرۇپ بەرق ئۇرۇپ ئېچىلدۇرالماي، يېنىپ

تۇرغان گۈلخانغا بەقەم قىلىپ تاشلىدىم! مېنىمۇ ئەر دېگىلى بولامدۇ؟!

— بولدى غوجام... بولدى قىلسىلا! — بۇ گەپلەرنىڭ غو-جامنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بولسامۇ، ئىچىنىڭ نەرىدىن چىقىۋاتقىنىنى قىياس قىلالمايۋاتاتتىم. ئۇنىڭ بۇنچىلىك تەسىرلىك، يېقىشلىق سۆز-لەشلىرىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتاتتىم. توۋا قىلدىم! تۇنجى قې-تىم دەۋاتامدىم؟ مېنىڭ شۇنداق بىر كېسىلىم بولۇشى ئېھتى-مالغا يېقىن، دائىم مۇشۇنداق تەسىرلەنگەن چاغدا ئىلگىرى-ئەزەلدىن هازىرقىدەك تەسىرلىنىپ باقمىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىمەنغۇ تاڭ... ياق! بەلكىم ئۇنىڭ ئېغىزىدىن مۇشۇنداق گەپ-لەرنى ئىلگىرىمۇ ئاندا - مۇندا ئاڭلىغان بولۇشۇم مۇمكىن، لېكىن قاچان، قايسى ۋاقىتتا ئۇنىڭ قانداق چىرايلىق گەپلەرنى قىلغانلىقىنى ئېيتىشكە تېمىپ كەتكەن شېكەر دېگىنى كۆچا سوپۇنى بىلەن يۇيۇپ چىقىرىۋەتكەندەك ئۇنتۇپلا كېتىمەن دې-سە، غوجام غولىغا پالتا ئۇرۇلغان سەگۆ تېرەكتەك سىلكىنىپ تۇرۇپ يىغلاۋاتاتتى، — ئالدىلىرىدا هەق بۇرچۇمنى ئادا قىلال-مىدىم، بەزىدە، بۇنداق جاننىڭ نېمە كېرىكى، دەپمۇ قالىدىكەن ئادەم... ئاللاھ ئامانىتىنى ئالمىسا يا كەتكىلى بولمىغان... قا-رىسىلا، جۇدەپ كېتىپىلا خېنىم! — غوجام تىترەپ تۇرغان تۈك-لۈك قوللىرىنى ئۇزىتىپ، يۈزلىرىمنى تۇتماقچى بولۇپ تەمتى-رەپ قالدى.

— سىلىمۇ جۇدەپلا، — دەل شۇ چاغدا قەلبىم شۇرۇرىدە قىلىپ كەتتى، ئىشقىلىپ ماڭا ئىچىمدە مۇھىم بىر ئەزايىم قىزىق ياغقا تاشلانغان دومبە ياغ ۋىژىلداپ تۇرۇپ ئېرىگەندەك تۇيۇلدى... بەلكىم ئېرىۋاتقىنى يۈرىكىم بولسا كېرەك، ئۇنىڭ يوغان قوللىرىنى قوش قوللاپ تۇتۇپ يۈزلىرىمگە ياقتىم، ئاز-دىن تېرە تاشلاپ كېپەكلىشىشكە باشلىغان ئالىقانلىرىغا ئىس-

سىق لەۋلىرىمنى خىلىغىچە يېقىپ تۇردۇم. خۇدا ھەققىدە نۇر-غۇن ۋاقىتلاردا ئۆزۈمنىڭ ھېس-تۇيغۇسىغا ئۆزۈم توغرا باھا بېرەلمەي، سەۋەنلىكتىن خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ قويۇشتىن مۇستەسنا بولالمىغىنىم ئېنىق. ئەمما، بۇ قېتىم ھەرگىز ئۇنداق بولمىدى، ئۇنىڭ ئالىقانلىرىدىن لەۋلىرىمنى پەقەت ئالغۇم كەلمىدى، ھەتتا بويۇنلىرىغا ئېسىلىپ، يامغۇردەك تۆكۈلۈپ تۇرۇپ يىغلىۋالغۇم، يىغلاپ تۇرۇپ ئىچىمدىكى غەشلىرىمنى چىقىرىۋالغۇم كەلدى... ئەمەلىيەتتە، راست گەپنى دېسەم، مۇشۇ دۇنيادا ئۇنىڭدىن ئالدىنقى رەتتە تۇرىدىغان كۆيۈنگۈچۈم، ھىماتچىم يوق ئىكەنلىكى كۆڭلۈمگە بەش قولدەك ئايان ... مۇشۇ گەپنى قانچە قېتىملاپ تەكرار دەپ، ئەجىقىنى چىقىرىۋەتكىنىمنى ھەم بىلمەيمەن، شىكەر قايىنسا قىيام بولىدىغۇ، مانا شەرۋانە خېنىمنىڭ ئېغىزلاندۇرغىنىغا تۇشلۇق بۇ گېپىم تازا جايىغا چۈشتى... دەيمەنغۇ، تىللىسام تىللايمەن، قارغىسام قارغاپ، ئارقىدىنلا داملىسام داملاپ، يەنە ماختىسام ماختايمەن، قانداق؟ چۈنكى، ئۇ باشقىنىڭ ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ ئېرى! مۇشۇ گەپلەرنى كىمگە دەۋاتقاندىمەن ـ ھە؟ بەلكىم ئۆزۈمگە دەۋاتقاندىمەن. بىرى يا «ئۇ سىنىڭ ئېرىڭ ئەمەس» دەپ، ئۇنى قۇچىقىمدىن بىر باش چامغۇرنى يۇلۇۋالغاندەك يۇلۇۋالغىلى قويمىسا... «بىر ئاز سېغىنىپتىمەن» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە يەنە، خىيالىم شۇنچىلىك تاققا ـ تۇقىقا، ئىسسىق ـ سوغۇق، ئاچچىق ـ چۈچۈك ئىدى. ئاستا بېشىمنى كۆتۈرۈپ غوجامنىڭ ئولتۇرۇشقان كۆز چاناقلىرىغا تۇنجى قېتىم ئەستايىدىللىق بىلەن سىنچىلاپ قارىدىم، توۋا ئۇنىڭ كۆز قارىچۇغى راستىنىلا بوز رەڭدە ئىكەن... ياش تۆكۈلۈپ تۇرسا قېنىق بوز رەڭ ئەمەس، قىزىلغا مايىل بوز رەڭگە كىرىدىكەن... غوجامنىڭ قارىچۇقلىرى چىمچىقلاپ، شىۋاقتەك ئەتلىك كىرپىكلىرى يەنە لىپىلداپ كەتتى. بىلمەن، ئۇ ئەزەلدىن كۆزلىرىمگە تىك قاراپ

باققان، ھەم ئالدىمدا بۇنچىلىك جىق ياش تۆكۈپ باققان ئەر ئە ـ
مەس. كىم دېدى «تاغ غۇلىمايدۇ، تاش يېرىلمايدۇ» دەپ، ئېرىم ـ
نىڭ يۈرىكىمۇ گۆش!... كۆزلىرىمگە قارىسىلا كۆزلىرىنىڭ قا ـ
رىسى ئېرىپ، ساقىپ كېتىدىغاندەك ئەيمىنىپ، قورقۇپ مۇ ـ
شۇنداق يۇمۇلۇپ كېتەمدىغاندۇ غوجامنىڭ كۆزلىرى؟... پىسىڭ ـ
ڭىدە كۈلۈۋەتتىم، بەلكىم مۇڭلۇق، مەيۇس كۈلۈشلىرىم شۇ
چاغدىكى ئۆزۈمگە شۇنچىلىك ياراشتى بولغاي. ئۇنى سېغىنغى ـ
نىم شەكسىز راستكەن، نېمىشقا سېغىنىماي؟ ئۇ مېنىڭ ئېرىم،
ئىككى بالامنىڭ دادىسى، يۆلۈسىم، شېرىم! مانا ئەمدى ئۆزۈم ـ
گە سەل ئوخشىدىم... قاپقارا مورا قۇيۇندەك بەتبەشىرە رەڭگىم
ئىچىمگە سىڭىشىپ چۆكۈپ، تېشىم ئاق ياقۇتتەك يالتىراپ
جۇلالاشقا باشلىدى... ئۇنى يەنە ئازراق ماختايچۇ؟ ماختاپ قان ـ
مىغاندەكلا، ماختاشلىرىم يەنە نېمىلەرگىدۇر كەملىك قىلىپ
يېتىشمەيۋاتقاندەك، مۇشۇنداق ماختاۋېرىپ ئاخىرى ئۆزۈمنىڭ
دېگەنلىرىمگە ئۆزۈممۇ چىن پۈتۈپ قالىدىغاندەك، قەلبىمدىكى
ئازغۇنلۇقنىڭ يىلتىزىنى مۇشۇ ماختاشلىرىم ئاقتۇرۇپ كەلگەن
كۈچلۈك قىيانىڭ تەۋرەشلىرىلا تېگى ـ تېگىدىن قومۇرۇپ
تاشلىۋېتەلەيدىغاندەك... غوجامنىڭ مېڭىگە قارىدىم، سەل سۈيى
قېچىپ قالغان ئازگال مونچىقىدەك، جۇلاسى سۇسلاپ قاپتۇمۇ ـ
قانداق؟ ئۇبدانراق يەنە بىر قارىۋالايچۇ، ھېچقانچە يىرگىنچلىك
يېرى يوق، بىر چىرايلىق ئىكەنغۇ؟ مانا دېمىدىممۇ؟ ئۇنى سې ـ
غىنغىنىمغا ئۇنىڭ مۇبارەك مەڭلىرى گۇۋاھ بولسۇن! دېمىگەن
بىلەن بۇنداق مەڭ كىمنىڭ بۇرۇن پەررىكىدە بار؟ ساراڭمەن ـ
ھە، «كۆزۈمگە سىغمىدى» دەپ، يېرىم ئۆمرۈمنى قاقشاپ ـ قا ـ
ناپ ئۆتكۈزگەن قىپقىزىل لەيلى ساراڭ!

— غوجام، مەن بىلەن توي قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن پۇشاي ـ
مان قىلامدىلا؟

— نېمە؟! — غوجام چۆچۈپ كەتتى، — نېمە دەۋاتىلا ئال ـ

تۇن خېنىم؟ مۇشۇ دۇنياغا ئابدۇللا غوجام بولۇپ تۆرىلىپ، ئېرىشكەن ئەڭ كاتتا بەختىم سىلى! ئاندىن قالسا ئەرتېكىن بىلەن ئايتۇركۇم! سىلىسىز ھېچنېمەم يوق.

مەركىزىي مېڭەمدە بۇنداق غەلىتە ئىنكاسنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۇشتۇمتۇت قوزغالغانلىقىنى، توققۇز ئاينىڭ ياقى ئەمدىلا كۆرۈشكەن ئېرىمدىن ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا قاملاشمىغان بۇ بىمەنە سوئالنى سوراپ قويغىنىمغا ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم، پۇشايمان قىلىپ ـ قىلماي بىز يا ئۇنىڭ بىلەن شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈۋاتقان ياش ئەر ـ خوتۇن بولمىساق، ــ سىلىنى كىشى يۇرتىدا مۇشۇنداق تاشلاپ قويدۇم، ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەيمەن، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزۈمنى... يەنە بار تېخى... يەنە!... ــ دۇدۇقلاپ قالدىم، شۇ «يەنە»لىرىم كەينىدە يەنە نېمىلەر يوشۇرۇنغانلىقىنى ـ تاڭ؟ ئەزبىرائى، قارا تۇتەكتەك سايە تاشلاپ تۇرغان «يەنە»لەر بولمىسا ئىدى، يەنە نېمىلەرنى دەۋېتەر ئىدىمكىن؟ شۇ چاغدىكى ھېس ـ تۇيغۇم شۇنچىلىك گادىرماچ ئىدى، شەرھلەپ بېرىش تېخىمۇ تەس ئىدى، ئەلۋەتتە ھېچكىمنىڭ مېنى «شەرھلەيسەن» دەپ قىستاشقا ھەققى ـ ھوقۇقىمۇ يوق، قىستاپ، بېشىمغا تاپانچا تەڭلىسىمۇ شۇ ھالدىكى ئۆزۈمنى ھېچكىمگە چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتىم...

* * *

بالىنىستىنىڭ كۆكۈچ پەردىلىرى قىيا قايرىلغان، دېرىزە كۆزنىكىدىن غەربكە قىيسايغان قۇياشنىڭ نۇرى غوجامنىڭ كەڭرى يەلكىسىگە تۆكۈلۈپ تۇرسىمۇ، قىيپاش تۆكۈلگەن قىزغۇچ رەڭ ئۇنىڭ يۈزلىرىدىكى مىسكىنلىكنى يېپىپ بولالمايتتى. غوجامنىڭ تۇكلەش قوللىرىنىڭ دۇمبىسىنى ئاستا سىلاپ، قۇرىغان لەۋلىرىمنى ئۆمەللىدىم:

— ياتاقتا ئىككىمىز يالغۇزلا قاپتۇق.
— ئەسلىدىلا يالغۇز ئىدۇق ئالتۇن خېنىم.
— ئەخمەتچۇ؟
— بەلكىم ئىشىك تۈۋىدە.
— سالامەتخانچۇ؟ — تۇۋا، تۇغۇچىدا يەنە ئىش چۇشتى ئا-دەمگە، چۇشەندۇرۇشكە تېگىشلىك ئىشلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرسا، بۇ سالامەت خېنىمنى چۇشەندۇرۇشكە ھەپىسلەم نەدىكى، لېكىن يامغۇردىن كېيىن ئۇنۇپ قالغان گۆمبە مەدەكتەك ئۇش-تۇمتۇتلا بۇ خېنىمنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ قويغان ئۆزۈم. خوش سالامەت خېنىم! سىزمۇ بۇ قىسمەتلەردىن قىسىي قال-ماڭ... مانا بۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئىچى قارىلىقىمنىڭ سەۋەبىدىن بولۇۋاتاتتى... گەپنىڭ نان تېگىدىغان يېرىنى دېمەي، پوقاققا سۆگەل قوندۇرۇپ ئاۋۇتۇۋاتقان ئۆزۈم تۇرۇپ يەنە كىمدىن رەن-جىيمەن؟... يەنە ئۆزۈمگە كايىشنى باشلىدىمغۇ، نېمانداق گۇ-ناھنى ئۆزۈمگىلا ئارتىۋالىدىغاندىمەن؟... مۇشۇ خىياللارنى قىل-لىۋېتىپ ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر ئىنسابسىز، ۋاپاسىز، پوچەك خو-تۇن ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىپ قالدىم. نېماندا جىق ھېس قىلىشلاردۇ — بۇ؟ نېمىشقا نېرۋىلىرىم ئوتى ئۆچمەس قازانغا ئوخشاش توختىماي پىتىقلاپ قايناپ تۇرىدىغان ئايال بولۇپ قالغاندىمەن، ھېس قىلىدىغان يەرلىرىم نېمىشقا مۇگدەپ قالماي-دىغاندۇ؟ مۇشۇ گەپلىرىمنىڭ تازا جايىغا چۇشكەن — چۇشمىگىنىد-نى جەزىم قىلالمايمەن. ھاياتىمدا تالاي نەرسىلەر جايىغا چۇشمەد-سىمۇ، گويا شۇنچىلىك چۇشكەندەك ياشاۋاتامدىم؟... جايىغا چۇشمىدى دەپ، بىرسى تاپانچىسى بىلەن ئېتىۋېتەرمىدى، قىل-لىچى بىلەن چېپىۋېتەرمىدى؟ ھېلىقى ھاۋارەڭ كۆڭلەكلىك ئۇنىڭ خوتۇنى بولسا جايىغا چۇشكەن بولارمىدى — يا؟... تۇۋا! نېمىنى ئويلاۋاتقان ئىدىم بايا؟ تاپانچا، قىلىچ بىلەن جايىغا چۇشمەسلىكنىڭ ھەم سالامەتخان بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ لې-

كىن، سالامەتخان بەك جايىغا چۈشكەندەك، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ يۈرتتىكى كاتتا شىپاخانىنىڭ بالدۇرلا دەم ئېلىشقا چىقىۋالغان قولى يېنىك، ئايىغى چاققان سېستراسى؛ توققۇز ئاينىڭ ياقى، مېنىڭ مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدىغان، ئېيىغا 6000 يۈەن ئىش ھەققى بېرىشىم بىلەن، باھاسىنى ئۆلچىگىلى بولمايدىغان مېھر - شەپقىتىنى بىزگە مۇتنىڭ ھېسابىدا سېتىپ بەرگەن، ئېرىمنى كۈتۈش ئىشىنى قىلىۋاتقان تۇل ئايال. ئاسان ئەمەس پۈتۈن - سۈرۈك بىر ئەرنى بوۋاقنى تازىلىغاندەك يۇيۇپ، تازىلاپ كۈتۈش، ئۇنىڭ جىق ھالال ئەجرى گەدىنىمىزدە قالىدىغان بولدى. تۆت تال پۇل بېرىپ سەل چۈپەيلىك قىلدىممۇ - نېمە؟ — دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ پەسكە قارىدىم، — بۇ خېنىم ئادەتتە سىدىلىنى مۇشۇنداق ئۇزۇن ۋاقىت يالغۇز تاشلاپ قويامدۇ غوجام؟ ناۋادا...

— قەغەز ئالىمەن دەپ پەسكە چۈشۈپ كەتكىلى ئۇزۇن بولمىدى ئالتۇن خېنىم، قۇلىقى يېنىك، پۇت - قولىمۇ چاققان ئايالكەن شۇ.

— سىلىگە يارىغانلا بولسا مەن رازى.

— ياراپ - يارىماي نېمە؟ كىشى قولىغا قالدۇق، — غوجامنىڭ ئۇنىنى يىغا بوغقاندا، ئاۋازى مايسىراپ قالغان چىغىرتماقتەك غىچىرلاپ قالدى. مېھرسىراپ كەتكەن يۈرەكلىرى قانچىلىك غىچىرلاپ كەتتىكىن...

— كۆكۈللىرىنى يېرىم قىلىپ، يۈرىكىمنى بۇنچە ئەزمەسىلە چىرايلىق غوجام، ئۆمۈر كەچمىشلىرىدە سىرىق چۈمۈلىنىڭ جېنىغىمۇ ئازار بەرمىگەن، سازاڭ قۇرتنىڭمۇ رىزقىنى يەۋالغان ئادەم ئەمەس سىلى. ھەقنىڭ كۆزى بار، قىلغان ياخشىلىقلىرى سىلىنى يۆلەيدۇ، بىر كۈنى يامان چۈشتىن ئويغانغاندەك لىككىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىلا، ئىلاھىم. ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدىمىزنى ئۈزسەك گۇناھ. ئەلەم بولۇڭدىكى

ھېلىقى نەشكەش خەتنىچى كەيپىدىن يېشىلمەي تۇرۇپ مۇدد- كىنى تۇۋىدىن كېسىۋەتكەن ھېلىقى نارەسىدە ئەسلىرىدە بار- مىكىن؟

— بىچارە بالا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىخۇدلۇقىدىن بىر ئۆ- مۈر ئەرلىك بەختىدىن ئايرىلدى.

— بىخۇدلۇقلا ئەمەس، نامراتلىقى بىلەن ناداىلىقىدىن دېسىلە، پۇلى، پۇلى بولمىغىنىدا ئەقلى بولسىمۇ بولغان بولسا ياخشىراق خەتنىچىگە كەستۈرەر ئىدى. سىلى ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئىككى تۈمەن خەير ـ ئېھسان قىلـ- غان، پۇلىنىڭ ھازىرقى قىممىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا خېلى جىق پۇل ئىدى، ئۇ چاغلار قولىمىزدىكى پۇل ھازىرقىدەك كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن مەن سىلىنىڭ ئوغۇل بالىچىلىقلىرىدىن شۇنداق تەسىرلەنگەن.

— نېمىگە ھېساب؟ پۇل ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالالامتى ئالتۇن خېنىم؟ بەلكىم بۇرۇتلىرى خەت تارتقان چوپچوك يىگىت بولۇپ كەتتى بۇ چاغقا. پۇتۇن ـ سۇرۇك بىر ئەرنىڭ قىياپىدەك قۇتراپ تۇرغان نەپسى ـ ھەۋىسى ۋۇجۇدىنى قىيناپ تۇرسىمۇ، ئامال يوق، بەلكىم ئۇنىڭ مەھەللىسىدىكى بىرەر سېكىلەككە كۆزى چۈشۈپ، يۈرىكىنى ئاشىقلىق پىژىلدىتىپ، جىگدىدەك قۇرۇ- دى... تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئۆزىنى كاچاتلاپ تۇرۇپ زار ـ زار يىغلىدى، ئۇنىنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشىدىن ئاۋسي قىلىپ ئۆز قولى بىلەن كېكىردىكىنى بوغۇپ، قوللىرىنى بوغۇزىدىن ئۈزمەي تۇرۇپ ئۆلۈۋالغۇسى كەلدى. ئەمما، ھېچنېمىگە ئامال يوق، ئامال بولمىسا نېمە چارە؟ — غوجامنىڭ كۆكرىپ تۇرغان قېلىن لەۋلىرى ئۆگەي ئانىسىنىڭ ئېتىكىگە سىيىپ قويغان بىچارە نارەسىدىنىڭكىدەك ئۈمچىيىشىگە مەندىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ تامغا قارىۋالدى.

— غوجام! — مۈز يىپەك كۆڭلىكىمنىڭ پېشىگە دەسسەپ

ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككىنچى قېتىم پۇكۇلدۇم، ئاندىن قوللىرىنى ئالقىنىمغا ئېلىپ يۇمشاققىنە سىقتىم. لېكىن، نېمىدەپ تە-سەللى ئېيتىپ، ئۆزۈم تاتىلاپ ـ تىملاپ، تېشىپ يار كەتكۈ-زۈپ قويغان سەۋر توسمىسىنىڭ تەۋرەپ تۇرغان يېرىقلىرىنى قانداق چىڭداپ ئېتىشنى بىلەلمەي قالدىم. ئۆز ـ ئۆزۈمنى مىڭنى كاچاتلىساممۇ ئازلىق قىلاتتى، ئۇنىڭ چارىسىزلەرگە قىلغان ئېھسانى، ئامالسىزلارغا بەرگەن ئىمكانى تاغدەك دۆۋى-لىنىپ تۇرسا نېمىشقا دېگىلى گەپ تېپىلمىغاندەك ئېچىشىپ تۇرغان يارىسىنى شەلۋەرىتىپ، ئۈستىدىن بىر نوگاي شاكىراب تۇزنى جىرقىرىتىپ قويغان بولغىيدىم؟ خۇدا ھەققىدە، ئۇنىڭ پايخان بولغان ئەرلىك ئىززەت نەپسىگە تەگمەكچى ئەمەس ئى-دىم، ئەزبىرائى، ئۇنداق ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ قۇلى، سۆڭەك ـ مۇسكۇلدىن تۈزۈلگەن جىسمانىيەتنىڭ شەيداسى بولۇپ ياشى-غۇچە، چاشقان دورىسى يەپ ئۆلۈۋالاتتىم. 15 يىلنىڭ ياقى ئۇ-نىڭ مېنى باغرىغا بېسىپ، بىر ئايالنىڭ ھالال ئېرىنىڭ ۋۇجۇ-دىدىن ئېلىشقا تېگىشلىك ھەق ـ نېسىۋىنى بېرەلمىگىنىنى يۈزىگە سالماقچى ئەمەس ئىدىم. ئۇنىڭ باغرىدا پۇچىلىنىپ ياتـ-قان لەھەتتەك كېچىلەرنىڭ ئېغىر ۋەھىمىسىدىن بۇرۇن ـ قۇ-لىقىمغىچە جاق تويۇپ كەتكەن، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك قور-قىدىغىنىمنى پەقەت ئۆزۈملا بىلەتتىم. ئەمما، ئۇنىڭغا بۇلارنى زىنھار چاندۇرمايتتىم، يۇتۇۋالاتتىم كەكرىدىن ئاچچىق تەم بولسىمۇ، شېكەر يۇتقان سىياق لەززەتلىنىپ بېرەتتىم، «جې-نىم» دەيتتىم، «ئاھ چىرايلىق غوجام» دەپ ئەركىلەيتتىم... لېكىن ئازاب، ئاچچىق راھەتسىزلىكتىن يىلان چېقىۋالغاندەك تولغىناتتىم... قارا باسقان چۈشلىرىمگە كىرگەن شەيتان كىم-لەرنىڭدۇر سىياقىدا مېنى باغرىغا باساتتى، قىممەتلىك ئۈنچە ـ جاۋاھىراتلارنى ئەمەس، قىزىرىپ پىشقان بۆلجۈرگەننى قىزىل يىپقا ئۆتكۈزۈپ بوينۇمغا ئېسىپ قوياتتى، «ھەرگىز، ئالتۇن

خېنىم دەپ، خەجلىگىلى بولىدىغان مېتالنىڭ ئىسمى بىلەن ئا-
تاپ چىشىمغا تەگمەيتتى، ئاق لەيلەم، قىزىل لەيلەم سىز شۇن-
چىلىك تاتلىق، شۇنچىلىك شېرىنسىز...» دەپ ئەركىلىتىپ،
بويۇنلىرىمغا سۆيۈۋالاتتى... ھەر تال چېچىمنىڭ ئۇچىدىن تار-
تىپ تىرناقلىرىمغىچە تاتلىق جۇغۇلداپ، كۆزلىرىمنى ئاچالماي
قالاتتىم، بۇ شېرىنلىك ۋۇجۇدۇمدىن تاڭ سەھەرگىچە تاراپ
كەتمەيتتى... غوجام بۇنداق چاغلاردا جىمىغۇرلىشىپ، زۇۋانى
تۇتۇلۇپ قالاتتى... لېكىن، شەيتاننىڭ ئىچ - قارنى تاتلىق
سۆزلەرنىڭ خەزىنىسىدەك، ئېغىزى بۇنداق گەپلەرگە ئاجايىپ
يۆگىشىپ كېتەتتى... ئۇ چاغدا شەيتاننىڭ ئۇستىدە ئۇچ بور-
جەك ياقىلىق سۇر رەڭ مايكىسى يوق ئىدى، بەلكىم كىيىۋې-
لىشنى ئۇنتۇپ قالغان گەپ... شۇغىنىسى ئېنىق، ئەمدى چۇ-
شۇمگە كىرسە چوقۇم ئۇ ھېلىقى مايكىسىنى كىيىپ، توخۇ ئەت
بوغدىيىكىنى مىدىرلىتىپ قوياتتى، كۆزلىرىدىن چاقماق چا-
قاتتى، مايكىسىنى ئۆزۈم ئاستا سالدۇرۇپ قوياتتىم... چوقۇم
سالدۇرۇپ، ئاق بىلەكلىرىمدە پىرقىرىتىپ كارنىۋېتىمدىن چۆ-
رىۋېتەتتىم... ئەمما، غوجامنىڭ ئەنبەر پۇراپ تۇرىدىغان پاخپۇ
كۆكلىكىنىڭ ئىزمىسىنى ئەزەلدىن ئۆزۈم يېشىپ باققان ئە-
مەستىم، ئۇ ھەم ماڭا يەشتۇرۇپ باققانمۇ ئەمەس ... ۋۇجۇدۇمغا
شېكەر سۇيىدىن تاتلىق بىر شېرىنلىك ۋىژژىدە تاراپ، كىر-
پىكلىرىم لىپىلداپ كەتتى...

— نېمىگە ھېساب غوجام؟ — نېمىنىڭ زادى نېمىگە ھې-
ساب بولىدىغىنىنى ئۆزۈممۇ ئاڭقىرالماي قالدىم، پەلىپەتىش
سۆزلەپ قويغىنىم ئۇچۇن يۈزلىرىمگە لاپپىدە قىزىق تېپىپ،
ئالماس كۆزلۈك ھالقا ئاسقان قۇلاقلىرىمغىچە ئوت بولۇپ ياندى.

— جىق ئويلاپ كېتىپىلا، ئۆمرىمىزدە شۇنداق گۈزەل كې-
چىلىرىمىز بولغان، بىر - بىرىمىزگە قانغان... شىردەك قىران
ئوغلىمىز، ئاھۇدەك چىرايلىق قىزىمىز بار. بىر ئۆمۈر ئۆكۈ-

نۆشۆم يوق... كۆزلىرى پىلدىرلاپ، ئىسسىق نەپەسلىرى يۈزلى-
رىمگە ئۇرۇلۇپ تۇرسىلا مەن... مەن ھەممىگە رازى، — يۈزۈم-
نىڭ بۇ قەدەر قېلىنلىقىنى مانا ئەمدى ھېس قىلىۋاتاتتىم...
بەلكىم ئېرىم بۇنچىلىك چوڭقۇر ئويلاپمۇ كەتمىگەن بولغىيت-
تى، قۇترىغان تۇيغۇم بىلەن ئۆزۈم ئۇنىڭ خىيالىغا باشقىچە مە-
نە بېرىپ خاتا چۈشىنىپ قالغاندىمەنمۇ؟ «سەۋزىدىن خەۋەر يوق،
گۆرۈچ دەم يەپتۇ» دەپ، شۇنچىلىك ئۇياتسىزلىق بىلەن قىلغى-
لى بولىدىغان، ئەمما مەڭگۈ دېگىلى بولمايدىغان نازۇك نەرسى-
لەرنىڭ نەپىس پوستىنى سويۇپ تاشلاپ، ھايانىڭ يېپىقلىرىنى
يالىڭاچلاپ قويغاندىمەن. يۈزۈمنى ئېشەكنىڭ تېرىسىدىن قېلىن
قىلىپ، قىلچىلىك ئىمكانى يوق ئېرىمنى چارىسىزلىقنىڭ ئوت-
لىرىغا ئىتتىرىپ تاشلاپ، قاناتلىرى سۇنغان نىمجان ئەنقارىمغا
بۇلۇتلار قەرىدىكى پەرۋازىنى ئەسلىتىپ دەھشەت قىينىغاندى-
مەن؟ ئۆزۈمچە بۇلبۇلدەك سايراپ، دەمدەردەك ئۇنلەپ ئۇنى تە-
سىرلەندۈرمەكچى بولغىيمىدىم؟ ئەمما نېمە بولدى؟ قارا تۇمشۇق
قاغىدەك قاقىلداپ، نەپسىدىن قان تامىدىغان ھۇۋقۇشتەك ھو-
قۇلداپتىمەن شۇ. ئېچىشقان يەرلىرىنى راھەتلەنسۇن دەپ يەل-
پۈگۈچ تۇتۇپتىمەنمۇ، يالىداپ تۇرغان جاراھەتكە بىر تونۇر
لاۋ ـ لاۋ قوقاسنى چېچىپ قويۇپتىمەن... بوران سوقۇپ، چې-
تىقلىرى لاقاسلاپ، يەلكىنى تىتما ـ تالاڭ بولغان ئەسكى كې-
مەمگە لىققىدە قان گۆش قاچىلاپ، ھەرە چىشلىق يىرتقۇچ بې-
لىقلار پىتىراپ يۈرگەن قاراڭغۇ دېڭىزدا نىمجان ئېرىمنى سايا-
ھەت قىلدۇرماقچى بوپتىمەن... ئازاب پۈراپ تۇرغان مۇدھىش
كېمەمنىڭ رولىنى دەررۇ قىرغاققا بۇرىمىسام، ئۇنىڭغا ئۆلۈم-
دىن ئېغىر قورقۇنچ ۋە ئازاب ئېلىپ كېلىشىم تۇرغانلا گەپ
ئىدى.

— غوجام قورسىقىم شۇنداق ئېچىپ كەتتى، سىلى بىلەن
دەرقەمدە ئولتۇرۇپ غىزالانمىغىلى نېكەم؟ مېنى ئۇبدان بىر

مېھمان قىلمىسىلا ھېساب ئەمەس، تېخى ئۇنچە ـ مەرۋايىت دۆكىنىغا بېرىپ ھالقامغا ماس قىلىپ، ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك ئېلىپ بېرىدىلا، تىللا ئۈزۈك سالمايمەن... ئالماسنى... ماقۇلمۇ؟

غوجام كۈلدى. ئۇنىڭ سولاشقان مەڭلىرىگە قايتىدىن قان يۈگۈرۈپ، قارا مەرۋايىتتەك جۇلالىدى.

ــ ئاسماندىكى ئاينى يۇلۇپ بەر، دېسىلىمۇ يۇلۇپ بېرىمەن ئالتۇن خېنىمىم!

«ئالتۇنى» بولمىغان بولسا قۇلىقىمغا قانچىلىك چىرايلىق ئاڭلىنار ئىدى ئۇنىڭ شۇ گەپلىرى.

ــ ئەخمەتنى چاقىرايلى، كوڭكىسىنى تەييار قىلسۇن! ــ غوجام قوللىرىنى ئىشقىلاپ، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ئول ـ تۇرالماي قالدى، ــ ئەخمەت، قېنى سەن ئوغۇلچىقىم؟! ــ ئۇ ـ نىنى قويۇپ بېرىپ، ئىشىككە قاراپ خېلىلا ئۈنلۈك ۋارقىرىدى غوجام.

ــ مانا مەن غوجام! ــ ئىشىك ھايالسىز ئېچىلىپ، ئەخ ـ مەت سەل ئېگىلگىنىچە بويىنىنى سوزۇپ كىرىپ كەلدى. ئارقى ـ دىن گۈلدار ياغلىقىنى چېكىلەپ چەگكەن سالامەتخانىمۇ گۈلدەك ئېچىلىپ قۇچاقلىرىنى ئېچىپ، ئىڭىكىنى سوزۇپ پەيدا بولدى.

ــ ئامانمۇ ھاجى خېنىم؟ قەدەملىرىگە مۇبارەك! ساق كەپ ـ تىلا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يۇرت ـ مەھەللە تىنچلىقتۇ؟

ــ ئىنشائاللاھ! سالامەت خېنىم، سىلىنى كۆپ جاپادا قوي ـ دۇق، ياخشىلىقلىرىغا بىزدىن يانمىسا خۇدادىن يانار، ــ ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ، دورا پۇراقلىرى سىڭىپ قالغان يۇمشاق يۈزلى ـ رىگە يۈزۈمنى يېنىش ـ يېنىشلاپ ياقتىم، ــ سىلىگە بەك ئې ـ غىرچىلىقىمىز چۈشۈپ قالدى.

ــ نېمە دەيدىغانلا ئۆز ھاجى خېنىم، ئىلتىپاتلىرىدا بىر ئوبدان تۇرۇپتۇق، ئوغلۇمنىمۇ قىسىنماي ئوقۇتىۋاتىمەن، ئا ـ دەمنى خىجىل قىلمىسىلا. غوجام بەك ئېسىل ئادەمكەن، شۇنداق

مۇلايىم، قۇلىقى يۇمشاق، كۆيۈمچان، قىرىندىشىمدەك ئىچىكىپ قالدىم ئۇنىڭغا.

— خوش، سالامەت خېنىم، غوجام راستتىنلا ئىسىل ئادەم! تېخى ئەرەب، ئوردۇ، پارس تىللىرىنى سويۇۋېتىدۇ. يەنە شۇنچىلىك زېرەك، ئەقىللىق، كەمتەر دېسىلە، — خۇددى ئاكىسىغا لايىق تونۇشتۇرۇۋاتقان زۇۋاندار چوكاندەك ئېغىزىمنى باسالماي-ۋاتاتتىم.

— خىزىردەك كۆڭلى كەڭ! — ئەخمەت ئېزىق چىشلىرى-غىچە كۆرسىتىپ ئۇن چىقىرىپ كۈلدى.

— پارس تىلىغا خېلىلا خام، جىق ئۇنتۇپتىمەن، — غو-جام خىجىل بولغاندەك كۆزلىرىنى بىزدىن قاچۇرۇپ، كۆرسەت-كۈچ بارمىقى بىلەن مەڭلىرىنى سىلاپ قويدى.

— بول ئەخمەت، ماشىنىدىكى خورما رەڭ چامادانىنىڭ ئۈستىدىلا چاچ رەڭ يالتىراق سومكا بار ئېلىپ چىق، غوجامنى كىيىندۇرىمىز، ئاندىن بېيجىڭدىكى ئەڭ ئىسىل مۇسۇلمانلار ئاشپۇزۇلىدا غىزالىنىمىز، بەش يۇلتۇزلۇق بولسۇن.

— بۇ يەردە ئەرەب، تۈركلەرنىڭ يۇلتۇز دەرىجىلىك ئاش-پۇزۇللىرى جىق، لېكىن غوجام بىزنىڭ شىنجاڭ ئىش بېجى-رىش ئورنىنىڭ تاماقلىرىغا ئامراقتى.

— شۇنداقمۇ غوجام؟ — چاقلىق هارۋىدىكى ئېغىزى يۇ-مۇلماي قالغان ئېرىمگە قاراپ ئىسسىققىنا جىلمىيىپ قويدۇم. ئىسسىق جىلمايدىممۇ ئىلمانمۇ، ئىشقىلىپ شۇ چاغدا ۋۇجۇ-دۇمدىكى بارلىق ئىسسىقلىقنى شۇ كۈلكەمدە ئىپادە قىلدىم.

— سىلىنىڭچە بولسۇن ئالتۇن خېنىم، قەيەرگە مەيلىرى تارتسا شۇ يەرگە بارايلى بولمىسا.

— يەنىلا ئۆزىمىزنىڭكى يېيىشلىك، شۇ يەرگىلا بارايلى ئەمىسە.

ئەخمەت يالتىراق سومكىنى هايالشىماي ئېلىپ چىقتى،

غوجامنى كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا يۆتكىدۇق.

— خاپا بولۇشماي چىقىپ تۇرۇشقان بولساڭلار، غوجام بەك ئۇياتلىق ئادەم، ئۇنى ئۆزۈم كىيىندۈرەيمىكىن، — شۇ گەپلەر- نى قىلىۋېتىپ دېگەنلىرىمنىڭ نەقەدەر چەك باسمىغىنىنى ھېس قىلىپ قالدىم، چۈنكى، ئەخمەت بىلەن سالامەت خېنىم ئۇچۇن ئۇنىڭ بەدىنى مەندىن ئۆتە تونۇش ئىدى، «ھۆپۆپنىڭ تۆكىنى يۇڭدىماي يەپ، ھەسەلنىڭ قىلىنى ئىلغىغان» دېگەن مۇشۇنداق بولامدىغاندۇ؟...

ئىشىك يەڭگىل ئېچىلىپ، بوش يېپىلدى، ئىتتىك بېرىپ كىلىتاننى تاقىۋەتتىم، ئاندىن يالتىراق سومكىنى پىرىسلىتىپ ئېچىپ، ئىچىدىن ئالدى بىلەن غوجامغا تەييارلىغان ئىچ كىي- يىملەرنى ئالدىم. سۇس كۆل رەڭ سىزىقلىق كالتە ئىشتاننىڭ ماركىلىرىنى سويۇۋاتقاندا، غوجامنىڭ يەڭگىل يۆتىلىپ قويغان ئاۋازى قۇلىقىمغا ئاڭلاندى. بىلىمەن، بىزنىڭ غوجام ئەزەلدىن تاماكا تۇگۇل سەيدى بەڭگىنىڭ ئوغلىدەك چىڭگىلىكىنىڭ تەمى- چىگە ئوت يېقىپ شوراپ باققان ئادەممۇ ئەمەس، ئادەتتە ئۇ يۆ- تىلىپ قالمايتتى، ئەڭ ساغلام ئەزاسى ئۇنىڭ ئۆپكىسى بولسا كېرەك... ھەم ئەزەلدىن خورەك تارتمايتتى، تىنىقلىرى سۇ- زۇك، سۈت قايماقتەك سىلىق، ئېقىن سۇدەك راۋان ئىدى، لې- كىن جىددىيلىشىپ ئوڭايسىزلىنىپ قالغاندا، مۇشۇنداق ئۇش- تۇمتۇت بىر ـ ئىككىنى يۆتىلىپ قويياتتى... دەررۇ كەينىمگە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم، راستتىنلا ئوڭايسىز بىرھالەتتە نې- مىدىندۇر ئەنسىرىگەندەك ۋۇجۇدىدىن ساراسىم تۆكۈلۈپ تۇرۇپ- تۇ. ئاپپاق ئاسما مايكا بىلەن كالتە ئىشتاننىڭ قاتلاقلىرىنى ئېچىۋېتىپ ئۆزۈممۇ سەل جىددىيلەشكەندەك بولدۇم، ئەمما جىددىيلىشىپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبىنى دەماللىققا ھېچنېمە بى- لەن ئىسپاتلاپ بېرەلمەيتتىم، — كەلسىلە غوجام، ئۇستىلىرى- دىكى كىيىمنى سالدۇرۇپ قوياي.

— شۇ... شۇ، — غوجام دەررۇ رېزىنكىلىك تامبىلىنىڭ بوغمىلىرىنى تۇتۇۋالدى.

— نېمىگە «شۇ» غوجام؟ مەن سىلىنىڭ خوتۇنلىرى، جان ـ تەنلىرى ئەمەسمۇ؟

— جاپا تارتىپ قالامىلىكىن شۇ، يا بولمىسا سالامەتخان ياردەملەشسۇنمىكىن...

— ياق، ئۆزۈم كىيگۈزىمەن! — تۇمشۇقۇمنىڭ قانداقلارچە ئۇشلىنىپ قالغىنىنى سېزەلمەي قالدىم.

— جۇغۇم چوڭ، ئېغىرىم ئاندىن، يۆتكەشلىرى ئەپسىز... راستىنلا قىينىلىپ قالدىغان بولدىلا.

— بىرىنچى قېتىملىقى ئەمەسقۇ بۇ؟ قانچىلىك ئېغىرلىق ـ لىرى بارىنى ئۆلچەيدىغانغا مەندىن توغرا تارازىلىرى بارمىدى غوجام؟ قاچان سىلى ماڭا «رەھىم» قىلىپ باققان؟ تاغدەك كۈچ ـ لۈك، تاشتەك ئېغىر ئادەم سىلى، — مۈرەمنى ئۇنىڭغا يەڭگىل سوقۇپ، 15 يىل ئاۋۋالقى سەندەل كارىۋاتنى ئۇنىڭ ئېسىگە سېلىپ، ۋۇجۇدنى چىرماپ تۇرغان ئاشۇ يېتىمىرقاش، ئەيمە ـ نىش، قورقۇنچلارنى قوغلىماقچى بولدۇم، — كەلسىلە، يەنە مۇشۇنداق قىلسىلىرى چوقۇم خاپا بولۇپ قالىمەن ـ ھە؟ — ئۇنىڭ تامبىلىنىڭ بوغقۇچلىرىنى تۇتۇۋالغان قوللىرىنى ئاستا تۇتتۇم، ئېرىمنىڭ بارماقلىرى تىترەپ تۇراتتى، — قويۇۋەتسە ـ لە جېنىم غوجام، مەن سىلىنىڭ نېمىلىرى؟

— سىلى مېنىڭ ھەممە نەرسەم...

— غوجام! سىلىنى شۇنداق سېغىنىدىم...!

بىلەكلىرىمنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قويۇپ، ئىسسىق لەۋلىرىمنى پېشانىسىگە باستىم. غوجام دەسلەپ سەل يۇلقۇنغاندەك قىلدى، ئارقىدىن تىترىدى، ئاندىن تامبىلىنىڭ بوغمىسىدىكى قوللىرى پەسكە چۈشۈپ، بەللىرىمدىن چىڭ قۇچاقلاپ ئېسەدىدى...

— سلىنى شۇنچىلىك سېغىندىم ئالتۇنۇم! سىلىدىن ھەر ئىككىلى دۇنيا رازىمەن! مىلىڭ مەرتەم، ئۇز ئاپپاق، — ئۇ شۇنداق دېگەچ بويۇنلىرىمغا ئېسىلدى، ئاندىن شۇ ھالدا تۇرۇپ ساغىرد-سىنى كۆتۇرۇش ئۇچۇن شۇنچىلىك تىرىشقان بولسىمۇ كۆتۇ-رەلمىدى، — ئابايام دېسەم ئۆزلىرى ئۇنىمايدىلا، مۇشۇنداق خا-پىلىقتى مىنە، — غوجامنىڭ ھاسىراشلىرى قولىقىمنى نا-سوستەك پۇدەپ كەتتى...

— توققۇز ئاينىڭ ياقى قانداق سالغۇزۇپ، قانداق كىيىند-دۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالغان چېغى دەپ قاپتىلىدە جېنىم غوجام، مانا مۇنداق سالدۇرىمىز تامبال دېگەننى، — ئۇنىڭ كاسلىرد-دىن قولۇمنى ئۆتكۈزۈپ كۆچەپ كۆتۇردۇم. غوجامنىڭ پۇتلىرى ئىختىيارسىز يېغىلىپ قالدى، پەسكە قارىمىغىنىمنى ئۇنىڭغا بىلدۇرۇش ئۇچۇن لەۋلىرىمنى ئۇنىڭ پېشانىسىدىن ئاجراتماي تۇردۇم. ئۆزۈمنىڭ بارغانچە ئۆزۈمگە ئوخشىماي قېلىۋاتقىنىم-دىن ھەيران قالدىم، ئادەتتە ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇش-قا توغرا كەلسە زورىخان يەڭگەمنى ياردەملەشتۇرەتتىم، بۇ قې-تىم ھېچكىمنى ياردەملەشتۇرمەيمۇ بىر ئەپلىك يۆتكىۋالدىم، نىمىشقا دىمىقما، بۇرۇقتۇم، جىمىغۇر، سۆرۈن تەلەت، غەم-كىن، سوغۇق بىر ئايالدىن بىردىنلا ئوچۇق - يورۇق، كۆچلۈك، قىزغىن، تاتلىق بىر ئايالغا ئۆزگىرىپ قېلىۋاتقىنىمنى ئۆزۈم-مۇ بىلەلمەيۋاتاتتىم... بەلكىم مۇشۇنداق قىلسام ئۇنىڭغا، بالد-لىرىمغا يۇز كېلەلەيدىغاندەك (لېكىن، يۇز كېلەلىشىمدىن كې-لەلمەسلىكىم كۆڭلۈمگە ئايان)... — مۇشۇنچىلىكلا ئىشقۇ، — دېدىم غوجامنىڭ ئىچ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ بولۇپ، — كىيىملەر راھەتمىكەن؟ قىستىمىغاندۇ؟

— راھەت، بەك راھەتلىك، — دېدى غوجام ھاسىراپ، لەۋ-لىرى كىچىك بالىنىڭكىدەك ئۇمچىيىپ تۇراتتى.

— ئەمدى ئوغۇللىرى گېرمانىيەدىن كىرگۈزگەن كاستۇم -

بۆرۆلكىنى كىيگۈزۈپ قوياي، تويى بولىدىغان ياش يىگىتتەك
بىر ئېچىلىپ كەتسىلە ئالتۇن غوجام! (مەن ئالتۇن خېنىمم بول-
غاندىكىن ئۇمۇ بىر ئالتۇن غوجام بولۇپ باقسۇنچۇ) ئىچىمدە
ئۆزۈمنىڭ ئويلاۋاتقىنىمدىن كۈلدۈم، ئەمما غوجام ئويلىرىمنى
بىلمەي قالدى، — ئالدى بىلەن پايپاقلىرىنى بىر ئالماشتۇرغۇ-
لۇق، مانا مۇنداق، ئاندىن... تىرناقلىرى ئۆسۈپ قاپتىمۇ - نې-
مە؟ كەلسىلە ئېلىۋېتەي، — غوجامنىڭ يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىنى
تۇتتۇم، لېكىن ئۇ شۇنچە تىرىشىپمۇ پۇتلىرىنى مەندىن ئېلىپ
قاچالمىدى. غوجامنىڭ ئۇستىبېشىغا سۇس كۇمۇش رەڭ سىزىق-
لىق قارا كۆك كاستۇم - بۆرۆلكا چىپپىدە كەلدى، ئەرتېكىنىڭ
نىڭ دادىسىنىڭ بەدىنىنى بۇنچىلىك ئېنىق بىلىدىغىنىمدىن
ھەيران قالدىم.

— بەك ياراشتى غوجام، ئوغۇللىرىنىڭ كۆزىمۇ سىلىگە
ئوخشاش مال تونۇيدىكەن مانا، سودىغا پىششىق بالا بوپتۇ ئۇ...
قارىسىلا رەڭگىگە، پاسونى ئاندىن، شۇنداق ياراشتى...

— ماڭىمۇ شۇنداق بىلىندى بولمىسا، لېكىن مۇشۇ ھالىم
بىلەن مۇراسىم كىيىمى كىيىپ ھال تارتىپ...

— نېمە دېگەنلىرى - بۇ؟ ھاياتلىقىنىڭ ھەربىر كۈنى مۇ-
راسىم! ھال تارتىشقا تېگىشلىك بولسا سىلى ئەڭ لايىق!

غوجامنى كۆرۈپ ئەخمەت بىلەن سالامەت خېنىمنىڭ چا-
ناقلىرى لىققىدە ياشقا تولدى، لېكىن ھېچكىم چىش يېرىپ
بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى. ئەلۋەتتە غوجاممۇ، مەنمۇ ھېچكىم-
نىڭ ھېچنېمە توغرۇلۇق گەپ قىلىشىنى خالىمايتتۇق، ئەگەر
كىمكى بىر ئېغىز غوجامنىڭ ياراشقان ئۇستىبېشى ھەققىدە
سۆزلەپ قويسا، غوجامنىڭ دەۋرەپ تۇرغان چاناقلىرى يار ئېلىپ
كېتەتتى. ئەخمەت غوجامنى ئىنجىقلاپ كۆتۈرۈپ، هارۋىسىدىن
ماشىنىغا يۆتكىدى، ئاندىن هارۋىسىنى قاتلاپ، ماشىنىنىڭ ئار-
قا ساندۇقىغا سالدى. قارا رەڭلىك CAMRY دوختۇرخانىنىڭ پا-

سىلىرىغا چىم ياتقۇزۇلغان مەر ـ مەر سەيناسىدىن ئەگىپ ئۆ-
تۈپ، گارمونلۇق ئىشىك ئالدىدا توختىغاندا، قارا كۆزەينىكىنى
تارتىپ ئۇلگۇرگەن ئەخمەت، كارتىسىنى ئېلېكتىرونلۇق ساز-
دۇقتا پوچىلىق بىلەن سۇرۇپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى...
— مۇزىكاڭنى قوي ئەخمەت، بىزنىڭ يۇرتنىڭ بولسۇن، —
دېدىم ئارقا ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇرغان غوجامغا يېقىنراق
سۇرۇلۇپ. ئەخمەت كۇنۇپكىنى باستى، تەمبۇر كۈيى يۇرەكلەرنى
زەخمەكتەك چەكتى، ئەزگۇ بىر كۈي يىراقتا قالغان يۇرتۇمنىڭ
يۇمشاق قۇمساڭغۇ توپىسىنى ئۇچۇرۇپ دىماقلارغا ئۇردى... غو-
جامنىڭ تىزىغا قوۋۇشتۇرۇلغان قوللىرىنى ئاستا تۇتتۇم، بې-
شىمنى قىيسايتىپ ئۇنىڭ مۇرىسىگە قويدۇم. ئەخمەتمۇ، سالا-
مەت خېنىممۇ كەينىگە قىيا بۇرۇلۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى...
ئەلۋەتتە، ئىمكانسىزلىق ئىچىدە ئېرىشكەن ئىمكانىمىز شۇن-
چىلىك تۇرسا... مەيلى ئۇياتسىز بولاي، ياكى يۈزى قېلىن، ئۆ-
زۇمنىڭ ئېرى! مۇشۇنداق قىلىشقا ھەققىم بولۇشىدىن بەكرەك
مەجبۇرىيىتىم بار ئىدى.
غوجام قوللىرىمنى دەسلەپ بوشقىنا سىقتى، ئاندىن سى-
قىشى كۈچەيگەنسېرى نەپەسلىرى كۈچەيدى. بىز بىر ئېغىز
گەپلەشمىدۇق، ئەمما ئۇنىڭ ماڭا نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقىنىنى
ئۇلغايغان نەپەسلىرى ئىزھارلاپ تۇراتتى...
دۇنيادىكى ئەڭ خۇشۇم يوق بىر ئىش — يېگەن بىلەن
ئىچكەننىڭ، كىيگەن بىلەن خەجلىگەننىڭ گېپىنى قىلىش.
لېكىن زۆرۈرىيەتنىڭ زەخمىتىدىن بەزىدە نېمە يەپ، نېمە ئىچ-
كەنلىكى ئادەمنىڭ باققالنىڭ يانچۇقىدەك ئېچىلىپ تۇرىدىغان
ئېغىزىدىن تەرەپبالەن چىقىپ كېتىدىكەنغۇ ـ تاڭ... شۇ تاپ
باشقىلار جىنەستىگە ئوخشىتىدىغان مۇشۇ ئېغىزىمىدىن نېمى-
لەرنىڭ چىقىۋاتقىنىنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم. «باشقىلار» دې-
گىنىم ئېرىم ئەمەس، ئۇ ئەزەلدىن «بۇ يېرىڭ بۇنىڭغا ئوخشاي-

دۇ، ئۇ يىرىك ئۇنىڭغا» دىگىنى يوق، دەيدىغىنى ــــ ئالتۇن خىر-
نىم!... بۇنداق تومتاقلا دىسەم يەنە بەزەنلەرنىڭ كۆڭلىگە گۇمان
چۈشۈپ ئۇلگۇردى، مىسالەن، كىمنىڭكىگە؟ ھىچكىمنىڭكىگە
چۈشمىسە يەنە ئۆزۈمنىڭكىگە، ئۇ كىم؟ ياق، مەن ئۇنى تىخى
تونۇمايتتىم، ياق، ئۇ مىنىڭ تەقدىرىم! تەقدىرلەر ئالمىشىپ
كەتكەچكىلا تونۇيالماي قالدىم. تەقدىرنىڭ شەكلى ئالماشقان
بىلەن ھەقىقىتى ئالمىشالارمۇ؟... مەن ئۇنى تونۇۋالغاندەك ئۇمۇ
مىنى ھامان بىر كۈنى تونۇيالارمۇ... ئۇ «ھامان» قاچانلىققا؟...
قاچانلىققا ئۇ لەۋلىرىمنى نىمىگە ئوخشىتاركىن؟... ياق، ياق...
مەن دەيمەن... بىشىمنى سىلىكۈەتتىم. رەھمەتلىك قىيىنئانام
شەرۋانە خىنىم: «بالىجانىم ــــ لەۋلىرى جىنەستەم» ــــ دەپ
ئەركىلەتمەيتتى؟! توغرا، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇنى ئەمەس، قىيىن-
ئانامنى سىغىنغىنىمنىڭ راستلىقىغا ئۆزۈمنى ئىشەندۈرۈشكە
قىستىدىم، ياتقان يىرىڭ جەننەتتە بولسۇن ئانىجانىم... ئىچىم-
دىن تىشىمغا چىقىپ بولغىنى شۇنچىلىك، لىكىن ئىچىمدە يە-
نىلا چىقىشنى كۈتۈپ بىخسىغان، تۈنجۇقۇپ قىستالغان تالاي
نەرسىلەر چۆكمە بولۇپ تۇرۇپتۇ... ئادەم بەزىدە مانا مۇشۇنداق
سۆزلىگۈدەك بىرسىنى تاپالمىغاندا، تاپسىمۇ، تاپقان ئادىمىگە
ئىشەنچ قىلالمىغاندا ماڭا ئوخشاش ئۆزىگە ـ ئۆزى سۆزلىۋال-
مىسا بىسىمى ئارتىپ كەتكەن بالوندەك يىرىلىپ كەتمەمدۇ؟...
ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا ئىرىمنىڭ مۇرىسىگە بىشىمنى
قويۇپ ئويلىغان ئويلىرىم مۇشۇنچىۋالا قارا، تىشىم قۇلۇلە قىر-
پىندىن چىققان ئاق مەرۋايىتتەك ئاپپاق يالتىراپ تۇرسىمۇ، ئى-
چىم شۇ قەدەر قاپقارا ئىدى.

رىشىلىيە داستىخان سىلىنغان يۇمىلاق شىرەنى چۆرىدەپ،
ئاپئاق سالفىتكىلارنى مەيدىمىزگە تاقاپ، يىيىشكە تىگىشلىك
ئەڭ ئىسىل غىزالارنى تويغۇچە يىيىشتۇق. غوجامنىڭ يىنىدا
ئولتۇرۇپ، قىزارتىپ پىشۇرۇلغان سارتىن بىلىقىنىڭ قىلتى-

رىقنى چوكا بىلەن ئىلغاپ ئۇنىڭ تەخسىسىگە سېلىپ ئول-گۇرمىدىم.

— بۇگۈن غوجامنىڭ بالىنىستقا قايتقۇسى يوق. ئەخمەت، سەن بۇ يەرنىڭ ئەلمى - تەلمىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىسەنغۇ دەيمەن؟ مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ھور مۇنچىسىغا كىرگۈم بار، ئۇ-نىڭ ئەسلىدىلا دورا پۇراقلىرى بىلەن خۇشى يوقتى، غوجامنى ئوبدان بىر ھوردىتىپ، ئۇۋۇلىتاي، كۆڭۈللۈك مۇھىتتا ھاردۇ-قى يېڭىدىن يىپ سۇغۇرغاندەك شىررىدە چىقىپ كەتسۇن. ئاۋ-دىن ئەڭ ئېسىل مېھمانخانىدىن بىر يورۇش ياتاق زاكاز قىل، بۇگۈن كەچ شۇ يەردە قونۇپ قالىمىز. قانداق دېدىم غوجام؟ — تاماقتىن كېيىن قوللىرىمنى ھۆل قەغەز بىلەن سۇرتۇۋېتىپ غوجامغا بۇرۇلدۇم.

— ھور مۇنچىسىغا دەملا؟ — سالامەت خېنىمنىڭ ھەيراز-لىقى تېشىغا تېپىپ، مۇلايىم كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ كەتتى، — تۇۋا بىر دېسىلە ئۆز ھاجى خېنىم، سىلىمۇ، — ئېغىزىنى تو-تۇپ پىخىلداپ كۇلۇۋەتتى ئۇ.

— نېمە دەيدىغانسىز يەڭگە، ھاجىم ئاچام مۇشۇنداق ئورۇ-نۇپ، يۆگىنىپ يۇرسە ھور مۇنچىسىنىمۇ بىلمەيدىغان كۆرۈپ قالدىڭىزما؟ خەق ھور مۇنچىسىنى «قايماقلىق پىچىنىمكىن» دەپ يۇرگەن چاغدا، بىزنىڭ يۇرتتىكى «نېلۇپەر» دورىلىق ھور مۇنچىسىنى ئەڭ بۇرۇن ئاچقان ئادەم مۇشۇ ھاجىم ئاچام! دۇنيا-نىڭ ھېچبىر يېرىدە يوق، بىزنىڭكىدەك ئۇنداق پاكىز، ئېسىل ھور مۇنچىسى. شەھەر - شەھەردىن ئاياللار مەخسۇس كېلىپ، چۇشۇپ داۋالىنىدۇ. ھاجىم ئاچام دېگەن ئالامەت جىق دۆلەتلەر-نى كۆرۈپ، ئاسىيادىن ئاتلاپ ياۋروپانى ئايلانغان مۆتىۋەر خېنىم تۇرسا، سالامەتخانىنىڭ گېپىنى ھوي.

ھەممەيلەن كۇلۇپ كەتتۇق، ئەخمەتنىڭ گېپى بىلەن كەي-پىمىز باشقىچىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

— بىيجىڭنىڭ چەت ئەللىكلەر كوچىسىدا تۈركلەر ئاچقان «زەمىرە» دەيدىغان بىر دورىلىق ھور مونچىسى بار، مەن بىر نەچچە قېتىم كىرىپ باققان، مۇھىتى ياخشى، دورىلىرى ئېسىل، شۇ يەرگە بارساڭلىمىكىن ھاجىم ئاچا.

— قانداق دەيلا غوجام؟ — غوجامنىڭ مەيدىسىدىكى سالفىتكىنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدۇم.

— سىلىنىڭچە بولسۇن ئالتۇن خېنىم، كۆڭۈللىرى شۇنى خالىغان بولسا مەيلى، — غوجام مۇرىلىرىنى قىسىپ جىلمايغىنىچە مەڭلىرىنى سىلاپ قويدى.

بىلىمەن، «شۇ ئىش»تىن ئۆزگىدە، ئۇ ئەزەلدىن مېنىڭ رايىمغا بېرىپ كۆنۈپ كەتكەن ئادەم، شۇ بىر ئىشتىلا جاھىل، قارام، «ئەسكى» ئىدى، قالغىنىدا مېنىڭ دېگىنىم قانۇن سانىلاتتى... ئەمما، راست گەپنى قىلسام بۇ «مۇقەددەس» قانۇننى ئۆزۈم بىر قوللۇق تۇزۇپ، ماقۇللىغاچقا، ئۇنىڭ سېرىق سىزىقلىرىغا دەسسەپ تۇرۇپ، قىزىل چىراغلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ كېتىشكە مۇتلەق كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى. بەزىدە غوجامنىڭ مۇشۇنداق رايىمغا بېرىشلىرىغا شۇنچىلىك ئۆچلۈكۈم تۇتۇپ كېتەتتىكى، ئۇنىڭ باغرىنىڭ شۇ قەدەر يۇمشاقلىقىدىن سەسكىنىپ، ھۆ بولاتتىم... مۇشۇ ئۆمرىدە ئېرىنىڭ ئۆزىنى تۇگۇل، كىيگەن ساپما كەشىنى كۆرسىمۇ يۈرىكى سىرقىراپ كېتىدىغان خوتۇنلارنىڭ نالىسىنى ئاڭلىسام، قار ياغقاندا ئىسسىق كاڭدا ئولتۇرۇپ، ئانام دەملىگەن ھورلىرى پۇرقىراپ تۇرىدىغان زەپەچايىنى ئىچكەندەك ھۇزۇرلىنىپ كېتەتتىم. راست ئەمەسمۇ، بىزنىڭ شىركەتنىڭ تازىلىقچىسى سەيدىنىسا بوغماق ماڭا نېمە دەپ يىغلاپ، دەرد تۆكۈپ بەرگەنتى:

— جېنىم ھاجى خېنىم، سىلىگە شۇنچىلىك ھەۋەس قىلىمەنكى، يوقنىڭ غېمىنى ئىللا - بىللا يېمەيلا، شۇنچە باي، شۇنداق ئېسىل، شۇنداق نوچى ئەرلىرى بار، يۈرەكلىرى كۆيۈ-

مەيدۇ، ئىچىلىرى ئېچىشمايدۇ. بىزنىڭ گادايىنىڭ قاپىقى شۇن-
چىلىك يامانكى، پىچىقىنىڭ ئىككىلى تەرىپى كېسىدۇ، ئۆيدە
زادى شۇنىڭ دېگىنى ھېسابقۇ، ئىشىك تىرىقىدە قىلىدىمۇ، ئۇ-
نىڭ سايىسىنى كۆرۈش بىلەن تەڭ ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ
كېتىمەن، ھەتتا شىپىلدىغىنىنى كۆرسەممۇ يۈرىكىم جىغىل-
دايدۇ...

ماشىنا چىراغلار يورۇپ تۇرغان ئەينەك شەھەردە غۇيۇلداپ كېتىۋاتاتتى. مۇشۇنداق چاغدا سەيدىنىسا بوغماقىنىڭ ئېرى ھەققىدە دېگەنلىرىنى نېمىشقا ئويلاپ قالدىمكىن؟ «يۈرەك دېگەن يا ئۆيمىسە، يا كۆيمىسە، ئۇ مەيدىدە سوقۇپ تۇرىدىغان بىر پار-چە خام گۆشقۇ؟ ئۆزۈڭنى نامرات سانىما، كاتتا باي خوتۇنسەن سەيدىنىسا بوغماق! لېكىن، بۇنى ئۆزۈڭ بىلمەيسەن، ئەمىسە بىر كۈن، پەقەت بىر كۈنلا بولسۇن، ئالمىشايلى ‹مەن› بولۇپ ياشاپ باقامسەن؟» تۇرۇپلا ئۆز - ئۆزۈمگە يەنە ئىچىم ئاغرىپ قالدى، نېمىشقا مۇشۇنداق كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان مەۋھۇم نەرسىلەرگە زارىقىپ ياشايدىغاندى-مەن؟ «ئىلكىمدىكى بارلىق بىساتىمنى سېتىپ، بىر كۈن سەن بولۇپ ياشاپ باققۇم بار لەيلى» دېگەن ئىدى مەن بىلەن تەڭ دې-مەتلىك بىر باي دوستۇم، ئەمما ئۇنىڭ ھەممە نېمىسى بولغان بىلەن بىرلا نەرسىسى — ئېرىگە بولغان ئىشەنچىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئابدۇللا غوجامدەك ئەرگە بىر كۈن خوتۇن بولۇپ ئۆتۈشكە ھەممە نەرسىسىنى بەدەل قىلىشقا ئەرزىيتتى، ھاراقكەش ئېرى ئۇنى شۇنچىلىك خورلىغان، ھەتتا ئۇ كېسەل كارىۋىتىدا ياتقان چاغدا، سەتەڭ ئاشنىسى بىلەن ئۇنىڭ ھىدى سىڭگەن لۆم - لۆم كارىۋاتتا ئېغىناقلىغان... سەھەردە مەرمەر ياتقۇزۇلغان ياسىداق مۇنچىسىدا ئىسسىق سۇغا چۆمۈلۈپ، چاق-چۇق ئىدىشتا ئۇنىڭ «ئوۋلەييا» ماركىلىق سوپۇنىنىڭ ماغزاپ-لىرىغا چىلاشقان... شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ ئالتۇن ئۈزۈكلۈك

بارماقلىرىنى تۇتۇپ نېمىدەپ تەسكىن بەرگەن؟ «يىغلىما! ئۇ ئېرىڭنىڭ شېكەر سىلىپ ئارقىدىن سۇت قوشۇلغان بىر قەدەھ ئىسسىق قەھۋەسى خالاس، خۇمارى تۇتقاندا ئىچىدۇ. لېكىن سەنچۇ؟ رەڭسىز، پۇراقسىز، تەمسىز ئىلمان سۇيى، سەن بىلەن كىر يۇيالايدۇ، تاماق ئېتەلەيدۇ، ھەتتا ئەجەل ئالدىدىمۇ سېنى بىر تېمىم يۇتۇشقا زار بولىدۇ... چۈنكى سەن ئۇنىڭ ھەقلەپ، نىكاھلاپ ئەمرىگە ئالغان خوتۇنى! پۇشتىنىڭ ئانىسى، يىلتىزد-نى يىلتىزىغا ئۇلىغۇچىسەن! ئەرلەر شۇنچىلىك ئاچ، ئاچ نەپ-سىنىڭ قۇلى بولسىمۇ، ئۇ قەدەر ئەخمەق ئەمەس، نۆۋەتى كەل-گەندە نېمىنىڭ ئۆزىگە شۇ قەدەر مۇھىملىقىنى بىلگۈچىلىكى بار. ئالايلۇق، سېنىڭ بىر بارمىقىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىر بىلىكد-نى كېسىشكە توغرا كەلگەندە، ئۇ ئىككىلىنىپ تۇرماي ئۆزىنىڭ بىلىكىنى كېسىشكە رازى بولۇپ، سېنىڭ بىر بارمىقىڭنى ساقلاپ قالىدۇ، چۈنكى شۇ بىرتال بارمىقىڭمۇ ئۇنىڭ ھالالل-قى.» دوستۇم مۇشۇ گېپىم ئۈچۈن شۇنچىلىك سۆيۈنۈپ، يۇم - يۇم يىغلىغان، كۆز ياشلىرىغا چىلىشىپ، ھەسرەتلىرىنىڭ ئاچچىق ماغزاپلىرىدا قەلب داغلىرى يۇيۇلۇپ، يارىسى ئەملەنگەن ئىدى. لېكىن، كۆزلىرىمدە چاقماق چېقىتقان قەلبىمدىكى قارا كۆز ئەبلەخ نۆۋەتى كەلگەندە ھاۋا رەڭ كۆڭلەكلىك خېنىمنىڭ بىر تال بارمىقىغا مېنىڭ بىر تال بىلىكىمنى تېگىشىۋېتەرمۇ؟» دېگەن خىيال كاللامغا كېلىشى ھامان يۈرىكىم بەك سەت پۇچۇ-لىنىپ كەتتى. ياق... چوقۇم ئۇ ئىككىلىنىپ قالىدۇ... كەسسە كەسسۇن، چاپسا چاپسۇنكى، ئىككىلىنىپ قالغاندىكى شۇ ھالد-تىنى بىر رەت كۆرۈپ ئۆلۈپ قالسامۇ كىرپىكىم جۇپلەشمەر ئىدى. ئۆزۈمنىڭ ئېرى نۆۋەتى كەلگەندە بېشىنى قىلىچ ئاستد-دا تىك تۇتۇپ بېرەلەيدۇكى، مېنىڭ بارمىقىمنى ساقلاپ قالىدۇ. پەرق شۇ قەدەر چوڭ، شۇ قەدەر ئېنىق... ھەممىنى بىلىپ، ھەممىگە چىنپۇتۇپ تۇرۇپتىمەن، يەنە نېمىشقا ئۇنى قەلبىمدىن

چىقىرىۋېتىشكە ئامال قىلالمايمەن؟ چىقىرىۋەتمەسلىكنىڭ جىنايەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ چىقىرىۋېتىشكە شۇنچىلىك ناقادىر، بىقۇۋۇل، ئاجىزمەن؟! چاقماق چېقىلغىنى ئۇچۇنلىمۇ؟ ياق، چاقماقتا قەلبىمنى كۆيدۇرەلەيدىغان ئوت، قاراڭغۇ دىلىمنى يورۇتالايدىغان نۇر - يورۇقلۇق بولغىنى ئۇچۇن... تومۇرۇمغا شېرىن بىر هارارەت تارىدى...

— كەلدۇق هاجىم ئاچا، — دېدى ئەخمەت چېچەك چىراغلار يېنىپ تۇرغان تارچۇق مەيداندا ماشىنىسىنى تورمۇزلاپ. لاپىلداپ ئۆچۈپ - يېنىپ تۇرغان هورداقخانا ۋىۋىسكىسىدىن ئىسترولۇق هور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى، يەڭگىل تۇركچە مۇزىكا بوش ئاڭلىنىپ، خۇش پۇراق گۇل چېچەكنىڭ پۇراقلىرى دىماقلارغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، — مۇلازىمىتىدىن چوقۇم رازى بولىسىز، بىز سالامەتخان ئاچام بىلەن ماشىنىدا ساقلايلىمۇ؟

— يۇرۇڭلار بىرگە كىرىمىز، مېهمان قىلغىنىم بولسۇن.

— مەنمۇ كىرەمدىم هاجى خېنىم؟ — سالامەت خېنىمنىڭ كۆزلىرى يەنە چوڭ ئېچىلدى.

— يۇرسىلە، پەيدەك يېنىكلەپ قالىدىلا سالامەت خېنىم، — ئۇنىڭغا قاراپ باشلىرىمنى ئوينىتىپ كۇلۇپ قويدۇم.

ئەخمەت ئارقا ساندۇقتىن هارۋىنى ئېلىپ قاتلاقلىرىنى ئاچتى، ئاندىن ھەممىمىز بىرلىكتە غوجامنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ، هارۋىغا ئولتۇرغۇزدۇق.

— سەن بۇ يەرنىڭ ئەلمى - تەلمىنى ئوبدان بىلگەندىكىن غوجامغا ئەڭ ياخشى مۇلازىمەتنى ئۆزۈڭ تاللاپ بەر ئەخمەت، — دېدىم جېكىلەپ، — قاتتىق ئۇۋۇلاپ ئاغرىتىپ قويمىسۇن، تەڭشىگەن دورىلىرى مۆتىدىل بولسۇن، — شۇ گەپلەرنى قىلدۇاتقاندا بىلىپ - بىلمەي غوجامنىڭ مۇرىلىرىدىن قولۇمنى ئارتىلدۇرۇپ، يۈزلىرىنى بوشقىنا سىلاپ قويدۇم.

ئەخمەت غوجامنى ئىتتىرىپ ئەرلەر مۇنچىسىغا قاراپ ماڭغاندا، بىز سالامەت خېنىم بىلەن قولتۇقلىشىپ ئاياللار مۇنچىسى تەرەپكە بۇرۇلدۇق.

سالامەت خېنىم دەسلەپ كۆزۈمچىلا يېشىنەلمەي قىينال۔ دى، كېيىن ماڭا قاراپ يۈزلىرى ئېچىلدى بولغاي، ئاستا ـ ئاستا يېشىنىشكە باشلىدى.

— توۋا قىلدىم، 18 ياشلىق قىز بالىدەك خويمۇ ئۇز بەدەن۔ لىرى باركىنا هاجى خېنىم، ۋاي توۋا... ئا قارىسىلا، — ئۇنىڭ كۆكسۈمگە ئۇزىتىلغان قوللىرىغا ياققىدە بىرنى قويۇپ، دەرهال چاچلىرىم بىلەن يۆگىۋالدىم. ئادەم مۇشۇنداق لىباسسىز يالىڭاچ تۇرغاندا ئاندىن ئۆز سالاهىيىتىنى ئۇنتۇپ، تەڭ باراۋەرلىك تۇيغۇسىدا بولىدىغان چېغى؟ سالامەت خېنىمدىكى يېتىرقاش، قورۇنۇشلار سېلىپ تاشلانغان كىيىمدەك نەگىدۇر يوقىدى، — مۇشۇ هاللىرىدا سىلىنى قىرىقتىن ئاشقان دېسە كىم ئىشىنەر؟

— قېرىلىق مۇسكۇلدا بولمايدۇ سالامەت خېنىم، روهتا بولىدۇ، روهىم قېرىپ كەتكەن.

— يوقسۇ، ماڭغۇ پەقەت ئۇنداق تۇيۇلمىدى، مەن كۆرمىدىگەنىڭ ياقى سىلى ئون ياش ياشىرىپ كەتكەندەكلا، ئىلگىرى هەرگىز بۇنداق ئەمەستىلە.

— قانداقتىم؟ — ئاپپاق لۆڭگىنى بەللىرىمگە يۆگەۋېتىپ ئۇنىڭغا بۇرۇلدۇم.

— شۇنچىلىك غەمكىن، مىسكىن، كەسكىن...

— ئەمدىچۇ؟

— خۇشخۇي، مېهىرلىرى ئىسسىق، تاتلىق.

— غوجامنى كۆرۈپ... ئۆز ئېرىمنىڭ قېشىدا تۇرۇۋاتسام...

— شۇنداقمۇ؟

يۈزلىرىمگە لىپىدە ئىسسىق تەپتى. كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاياللاردىكى كۆزىتىش ئىقتىدارىنىڭ بۇنچىۋالا قال۔

تىسلىقىغا يەنە بىر قېتىم ئەقلىم لال بولدى. سالامەت خېنىم-
نىڭ ئالدىدا بەدىنىملا ئەمەس، قەلبىممۇ يالىڭاچلىنىپ قالغان-
دەك ھېس قىلىپ قورۇنۇپ، قىسىلىپ، تۈگۈلۈپ قالدىم.
— جىمىپ قالدىلىغۇ ھاجى خېنىم، خاتا سۆزلەپ قويدۇم-
مۇ نېمە؟
— قايسى گەپنى؟ قانداق خاتا؟ — سالاپىتىمنى ساقلاش
ئۈچۈن قەستەن بىپەرۋا بولۇۋېلىشقا توغرا كەلدى. — يۇرسىلە
ھۇزۇرلىنىمىز دەپ كىرگەندىكەن باشقىنى ئويلىماي ئۆزىمىزنى
ئازادە قويۇپ بېرىپ ھوردىلايلى، — ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ
مۇلازىمەت تۈرلىرى چاپلانغان رەڭلىك جەدۋەلگە قارىدىم.
— سىلى قايسى تۈرنى تاللايدىلا سالامەت خېنىم؟
— خەنزۇچە خەتلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇنداق سۇدەك ئو-
قۇيالامدىلا ھاجى خېنىم؟
— ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيالمىغاچقا ساۋاتسىز كۆرۈپ قال-
غانمىتىلە؟ دۆلەت تىلىنى ئۇقمىسام، قولۇمدىكى مۇشۇنچە ئى-
گىلىكنى قانداق باشقۇرۇپ، نان يەپ، سۇ ئىچىپ ياشىغۇلۇق؟
— ۋاي ئانام، قالتىس ئايال دەپ ئاڭلىغان سىلىنى، راست-
تىنلا قالتىسكەنلا!
ئالدى بىلەن يۇيۇندۇق، ئاندىن قىزىتىلغان گىرانىت تاشقا
ياغاچ چۆمۈچ بىلەن سۇ چېچىپ قانغۇچە ھوردىلىپ، گۈل بەر-
گىلىرى تاشلانغان دورىلىق ئىدىشتىكى ئىلمان سۇغا چىلىشىپ
راھەتلەندۇق، ئارقىدىن ئايرىم خانىلاردا يېقىملىق مۇزىكا تىڭ-
شىغاچ قولى يۇمشاق، مىجەزى ئۇندىن يۇمشاق قاراقاش تۈرك
قىزلىرىنىڭ يېقىشلىق ئۇۋۇلاشلىرىدا قانغۇچە راھەتلەندۇق.
— ئۇلار سىلىنى ئۇۋۇلاۋېتىپ «چوك گۈزەل، چوك...» دې-
يىشىپ كەتتى، بۇ ئۇلارنىڭ سىلىگە قاتتىق مەستلىكى كەلگى-
نىغۇ دەيمەن؟ راستتىنلا مەستلىكى كەلگۇدەك يامان ئۆز بەدەن-
لىرى بار ئىكەن خېنىم.

— ئادەمنى خىجىل قىلمىسىلا، بۇ توغرۇلۇق ئەمدى دېيىشمەيلىلا، ھەممە ھورداقنىڭ ئىچىدە قالسۇن، قانداق دېدىم سالامەت خېنىم؟ — كىيىملەرنى ئالماشتۇرۇۋېتىپ ئۇنى جەينىكىم بىلەن نوقۇپ قويدۇم، — سىلىمۇ ئاق بېلىقتەك بوغماق چوكان.

— چوكانلىقىم نەدە، قېرىپ كەتتۇق... ئۆمرۈمدە كۆرگەن راھىتىمدىن، تارتقان رىيازىتىم كۆپ خوتۇنمەن، تاس قاپتىمەن دۇنيانىڭ بۇ راھىتىدىنمۇ بىخەۋەر قالغىلى، شۇنچىلىك ھوۋ-زۇرلاندىم، ئۇگە - ئۇگىلىرىمدىكى هاردۇقلىرىم بىراقلا چىقىپ كەتتى دېسىلە، يەنە بىر قېتىم كېلەيلىچۇ ھاجى خېنىم؟

— سىلىگە ياققانلا بولسا جىق كېلىمىز تېخى.

زالدىكى مەخمەل دىۋاندا ئۇزۇن كۈتمىدۇق، ئەخمەت ناۋاتتەك سۇزۇلگەن غوجامنى هارۋىسىدا ئىتتىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ بۇرۇن پەررىكىدىكى قارا مەڭلىرىگە سۇ تولۇپ، باشقىچە يالتىراپ كەتكەنىدى. ماشىنىغا چىقىپ، چوڭ يولغا بۇرۇلدۇق. 

— ياتاق زاكاز قىلغانمىدىڭ ئەخمەت؟

— ئەلۋەتتە ھاجىم ئاچا، شۇنچىلىك ئېسىل خانىلەر، كاتتا ئېسىل دەڭە!

— «مانتا كۆرمىگەن ھابدال قاسقانغا دۇم چۈشكەندەك» ئەجەب داڭلاپ كەتتىڭا، خۇددى ھاجىم ئاچاڭ بىلمەيدىغاندەك، — غوجامنىڭ غاراڭ - غۇرۇڭ ئۈنى بىلەن تەڭ، يوغان يەلكىسى مۇرىلىرىمگە سىلىققىنە ئۇرۇلدى.

— ئۇغۇ شۇ، — ھىجايدى ئەخمەت ئۈن چىقىرىپ، گەدەن چېچىنى سىلاپ، — بۇ شەھەردە دۇنيانىڭ ھەممە نېمىسى تېپىلىدۇ، بىز چۈشىدىغان بىنانىڭ پاسونىمۇ ئاجايىپ.

— ئۇلارنىڭ مىمارچىلىقى ئۆزگىچە، شاڭخەيدىكى دۇنيا يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇرغان ھېلىقى مودىلىمۇ شۇنچىلىك جاذىلىق لايىھەلەنگەن. شۇنداق دېگەچ غوجامنىڭ ئىسسىق قوللىرىغا

قولۇمنى بەردىم، غوجام ئىنچىكە بارماقلىرىمنى بوشقىنە قىد-ىسىپ تۇتتى.

ماشىنا سۆسۈن چىراغلىرى گۇڭگا يورۇپ تۇرغان نەققاش-لىق ياۋروپا پاسونىدىكى بىنانىڭ ئالدىدا يېنىك تورمۇز بىلەن توختىدى. غوجامنى هارۋىسىغا يۆتكىدۇق.

— خەيرلىك كەچ، ياخشى چۈش كۆرۈشىسلە، — دېدى سالامەت خېنىم ماشىنىدىن چۈشۈۋېتىپ، — غوجام سىلىنى شۇنداق سېغىنغان، يوللىرىغا قاراپ كۆزى تېشىلەي دېگەن، قانغۇچە پاراڭلاشقايلا.

— بىلىمەن، رەھمەت سالامەت خېنىم، ئۆزلىرىمۇ ھەم تات-لىق چۈش كۆرەرلا!

— ئىنشائاللاھ!

ئەخمەت هارۋىنى ئىتتەرمەكچى بولۇۋېدى، ئۇنىڭ قولل-رىدىن تۇتقۇچنى ئېلىۋالدىم، — بولدى، بەك كەچ بولۇپ قال-دى، سالامەت خېنىمنى ئاپىرىپ قويۇپ، سەنمۇ قايتىپ دېمەكچى ئال، غوجامنى ئۆزۈم ئېلىپ چىقىمەن.

هارۋىنىڭ پولات تۇتقۇچىنى تۇتۇپ ئاستا ئىتتىرىپ مېھ-مانخانىنىڭ غايەت چوڭ ئاسما چىراغلىق مەرمەر زالىغا كىرىپ كەلدىم، (شۇ چاغدا غوجامنى ئىتتىرىپ كېتىۋېتىپ نېمىنى ئويلىغىنىمنى ئىقرار قىلسام قانداق بولار؟ هاۋا رەڭ كۆڭلەك-لىك خېنىمنى ئىتتىرىپ ماڭغان هېلىقى سۆيۈملۈك ئەبلەخنى ئويلىمىدىم دېسەم كىممۇ ماڭا ئىشىنەر؟ ئىشەنمىسە نېمە؟ ھەت-تا ئۆزۈممۇ ئىشەنمىسەم... بەزىدە ئادەم ئۆز رېئاللىقىدا تۇرۇپمۇ خىيال بىلەن رېئاللىقنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىكەن، بولۇپمۇ هازىرقىدەك كۆز ئالدىدىكىسىدىن، خىيالدىكىسى مىڭ ھەسسە كۈچلۈك كېلىپ قالغاندا) ئۆزگىچە فورما كىيگەن ئىككى مۇلا-زىم ئالدىمىزدا دىككىداپ مېڭىپ، لىفتكىچە يول باشلىدى. لى-فت كۆتۈرۈلۈۋاتقاندا ھەر ئىككىلىمىز بىر ئېغىزمۇ گەپلەش-

ـمدۇق، غوجام قۇدۇققا چۈشكەن تاشتـەك جىمىـپ كەتكەن بـو-
لۇپ، ئىغىر تىنىقلىرى قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ تۇراتـتى (يا ماڭـا
شۇنداق بىلىنىۋاتامدىكىن)، غوجام شىمىنـى ئويلىـدىكىن تـاڭ،
مەن سالامەت خېنىمنىڭ «قانغۇچە پـاراڭلىشـىڭلار» دېگـىنىنـى
ئويلاپ قالدىم، كۆڭلۈمـنىڭ قانـداقتۇر بىـر يېرى شۈنـچىلىك
غەش بولدى. «توققۇز ئاي كۆرۈشمىگەن ئەر - خوتـۇنلار ئايرىـم
خانىگە كىرگەندە نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئۇ ماڭا ئۇقتۇرۇپ
قويمىسىمۇ بىلگۈچىلىكىم يوقمىكىنە؟ ئەجەب بىر دېدى ئۇ، بۇ
گەپنى. لېكىن، غوجامنىڭ ئـەھۋالى بۇ تـۇرسا، مېنىـڭ شۇنچـە
كۆڭلۈمگە كەلگەن يەردە ئۇنىڭكىگە قانچىلىك تەگدىكىن؟ ئەمە-
لىيەتتە رىزقىم شۇنچىلىككەن، بىر ئەرنىڭ جىسمانىيىـتىدىـن
ئالىدىغان لەززەتتىن كۆڭلـۈم قالغىـلى نېكـەم؟ قايسى لـەززەت-
تىن؟ بەلكىم ئۇ ئىشلار ئەزەلدىنلا شـۇنداق قىرتـاق بولسا كې-
رەك... ئۇنداق ئەمەسلىكىگە نېمە ئىسپاتىم؟ ئەزەلدىن لـەززەت،
دەپ كـەتكۈچىـلىك نېـمىگە ئېرىشتـىم؟ ياق - ياق، تـوۋا دەي،
شۈكۈر قىلماسلىق گـۇناھ...» شۇلارنى ئـويلاۋېتىـپ يۇزلىرىـم
قىزىشتى، چوقۇم ماڭا بىر ئىش بولدى، جەزمـەن ئۆزۈمدە بىـر
گەپ بار... ھېچنېمىنى ئويلىمىسام، ئەمىسە بۇ ئويـلار ئىچىـم-
نىڭ نەرىدىن چىقتى؟ مۇشۇنداق دەپ كىملەرنى غەلـەت قىلىـپ
ئىشەندۇرەلەرمەنكى... دائىما خەقنىڭ ئىشىنىشىنى ئۈمىد قىل-
غۇچە ئاۋۋال ئۆزۈمگە ئىشـىنىشنى نېمىشقا ئويلـمايدىغاندىمەن؟
ئويلىمىدىم ئەمەس بەك چىق ئويلىدىم، لېكىن ئۇنى ـــ ئاشۇ سۆ-
يۈملۈك ئادەمنى كاللامدىن، قەلبىمدىن چىقىرىۋېتىشكە مۇتلەق
ئامال قىلالمايۋاتسام... سەن مېنى شەرمەندە، دىلى بىـلەن تىلـى
بىر ئەمەس، ئاسىي... دەپ ئەيىبلەپ يۈرگۈچە قولۇڭدىن كەلسـە
ئۇنى يۈرىكىمدىن يۇلۇۋال، سۇغۇرۇۋال... شۇنداقتىمۇ ئامالـىڭ
يوق، چۈنكى ئۇ ئەمدى مېنىـڭ جانلىـرىمغـا، قانلىـرىمغا سىـ-
ڭىشكە باشلىدى... سەن دېگىنىم كىم؟... بەلكىـم ئۆزۈمگە تـى-

كىلىپ تۇرغان ئۆزۈم.

31 ـ قەۋەتنىڭ چىرىغى يېنىپ، لىفىت ئىشكى ئېچىلـدى. ھارۋا چاقنى گىلەم ئۈستىدە سەل كۆچەپراق ئىتتەردىم، بۇلغۇن تېرىسى سومكامدىن ئەخمەت بەرگەن كارتىنى ئېلىپ ئىشىككە سۈركىدىم. ياتاققا كىرىپلا چىراغنى ياقتىم، يورۇقلۇق خانىلەر ۋالىلداپ يورۇپ كەتتى. چېچەك لامپۇچكىلار كۆزنى چاقمايتتى، يۇمشاق، ئىسسىققىنە بىر نۇر قارىچۇقلىرىمدىن ئۆتۈپ، ئىچىمنى يورۇتقاندەك ھېس قىلدىم.

— غوجام سىلىگە ياقتىمۇ؟

— يامان ئەمەسكەن، سىلىگە ياقـقانلا بولسا ئالتۇن خېنىم، — بىزنىڭ غوجام مانا مۇشۇنداق ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ بارچە «ماقۇل»، «ياق»لىرى مېنىڭ ئىلكىمدە، يانچۇقۇمدا، ئىختىيارىمدا بولاتتى. ئۇ ئەزەلدىن قاتتىق غەزەپلەنمەيتتى ياكى ھاياجانلىنىپ ئۆزىنى باسالماي قالمايتتى، — چوقۇم بەك چارچاپ كەتتىلە.

— ياق، چارچىمىدىم، — پۇتلىرىمنى سىلىكىپ، ئاياغلىرىمنى چۆرۈۋەتتىم. بۇ قىلىقلىرىم ئۆزۈمگىلا ئەمەس، غوجامغىمۇ غەلىتە بىلىنگەندەك قىلدى، بەلكىم نۇرغۇن غەلىتىلىكلەر ئەمدى باشلىنىشى، ئىچىمدە قوتراپ، داۋالغۇپ، يامراپ تۇرغان غەلىتىلىكلەرنى تېشىمغا چىقارماسلىق ئۈچۈن، ئىچىم قانغا چىلىنىشى مۇمكىن. لېكىن، شېكەردەك تاتلىق قانغا... قاننى شېكەرگە ئوخشاتقىنىم قاملاشمىدى، ئەمما بىر ئۆمۈر قاملاشماسلىقنىڭ ئىچىدە قاملىشىپ ياشىدىم، گويا شۇنچىلىك قاملاشقاندەك... باشقىلارغا ئىچىمدىكىنىڭ تەمىنى قانداق تېتىتقۇلۇق؟ ئىشقىلىپ ئۆزۈمگە شېكەردەك تېتىدى... غوجامغا چۆرۈپ تاشلانغان ئاياغدەك غەلىتىلىك ھېس قىلدۇرسام... زېمىننىڭ تۇۋرۇكى تىترەپ، مېنى يەر يۇتۇشى مۇمكىن... يۇمشاق شىپىلداققا دەسسەپ ئۇنىڭ ھارۋىسىنىڭ ئالدىغا پوكولدۇم، —

سىلىگە دەيدىغان شۇنداق جىق گەپلىرىم بار.
— ئۇيقۇلىرى كەلمەسمۇ؟ سەپەر هاردۇقى يامان...
— هىجران ئازابى ئاندىن يامان، ئۇيقۇ دېگەن يېرىم ئۆلۈم!
غوجام بېشىنى سۇس لىڭشىتىپ قويۇپ، كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى، ئەمما بىر ئېغىز ئۈندىمىدى. سۆزلەۋاتقانىنىڭ ئۆزۈم ئىكەنلىكىمدىن گۇمانسىراپ قېلىۋاتاتتىم، چۈنكى، مەن ئەزەلدىن ئېرىسىگە بۇنداق تەلەپپۇزدا سۆزلەپ باقمىغان، هەم سۆزلىيەلمەيتتىم، ئىچىمگە كىرىۋالغان هېلىقى شەيتان مېنى قەستەن مۇشۇنداق سۆزلىتىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشقا، ئېغىر - بېسىق سالاپىتىمنى ساقلىۋېلىشقا شۇنچىلىك زورۇقۇۋاتقان بولسامۇ، ئىچىمدە نېمىدۇر داۋالغۇپ، قوزىراپ، ئۆركەشلەپ تۇراتتى.
— مۇزىكا دەملا؟ — غوجام ئورنىدا سەل قىمىرلاپ قويدى.
— توۋا، هېلىغىچە هارۋىلىرىدىن ئالماپتىمەنا، كەلسىلە غوجام، كارىۋاتقا يۆتكەپ قوياي، ئاندىن كېچىلىك كىيىملىرىنى ئالماشتۇراي، — هارۋىنى كارىۋاتقا يېقىن ئەكېلىپ بۇرمىسىنى تولغاپ، كارىۋاتقا پاراللېل قىلدىم، ئاندىن غوجامنىڭ قولتۇقلىرىدىن قۇچاقلاپ چىڭ تۇتتۇم.
— مۇلازىملارنى چاقىرايلىمۇ - يا؟
— ياق، ئۆزۈم يۆتكەيمەن، — بىسمىللاھ دەپ كۈچەپ تارتتىم، ئۇمۇ قانىتى سۇنغان كۆك كەپتەردەك پۈتۈن كۈچىنى گەۋدىسىگە يىغىپ هارۋىسىدىن يۇلقۇندى. كارىۋاتقا ئىككىمىز تەڭلا يىقىلدۇق، غوجامنىڭ مانچېستېر دوپپىسى بېشىدىن دومىلاپ كەتتى، شۇغىنىسى مەن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمەس، ئاستىغا چۈشتۈم، بىلەكلىرىم تېخىچە غوجامنىڭ بېلىدە ئىدى، ئۇنىڭ بىلەكلىرى بوينۇمدا... غوجامنىڭ ئىسسىق نەپەسلىرى يۈزلىرىمگە يېقىنلاپ كەلگەندە كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم، بىراق ئۇنىڭ

يىرىك ئېگەكلىرى يۈزلىرىمنى سوغۇق شامالدەك سىيپاپ ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ گۇپ قىلىپ كارىۋاتقا يىقىلغاندا ئۇستۇمدىكى ئېغىر يۈك غۇلاپ چۈشكەندەك لەسسىدە يېنىكلەپ قالدىم.

— غوجام! — لىككىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم، بۇنداق چاغدا ئېزىلىپ ياتسام بولمايتتى، ھەسرەتلىك تىنىقلىرىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، ئاپتاپتەك كۈلۈشكە تىرىشتىم، — چارچىغان كىمكەن؟ — ئۇنىڭ بىلەكلىرىدىن تارتتىم، — سەلگىنە ئۆرە بولسىلا، ئۇستىباشلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قوياي، — غوجام ئۈندىمىدى، ئەمما ماڭا ماسلاشتى، ئالدىنقى قېتىمقىدەك قارشىلىق قىلىپ كالتە ئىشتىنىنىڭ بوغقۇچلىرىدىن تۇتۇپمۇ ئالمىدى. ئەخمەت ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان چامادانلاردىكى ئىچ كىيىملەرنى ئېلىپ ئالدى بىلەن غوجامنىڭكىنى ئالماشتۇردۇم، ئاندىن ئىچكىرىكى خانىگە كىرىپ ئۆزۈمنىڭكىنى ئالماشتۇرۇپ چىقتىم، — مانا سىلە ياقتۇرىدىغان بىنەپشە رەڭلىكنى كىيدىم.

— لېكىن، ئىمكانىم يوق، — غوجامنىڭ ئۈنلىرىنى يىغا بوغدى، چارىسىزلىقنى خازان قىلغان يوغان گەۋدىسى تىترەپ، بوز كۆزلىرىدە بىر ئازابلىق ئىزتىراپنىڭ مىسكىن ھەسرىتى ئەلەڭلىدى.

— غوجام!

— ئۆز ئالتۇن خېنىم، — غوجامنىڭ قېلىن لەۋلىرى كىچىك بالىنىڭكىدەك ئۆمچەيدى، — سەت بولدى.

— قاچانغىچە مۇشۇنداق دەيلا؟... يەنە شۇنداق دەۋەرسىلە خاپا بولىمەن ئەمدى، — شامالدەك ئۇچۇپ بېرىپ ئۇنىڭ بويۇنلىرىدىن ئالدىم، — سۆيگۈ دېگەن تەندە ئەمەس روھتا، قاندا، جاندا بولىدۇ غوجام، مانا مۇنداق، — لەۋلىرىم ئۇنىڭ كۆزلىرىنى بويلاپ تۆۋەنگە چۈشتى... يۇمۇلغان قاراڭغۇ قارىچۇقلىرىمدا چاراقلاپ چاقماق چېقىلدى...

— خې... خېنىم...

لەۋلىرىم ئۇنىڭ لەۋلىرىگە تەگكەندە نەپەسلىرى كېسىلدى، تىنىقلىرى بوغۇلدى. مەنمۇ ناھايىتى ئۇزۇن بىر تىنىقتا راھەتسىز بەرداشلىق بېرىۋاتاتتىم، يۈزلىرىم ئوت بولۇپ ياناتتى... ئەزەلدىن بۇنچىلىك شەراندازلىشىپ كەتمىگىنىمگە قەسەم قىلىپ بېرەلەيتتىم، شۇ ھالدا، غوجامنى بۇ قەدەر تەشەببۇسكارلىقىمدىن گۇمانلىنىپ قالمىسىدى دەپ ئەنسىرەيتتىم.

— رەخ... رەھمەت خېنىم، — غوجامنىڭ نەپەسلىرى ئۆلغىيىپ، ئۈنلىرى ئۈزۈلۈپ تۇراتتى.

غوجام ئاۋۋال مەندىن ئاجرىدى.

ھەر ئىككىلىمىز خېلى ئۇزۇنغىچە بىر ـ بىرىمىزگە قارىيالمىدۇق. بولۇپمۇ غوجام ئوتتەك يېنىپ تۇرغان چىمچىق كۆزلىرىنى (قارىمىسامىمۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق چاغلاردا ئوتتەك يېنىپ، چىمچىقلىشىنى بىلەتتىم) مەندىن ئېلىپ قېچىپ تامغا قارىۋالدى.

— بۈگۈن كېچە يانلىرىدا ياتسام بولارمۇ غوجام؟ خۇدا ھەققىدە باشقىچە ئويۇم يوق، ئىسسىق تىنىقلىرىنى پۇراپ ياتاي، — غوجامنىڭ يۈزلىرى شۇتاپ قايسى رەڭگە كىرىپ قالدىكىن؟ يەنىلا قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم، ئۆزۈمنىڭ نېمىشقا ئۇنىڭغا بۇ قەدەر يېقىنچىلىق قىلىشىمنىڭ سەۋەبىنىمۇ ھېس قىلالمىدىم (ھېس قىلسامىمۇ ھېس قىلمىغان قىياپەتكە كىرىۋالدىمىكىن). «نېمىشقا، ھەممىنى ھېس قىلىپ تۇرۇپ قىلىش كېرەك، دەپ تۇرۇۋالدىغاندىمەن؟ قىلىپ بولۇپ ئاندىن ھېس قىلىدىغان ئىشلارمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىنغۇ؟...» خىياللىرىم ساراڭ خوتۇننىڭ چاچلىرىدەك چىگىچلىشىپ كېتىۋاتاتتى، قەلبىمدىكى يالقۇنلۇق سىماغا باغلانغان بىر ئازغۇن شېرىنلىك مېنى شۇنچىلىك قىينايتتىكى، قەلبىمدىكى تاتلىق بىلەن جىسمىمدىكى ئاچچىق بىرىكىپ، شاكىرابقا شېكەر ئارىلىشىپ

بەتتەم بولاتتى... قىرتاق خىيالىمنىڭ ھېچ باش ـ ئۇچىنى تاپالاي ـ دىغاندەك ئەمەستىم، لېكىن دەرھال تېپىۋالمىسام مەقسەت ـ مۇددىئادىن ئادىشىپ كېتەتتىم... ئادىشىپ كەتسەم چاتاق! غو ـ جامنىڭ قېتىشقا باشلىغان يارىسىنى شەلۋەرىتىپ قوياتتىم، شەلۋەرىگەن يارا قاناپ كەتسە ئۇنىڭ زىيدىسىدىن شۇرقىراپ چى ـ قىۋاتقان قاننى نېمە بىلەن توختىتاتتىم؟ ۋۇجۇدۇمدىكى قان توختىتىش مەلھىمى خوراپ ئاز قالدى، نېمىگە ئاز قالدۇ؟ ئىشلىتىپ ھەممىنى تۈگەتتىم، مەنبەسى يوق دەريا سۈيىمۇ بىر كۈنلەر قۇرۇپ تۈگەيدىغۇ؟ توختا، ئويدان ئويلاشماي بولمىغۇ ـ دەك... مەن نېمە قىلماقچى زادى؟ زىمىستاندا بىر پارچە كۆك مۇزنى ئىسسىق باغرىمغا ياققاندەك غوجامنى قۇچاقلىماقچىغۇ؟ لېكىن، قۇچاقلىغۇم يوق! ئەزىبىرائى، زىنھار قۇچاقلىغۇم يوق. ئۇنى 25 يىل قۇچاقلىدىم، قۇچاقلىرىم قۇچاقلاشتىن غەشلى ـ شىپ كەتتى، باغرىم قۇچاقلاشتىن قىرچىلىپ زېدە بولدى، زې ـ دە ياللۇغلىنىپ ئازابى جېنىمغا ئۆتۈپ كەتتى... ئەمما، قۇچاق ـ لىشىم سۇنىنەتلا ئەمەس پەرز... پەرز دېمەك ـــ باش تارتىپ بول ـ ماس قەرز، ئۇنى ئورۇنلىماسلىققا ھېچقانداق باھانە ـ سەۋەب دال بولالمايتتى.

شىپىلداققا يۇمشاق دەسسەپ پىلاستىنكىنى قويۇۋەتتىم، مۇڭلۇق مۇزىكا بىزنى بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىنىڭ قوش كىشىلىك يۇمشاق تۆشكىدىن ئېلىپ، يىراقتا قالغان سەندەل ياغاچلىق كارىۋىتىمىزغا تاشلاپ قويدى... يىپەك بەلبېغىمنى چېگىتىپ، باغىرداقسىز كۆكسۈمنى چىڭ ياپتىم، ئاندىن يەل ـ كىلىرىمدە تۆكۈلۈپ تۇرغان سۇمبۇل چاچلىرىمنى زالتاي چاچ قىسقۇچقا ئوراپ تۇرۇشۇم غوجامنىڭ يۇمشاققىنە ئۆتۈنۈشى قۇلاقلىرىمغا ئۇرۇلدى:

ـــ قويۇۋەتسىلە چاچلىرىنى، شۇنى بولسىمۇ پۇرىۋالاي.

ـــ بىلەتتىم، چاچلىرىمغا ئامراق ئىدىلە.

— چاچلىرىڭىزلا ئەمەس ئالتۇن خېنىم...
— بىلىمەن، ھەممەم سىلىنىڭ تۇرسا! — ئىچىم شۇررىدە ئېچىشقان بولسىمۇ، قاراڭغۇ قەلبىم كۆنگە تۇتقان پۇچۇق ئەينەكنىڭ شولىسى چۇشكەندەك ۋاللىدە يوروپ كەتتى. «مېنى مۇشۇ تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلدۇرغان چاچلىرىڭغا رەھمەت، نېمەنى قىلىپ، نېمىنى قىلماسلىقنى بىلدۇرگەن ئەقلىمگە تېخىمۇ رەھمەت» دېدىم ئىچىمدە، چۇنكى، غوجام بىلەن قانداق كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ مېھىرسىراپ تۇرغان مىسكىن دىلىنى قانداق ئاۋۇندۇرۇش ھەققىدە كاللامدا ھېچقانداق پىلانىم يوق ئىدى. تۇيۇغۇغا مۇناسىۋەتسىز نەرسىلەرنى مۇشۇنداق شەكىللەشكەن «پىلان» دېگەن بىلەن ئاتىشىم ئەجەب جايىغا چۈشتى - ھە! يول ئۈستىدە ئوبدان بىر ئەقىل تاپماقچى ئىدىم، لېكىن ئەقلىمنى ئايرودۇرۇمنىڭ كۆتۈش زالىدا بىرسىگە ئوغرىلىتىپ قويدۇم، ۋۇجۇدۇمدىكى ھەممە - ھەممىنى شۇ «ئوغرى» ئېلىۋالدىمىكىن؟
— ئەتە ئاللاھ خالىسا ئەرتېكىنىم بىلەن ئايتۇركۇم كېلىدۇ، — غوجامنىڭ چاناقلىرى يەنە ياشقا تولدى، — ئۇلارنى يامان بەك سېغىنىپ كەتتىم.
— ئۇلارمۇ سىلىنى شۇنچىلىك سېغىنىدى، — غوجامنىڭ گەپلىرىنى ئۈزۈپ قويدۇم، ئاندىن شالاڭلىششقا باشلىغان يىرىك چاچلىرىنى بارماقلىرىم بىلەن تاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا قىيسايدىم، — بۇگۈن كېچە خاس ئۆزىمىز ھەققىدە پاراڭلىشىمىز.
— ئۇلارمۇ ئۆز ئەمەسمۇ خېنىم؟
— ئەلۋەتتە ئۆز، لېكىن، — دۇدۇقلاپ، بوغۇزىغا بېلىق قىلتىرىقى تۇرۇپ قالغان ئاچ مۇشۇكتەك چىكوكلاپ قالدىم، — مەن دەيمەن، — نېمىنى دەيمەن؟ دېگۈدەك نېمە قالدى؟ مانا، تېشىم ئاق مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇرسىمۇ بۇ مېنىڭ ئىچىمنىڭ قاپقارا مورا قۇيۇنى، قازان قارىسىدىنمۇ بەك قارىلىقىنىڭ

ئىپادىسى ئىدى. 25 يىللىق ئىرىمىنىڭ قۇچىقىدا يېتىپتىمەن، ئەتە كۆرۈشمىگىلى 450 كۈنگە تاڭ ئاتقان يۈرەك پارىلىرىم يىراقتىن ۋەتىنىمگە ـــ باغرىمىزغا ئۇچۇپ كېلىدۇ، ئۇلارنى سېغىنغىنىم راست! ئەمما، ھازىرىنىڭ ئۆزىدىلا ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلغۇمنىڭ يوقلۇقى تېخىمۇ راست... بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى راستلىق ئىچىدە قايسىنىڭ ئەڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، قىسماقتا چۈشكەندەك بوغۇلۇپ قېلىۋاتاتتىم، روھىمنى چىرماپ، قىيناپ تۇرغان يەنە بىر بۈيۈك راستلىقنىڭ قەلبىمدىكى ھەممە ـ ھەممىنى دەم تارتىپ يۇتۇپ، ئەقلىمنى بىخۇدلاشتۇرۇشلىرىنى تۇيۇپ تۇراتتىم. كۆيەتتىم، تەلپۈنەتتىم، زارىقاتتىم، ئۆزۈم بىلەن قىلچىلىك مۇناسىۋىتى، ھېچقانداق كەچمىشىمىز بولمىغان، ئالدىمدىن شامالدەك تېز ئۆتۈپ كەتكەن ناتونۇش بىرسىگە شۇنچىلىك ئەسىر بولۇپ ئۆزۈمنى ئالدۇرۇپ قويۇشۇمنىڭ سەۋەبىنى ھېچ بىلەلمەيتتىم، ئۆزۈمنىڭ ھېچ قەستەنلىكى يوقلۇقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشاتتىم. لېكىن، قەلبىمدىكى شېرىن ئازغۇنلۇق كۆز ئالدىمدىكى مۇقەددەس پاكىتلارنى يۇتۇپ كېتەتتى... ئىنساننىڭ تۇيغۇسى نېمىشقا مۇشۇنداق زىددىيەتلىك بولىدىغاندۇ؟ زىددىيەتلىك نەرسىلەرنى تىل بىلەن ئىپادىلەش ئاندىن بەتتەر قىيىندۇ؟... مەن بۇلارنى كىمگە ئىپادىلەپ بەرمەكچى؟ كىم مېنى ئىپادىلەشكە قىستاۋاتىدۇ؟ ئىرىممۇ؟ ياق، ئۇ ئەزەلدىن مېنى ھېچنېمە ئۈچۈن ھېچنېمىگە قىستاپ باققان ئەمەس... گەرچە قىستاپ بېقىشنى شۇنچىلىك ئۈمىد قىلسامۇ قىستاپ باقمىدى؟ ئازابلىرىم سىڭگەن سەندەل كارىۋاتتا... قوي شۇ سوغۇق كارىۋاتنى!... ئەمما، مۇزدەك لاغىلداپ تۇرۇپ ئوتتەك ئىككى جانغا ئانا بولدۇم... غوجامنىڭ مۇشۇ دۇنياغا كېلىشىنىڭ ئۆزى ماھىيەتتە مېنى قىستاش ئۈچۈن بولدى... ياق، ئۇ مەندىن سەككىز يىل ئىلگىرى دۇنياغا كەلگەن...ئەمىسە مېنى قىستاۋاتقان كىم؟ يەنىلا ئۆزۈم...

— خېنىم كۆڭۈللىرىگە تېگىپ قويدۇمىكىن، ئەجەب جىمىپ كەتتىلە؟

— ياق... ياق... باللارنى ئويلاپ قالدىم، — خەيرلىك ئۇچۇن ئېيتقان يالغىنىم ياخشىلىققا ھېساب بولارمۇ؟ كۆزلىرىنىڭ چىمچىقلاپ كەتكىنىنى ئۆزۈم سېزىپ قالدىم، بىزنىڭ غوجامنىڭ كۆزلىرى ئەزەلدىن بۇ مەنىدە چىمچىقلىمايتتى، چۈنكى، ئۇ يالغان ئېيتسا ئۇدۇل چىشلىرى چۈشۈپ كېتىدىغاندەك قورقاتتى، ھەتتا بېشى ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك. توۋا، نېمىشقا ئېرىمنىڭ باغرىدا يېتىپمۇ چۈشۈپ كەتكەن چىش، ئۈزۈلۈپ چۈشكەن باش ھەققىدە قان پۇراپ تۇرىدىغان خىياللارنى قىلىدىغاندىمەن... كېچە ئۇزاق، ئۇنىڭ بىلەن بىر كارىۋاتتا ياتمىغىنىمغا ئۇزۇن بولدى، بېسىم ھېس قىلماي تىنچقىنە ئۇخلاپ قالسا بولاتتى، — ھېكايە ئېيتىپ بەرسەم ئاڭلامدىلا؟ — خىياللىرىم سازلىقنىڭ يۆگىشىپ تۇرغان لەشلىرى ئارىسىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، غوجامنىڭ يوغان يەلكىسىگە ئېسىلدىم.

— كېچە بىر چاغ بولدى، ئۇخلايلىمىكىن، باشقا بىر كۈنى ئېيتىپ بىرەرلا، لېكىن سىلى خالىسىلا ئالتۇن خېنىم.

— خالىمىساماچۇ؟

— مەيلىلىرى، ئاڭلاي، ھېكايە ئېيتىشقا ئامراققۇ سىلى.

— ھېكايىگە ئەمەس، سىلىگە ئامراق بولغىنىم ئۈچۈن غوجام، — غوجامنىڭ چوقچىيىپ تۇرغان قاڭشىرىنى تۇتۇپ بالامنى ئويناتقاندەك ئەركىلىتىپ قوياي دېۋىدىم، ئويلىمىغاندا ئۇنىڭ سۇ تولۇپ تۇرغان، بۇرۇن پەررىكىدىكى قارا مېڭىگە قولۇم تېگىپ كەتتى، چوغنى تۇتۇۋالغاندەك دەررۇ قوللىرىمنى تارتىۋالدىم، — ئاغرىتتىممۇ؟ — بەدىنىم تىكەنلەشتى.

— نەدىكىنى، شۇنچىكى تۇتقانغا ئاغرىمايدۇ، قورقۇپ كەتتىلە ـ ھە؟ — غوجام ئۇڭايسىز بىر ھالەتتە كۈلۈمسىرىدى.

— نېمىگە قورقۇش؟ يا ئۇ مەڭلىرى ئادەمنى چېقىۋالىدى-

غان قارا قوڭغۇز بولـمىسا، ــ قـارا ماۋۇ گىپـىمنى «تېرىقنى ئالتۇن سۇيىدە سۇغۇرسىمۇ بەرىبىر تېرىق» ئىكەن، ئېچىغـان قېتىقنىڭ قايمىقى تېشىغا ئۆرلەپ چىققاندەك ھەرقانچە تىقىپ، يوشۇرسىمۇ ۋاقتى كەلگەندە ئادەمنىڭ ئىچىدىكىنىڭ جەۋھىـرى تېشىغا تېپىدىكەن. قارا قوڭغۇزدىن ئۆلگـۇدەك يىرگىـنىدىغـ-ىنىمنى غوجام بىلمىسـە كاشكى، قـوڭغۇز دېمـەي، قارا چىۋىـن، ئۇنىمۇ دېمەي قارا چېكەتكە دېسەممۇ بولاتتىـغۇ، نېمـىشقا قـارا پۇرچاقلا دېمىگەندىمەن...

ــ ھېكايىلىرىنى ئاڭلىغۇم بار خېنىـم، ــ مۇگدەپ، ئېـ-زىلىپ تۇرغان غوجام يوغان قوللىرىدا ئېغىزىنى دالـدا قىلىـپ كۆچلۈك ئەسنىدى، ــ قېنى مەرھەمەت، ــ مەيلىمگە يول بېـ-رىپ، مېنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولدى ئۇ.

ــ بۇرۇنقى زاماندا، ــ دەپ باشلىدىم ھېكايەمنىڭ بېشىـ-نى، ــ چىن ماچىن مەملىكىتىدە بىـر گۈزەل مەلىـكە ئۆتكـەن ئىكەن، ــ چاچلىرىمنى قايرىپ، مۇرەمدىن كۆكسۈمگە تاشلـ-دىم، ــ ئۇ خېنىم شانۇشەۋكەتلىك شاھنىڭ ئەتىۋارلىق قىـزى بولۇپ، ئايدىن ئۇز، گۈلدىن چىرايلىق بولسىمۇ، ئەپسۇس نەزە-رى شۇنچىلىك ئۇستۇن، ھالى چوڭ، ئىچى سـوغۇق، دىلى قـات-تىق ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئـۇ رەسىدىلىـكىدىـن ئاتلاپمۇ يا بىرىنىڭ قەلبىنى چېكەلمەپتۇ، يا بىرى ئۇنىڭ قـەل-بىنى؛ ئۆمرىنىـڭ سۆيۈش ۋە سـۆيۈلۈشتىـن بىدار، مـەنىسىـز، لەززەتسىز، قاغجىراق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىـپ يەتكەنـدە ئۇنىڭ يېشى 30دىن ئاتلاپ، ياشلىق قۇياشى قىيامىدىن پەسلەپ-تۇ. باھاردا گۈل ئېچىلغان بىر كۈنى ئۇ كېنىـزەكلـىرى بىلـەن بېھىشتەك گۈزەل چاھار بېغىنى ئايلىنىۋاتسا بىر يەردىن قۇلـ-قىغا ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

ــ ناخشا ئېيتقان كىم؟ ــ دەپ سوراپتۇ مـەلىكە زەر لـې-چەكى بىلەن يۈزلىرىنى توسۇپ.

— باغۋەننىڭ ئوغلى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قېرى كې-
نىزەكلەردىن بىرى.
— نېمانچە مۇڭلۇق ئۈنىڭ ئۈنى؟ — سەتەڭ مەلىكىنىڭ
شەھلا كۆزلىرى سوغۇق چاقناپتۇ.
— ئۇ مۇشۇ باغدا 20 يىلدىن بېرى ئىزچىل مۇشۇ بىرلا
ناخشىنى ئېيتىپ كەلدى مەلىكەم، بىلىشىمچە ئۇ بىرىگە
ئاشىق.
— مەشۇقى كىم؟ نېمىشقا مەن ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئىلگى-
رى ئاڭلىمىدىم؟ — سوراپتۇ مەلىكە ھەيران بولۇپ.
— ئاڭلىغان ئىدىلە، ئەمما باغدا كوركىراۋاتقان قايسى چار
پاقا؟ — دەپ قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇشلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئاۋازى
شۇ زامان ئۆچكەن.
— ھەر قېتىم شۇنداق بولغان، ئۇ ناخشا ئېيتسا، بۇلبۇل-
نىڭ قان قۇسۇپ ئۆلگەنلىكىنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆر-
گەن، — قوشۇمچە قىلىپتۇ يەنە بىر ئوتتۇرا ياشلىق كېنىزەك.
— شۇنداقمۇ؟ — مەلىكە ئىزىدا توختاپ، شاپتۇل چېچەك-
لىرى تۆكۈلگەن تاش ئورۇندۇقتا لەسسىدە ئولتۇرۇپ قاپتۇ، —
نېمىشقا شۇنچىلىك مۇڭلۇق؟ نە سەۋەب باغدىكى بۇلبۇل قان
قۇسۇپ ئۆلدى؟ يۇرۇڭلار مېنى ئۇنىڭ قېشىغا باشلاپ بېرىڭلار! —
دەپتۇ مەلىكە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ.
كېنىزەكلەر ئوپۇر - توپۇر بولۇشۇپ ئۇنىڭ ئالدىدا يول
باشلاپتۇ. ناخشا ئاۋازىغا يېقىنلاشقانسېرى مەلىكىنىڭ نەپەسلى-
رى بوغۇلۇپ، يۈرىكى چىدىغۇسىز ئاغرىپ كېتىپتۇ، لېكىن ئۇ
بۇنىڭ سەۋەبىنى ھېچ بىلەلمەپتۇ. ناخشا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپتۇ،
مەلىكە ھالسىزلىنىپ جىنەستە پۇتاقلىرىغا يۆلىنىپ قاپتۇ،
زەر لېچەكنى شاخلار ئىلىپ، ئاي يۈزلىرى بىلەن قونىدۇز
چاچلىرى ئوچۇق قاپتۇ. ئاقزادە بولغان كېنىزەكلەر ئۇنىڭغا
يېپىشىپتۇ، مەلىكە ئۇلارنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپتۇ.

— قويۇۋېتىش... كۆزۈمدىن يوقال! — دېگىنىچە ناخشا تامان تاڭ شامىلىدەك ئۇچۇپتۇ، ئالتۇن كەشلىرى باغدا چۇشۇپ قاپتۇ... مەلىكە يالاڭئاياغ يۈگۈرۈپتۇ... يۈزلىرىنى دەرەخ شاخلىرى تىلغاپتۇ، قىپقىزىل قان زاخاقلىرىدىن كۆز ياشلىرىدەك سىرغىپتۇ... مەلىكە يەنە يۈگۈرۈپتۇ، ناخشا ئەمدى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىلا ياڭراپتۇ، ئۇ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر تۈپ بېھى دەرىخىنىڭ قارا بوران سۇندۇرغان ئاچىسىدا يانتۇ ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىۋاتقان بىر قارا قاشلىق سۇباتلىق يىگىتنى كۆرۈپتۇ.

— سەن كىم؟

— مەلىكەم؟! — زارىققان بىر سادا قۇلاقلىرىنى سۆيۈپ ئۆتكەندە يىگىتنىڭ ناخشىسى شۇ زامان ئۈچۈپتۇ، يېنىغا شامالدەك تېز ئۆرۈلۈپ قاراپتۇكى، ھاياجاندىن قارا كۆزلىرى چاراقلاپ يېنىپتۇ، — جان مەلىكەم! — بېھى پۇتىقىدىن ھايالسىز ئۆزىنى تاشلاپتۇ يىگىت، ئاندىن يۈملىنىپ كېلىپ شامال سوققان مەجنۇنتالدەك ئىرغاڭلاپ قالغان مەلىكىنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ ئۇنى يۆلىۋاپتۇ، دۇردۇن پوتىسىنى يېشىپ، قىزنىڭ زاخاقلىرىدىن سىرغىپ چۇشۇۋاتقان قان داغلىرىنى سۈرتۈپ شىۋىرلاپتۇ، — ئاخىر بىر كۈن ئىزدەپ كېلىشىڭىزنى بىلەتتىم!

— قويۇۋەت ئەبلەخ! سەن كىم؟ — يۇلقۇنۇپتۇ مەلىكە ھۇشىغا كېلىپلا، — قايسى سالاھىيىتىڭ بىلەن مېنى تۇتۇشقا پېتىندىڭ پەس؟! — ئاندىن يىگىتنىڭ تۈۋىدىن كېسىۋېتىلگەن مەجرۇھ پۇتىغا قاراپ غۇنچىدەك لېۋىدىن زەھەر چېچىپتۇ، — كۆزۈمدىن يوقال توكۇر!

— دۇرۇس، ئۇ توكۇر، مېيىپ، — قوش قاناتلىق ياغاچ ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلىپ، ئاپئاق ساقاللىق باغۋەن بوۋاينىڭ بېشى كۆرۈنۈپتۇ، — لېكىن، سىلىنى سۆيگەن قەلبى، يۈرىكى مېيىپ ئەمەس، ئۇ سىلىنى ماڭالايدىغان ئاياغلىرى بىلەن ئەمەس، ئۆڭمەس قەلبى - يۈرىكى بىلەن سۆيدى.

— بولدى قىلسىلا ئاتا! — يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن قان سىرغىپتۇ، — ئۇنىڭغا چۈشەندۈرگەننىڭ پايدىسى يوقكەن! چۈنكى، ئۇنىڭ مۇز قەلبىدە سۆيگۈ ئوتىغا ئورۇن يوقكەن!

— بۇنىڭدىن 20 يىل مۇقەددەم سىلى ئون ياشقا كىرگەن چاغلىرى شاھ ئاتىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى كۆك قاشقىلىق تۇلپارغا مىندۈرۈپ، شىكارغا چىققىنى ئېسلىرىدىمۇ؟ — بوۋاينىڭ ئاخىرقى قېتىم ھەقىقىي ئەھۋالنى مەلىكىگە ئاشكارىلىغۇسى كەپتۇ، — ئۇنىڭ سىلىنى ئەمرىگە ئېلىش سالاھىيىتى بولمىسىمۇ، مۇھەببىتىنى بىلدۈرۈش ئەركىنلىكى بار ئىدى.

— سېنىڭ مەندىن بۇنداق سوراشقا نېمە ھەددىڭ؟! ئېسىمدە بولسا نېمە، بولمىسىچۇ؟ شىمالىي غاردىكى يىرتقۇچنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاننى دەمسەن؟ بۇنى ئەسكەرتىپ كەيپىمنى بۇزغىنىڭنى شاھ ئاتام بىلسە بېشىڭ تېنىڭدە تۇرارمۇ قېرى چال؟! — مەلىكە چۈۋۈلغان چاچلىرىنى سىلكىپ، كۆرەڭلەپتۇ.



— قېرى جېنىمدا تارتىشقۇدەك ھەقىقىياتىم قالمىدى مەلىكەم، بىرلا نەرسىگە تارتىشىمەن، ئۇ بولسىمۇ ئوغلۇم!

— مۇشۇ توكۇرغىما؟

— ئۇنداق دېمىسىلە، ئۇ ئانىسىنىڭ قارنىدىن بېجىرىم تۇغۇلغان، سىلىنى قۇتقۇزىمەن دەپ 19 ياشتا ئۇنىڭ بىر پۇتى ئېيىقنىڭ قارنىغا كىرىپ كەتكەن!

— بەرھەق! — دەپ ۋارقىراپتۇ مەلىكە چالۋاقاپ، — ئەمىسە بىكاردىن ـ بىكار ئاتامنىڭ نېنىنى يەپ، سۈيىنى ئىچىپ، باغدا باققان پاقلاندەك ياشماقچىمىدىڭ؟

— تەڭرى بەرگەن رىزقىمىزنى يەپ ـ ئىچتۇق مەلىكەم، — بوۋاي قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ بېشىنى چايقاپتۇ.

— مەن بىلەن تاكاللاشماقچىمۇ سەن؟! قەھر ـ جەھلىمنى قاتۇرماستا كۆزۈمدىن يوقال! ھازىرىنىڭ ئۆزىدىلا يوقىلىش! تۇپ-

ـرىقىمىزغا ئاياغ باسما! ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولۇشـ
ـما، — دەپ چىرقىراپتۇ مەلىكە ئەسەبىيلىشىپ.

ئاتا ئوغلىنى يۆلەپتۇ، ئۇلار سەھەر تارىغان تۇماندەك ئۇن ـ
تىنسىز مەلىكىنىڭ كۆزىدىن غايىب بوپتۇ.

غوجام ياستۇقتىكى چاچلىرىمنى يۇراپ، مەن ئۇنىڭ يىرىك
چاچلىرىنى سىلاپ تۇراتتىم. قۇلىقىمغا ئۇنىڭ ئىسەدىگەن خىد ـ
تىلدىشى ئاڭلىنىپ، ھېكايەم بېلىدىن ئۈزۈلدى.

— غوجام، سىلىگە نېمە بولدى؟

— باغرىم ئېزىلدى شۇ، مەن باغۋەننىڭ ئوغلىدىن بەتتەر
تۇرسام، ئاندىن سىلى مالائىكىدەك ياخشى تۇرسىلا ئالتۇن
خېنىم.

— ھېكايەمنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تاقەتلىرى بارمۇ،
غوجام؟

— ئاڭلايمەن، ئاڭلايمەن خېنىم! — غوجام باشقىچە ئۈمىد ـ
لىنىپ، بارماقلىرىمنى يىرىك ئېڭەكلىرىگە سۈركىدى، ئاندىن
پارقىراق مەڭلىرىنى سىلاپ قويۇپ سورىدى، — كېيىن قانداق
بوپتۇ؟

— ئىشنىڭ يامىنى دەل شۇ يەردىن باشلىنىپتۇ غوجام،
تەگرىنىڭ جازاسى ساداقەتتىن ئېتىلغان ئوق دېسىلە، ئوق!
ئەتىسىدىن باشلاپ مەلىكە باشقا بىر سىياقتا ئورنىدىن
تۇرۇپتۇ، گېلىدىن لوقما غىزا، نە بىر يۇتۇم سۇمۇ ئۆتمەپتۇ.
چاھار باغدىكى بېھى دەرىخىنىڭ بوران سۇندۇرغان يان پۇتىقىدا
قىيپاش ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتقان توكۇر يىگىتنىڭ ئاۋازى ھېچ
قۇلىقىدىن كەتمەپتۇ، كۆزىنى ئاچسىمۇ، يۇمسىمۇ، تۇرسىمۇ،
ماڭسىمۇ شۇ. ياستۇقلارغا ئۈسۈپ، تۆشەكلىرىدە تولغىنىپتۇ
مەلىكە. يىرتىلغان پەرقۇلارنىڭ پەيلىرى ھەشەمەتلىك خانىلەردە
توزغاقتەك توزۇپتۇ... تاڭ يورۇپ ھېلىلە پەردىلەر توقۇز
قېتىم قايرىلىپ، ئون قېتىم ئېچىلغان بولسىمۇ، خانىلەرگە

زەررىچە يورۇقلۇق چۈشمىگەندەك، مەلىكە زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىدا قاپتۇ.

— نېمە كېرەك ساڭا جانىم مەلىكەم؟ — ئاسمانىنىڭ قە-رى، زېمىنىنىڭ تەكتىدە بولسىمۇ كەلتۈرىمەن ساڭا، — دەپتۇ شاھ ئاتىسى تىت - تىت بولۇپ.

— باغۋەننىڭ توكۇر ئوغلى! ئۇنى يېنىمغا كەلتۈر شاھ ئا-تا! چۈنكى دۇنيادىكى ھېچبىر نەرسىنىڭ، ئۇچار قۇش، جان - جانىۋار، بۇلبۇل، ھىندى قۇشىنىڭ ئاۋازى ھەم ئۇنىڭچە يېقىم-لىق ئەمەس! مەن ئۇنىڭ ناخشىسىغا ئاشىق بوپتىمەن، ئۇ ئېيت-قان ناخشىنى ئاڭلىمىسام زىنھار ياشىيالمايمەن، — دەپ نىدا قىپتۇ مەلىكە.

شاھ شۇ ھامان باغۋەن بوۋاينىڭ بىر پۈتىنى شىكاردا ئې-يىق يەپ كەتكەن مەجرۇھ ئوغلىنى تېپىشقا پەرمان چۈشۈرۈپ-تۇ. بىر كۈن ئۆتۈپتۇ، ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ، بوۋاينىڭمۇ، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭمۇ ئاسمانىنىڭ ئاستى، يەرنىڭ ئۈستىدىن نامۇنىشانى، ئىز - دېرىكى بولماپتۇ. مەلىكىنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ ئېغىر-لىشىپ، ئاخىر بىتاپ بولۇپ يېتىپ قاپتۇ.

شاھ «ئەگەر شۇ يىگىت ئوردىغا كېلىپ بىر قېتىم مەلە-كىسىگە ئول ناخشىسىنى بىر رەت ئېيتىپ بەرسە شاھلىقىنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭغا بېرىش»كە ئەھدە قىلىپ، پەرمان چۈشۈرگەن بولسىمۇ، ھېچبىر سادا بولماپتۇ... 40 كېچە - كۈندۈز ئۆتۈپ كېتىپتۇ، مەلىكىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ بەتتەرلىشىپتۇ، شاھ ئاخىرى، يىگىتنىڭ بىر قېتىملىق ناخشىسى ئۈچۈن پۈتۈن تا-جۇتەختىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققىدە ئەھدە قىلىپ پەرمان چۈ-شۈرۈپمۇ يەنىلا نەتىجىگە ئېرىشەلمەپتۇ.

بىر كۈنلەردە مەجرۇھ يىگىت دەريا بويىدىكى ساھىلدا پە-چىقى بىلەن نەي ياساپ ئولتۇرسا، ئۇنىڭ قېشىغا بىر جۇغۇز-باش پاختەك ئۇچۇپ كېلىپ يىگىتنىڭ مۈرىسىگە قونۇپتۇ،

ئاندىن گۇگۇلاپ تۇرۇپ مەلىكىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىپتۇ:
— مەلىكىگە سىنىڭ ناخشا توقۇغان ئاشىق قەلبىڭ ئەمەس، بەلكى ناخشا ئوقۇغان تىلىڭ كېرەك بوپتۇ يىگىت، قانداق قىلىسەنكىن؟ — دەپتۇ پاختەك گۇگۇلاپ.
يىگىت ئۇستىرىنى كاپتا بىلىگەندەك، پىچىقىنى ئۆسكەلەڭ يېرىك ساقاللىرىغا سۇركەپتۇ، پاختەكنىڭ قوماچلاپ قورۇلغان كەندىردەك كىچىككىنە كۆزلىرى پىلدىرلاپ كېتىپتۇ. مۇڭگۇز دەستىلىك پىچاقنىڭ تىغلىرى كۈن نۇرىدا ئالماستەك يالتىراپ تۇرغۇدەك... پاختەكنىڭ ئەت رەڭ تۈكلىرى ھۇرپىيىپ كېتىپتۇ.
يىگىت تىلىنى چىقىرىپ، يالتىراپ تۇرغان پىچىقى بىلەن شارت قىلىپ تۇۋىدىن كېسىپ، قان تامچىپ تۇرغان تىلىنى ئالىقىنىغا قويۇپتۇ، قانلىق تىل يىگىتنىڭ ئالىقىنىدا ئېتىلغان قوناق پاختىسىدەك ئىككى - ئۈچنى سەكرەپ توختىغاندا يىگىتنىڭ جاۋغايلىرىدىن قىپقىزىل قانلار ئېقىپتۇ. پاختەك قان تامچىپ تۇرغان ياپلاق گۆشنى چىشلەپ كۆر قىلىپ بوشلۇققا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يېقىملىق ناخشا — ئاشىق يىگىتنىڭ قەلبىدىن چىققان مۇڭلۇق بىر سادا ئالەمدىن ئۆچۈپتۇ...
— شور پېشانە مەلىكە ھىجراندىن ئۆلۈپتىمۇ؟ — غوجامنىڭ بېشى ياستۇقتىن ئىككى ئىلىك كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.
— ئۆلگەندىن بەتتەر! — ئۆزۈمگە سۆزلەۋاتامدىم، غوجامغىمۇ ئاڭقىرالمايلا قالدىم، — ئۇ شۇنىڭغا لايىق ئىدى، سۆيۈش بىلەن سۆيۈلۈشنى قەلبتىكى ئۇلۇغ تۇيغۇسىدىن ئايرىپ، قول بىلەن تۇتۇپ، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ئۇستىخان بىلەن مۇسكۇلغا باغلىۋالغاچقىلا ئۆلۈمگە لايىق ئىدى.
— لەيلى خېنىم، خۇدايىم بەرگەن ئۇز ئالتۇنۇم!
ئۇنىڭغا ئېيتقان چۆچىكىمدىن ئۆزۈم سۆيۈنۈپ قالدىم،

ئېنىقكى غوجام مەندىن مىڭ ھەسسە سۆيۈندى. لېكىن، بۇ خەيرلىك سۆيۈنۈشنىڭ ھەر ئىككىمىزگە ئېلىپ كەلگەن مەززى ـ لەززىتى ئوخشىمايتتى، مەن بۇ چۆچەكنى ھېچكىمدىن ئاڭلىمىغان، غوجام بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا بۇن-داق بىر چۆچەك توقۇپ بېرىش مۇددىئايىم ھەم يوق ئىدى. «پىلان»، «مەقسەت»، «مۇددىئا» دېگەنلەرغۇ نەزەرىمدە شەكىللەن-گەن فورماتلىق نەرسىلەر ئىدى، شۇڭا مەن ئۇلارنى مەنئۇيىد-تىمدىكى نۇردىن ئىللىق نەرسىلەرگە چېتىۋېلىشنى يامان كۆ-رەتتىم، مەيلى يامان كۆرەي ياكى ياخشى، مەۋجۇتلۇقىمدىكى ھېچبىر نەرسە مېنىڭ ئىرادەمگە باقمايتتى. ناۋادا ئۇنداق بول-مىغان بولسا، ئۆلىدىغان ئالەمدە سېغىزدىن سىلىق، توپىدىن يۇمشاق ئېرىمنى بىر قەترە ياخشى كۆرۈۋېلىپ ئۆلسەم كۆزۈم يۇمۇلار ئىدى... ئادەملەر چۆچەكنى ئومۇمنىڭ دەيدىكەن، ئەمە-سە ئاشىقلىقمۇ ئومۇمنىڭمىدۇ؟ ياق، ئۇ شۇ قەدەر شەخسىيەت-چىكى، سۆيگۈچى بىلەن سۆيۈلگۈچىنىڭلا... نىھايەت مېنى كىم سۆيدى؟ مەن ئاندىن كىمنى سۆيدۇم؟ ماڭا نېسىپ ئېتىلگەن سۆيگۈ دائىم مۇشۇنداق يەكپايمىدۇ؟ ياق ـ ياق، «دائىم» دېگىلى بولماس، چۈنكى ئالدىنقىسى ماڭا ئەمەس، ئېرىمگىلا تەۋە ئى-دى... مۇشۇنداق دېگەن چاغدىكى ئىچ ئەزايىمنىڭ قاپقارىلىقىغا ھېچنېمە توغرا كەلمەيتتى. ھەربىر ھۇجەيرەمگە قەدەر بوغۇپ، چىشلەپ، قاساپ تۇرغان شۇ تەۋەلىك ئېلىپ كەلگەن قاغجىراق مەنىسىزلىك، زارىقىپ تۇرغان قەلبىم بوشلۇقلىرىنى شۇ قەدەر نامرات، سەرسانە، بىگانە، دىۋانە قىلىۋەتكەنىدى. مانا مۇشۇنداق ئويلاپ، مۇشۇنداق زارلاپ شەك كەلتۈرۈۋاتقان ئۆزۈم ئەمەسمۇ؟ مەنمۇ ماھىيەتتە غوجامنىڭ ئۆلۈك ئاياغلىرىغا تەتۈر كەلگەن بىر پاي يەكپىيى ئىدىم. يالتىراپ، جۇلالاپ خويمۇ خۇپ كەلگەنىد-مان پارقىراپ تۇرسامۇ، ئاپقۇتلىرىم ئۇنىڭ يۇمشاق سۇنجىقد-

نى شۇ قەدەر قىستاپ، غاجاپ، شەلۋەرتىپ تۇرسا كېرەك، ئەمما غوجامنىڭ ئاشىقلىقتا بىخۇد بولغان تۇيغۇسى بۇنى سەز-مىگەن بولۇشى مۇمكىن. يا سەزسىمۇ ماڭا سەزدۇرمىدىمى-كىن... دولقۇنلاپ تۇرغان ھېسسىي ئاھاڭلىرىم ئاللىقاچان ئۇ-داردىن چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، قەلبىم ئۇنىڭ ئاجايىپ زىل تاۋۇشلىرىنى ناھايىتى ئېنىق تىڭشىيالايتتى... نېمىدەپ چۆ-چەك بىلەن قىلچىلىك مۇناسىۋىتى يوق نەرسىلەرگە دىققىتىم ئېغىپ كېتىدىغاندۇ؟ «چۆچەكتە مۇھەببەت يوق» دېگۈچىلەرنىڭ چوقۇم بىر كۈنلەر زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالىدۇ... توغرا، چۆچەكنى دەۋاتىمەن! غوجامغا ئېيتىپ بەرگەن شۇ چۆچەك پەقەت ئۆزۈمە-نىڭلا ئىدى، كىم مېنى «ئۆزۈڭ» ئەمەس دەپ ئىنكار قىلىدى؟ چۆچەك دېگەن ئەلۋەتتە ئومۇمنىڭ! «ئومۇم» دېگەن ئەلۋەتتە مې-نىڭ قەلبىمگە ئوخشاش بىر پۈتۈن دۇنيا، بىر پۈتۈن مەزمۇن ئىدى، مېنىڭ قەلبىمنىڭ ئاشۇ پۈتۈنلۈكى نەدە؟ مەزمۇنىچۇ؟ تىمتاس، سوغۇق، مەنىسىز بىر پۈتۈنلۈكنى ئۈشتۈمتۈت چې-قىلغان ئاشۇ خاسىيەتلىك چاقماق ئىككىگە بۆلۈۋەتتى، يېرىمى-نى قالدۇرۇپ قويۇپ، تەڭ بىرىنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەتتى، نەدە سەن بىر پۈتۈنلۈكۈم؟!... سەنمۇ مەندەك يېرىملى-قىڭنى ھېس قىلامدىغانسەن؟

— چۆچەكلىرى يۈرىكىمگە ئوزۇق بولدى، ئۇنىڭ ئالدىدا! كاتتا پىروفېسسورنىڭ توققۇز ئاي دورىغا چىلاپ ئۇۋۇلاشلىرى نېمىگە ھېساب بولار ئالتۇن خېنىم؟ دىل ئۆيۈمنىڭ چىرىغى سىلى، ئۇمىدىم سىلى...

— مېنى ماختاۋەرمىسىلە جېنىم غوجام، — بۇزرۇكۋار قېينئانامنىڭ ماڭا دەيدىغان دۇردانە ھېكمەتلىرىدىن بىر كەلىمە چىشلەتتىم، — «تولا دەۋېرىپ، ياخشىلىقلىرىمنى ھاۋا تارتىپ كەتسە ئاخىرى ماڭا نېمە قالاتتى؟» تۇن نىسپىدىن

ئېشىپتۇ، بامداتقا ئاز قالدى، كۆزىمىزنى مىتتىدە يۇمۇۋالامدۇق ئەمدى؟

— شۇنداق قىلايلى خېنىم، ئالتۇن تەنلىرىگە هاردۇق يېـ- تىپ قالمىسۇن، — غوجام قانماي پۇراپ تۇرغان چاچلىرىمنى ئاستا قويۇپ بەردى، — بىئارام قىلدىممۇ؟

— ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا ئاز تەكەللۇپ قىلسىلا غوجام! — ئۆزۈمنى شېكەر قىيامىغا چۈشۈپ كېتىپ ئۇششاق پۇتلىرىنى چاپلاشقاقتىن چىقىرالمايۋاتقان سۈۋەرەكتەك بىئارام هېس قىـ- لىۋاتاتتىم، كۆچەپ كېتىپ ئاۋازىمنىڭ ئۆزۈممۇ ئويلىمىغان هالدا قاتتىق چىقىپ كەتكىنىدىن سەل چۆچۈدۈم، — مەن دېـ- گەن سىلىنىڭ يېتىم قوۋۇرغىلىرى، هەقلەپ، نىكاهلاپ ئەمرىـ- لىرىگە ئالغان هالاللىقلىرى، مۇشۇنداق قىلىش مېنىڭ هەق بۇرچۇم، زىممەمدىكى مۇقەددەس پەرز.

— بىلىمەن خېنىم.

غوجام جىمىپ قالدى...

— گېپىم تېخى تۈگىمىدى، ئاندىن يەنە دەيدىغانلىرىم بار، — ئېغىر كىرپىكلىرىمنىڭ لىپىلداپ كەتكىنىنى سېزىپ تۇردۇم، يۈز تېرەم تۈكلۈك قۇرت ئۆمىلەۋاتقاندەك قىچىشىپ كېتىۋاتاتـ- تى. قەلبىمدە ئاندىن چوڭ، ئاندىن كۆچلۈك ئاجايىپ بىر قۇرت توختاۋسىز ئۆمىلەپ، يۈرىكىمنى چىشلەپ، روهىمنى غىدىقلاپ، تۈيغۇلىرىمنى قىچىشتۇرۇپ دەقىقە ئارام بەرمەيۋاتاتتى... نەقە- دەر تاتلىق چىشلەش، لەززەتلىك غىدىقلاش، شېرىن قىچىشىشـ- تۇ بۇ! — سىلىگە شۇنچىلىك ئىچىم كۆيىدۇ غوجام، — ئاق چىشلىرىمنى پارقىرىتىپ زورىغا كۈلۈمسىرىدىم، — سىلىدەك ئېسىل بىر ئادەمنىڭ ئەمرى - هىماتىدا مۇشۇ كۈننى كۆرۈپ، ئەرتېكىن بىلەن ئايتۇركىكە ئانا بولغىنىمدىن مىڭ قەتره شۇ- كۈر دەيمەن! — مۇشۇ ئىزاهلىرىم ئۆزۈمگە، غوجامنىڭ يىرتىلـ-

غان كۆڭلىنىڭ سىپسىيدام ئەت رەڭ تۆشۈكلىرىگە توق يېشىل رەڭلىك گۈلدار ياماقچە سېلىپ قويغىنىمدەك تۇيۇلدى، ــ يا-شانغانلار ساناتورىيەسىدىكى ھېلىقى دۇمچەك موماي مىرەۋخان ئېسىڭىزدىمۇ؟ ــ غۇراپتىن قىيام چىقىرىمەن دەپ، تۇيۇقسىز ئۇ مۇبارەك مومايىنىڭ ئىشى ئېسىمگە كېلىپ قالدى دېسە، نېمە مەقسەتتە مۇشۇنداق ئۆزئارا قىلچە ئالاقىسى بولمىغان ئۇزۇك-ئۇزۇك كەچمىشلەرنى بىر-بىرىگە زورمۇزور چېتىپ، گەپلىد-رىمنى ھۇرۇن خوتۇنىنىڭ پايتىمىسىدەك ئۇزارتىپ بارىدىغاندى-مەن؟ ئىشقىلىپ بىر نېمىلەرنى قىلىپ، بىر يەرلىرىمنى يۆ-گەپ، ئوراپ تۇرمىسام شۇ يېرىمنىڭ قانداقتۇر بىر يېرى ئۇنىڭ ئالدىدا ئوچۇق قالىدىغاندەك ئەنسىرەپ تۇراتتىم.

ــ ھە، ئېسىمدە، باققۇچىسى يوق ئۇ بىچارىگە نېمە بوپتۇ ئەمدى؟ ساناتورىيەمىزدە يېمەك-ئىچمىكىدىن غېمى يوق بىر ئوبدانلا تۇرۇۋاتقانغۇ ئۆزى؟

ــ لېكىن يېگەن-ئىچكەنگىلا ھېسابمۇ غوجام؟ باياۋاندى-كى سېرىق قۇشقاچ جېنىدا قار ياغقاندا رىزقىنى تېپىپ يې-يەلەيدىغۇ؟

ــ ئالتۇن خېنىمنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنمىدىم، كاللام قېرىپتۇ...

ــ كىم سىلىنى قېرىدى دەيدۇ؟ ئارسلاندەك تۇرسىلا، ــ غوجامنى يېنىك نوقۇپ قويدۇم.

ئۇ قارا مەڭلىرىنى سىلاپ كۈلدى، ــ خوش، ئۇ چوڭ ئا-نىمىزغا نېمە بوپتۇ؟

ــ يېقىندا ئاشىقى ئۇنى توققۇزتارادىن ئىزدەپ كېلىپتۇ.

ــ نېمە؟ سۇبھانالله! 80 دىن ئاشقان ئۇ مومايىنىڭ ئاشىقى دەمدىلا خېنىم؟ ــ غوجامنىڭ كۆزلىرى چىمچىقلاپ، قېلىن كامشۇكى قىيسىيىپ قالدى.

— ئاشىقلىق ياشتا ئەمەس، باشتا، تەندە ئەمەس، يۈرەكتە بولارمىش چىرايلىق غوجام. ئۇلارغا ئۆمرىدە ئارانلا ئىككى قېتىم كۆرۈشۈش نېسىپ بولغان، مەكتۇپ يازىمىز دەپ ساۋاتلىرىنى چىقىرىشقان، ئۆمۈر بويى ئارزۇ پەلكۈچلىرىنى كۆڭۈل سىياھلىرىغا چىلىشىپ، زارىقىشلىرىنى يېزىشقان. 70 يىل بىر - بىرىنى سۆيۈشكەن بولسىمۇ، سۆيگۈسىنىڭ مەنزىلى، مەقسىتى، نىشانى، يېشىمى، يا خاتىمىسى بولمىغانمىشلەر.

— ئۇلارنىڭ ئارىلىقى شۇنچىلىك يىراق، قانداق بولۇپ تونۇشۇپ قالغان بولغىيتتى؟ توۋا، — غوجام بېشىنى چايقىدى.

— يولنىڭ يىراقلىقى نېمىگە دال بولاتتى؟ تەقدىر دېسىلە چىرايلىق غوجام، تونۇشۇپ قېلىش ئۈچۈن ئالدىن پىلانلانغان ۋاقىت، زامان، ماكان شەرت بولالارمۇ؟ بىراۋ خالاپ بىرىنى ياخشى كۆرىمەن دەپ يۈرىكىگە ئالالارمۇ؟ بوۋاي يىگىت چېغىدا گىلەم سودىسى بىلەن دادىسىغا ئەگىشىپ بىزنىڭ يۇرتقا كەلگەنمىشلەر، تومۇز ئىسسىقتا راخاب ئىچىمىز دەپ مۇز ئىزدەپ دوغاپ بازىرىغا كىرىپ، قېتىق سېتىۋاتقان مىراۋخاننى كۆرۈپ يۈرىكىگە ئوت كەتكەنمىشلەر.

— ئەمىسە نېمىشقا ھالالدىن باش قوشۇشمىغان ئۇلار؟ — غوجام ئەجەبلەندى.

— ئاشىقلارنىڭ باش قوشۇشى شۇنچىلىك ئاسانمۇ؟ باش قوشقانلارنىڭ ھەممىسى ئاشىق - مەشۇقلارمۇ؟ — قولۇم بىلەن لەۋلىرىمنى توسۇۋالمىغان بولسام تۆشۈك ئېغىزىمدىن يەنە نېمىلەر چىقىپ كېتەر بولغىيتتى؟ — بۇنداق بەختىنىڭ سىلى بىلەن ماڭا نېسىپ بولغىنىغا شۈكۈر دەيلى، — كۆزلىرىم يەنە چىمچىقلاپ كەتتى، ئەمدى يۈز مۇسكۇللىرىمنىڭ قىچىشىشى توختاپ، يېقىمسىز تارتىشىپ تۇراتتى، — بوۋاينىڭ كەمپىرى تۇگەپ كېتىپتۇ، موماينىڭ كۈيەسىمۇ شۇ. ئالمىشىپ كەتكەن

تەقدىر، يەڭگۈشلىنىشىپ كەتكەن بەختلەر ئاخىرى ئۆز ساڭاسىنى تېپىپتۇ. 90 ياشلىق بوۋاي ھازىرمۇ بىزنىڭ ساناتورىيەدە، يول-دا كېتىۋېتىپ، ياق ئۇ چاغدا تېخى بۇنداق خىيال كۆڭلۈمگە كېچىپ ئۆلگۈرمىگەن، مانا ھازىر سىلىنىڭ قۇچاقلىرىدا يېتى-ۋېتىپ ئۇلارنىڭ نىكاھىنى ئوقۇپ، ئۆي ئايرىپ قويايلىمىكىن دەۋاتىمەن، بىر كۈن بولسىمۇ ھالالدىن ئەر - خوتۇن بولۇپ يا-شاپ باقسا قانداق ياخشى؟!

— ئوبدان ئويلاپتىلا، — غوجامنى ئەسنەك تۇتتى، — ئوبدان، — ئۇنىڭ «ئوبدان» لىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنى ئاشۇ ھارغىن ئەسنەكلىرى يۇتۇپ كەتتى، ھاردۇق يېتىپ ئېزىلگەن غوجامنىڭ يېنىك پۇشۇلداشلىرى قۇلىقىمغا ئاڭلاندى.

... شۈكۈر، لەززەتلىك بىر ئۇيقۇ ئۇنى ئاخىرى تۇيدۇرماي ئۆز قوينىغا ئالدى. كېچە قاراڭغۇسىنىڭ ئەزگۈ تىنىقلىرى ئۇنىڭ ئارمانغا باي دەرمانسىز ئەندىشە، ئوڭايسىز تەشۋىش، ئىمكانسىز تەڭقىسلىقىنى جىمجىتقىنا يۇتۇپ كەتتى ... تۇگۇ-لۇپ ياتقان غوجامنىڭ مۇلايىم تەبەسسۇمى قېتىپ قالغان يۈز-لىرىنى سىلاپ، ئاق يېپىنچىنى تارتىپ، جۇدەپ سىزىشقا باش-لىغان پۇت - پاقالچاقلىرىنى ھىملەپ يېپىشتۇردۇم، ئاندىن ياستۇقنىڭ سىڭا بۇرجىكىگە ئاستا باش قويۇپ، كۆزلىرىمنى سۇس يورۇپ تۇرغان سۆسۈن چىراغلارغا تىكتىم.

... كىم سەن؟ ئالۋاستىدەك ئوت پۈركۈپ، جىنىدەك يوقال-دىڭ. ئەمدى مەن ئۈچۈن كىملىكىڭ مۇھىم ئەمەس، مەۋجۇتلۇ-قۇڭ... «ئۆزۈمگە - ئۆزۈم بېيىت ئوقۇۋاتىمەنمۇ - نېمە؟ ماڭا جىن ئولاشقىنى راست. قاتتىق ئەسەبىي جىن...» ئىچىمنىڭ بىر يەرلىرى شامدەك پىلىلداپ كۆيەتتى، پەقەت ئوتلا ئەمەس ئىچىم شامدەك ئېرىپ ئاقاتتى، لېكىن ھەممىسى ئىچىمنىڭ ئىچىدە... تېشىمغا تەپسىلا چاتاق! گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت

ئىچىمدىن تېشىمغا تۇتىشىپلا كەتسە قاباھەت! تەگرىم ماڭا نىې-
سىپ ئەتكەن ئىلكىمدىكى بارلىق ھالاللىقىم شۇ ئوتتا پاراسلاپ
كۆيۈپ، بىر دۆۋە بەد رەڭ كۇل دۆۋىسىدە رەزگى چاشقانغا ئاي-
لىنىپ قالاتتىم. ئادەملىكىم، خوتۇنلىقىم، ئانىلىقىم بۇلغىنىپ
كەتسە ھەممىنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ، ئوغرى چاشقانغا ئايلىنىپ
كوچىدا ئۇر ـ ئۇرغا قالاتتىم. كۆزلىرىم ھېلىھەم چىراغدا،
سۆسۈن چىراغنىڭ بىنەپشە نۇرىدا ئۇچ بۇرجەك ياقىلىق سۇر
رەڭ مايكا كىيگەن قارا كۆزلۈك ماڭا قاراپ كېلىۋاتاتتى... قا-
رىچۇقلار ئۇچراشقاندا قاراقلاردىن چاراسلاپ چاقماق چېقىلات-
تى... ئۇنى ئېگىمدىن، يۈرىكىمدىن، قەلبىمدىن قوغلىۋېتىشكە
تىرىشاتتىم ـ يۇ، قۇدرىتىم يەتمەيتتى، شۇنچىلىك قەدىرسىز،
چارىسىز، ئىمكانسىز ئىدىم. ئازغۇن خىيالىمنىڭ شېرىن كەي-
پىدە شىۋىرلايتتىم، ئاۋازىمنى پەقەت ئۆزۈملا ئاڭلىيالايتتىم.
ھاۋا رەڭ كۆڭلەكلىك خېنىمىڭنىڭ ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ نە-
لەردە يۈرىدىغانسەن؟ ئەجەب ئىش، ھارۋا ئىتتىرىش سەن بىلەن
مېنىڭ پېشانەمگە ئوخشاشلا پۈتۈلگەن تەقدىر ئىكەن. ئەلھۆك-
مىلىللا! ئاخىرىغىچە ئىتتەرمەي ئامالىمىز يوق. ئورنۇمدىن دې-
رىڭگىدە تۇرۇپ كەتتىم، ئەزبىرايى، مەن ئۇنى ھارۋا ئىتتىرى-
ۋاتقان ھالەتتە ئۇچراتقىنىم راست. لېكىن، شۇ چاغدا ئۆزۈمە-
نىڭمۇ ھارۋا ئىتتىرىدىغىنىمنى ئېسىمگە كەلتۈرمىگىنىم تې-
خىمۇ راست، ئۇنىڭ بىلەن مېنى ھارۋىلار باغلىيالمايتتى،
باغلاشقا قۇدرىتى يەتمىگەننىڭ ئايرىشقا تېخىمۇ يەتمەيتتى...
مۇشۇنداق تاقىقا ـ تۇققا خىيالىمنىڭ نۇسرەتلىك مەنتىقىسىنى
پەقەت ئۆزۈملا چۈشىنەتتىم، «مەنتىقە» دېگەن قاسقاندىكى بولاق
مانتا بولمىغاچقا ئارىمىزدا ئۇنى چۈشىنەلەيدىغانلار ساناقلىقلا
ئىدى. توۋا، مېنىڭ چۈشەنمەيدىغانلارغا چۈشەندۈرۈش مەقسى-
تىم بولمىسا... بىر كىم يا ماڭا چۈشەندۈرۈسەن دەپ ئالۋاڭ

قويمىسا... نېمىدەپ بۇ ئەنسىزلىك ئىچىمگە كىرىۋالدى؟ دې-
مەك، ئىچىمدىكى قورقۇنچ تېشىمغا تەپتى.
— ھوشۇڭنى يىغ لەيلى خېنىم، ئۆلۈمدىن ئېغىر بىر پا-
جىئە بۇرنۇڭنىڭ ئۇستىدىلا ئەلەڭلەپ تۇرۇپتۇ.
— نېمىنى قانداق قىلىپ، نېمىگە يىغقۇلۇق ئەمدى؟ يىغ-
ماي نېمە قىلدىمكىن... تەن بىر پارچە گۆش، لېكىن ئۇمۇ باش-
قىلارنىڭ ئىلكىدە، مەندە قالغىنى سەرسانە بىر روھ ۋە لېكىن
ئۇمۇ ھەم تەڭرىمنىڭ ئىلكىدە.
— ياخشىلىقتا خوي ئۇبدان ئۆزۈڭ ئىگە بولۇسەنۇ، يامانىنى
كۆرسەڭ كىمگە دۆڭگىمەكچى ئەخمەق؟ بىلكى، «قەلب تەڭرىنىڭ
زۇننارىدىن چۈشكەن ئالتۇن چەمبىرەك، كۆچلۈك يالقۇن ئۇنى
كۆيدۈرەلىشى، ئەسلىي گۈزەللىكىنى خىرەلەشتۈرەلىشى
مۇمكىن، لېكىن ئۇ ھامان قىممىتىنى يوقاتمايدۇ»، گەپ ئۇنى
قانداق ساقلاشتا، يارالمىشىڭدىلا بۇ ھەق ھوقۇق ساڭا
بېرىلگەن...
— ... بىلەتتىم، ئۆزۈڭ بىلدۈرگەنتىڭ! بىلمىسەم بۇنچە
سەكپارە بولۇپ ئۆزۈمنىڭ مېيىدا ئۆزۈم قورۇلماستىم؟ ئازابلىق
سىناقلىرىڭغا بەرداشلىق بېرىشكە ئەھدىم بار... ئۆزۈڭ قوي-
دۇڭ بۇ دەردكە، ئۆزۈڭ مەددەت بەر!
چاچلىرىم تال ـ تال چۈشۈپ تۇرغان مەڭزىمنى بويلاپ
ئىسسىق بىر ئېقىن يالىدى، شۈكۈر قىلدىم، مىڭ شۈكۈرلەر.
بىر نەپەستە كۆكسۈمنى لىققىدە تولدۇرۇپ ئۇھ تارتىپ سىر-
تىمغا پۈركىدىم، لاۋ ـ لاۋ كۆيۈۋاتقان تونۇرنىڭ دۈتخانىسىدىن
چىققاندەك ئوت ـ ئاتەشلىك بىر نەپەس سىرتىمغا تومۇز شامى-
لىدەك ئۇرۇلدى. ھارغىن بىر مۈگدەك سايا سۆيگەن نەمخۇش
تۇماندەك لەيلەپ كەلگەندە كۆزلىرىمنى ئاچالمايلا قالدىم. ياتتىم
يا ئاللاھ، قوپقايمەن ئىنشائاللاھ، قوپالىسام قوپتىم، قوپالمى-

سام... ئۇيقۇ دۇرۇتى تۆگمەيلا چۈشلەر قوينىغا غەرق بولدۇم-مىكىن.

— ئالتۇن خېنىم بامدات تەلمۈرۈپ قالدىمىكىن.

غوجام قىمىرلىغاندا ئەنبەر پۇراقلىرى بۇرنۇمغا ئۇرۇلۇپ، كۆزلىرىمنى يىرتىپ ئاچتىم. كېچە قانداق چۈشلەرنى كۆرگىنىمنى ئەسلىيەلمەيتتىم، زورۇقۇپ ئەسلەشكە ماجالىم يەتمەيتتى. تاڭ سەھەردىكى ئۇيقۇنىڭ شۇنچىلىك شېرىن بولىدىغىنىنى بىلەتتىم، دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ لەززەتلىك نەرسىلەرنىڭ بولىدىغىنىنى بۇ قەدەر ھېس قىلىپ باقمىغانىدىم. توۋا، مەن ئەسلىدە نېمە قىلماقچى؟ شۈكۈر - سانالار ئېيتىپ توۋا قىلماقچى، يېڭى تاڭنى يېڭىچە روھ بىلەن كۈتۈۋالماقچى... قالتىس ۋەدە بولدى - ھە! شۇنچىلىك تەسىرلىك... شۈكۈر - سانالار ئېيتىدىغىنىمغۇ مىڭ قەترە راست، لېكىن يېڭى تاڭنى قايسى يېڭىچە رەھىم بىلەن كۈتۈۋالىدىغىنىم نائېنىق، كۆز چاناقتىن چىقىپ كەتسىمۇ «كۆزۈم ئەما ئەمەس» دەپ ۋەدە قىلالىمىدىم؟ تۆيغۇڭغا تايىنىپ سىلاپ-سىيپاپ ماڭ دېسە، ئاندىن «تۇيغۇممۇ ئۇدارىدىن چىقىپ كەتتى» دېسەم... ئەستاغپۇرۇللا شەيتان! ئۆزۈمنىڭ خىيالىدىن ئۆزۈم چۆچۈپ لىڭگىدە تۇرۇپ كەتتىم - دە، يۇمشاق شىپىلداققا دەسسەپ تازىلىق ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم. غوجام كەينىمدىن قاراپ تۇرمىغان بولسىلا ياخشى، ئىشىك ئالدىغا كەلگۈچە گويا بىرى ئارقىمدىن كېلىپلا بىلىمدىن ئېلىپ، چاچلىرىمنى قايرىپ، بويۇنلىرىمنى پۇراپ تۇرۇپ «سېنى ئاخىرى تۇتۇۋالدىم لەيلى، ئايرودۇرۇمنىڭ كۈتۈش زالىدا نېمە دەپ كۆزۈمدىن كۆچكەن يۇلتۇزدەك غايىب بولدۇڭ قاچقۇن؟» دەيدىغاندەكلا ئىدى... ئالدىراپ ئەينەكلىك ئىشىكنى ئاچتىم، قانداق تېز ئاچتىم، شۇنداق تېز ياپتىم، يېشىلىپ كەتكەن يىپەك بەلبېغىم يالاڭ پۇتلىرىمدا سوزۇلۇپ تۇراتتى، ئىشىكنى ئىچىدىن

تاقاپمۇ خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتىم، گويا ئۇ قايسى تۆشۈكتىندۇر مېنى مارىلاپ تۇرغاندەك، قۇيۇندەك كۈچلۈك تىنىقلىرى بىلەن ئىشىكنى بىر پۇۋلەپلا ئېچىپ، مۇشۇ مۇنچىدىلا مېنى تۇتۇۋالىدىغاندەك... ۋاننىغا سۇ تولۇپ سىرتىغا ياللاشقا باشلىغاندىلا دىققىتىمنى يىغالىدىم... «سەن تۇرۇۋاتقان بۇ يەر ئۆيۈڭ ئەمەس، مېھمانخانا لەيلى خېنىم! سەن ئۆزۈڭ بوي تەرەت ئېلىپ تىلاۋەت قىلماقچى!...» كۆڭلىكىمنى سېلىپ بۇژۇلداپ تۇرغان ماغزاپلارغا چۆكتۈم، ئارقىدىن شارقىراپ تۇرغان ئىلمان سۇدا چايقىلىپ تۇرۇپ بوگۇن سەھەر چەت ئەلدىن بىرلا ۋاقىتتا كېلىدىغان ئەنقارىم بىلەن ئاق قۇيۇمنى ئويلىدىم... بىلىمەن، ئەسلا ئۇنتۇغىنىم يوق سىلەرنى، لېكىن كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق شۇ... كېلىدىغان چېغىڭلارغا ئاز قالدى جىگەرلىرىم...

# سەككىزىنچى باب

— ئاپا، — دېدى ئايتۇرك بىلىكىمدىكى بېشىنى يانتۇ قىلىپ، — چارچىدىڭمۇ؟

— نېمىشقا؟ — ئۇنىڭ نازۇك مۈرىلىرىدىن شارقىراتمىدەك قۇيۇلۇپ تۇرغان سىلىق چاچلىرىنى سىلاپ، سوئاللىرىغا سوئال قويۇپ، قوڭۇر كۆزلىرىدىن مەنە ئىزدىدىم.

— سەن بىلەن پاراڭلاشقۇم بار.

— جان دەپ تاتلىقىم، — قىيپاش يېتىپ، ئۇنىڭ زىڭىقىدىكى قاراقاتتەك قارا، چىرايلىق، كىچىككىنە مەڭلىرىگە كۆز تىكتىم. ئاندىن ئىسسىق نەزەرىمنى ئۇنىڭ شەبنەم چۈشكەن غۇنچىدەك ھال رەڭ لەۋلىرىگە يۆتكىدىم، — قېنى، ئايتۇرك، يۈرىكىم بىلەن ئاڭلايمەن سۆزۈڭنى، — ئۇنىڭ يىمىرىلگەن لەۋلىرىدىن بايا چاينىغان سېغىزىنىڭ چۈچۈمەل لىمون پۇرىقى ئۇرۇلدى، ئارقىدىن سەدەپتەك ئاق چىشلىرى ۋىلىلدە كۆرۈندى.

— ئاران بىر ئۇچراشقاندا ۋاقىت ئەجەب تېز ئۆتۈپ كېتىدىكەن دېسە، پەقەت كەتكۈم يوق.

— ئوقۇشۇڭ ئاز قالدى، چىدا بالام.

— سىنىڭچە دادام بىلەن ئەرتېكىنلەر نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقاندۇ؟

— بەلكىم ھەر ئىككىلىسى لايىدەك ئېزىلىپ ئۇخلاۋاتىدۇ. ئاكاڭ داداڭنى سەددىچىنىنىڭ پەلەمپەيلىرىگە ھاپاش قىلىپ ئېلىپ چىققۇچە چېكىلىرىدىن تەر قۇيۇلدى، قارىسام داداڭنىڭ يىغلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدىم.

— بىچارە دادام... كۆزى ياشقا يېقىن بولۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭ پۇت - پاقالچاقلىرىمۇ خېلىلا سىزىپ كېتىپتۇ.

— مەسئۇل پىروفېسسور كېلەر ھەپتە ئامېرىكىدىن كې-لىدىكەن، كېسەللىك ئەھۋالىنى ئوبدان سۈرۈشتۈرىمەن، ئاندىن نەگە ئاپارسام مەيلى، دۇنيانىڭ ئەڭ ئىلغار داۋالاش ئۇسۇلىنى تېپىپ ئۇنى داۋالىتىمەن.

— لېكىن ئاپا، دادامنىڭ يۇلۇنى زەخىملەنگەن، دوختۇر دېگەن خۇدا ئەمەسقۇ، مۇمكىنچىلىك بولمىسا، — ئايتۇركنىڭ كىرپىكلىرى نەملەشتى.

— دادام چوقۇم ساقىيىپ كېتىدۇ دەيتتىڭغۇ ئايتۇرك، يەر دەسسىيەلمىسە نېمە بوپتۇ؟ ئۇنىڭ تىرىك كۆزلىرى پىلدىرلاپ، ئىسسىق نەپەسلىرى يۈزىمىزگە ئۇرۇلۇپ تۇرسىلا مىڭ شۈكۈر-لەر دەيمەن.

— ئاپا!

مۇرەمگە بېشىنى قويغان قىزىمنىڭ مىشىلدىشى ئاڭلاندى.

— يىغلىما، كۆز يېشى ھېچنېمىنى ھەل قىلىپ بېرەلمەي-دۇ ئايتۇرك، دىققىتىڭ ئوقۇشۇڭدا بولسۇن، كۆپ ئەنسىرىمە، داداڭنىڭ قېشىدا مەن بارغۇ؟ ئاخىرقى نەپىسىمگە قەدەر ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان قىلىمەن، ئالتۇن كاننىڭ تۇر قۇرۇلۇشىنى دەپ، ئۇنى توققۇز ئاي تاشلاپ قويغان گۇناھىمنى ھېچكىمگە ئارتالمايمەن.

— بۇ سىزنىڭ گۇناھىڭىز ئەمەس ئاپا، ئامالىڭ بولمى-دى، يېتىشىپ بولالمىدىڭ. شۇنچىلىك چوڭ ئىگىلىكنى ئوت-تۇرا يولدا تاشلاپ قويالامتىڭ؟ بولدىلا، باشقا پاراڭلارنى قىلى-شايلىچۇ.

— ھاياتىم داداڭغا باغلىنىپ ئۆتكەن، ئۇنىڭغا باغلانمىغان يەنە نېمە مۇھىم پاراڭلىرىمىز بولسۇن ئايتۇرك؟

... ئىچىمدە ئۇنىڭغا باغلانمىغان ۋە مۇتلەق باغلانمايدىغان

نۇرغۇن سىرلىرىم كۆمۈلۈپ ياتاتتى. ئۇمۇر قەدەملىرىم تىك داۋانغا، ھاياتلىق خۇمدانلىرىدا پىشىپ - تاۋلانغان ئادەملىكىم قىيامىغا يەتكەندە، كۆمۈلگەن تاشلارنى يىللار لاۋۇلداپ ياندىغان كۆمۈرگە ئايلاندۇرغاندەك دەرمانسىز ئارمانلىرىم قەلبىمنى يېڭىشقا، ئوت ئېلىپ كۆيۈشكە تەييار تۇرغان بەقەمگە ئايلاندۇرغاندا، قەلبىمگە چاقماق چۈشتى... ياق، كىم ئالدىن بىلدى؟ ھېچكىم... چاقماق ھارارىتىنى قەلبىم بىلدى... ھېس قىلمىسا بىر ئەسىر نېمىگە ھېساب؟ دەقىقە ھەممىنى يۇتۇپ كەتتى...

— دوستلىرىمغا رەسىمىڭنى كۆرسەتسەم، ئۇ سىنىڭ ھەدەڭمۇ دېيىشىدۇ. ئاپام، دېسەم مۇرىلىرىنى قىسىشىپ ئەسلا ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. شۇنچىلىك گۈزەلسەن، نازاكەتلىكسەن، مېھرىڭ بۇلدۇقلاپ تۇرغان بۇلاق، نىيىتىڭ دۇرۇس، قەلبىڭ قاردەك ئاق. سەندەك ئېسىل بىر ئانىنىڭ باغرىدىن چۈشكىنىمگە شۇنچىلىك شۈكۈر قىلىمەن ئاپا، قالتىس ئايالسەن، ئانىلىمىزنىڭ بارچە يۈكى سىنىڭ زىممەڭدە، قورغانىمىزنىڭ تېرىكى، نەسەبىمىزگە چىراغسەن، — مومىسىنى تارتقان قىزىمنىڭ تىلى مۇشۇنداق تاتلىق ئىدى... ئۇنىڭ ئىسسىق نەپەسىدىن تۆكۈلۈۋاتقىنى مۇزىكىلىق قەسىدىدەك ئاڭلاندى. ئۇ ئەمدى لىككىدە ئۆرە بولۇپ، تاسمىلىق كۆڭلىكى بىلەنلا چۆچۈرىدەك تۆگۈلۈپ، لەغمەن پىلتىسىدەك يۇمشاق بارماقلىرىدا قوللىرىمنى تۇتتى.

— ئەقلىمگە كەلسەم دادام چاقلىق ئورۇندۇقتا ئىكەن، 15 يىلنىڭ ياقى ئاز جاپا تارتمىدىڭ، ئاندىن شىركەت، شىركەتكە قاراشلىق نەچچە ئون ئادەمنىڭ ئائىلىسى، خوتۇن - بالىلىرىغا قەدەر ھەممىسىنىڭ غېمىنى سەنلا قىلىسەن. ئەلى بابۇك، سەمەت تاركان، بەكرى يانچۇقلارنى قىمار سورۇندىن؛ دىلدار سەتەڭ، مەغپىرەت لېۋەن، مېھرىگۈل ئۈچ يۇلتۇزلارنى ھېلىقى ئىشرەتخانىدىن ئۆزۈڭ بىر قوللۇق سۇغۇرۇپ چىقىپ، شىركەتكە ئە-

كىرىپ ياشاش يولىنى تېپىپ بەرمىگەن بولساڭ بۇ چاغقا ئۇلار پايخان بولماسمىدى؟ ئۇلارنىڭ لەقىمىنى ئىشلەتكىنىم سەت بولدى، شىركىتىمىزدە ئىسمداشلار كۆپ بولغاچقا شۇنداق ئاتىدىم، — ئىزاھلاپ قويدى ئايتۇرك ئالدىمدا ئۆزىنى ئاقلىغاندەك، قۇيرۇقى پەس قاشلىرىنى لىپپىدە ئۇچۇرۇپ.

— لېكىن، بەكرىدىن ئەنسىرەپلا يۈرۈيمەن، ئۇ ئۇدا ئۈچ قېتىم جازالاندى، شۇنداقتىمۇ قولىنىڭ ئەگرى - قىيىقلىقى ئۆزگەرمىدى. ھە دېسە شىركەتنىڭ ئۇششاق - چۈششەكلىرىنى ئوغرىلىۋالىدۇ، ھېچنېمىنى تاپالمىسا، يورۇپ تۇرغان لامپۇچكىنى، ئەتۋېرتكە، ئامبۇر، كۆلۈچ چاغلىق نەرسىلەرنىمۇ تىقىۋالىدۇ، پاش بولۇپ قالسا ئالدىمدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يىغلاپ يۈزلىرىگە كاچاتلىغىنىچە: «ئەسلىدە مېنىڭ ئۇنداق قىلىش نىيىتىم يوق ئىدى ھاجى خېنىم، لەنىتى شەيتاننىڭ ئىشى، ئۇ مەلئۇن ئىچىمگە كىرىۋېلىپ كېچىسىمۇ ئارام بەرمەيدۇ، قولۇم قىچىشىپ ئېلىۋالغۇم، سېلىۋالغۇم، تىقىۋالغۇم كېلىپ ئىچىمگە ئوت كېتىدۇ. بىرەرسىنىڭ يانچۇقىدىكى پۇرلىشىپ قالغان تازىلىق قەغىزى چاغلىق قاقىرىنى ئېلىۋالمىسام يېگىنىم ئاش، ئىچكىنىم تۇز بولمايدۇ، زەھەرنىڭ خۇمارىدىنمۇ كۈچلۈك پېسىكەن بۇ! مېنىڭ مۇشۇ پاسكىنا قولۇمنى كېسىپ، ۋاراقشىپ تۇرغان قىزىق ياغقا چۆمۈرۈپلا تاشلاڭ، قۇتۇلاي بۇ مەرەز كېسەلدىن» دەيدۇ. ھەيران قالىمەن، تۇرۇپ ئىچىم ئاچچىق بولۇپ غەزىپىم كېلىدۇ، تۇرۇپلا يەنە ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالىدۇ. شىركىتىمىزدىن بېرىۋاتقان 3000 سوم ئۇنىڭ قەدىر ئەھۋال تۇرمۇشىنى قامداشقا يېتەتتى بولمىسا، يا يەنە ئازراق قوشۇپ بېرەيلىمىكىن، سىنىڭچە بۇنىڭ ئۇنىڭغا پايدىسى بولارمۇ؟

— پايدىسى يوق ئاپا، چۈنكى، بۇ بىر كېسەل، — ئايتۈرك سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئاچچىق خورسىنىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىر پەرىشتە بىر تىلەمچىنىڭ تەقدىرىنى

ئۆزگەرتىش مەقسىتىدە بىر كاتتا باي قىياپىتىگە كىرىپ سو-راپتۇ:
— ئەگەر ساڭا 1000 تەڭگە بەرسەم قانداق خەجلەيسەن؟
— يانفون سېتىۋالىمەن، — دەپتۇ تىلەمچى.
پەرىشتە ھەيران بولۇپ تىلەمچىدىن نېمىشقا يانفون سېتى-ۋالىدىغانلىقىنى سوراپتۇ.
— شەھەردىكى ھەرقايسى رايون بىلەن ئالاقىلىشىپ، قەيەردە ئادەم كۆپ بولسا شۇ يەرگە بېرىپ تىلەمچىلىك قىلى-مەن، — دەپتۇ تىلەمچى.
پەرىشتە بەك ئۈمىدسىزلىنىپ مۇنداق دەپتۇ:
— ئەگەر ساڭا 100 مىڭ تەڭگە بەرسەمچۇ؟
— ئۇ چاغدا پىكاپ سېتىۋالىمەن، پىكاپىم بولسا يىراق جايلارغىمۇ تېزلا بېرىپ تىلەمچىلىك قىلالايمەن.
پەرىشتە تېخىمۇ قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپتۇ، شۇنداقتىمۇ يەنە سوراپتۇ:
— ئەگەر ساڭا 100 مىليون تەڭگە بەرسەمچۇ؟
بۇ گەپنى ئاڭلىغان تىلەمچىنىڭ كۆلقەقلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ:
— ۋاھ! ئۇنداقتا بەك ياخشى بولاتتى، — دەپ جاۋاب بې-رىپتۇ تىلەمچى، — شۇ چاغدا بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات رايونى-نى سېتىۋالاتتىم، ئاندىن ئۆز تەۋەلىكىمدىكى بارلىق تىلەمچى-لەرنى سۈر - توقاي قىلىپ ئۆزۈم ئازادە، يالغۇز مۇشۇ شەھەر-دىن تىلەپ يەيتتىم.
ئايتۇرك قايسى بىر كىتابتىن قەلبىگە چېكىۋالغان بۇ ھېكمەتنى تاماملاپ، ئارقىدىن ماڭا سوئال نەزەرى بىلەن باقتى:
— چۈشەندىڭمۇ ئاپا؟ ئەمدى بۇندىن ئارتۇق چۈشەندۈرۈ-شۈمنىڭ ھاجىتى يوق. پىسخىك كېسەل بۇ ئاپا، جىنايەت پىسى-خىكىسىدا بۇنى ئادەتلىنىپ قېلىش دەيمىز، تىلەمچى تىلەشكە

خۇمار بولۇپ، تىلەپ يېيىشتىن لەززەت تاپقاندەك، بەكرى ئوغ-رىلىققا خۇمار بولغان. بۇنداقلارنى قانۇن ئارقىلىق جازالاپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا تەربىيەلەشنىڭ ئۆزى تاش-قى ئامىل، لېكىن ئىچكى جەھەتتىن پىسخىكىلىق داۋالاش ھەممىدىن زۆرۈر. ئۇرۇقلانمىغان تۇخۇمنى كۇرۇك مېكىيانغا قىرىق كۈن باستۇرساڭمۇ چۈجە چىقماي، ئاخىرى يېدىپ سې-سىيدىغۇ؟ مەسىلە ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلىۋاتقان قولىدا ئەمەس، يىگىلەشكە، پۇچەكلىشىشكە باشلىغان روھىي ئېڭىدا. كېيىك ئاچ قالماسلىق ئۈچۈن ئوت - چۆپ يەيدۇ، ئەمما بىر - بىرىنى ئۆلتۈرمەيدۇ، شىر ئاچ قالماسلىق ئۈچۈن كېيىكنى يەيدۇ، بى-راق ئۇلارمۇ بىر - بىرىنى ئۆلتۈرمەيدۇ، ئادەمچۇ؟ كېيىكنىمۇ يەيدۇ، كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن شىرنىمۇ ئۆلتۈرىدۇ، ھەتتا بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىدۇ... رېئاللىقنى قوبۇل قىلىش — ئۇنىڭ كەينىدىن يۈز بېرىدىغان ھەرقانداق بەختسىزلىكنى يېڭىشنىڭ تۇنجى قەدىمى ئىدى، بىز مانا شۇ تۇنجى قەدەمنى ئېلىشقا ئەھ-مىيەت بەرمەيۋاتىمىز. بىر زامانلاردا ئاۋات ئاراللار ئەتراپىدا غېرىبانە ئوكيانەدەك تەگسىز چوڭقۇر ئويغا پاتقان لاتىن ئامېرى-كىسى ئۆز مەدەنىيىتىنى ۋە مەنىۋىيىتىنى قېزىش ئارقىلىق يوقىتىپ قويغان ئىنسانىي ھېسسىياتىنى تېپىۋالدى... قانۇن زىرائەتنى يەپ كېتىدىغان قۇشلارنى ئۈركۈتۈش ئۈچۈن تىكلەپ قويۇلغان قارانچۇققا ئايلىنىپ قالسا بولمايتتى، قۇشلار قاران-چۇقنى تولا كۆرۈپ كۆزى پىشىپ، قارانچۇقنىڭ جېنى يوقلۇ-قىنى، قورقۇشنىڭ بىھاجەتلىكىنى بىلىپ قالسا، ئۇنىڭ كېرى-لىپ تۇرغان ياغاچ بىلەكلىرىنى بىمالال قونداق قىلىۋالاتتى. تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ جازالاش ئاپپاراتلىرى تۈرمە، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرى قاتارلىق جايلاردا كۆنۈك جىنا-يەتچىلەرگە قارىتا پسىخىكىلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، بولمىسا ئۇلار جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەندىن كې-

يىنمۇ تەكرار جىنايەت ئۆتكۈزىدۇ، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇ-
زۇپ، ئەلگە ئاراملىق بەرمەيدۇ. بىزنىڭ سىنىپتا ئەنگلىيەلىك
ياش بىر پوپ بار، ئۇ بىز بىلەن بىرگە پسىخولوگىيە ئۆگىنىۋا-
تىدۇ، تاللىغان كەسپى جىنايەت پسىخىكىسى، ئاتىسى داڭلىق
دۆلەت ئەربابى، بىساتلىق كاتتا بايلاردىن، شۇڭا ئۇنىڭ كېسەل
داۋالاپ پۇل تېپىش مەقسىتىمۇ يوق، ئارزۇسى — جىنايەت رو-
ھىنى داۋالاش، چۈنكى، ئۇنىڭ ئىنىسى شۇ كېسەل تۈپەيلى 24
يېشىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانىكەن.
— قانداق بولۇپ ئايتۇرك؟ — ئۇنىڭ تاققا - تۇققا گەپلى-
رىگە قىزىقىپ قالدىم.
— نېمىسىنى سورايسەن ئاپا، ئۇ تولۇقسىزنىڭ 2 - يىل-
لىقىدىن باشلاپلا ئوغرىلىق قىلىشقا خۇمار بولغان ئىكەن، دەس-
لەپ ساۋاقداشلىرىنىڭ دەپتەر - قەلەملىرىنى ئوغرىلاپتۇ، كې-
يىنچە ئۈنچە - مەرۋايىت، ھەتتا مۇزېيلارنىڭ لازېر نۇرلۇق تام
توساقلىرىدىن بىخەتەر ئاتلاپ دۆلەت گۆھىرى، ئاسارئەتىقىلەر-
گىچە قول سۇنۇپتۇ، لېكىن ئوغرىلىغان نەرسىلەرگە ئېھتىياجى
بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى دېڭىزغا چۆرۈپ تاشلىۋې-
تىپتۇ. ھەر قېتىم شۇنداق قىلىدىكەن دېسە، ھېچكىممۇ ئۇ ئاق
ياقىلىق بەگزادىنىڭ بۇنداق قىلىشىدىن گۇمان قىلمىغاچقا،
ئىچى ئاچچىققا تولۇپ، قىلمىشلىرىنىڭ تەپسىلاتىنى يىد-
يىدىن - يىڭنىسىغىچە خاتىرىلەپ قويۇپ، ئىچكى كابىنېت بى-
ناسىدىن ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ. تېخى بۇلا ئەمەس، — ئاي-
تۇرك ئولتۇرغان يېرىدىن ئالدىغراق قىمىرلاپ ماڭا تېخىمۇ
يېقىنلاشتى، گويا بىر نېمىدىن قورقۇپ ئەنسىرەۋاتقاندەك ئاۋا-
زىنى تۆۋەن قىلىپ ئېھتىيات بىلەن سۆزلىدى، — مەدەنىيەت،
ئۆرپ - ئادەت، ئېتىقاد ئوخشىمىغاچقا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدىكى جىنايەت كېسەللىكلىرىنىڭ خاراكتېرى، ۋاسى-
تىسى، شەكلىمۇ ئوخشىمايدۇ، مىسالەن، گېرمانىيەلىك بىر

تەلۋە تور بېكىتىدە قاۋۇل، يېشى 18 دىن 30 ياشقىچە بولغان ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ يېيىشنى خالايدىغان يىگىتلەرنى ئىزدەش ھەققىدە ئېلان بەرگەن، نەتىجىدە بۇ ئېلاننى كۆرگەنلەر «بۇ بىر قىزىقارلىق ھەجۋىي تور ئويۇنى» دەپ قىزغىن ئىشتىراك قىلىپ جاۋاب يازغان، لېكىن ئالدىراشلىقتىن ھېچكىم ئۆزىنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلمىغان. شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بۇ ئويۇنغا قىزىقىپ قالغان 26 ياشلىق ئارتىس يىگىت، روژدېستۋا كېچىسى بۇ تەلۋىنى كۆرۈپ پاراڭلىشىپ بېقىش ئارزۇسىدا ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ جېنىدىن تويغانلىقىنى، ياشىشنىڭ قىلچىلىك مەززىسى قالمىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈپ يېيىشىنى خالايدىغانلىقىنى دېگەندە، بۇ تەلۋە خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي ئۇنىڭغا ئىتالىيە قەھۋەسى دەملەپ بەرگەن، ساددا يىگىتمۇ گۇمانلىنىپ ئولتۇرماي بۇ ئويۇننىڭ ئاخىرىغا قىزىقىپ قەھۋەنى ئىككىلەنمەيلا ئىچىپ قويغان، ئاقىۋەت ھوشىنى يوقاتقان. 56 ياشقا كىرگەن تەلۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، قانغا بويالغان پىچىقى بىلەن ئالدىرىماي قۇربانلىق قوينى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاپ، ئىچ - قارنىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ پارچىلاپ، توڭلاتقۇسىغا سېلىپ 20 كۈندە پاكپاكىز يەپ تۈگەتمەتكەن ۋە ئۆلتۈرۈپ - سويۇش، پارچىلاپ يېيىش جەريانىنى تەپسىلىي سىنئالغۇغا ئېلىۋېلىپ، ئامېرىكىلىق باي، فىلىم سودىگىرىگە يۇقىرى باھادا سېتىۋېتىپ نۇرغۇن پۇل تاپقان. ئىككى يىل مۇشۇ پۇلنىڭ لەززىتىنى سۈرۈپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ساياھەت قىلغان. بەش يىل ئۆتكەندە 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ھەققىدىكى كىنونى سۈرەتكە ئالغان داڭلىق ئوپېراتور بۇ فىلىمنى كۆرۈۋېتىپ قاتتىق چۆچۈپ ۋارقىرىۋەتكەن ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىي ئادەم ئۆلتۈرۈش كۆرۈنۈشى ئىكەنلىكىنى بايقاپ قېلىپ ساقچىغا مەلۇم قىلغان. دەسلەپكى سوراقتا تەلۋە ساقچىلارغا ئۆزىنىڭ ھاياتىدا بەش ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، سويۇپ، پارچىلاپ يەۋەتكەنلىكىنى دە-

ۋېتىپ پەخىرلەنگەنلىكىدىن مەيدىسىگە ئۇرۇپ قاقاھلاپ كۈلۈ-ۋەتكەن، ھەتتا ئىلگىرى ئۆلتۈرگەن ئادەملىرىنىڭ تەپسىلىي ئۆلۈش جەريانىنى نېمىشقا سۈرەتكە ئېلىۋالمىغانلىقىغا شۇنچى-لىك قاتتىق ئەپسۇسلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان.

ـــ توۋا... نېمانداق قاملاشمىغان ھېكايە بۇ؟!

ـــ ھېكايە دېگەننىڭ تېگى توقۇلما، لېكىن بۇ راست ئىش ئاپا! تېخى بىرازىلىيەلىك بىرسى ئۆز ئۆمرىدە ئۆزى بىلەن قىلچىلىك زىددىيىتى بولمىغان 46 ئايالنى ئۆلتۈرۈپ جەسىتىنى پارچىلاپ دېڭىزغا تاشلىۋەتكەن. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆلتۈرگەن ئادىمىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟ ئۆزىنىڭ ئاپىسى! ئەڭ قاباھەتلىك يېرى شۇكى، ئۇ ئاپىسىنىڭ تېخى سوۋۇپ كەتمىگەن جەسىتىنى پارچىلاۋېتىپ، ئىككى كۆكسىنى كېسىۋېلىپ مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقتا پىشۇرۇپ يەۋالغانىكەن...



ـــ ۋاي توۋا!... ئەمدى دېمەيلا قوي...

ـــ يەنە بار تېخى، باسقۇنچىلىق جىنايىتىمۇ تەكرارلانسا پىسخىك كېسەلگە ئايلىنىدۇ، شۇڭا ئۇنداق ئەبلەخكە ئاسماندىكى ھۆر پەرىنى ئېلىپ بەرسەڭمۇ يەنە شۇ قاباھەتلىك جىنايەتنى تەكرارلايدۇ، ـــ ئايتۇرك سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئىككىد-مىزنىڭ كىرىشىپ تۇرغان بارمىقى ئىختىيارسىز ئاجراپ كەتتى-تى، ئۇ ئوڭايسىز بىر ھالەتتە مۇرىلىرىنى قىسىپ، تىلىنى چىقىرىپ قويۇپ، كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قاچتى.

نېمىمۇ دېيەلەيتتىم، بېشىمنى چايقاپ قويدۇم شۇ، لېكىن ئۇندىمىدىم. مەيلى بىلىم ھەم ئىلىم بولسۇن مەن ئانا، ئۇ دېگەن بالا، ئوتتۇرىمىزدا پەردىشەپ قالسا بولاتتى. ئەمما، ئايتۇرك قىد-زىقچىلىقتا «روھىي كېسەل»، «پىسخىك كېسەل» دېگىنىنى چۈشەندۈرمەن دەپ، يۇزى ئېچىلمىغان بىر قىز ئانىسىغا دې-يىشكە تېگىشلىك بولمىغان بىلىشلىرىنىڭ ھەممىنى پاش قىد-

لىپ قويدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئېنىق پۇشايمان قىلىشقا كېچىكتى... ئاڭلايدىغاننى كوچىلاپ، زىخچىلاپ تۇرۇپ ئاڭلاپ بولۇپ ئۆزۈمنىڭ كۆڭلۈمۇ چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك غەش بولدى.

— ئاپا، ساڭا ئەمدى قىزىق بىر ھېكايە سۆزلەيمەن، تېپىشمىقى بار تېخى، بالا چاغلىرىمدا سەن ئېيتىپ بەرگەنگە ئوخشاش. ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدىغۇ، ئاڭلىغۇڭ بولمىسىمۇ ئاڭلاپ قوي - ھە؟ جېنىم دەي ماقۇلمۇ؟ — ئايتۇركىنىڭ ئەمدى سۆزلەشتىن رايى قايتقاندەك تۇراتتى، پەقەت ئوتتۇرىمىزدىكى شۇمشىيىپ تۇرغان سۆرۈن كەيپىياتنى ئىللىتىش ئۈچۈن زورۇقۇپ سۆزلىمەكچى بولۇۋاتقىنىنى بىلىپ تۇراتتىم، شۇڭا ئۇنىڭ ھەم ئۆزۈم ئۈچۈنمۇ ئىزىمىزغا كېلىۋېلىشقا بىر پەشتاق بېرىشنى ئاقىلانىلىك كۆردۈم.

— قېنى سۆزلە ئاڭلاپ باقاي، ئەمما ھېلىقىدەك بەتبەشىرە بولمىسۇن، ئىچىم ئېلىشىپ كېتىدىكەن، — زورىغا مىيىقىمدا كۈلۈمسىرىدىم.

— تولىمۇ قاملاشقان، بويتاق بىر ئوغرى بولغانىكەن، ھارام مالدا غىق بېيىغان، دۇنيادا ئۆزىنى بىر چاغلايدىغان ئوغرى! بىر كۈنلەر يولدا پىيادە كېتىۋاتسا ئۇنىڭ يېنىدىن ئالتۇن چاچلىق بىر سەتەڭ قىز لاپپىدە ئۆتۈپ كېتىپتۇ، قىزنىڭ بەدىنىدىن تارىغان ئىلزابىت ماركىلىق ئەتىرنىڭ پۇراقلىرىدىن ئوغرى يىگىتنىڭ دىماقلىرى مەست بولۇپتۇ، ئۆتۈشكەندە ئۇلارنىڭ بەدىنى تېگىشمىگەن، سۈركىلىشمىگەنىكەن، پەقەتلا يانداشىپ ئۆتۈپ كەتكەن شۇ. بوينى قاتتىق يىگىت ئىككى قەدەم ئۇزاپ كېتىۋېتىپ، قىزنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان گۈزەل چىرايىنى ئەسكە ئاپتۇ - دە، دەررۇ كەينىگە قايرىلىپتۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى تۇنجى قېتىم كەينىگە قايرىلىپ قارىشى ئىكەن. قىزمۇ ئىختىيارسىز كەينىگە قايرىلغاندا ئالتۇن رەڭ چاچلىرى مۈرىلىرىگە چېچىلىپتۇ، قاراقلىرىدىن ئوت چېقىلىپتۇ، كۆز

دېگەن قەلبىنىڭ دىرىزىسى ئەمەسمۇ ئاپا؟ ئىش دەل مۇشۇ يەردىن باشلىنىپتۇ. ئاپا، نېمە بولدى ساڭا؟ بەكلا بىئارامغۇ سەن، كۆزلىرىڭ ياشلاندىغۇ؟ مۇگدەۋاتامسەن؟

— كىم دەيدۇ مۇگدىگەنگە كۆزى ياشاڭغۇرايدۇ دەپ، قىرىدىغان گەپ. (شۇ چاغدا ئويلىغانلىرىمنى ئەزىبرائى ھەرگىز ئىدىمدىن تېشىمغا چىقارما)، — يۈز مۇسكۇللىرىم غەلىتە تارتىشىپ، كۆزلىرىم چىمچىقلىغاندەك سېزىلدى، — نېمىگە ھەيران قالدىڭ؟ ھېكايەڭگە قىزىقىپ ئاڭلاۋاتىمەن، قىرىپ كەتكىنىم ئەمەلىيەتتە راستتۇ؟ بەلكىم قېرىلىق يېتىپ مۇگدەك باسقاندا كۆزلەر ياشاڭغۇراپمۇ قالىدىغاندۇ؟ نىھايەت، قېرىغاندا مەندەك ئويغىنىپ كېتىپ، چاناقلارنىڭ ياشقا تولۇشى بەك چاتاقكەن، سىلەر ياشلارنىڭ دېمەيدىغىنى يوقتە، «كۆز - كۆزگە تىكىلگەنگە قاراقلاردىن ئوت يېنىپتۇ» دېگىنىڭ بەك قىزىق بولدى ئايتۇرك، بەكلا قىزىق، — ئۆزۈمچە چاڭىلداپ كۈلۈۋەتتىم...

— ئاپا كۆزۈڭدىن ياش چىقىپ كېتىۋاتىدىغۇ؟ يۈرىكىڭنى تەكشۈرتۈپ باقايلىمىكىن - يا، يۈرەكتە مەسىلە بولسا كۈلگەندە كۆزدىن ياش چىقىپ كېتىدۇ، دەيدۇ.

— خۇدايىم ساقلا... (ناۋادا شۇنداق بىر ئاپپارات بولۇپ، قەلبىمدىكىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشى، بولۇپمۇ ئىرىم بىلەن بالىلىرىمنىڭ بىلىپ قېلىشى مۇمكىن بولغاندا نومۇستىن بىر تىنىق ئالالماي ئۆلۈپ قالماسمىدىم)، ھېكايەڭنىڭ ئاخىرىنى ئېيت.

— سۆزلەپ نەگە كەلگەنتىم ئاپا؟

— قارا سېنى ئۇنتۇغاق، مەنچە بولغۇچە نېمىلەرنى ئۇنتۇپ قالارسەن يەنە؟

— ھېچكىم سەنچە بولالمايدۇ ئاپا، لېكىن ئۇنتۇشقا تېگىشلىكنى جەزمەن ئۇنتۇپ، ئەستە ساقلاشقا تېگىشلىكنى چو-

قوم ساقلاشنى بىلمەن.

— بۇ گېپىڭىنىڭ خېلى جېنى باركەن، ھېكايەڭنى ئېيتە، — ئايتۇركنىڭ چۆچكىدىكى ئوغرىلارنىڭ قاراقلىرىدىن چېقىلغان ئوتنىڭ تەپتى يۇرىكىمنىڭ ئەڭ پىنھان قازناقلىرىدا لاۋۇلداپ تۇرغان تەلپۈنۈشنىڭ لاخشىسىغا ئىسسىق شامال بولۇپ ئۇرۇلدى... قەلبىمدىكى ئوت قايتىدىن لاۋۇلداشقا باشلىدى... لېكىن چىدىماي نە ئامال؟... ئۇنىڭ قەلبىمدىكى لەيلەپ تۇرغان تۇمان ئىچرە چاقناپ تۇرغان قارا كۆزلىرى ئوتتەك لاۋۇلداپ تۇراتتى، يالىلداپ تۇرغان يالقۇن ئىچىمنىڭ ئىچىنى پىژىلدىتىپ كۆيدۈرەتتى... شۇ كۆيۈك ئازابىنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇش ئۈچۈن ئايتۇركنىڭ ھېكايىسىگە ئەرمەك بولغۇم كەلدى، — قارىچۇقلار ئۇچراشقاندا قاراقلاردىن ئوت چېقىلىپتۇ دېگەن يەرگە كېلىشىدىڭغۇ، — پەس ئۇرغۇ بىلەن ئۇلىدىم ئۇنىڭ ئۈزۈلگەن ھېكايىسىنى، — ئاخىرىنى ئېيتە...

— چىرايلىق ئابزاسلارنى ئېسىڭدە ئەجەب ساقلىۋاپسىنا؟ — ئايتۇرك كۆزلىرىنى قىسىپ قويۇپ ھېكايىسىنى داۋام قىلدى، — شۇنداق قىلىپ «ئېلىشمىغۇچە تېپىشماس» دەپ ئىككى ئوغرىنىڭ بىر - بىرىگە مەيلى چۈشۈپ قاپتۇ، چېركاۋغا بېرىپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ «ئۆمۈر بويى ۋاپادار ئەر - خوتۇن بولۇشىمىز» دەپ قەسەمىيات قىلىشىپ، ئۇزۇكلىرىنى ئالماشتۇرۇپتۇ...

— ... گۈزەل ئىش بوپتۇ، گەرچە ئوغرى، يانچۇقچى بولسىمۇ بىر - بىرىگە كۆڭلى چۈشكەن دۇنيادىكى بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ نىكاھى ئوقۇلۇپتۇ، — ئۆزۈمگە دەۋاتسام كېرەك بۇ گەپنى. شۇ چاغدا ئاۋازىمنىڭ تېشىمغا چىققان - چىقمىغىنىنى ئۆزۈممۇ تازا ئاڭقىرالمىدىم، لېكىن ئايتۇرك قىسىلغان كۆزلىرىنىڭ قايسى مەنىدە، نېمىنى ھەزىل قىلىۋاتقانلىقىنى مەركىزي مېڭەمدىن پەقەت چىقىرىۋېتەلمىدىم.

دىم، چۈنكى ئۇ ماڭا ئەزەلدىن بۇنداق شەكىلدە كۆز قىسىپ باقمىغانىدى. قانداق شەكىلدە؟ ئىشقىلىپ ئۆزۈم ھېس قىلغان، لېكىن تىل بىلەن ئېغىزدىن چىقىرىشقا بولمايدىغان بىر شەكىلغۇ؟... شەكىللا بولسا كاشكى، ئۇنىڭ ئىچىدە قانداق مەنىنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرغىنىنى ئويلاشنىڭ ئۆزى قورقۇنچ... مەنىسى نائېنىق، شەكىل ئاندىن مىڭ ھەسسە قورقۇنچ... بەلكىم مۇشۇنداق ئويلاشنىڭ ئۆزىمۇ بىر پىسخىك كېسەل بولۇشى مۇمكىن...

— نېمە دەيسەن ئاپا؟

— ھېچنېمە، توي قىلغان بولساڭ ياخشى ئىش، لېكىن بىز بىلەن نېمە ئالاقىسى؟ ھېكايەڭنى ئېيتە جىنتەك، — تۆكۈلۈپ تۇرغان سۇمبۇل چاچلىرىمنى قۇلاقلىرىمغا باستۇرۇپ، مۈردىلىرىمنى قىسىپ قويدۇم مەنمۇ.

— توي قىلىپ بىر يىل ئۆتكەندە ھېلىقى ئالتۇن چاچلىق سەتەڭ پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغۇپ، ئوغرىنىڭ ئېغىزى قۇلاقلىرىغا يېتىپتۇ. ئەمما، ساق، بېجىرىم تۇغۇلغان ئوماق بوۋاقنىڭ ئوڭ قولى چىلىق تۇگۇلگەن بولۇپ، كىچىككىنە مۇشتىنى مەيدىسىدىن ھېچكىم ئاجرىتالماپتۇ.

— نېمىشقا؟

— ئالدىرىما ئاپا، ئېچىلمايدىغان سىر يوق.

ئايتۇركىنىڭ ئەركىلەپ ئېيتقان بۇ سۆزلىرى قۇلىقىمغا قامچا ئۇرغاندەك ئاڭلاندى، يۈرىكىم قارتتىدا قىلىپ، پۇت - قوللىرىمنىڭ پېيى سىرقىرىدى. (شۇندقمۇ بولارمۇ؟ ئېچىلىپ كەتسە... ئىلاھىم، بەندەم دېسەڭ مېنى ئەمدى بۇ كۈنگە قويما...)

خىيالىمنى ئايتۇركىنىڭ ھېكايىسىگە باغلاشقا تىرىشۋاتاتتىم، لېكىن ئازغۇن تۇيغۇم كۈرۈك توخۇنىڭ دىنىدەك ھەريان چېچىلاتتى...

— شۇنداق قىلىپ ئون كۈن، بىر ئايمۇ ئۆتۈپتۇ، لېكىن بوۋاقنىڭ تۇغۇلغەن ئوڭ قولىنىڭ كىچىككىنە مۇشتى مەيدە- سىدىن زىنھار ئاجرىماپتۇ. بۇنىڭغا قاراپ بىر جۈپ ئۇغرىنىڭ يۈرىكى ئازابتىن ئۆرتىنىپتۇ، ئاخىر بولماي پۈتۈن دۇنياغا «كىمدىكىم بىر ئايلىق بولغان بوۋىقىمىزنىڭ تۇغۇلغەن ئوڭ قولىنى كۆكسىدىن ئاجرىتىپ بېرەلىسە ئىككى مىليون ياۋرو بېرىمىز» دەپ مۇراجىئەت قىپتۇ. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلى- رىدىن كەلگەن مېدىتسىنا ئالىملىرى بوۋاقنى كۆرۈپ «مۇسكۇ- لى چاپلاش ئەمەسكەن، قانداقتۇر بىر سېھرىي كۈچنىڭ تەسى- رىدىن قولى مەيدىسىگە چاپلىشىپ قالغان» دەپ دىياگنوز قويۇپ ئامالسىزلىقىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ، دادا ئوغرى بىلەن ئانا ئوغرى- نىڭ ئىچى تېخىمۇ ئۆرتىنىپتۇ، مۇكاپات سوممىسى بەش مىل- يون ياۋروغا چىققان كۈنىنىڭ ئەتىسى 70 ياشقا كىرگەن بىر قېرى چال ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوغلىنىڭ ئوڭ قو- لىنى كۆكسىدىن ئاجرىتالايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ كۆز يېشى قىپتۇ، چۈنكى، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق پىسخولوگ ئىكەن.
— مەن ئەۋلىيا - ئەنبىيا ئەمەس باللىرىم، ئاددىي ئادەم، شۇڭا ئالدىنقى شەرت، بالاڭلارنى قۇتقۇزۇپ قالاي دېسەڭلار تا- رىخىڭلاردىكى كەچمىشىڭلارنىڭ بىرىنى قويماي ۋە ياكى بىر شىڭگىل يالغاننى ئارىلاشتۇرماي ئېيتىقى، تولۇقى بىلەن ماڭا دېيىشىڭلار كېرەك، چۈنكى، بالا سىلەرنىڭ قېنىڭلاردىن ئاپى- رىدە بولغان، ئۇ سىلەرنىڭ ھاياتىڭلارنىڭ داۋامى، — دەپتۇ بو- ۋاي. ئوغرىلارنىڭ دەسلەپ بېشى تازا قېتىپتۇ، كېيىن «بالاڭنى كۆر، جېنىڭنى كۆر» دەپ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنىڭ پەقەت بىرىنىلا ئېلىپ قېلىپ، قالدىسىنى قېرى پىسخولوگقا سۆزلەپ بېرىپتۇ.
— خوپ، مەسىلە ئايدىڭ بولدى، ئەمدىكى ئىش ئاسانغا

چۈشىدۇ، ــــ دەپتۇ قېرى پىسخولوگ ئۇلارنىڭ ئاخىرقى سىرد-
نىمۇ ئىچىدە جەزملەپ، ــــ سىلەرگە شۇنى ئۇقتۇرىمەنكى ــــ
ئۈچ كۈن ئىچىدە ئەڭ ئۇستا زەرگەرگە بۇيرۇتۇپ ئىسترېلكى-
سىغا 12 كىرات بىلليارت كۆز قويغۇزۇپ رەڭدار ياقۇتتىن بىر
دانە قول سائىتى ياسىتىسىلەر، ئاندىن ئۇنىڭغا 45 گىرام نىد-
كولاي ئالتۇنىنى زەنجىر باغ قىلىپ ئورنىتىپ، قولۇمغا تۇتقۇ-
زىسىلەر، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى. ئەمما، بۇ سائەتنىڭ
ئومۇمىي ئېغىرلىغى چوقۇم 244 گىرام بولۇشى كېرەك، سا-
ئەتكە قىلچىلىك ساختا بۇيۇم ئارىلىشىپ قالسا بىر ئۆمۈر ئوغ-
لۇڭلارنى قۇتۇلدۇرۇشتىن ئۈمىد كۈتمەڭلار، ـــ دەپتۇ.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ئوغرىلار سائەتنى بوۋايغا
تۇتقۇزۇپتۇ... قارىغۇدەك بولسا ئۇنىڭ قولىدا يالتىراپ تۇرغىنى
راستتىنلا ساچىر خانىمنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد بوۋىسىنىڭ
يانچۇق سائىتى ئىكەن. ئەمەلىيەتتە بۇ دۇنيا مىقياسىدىكى
بىرىنچى دەرىجىلىك ئوغرىلىق دېلوسى بولۇپ، بۇ سائەتنىڭ
بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدىن ئوغرىلانغانلىقىغا خېلى يىللار
بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ھېچكىم پاش قىلالمىغانىكەن. بوۋاي
سائەتنى قولىغا ئېلىپ لوپا ئەينەكى بىلەن چوڭايتىپ كۆرۈپ،
راستلىقىنى جەزم قىلغاندىن كېيىن كەينىگە ياناقچى بوپتۇ ـ
يۇ، بىگۇناھ بوۋاققا رەھمى كېلىپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئويلاپ
قاپتۇ.

تۇن نىسپىدا، بوۋاينىڭ بۇيرۇتمىسى بىلەن ئەتراپ سىد-
ياھەتلەك قارا، ئۆلۈكتەك جىمجىتلىققا تولغاندا قېلىن پەردىلىرى
ھەم ئېتىلگەن قاراڭغۇ خانىگە بىر دانە ياغاچ كارىۋات قويۇلۇپ-
تۇ. ئاندىن قېرى پىسخولوگ شۇ كارىۋاتنىڭ ئاستىغا كىرىپ
قۇرتتەك تۈگۈلۈپ يېتىپ ئۇخلاۋاتقان بوۋاقنى زاكىسى بىلەن
كارىۋاتقا قويۇپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ... بوۋاق جىمجىت خانىدىكى
ياغاچ كارىۋاتتا راھەتلىنىپ، مىسىلداپ تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندا،

قېرى پىسخولوگ ياغاچ كارىۋاتنىڭ ئاستىدا تۈگۈلۈپ ياتقىنىچە تىنىقلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىشىدىنمۇ ئەنسىرەپ شۇنـ. چىلىك قىينىلىپتۇ. «بىگۇناھ بوۋاق ئۈچۈن مۇشۇ يەردە تۇنجۇ. قۇپ ئۆلۈپ قالسامۇ مەيلى، ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالاي» دەپ نىيەت قىپتۇ بوۋاي... بىر چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا زاكىسىنى ھۆلـدەپ قويغان بوۋاقنىڭ گۇڭراشلىرى ئاڭلىنىپتۇ... «ئاز قالدى قو. زام، تۇيغۇلىرىڭ تامام ئويغانسۇن...» بوۋاي تارچۇق كارىۋاتنىڭ ئاستىدا يېتىپ كۈلۈمسىرەپتۇ، «سائەت تېپىلدى، دىلومۇ پاش بولدى، سېنىڭ ئۈچۈن داداڭ بىلەن ئاپاڭنىمۇ ئەپۇ قىلىۋەتتىم.» بىرئازدىن كېيىن بوۋاقنىڭ يىغلاشلىرى ئاڭلىنىپتۇ... — بو. ۋاي شۇنداق ئويلاپ كارىۋات گىرۋىكىگە ئاستا سۈرۈلۈپتۇ، ئاز. دىن ھېلىقى سائەتنىڭ ئالتۇن زەنجىرىدىن تۇتۇپ بوۋاقنىڭ كۆز ئالدىدا لەپپەڭشىتىپ چايقىغانىكەن، سائەتتىن ۋالىلداپ نۇر چاقناپ، يىغلاۋاتقان بوۋاقنىڭ يىغىسى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك توختاپتۇ. ئارقىدىن كۆز ئالدىدا يالت - يۇلت چاقناپ تۇرغان سائەتنى ئالىمەن دەپ، مەيدىسىگە چاپلاش. قان ئوڭ قولىنى شۇنداقلا سوزغانىكەن، قولى كۆكسىدىن ئاج. راپ، ئالىقىنىدىن بىر دانە قاتتىق نەرسە تورۇككىدە قىلىپ يەرگە چاچراپ چۈشۈپتۇ. بوۋاي قول چىرىغىنى ياندۇرۇپ قارىغۇدەك بولسا، يەردە بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈك يالتىراپ تۇرغۇدەك...

— ئۈزۈك دەمسەن ئايتۇرك، كىمنىڭ ئۈزۈكى؟

— قىزىق يېرى دەل مۇشۇ يەردە ئەمەسمۇ؟ تېپىپ باقە، بۇ كىمنىڭ ئۆزۈكى بولۇشى مۇمكىن؟

— ۋاي تاڭەي، نەدىن بىلەي؟

— ھەر ئىشقا كاللا ئىشلىتىش زۆرۈر دەيتتىڭغۇ ئۆزۈك.

— بەلكىم ئوغرى ئانا...توختاپتۇرە،... ئوغرى ئانا تۇتۇلۇپ قېلىش ئالدىدا پاكىتنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئالاقزەدىلىكتە يۇتۇ.

ۋەتكەن ئۆزۈك بولمىسۇن يەنە...
— تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىمىزدا ئوخشاشلىق بار ئىكەن، مەنمۇ دەسلەپتە سەندەك ئويلىغان، لېكىن يۇتقان نەرسە ئاشقازاندا بولماي...
— ئۇمۇ ئەمەسكەن ـ دە؟
— ئەمەس، — ئايتۇرك بوز كۆزلىرىنى ئوينىتىپ بېشىنى چايقىدى.
— شۇنىسى ئېنىق بولسۇن ئاپا، بوۋاقنىڭ قولى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىلا مەيدىسىگە چاپلاش ئەمەس...
— ئەمىسە...
ئويلىنىپ قالدىم...
— بولدى ئويلانما زېھنىڭنى خورىتىپ، ئۇنىڭسىزمۇ ئويلايدىغىنىڭ ئازمۇ؟ ئۆزۈملا دەپ بېرەيچۇ، بوۋاقنىڭ قولىدىن چۈشكىنى، تۇغۇت ئانىسى — ئاكشىيوركىنىڭ قولىدىكى تويلۇق ئۈزۈكى ئىدى.

— نېمە؟!
— ئىككى ئوغرىنىڭ پۇشتىدىن بولغان بالا تۇغۇلۇشىدىنلا تۇغۇت ئانىسىنىڭ ئۈزۈكىنى ئوغرىلاپ تۇغۇلدى.
— ناتايىن ئايتۇرك، ئوغرىلىق ئىنسانىنىڭ قېنىدا بولمايدۇ.
— ئەلۋەتتە، جىنايەت ئادەمنىڭ گېنىدا بولمايدۇ ئاپا، بۇ-غۇ بىر توقۇلما ھېكايە. دېمەكچى بولغىنىم، پسىخولوگىيە — روھ ئىلمىنىڭ مۇھىملىقى! بەكرىدەكلەرنىڭ كېسىلىنىڭ مەنبەسى ئېتىقادسىزلىق، ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن چوقۇم روھىي جەھەتتىن داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك.
— ۋاي زوۋاندار بىلەرمەنەي، ئۆگىنىۋاتقىنىڭنىڭ دۇنيادىكى كاتتا ئىلىملىقنى شىپىلەش ئۈچۈن توقۇغانمىدىڭ بۇ ھېكايىنى؟

— ئۇنىڭدىن كاتتا ئىلىم قەلبىمدە، يۈرىكىمدە، قېنىمدا، يىلىكىمدە ئاپا! ئاللاھ ئەجرىڭنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، — ئايتۇركىنىڭ شوخ كۈلكىسى ئۆچۈپ، چىرايىنى كەسكىن تۇرگۇنلۇك قاپلىدى، — بىر - بىرىنىڭ تاجىدىن قان ئېلىۋاتقان سوقۇشقاق چۈجە - خورازلارغا چالما ئېتىپ ئايرىۋېتىش بىلەن، يول ئۈستىدىكى خەندەكنى تىندۇرۇش، تاشلىنىپ قالغان خوخا تىكەننى تېرىۋېتىشكە چاغلىق تىرىكلىكنىڭ ئاسايىشلىقى ئۈچۈن قىلىنغان شۇنچىكى ئىشلارمۇ ئېتىقادىمىزدا ياخشىلىق ھېسابلانسا، قىلىۋاتقىنىڭنىڭ ئۆزى ھەقىقىي ئىبادەت، ھەقىقىي تەقۋالىق ھېسابلانماسمۇ؟ بىلىسەن، مەن دادام بىلەن ئىككىڭلارنىڭ بەيتۇل مۇقەددەسنى تاۋاپ قىلىپ ھاجى غوجام، ھاجى خېنىم بولغىنىڭلارنى كاتتا ئىش دەپ بىلمەيمەن، چۈنكى، بۇ ئۆزۈڭلارنىڭ روھىنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن. مۇھىمى دادام بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ئاۋام ئۈچۈن قىلغان ساخاۋىتىڭلار! بىزنىڭ ئېتىقادىمىز شۇنچىكى نۇرانە، مەزمۇنى ساغلام، لېكىن ئادەملىرىمىز شۇ يولدا مېڭىش ئۇسۇلىنى ئاجايىپ تار، سىرلىق شەكىلنىڭ ئىچىگە سىلىۋالدى، شەخسلەرنىڭ ئېتىقادى، ئۇممەتنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى شەكىللەندۇرەلىسە ياخشى ئىدى، چۈنكى، ئېتىقادنىڭ جەۋھىرى ئەخلاق ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىنسان تەبىئىتىدە مەدەنىيلىك دېگەن نەرسە بار. ئۇ ئىنسان تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ ئىنسان روھىنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى بولۇپ كەلدى. شۇنداقلا ئۇ يەنە ئىنسانغا ئەخلاق تونى پىچىپ بەردى، ھەمدە بۇ تون ئېتىقاد بىلەن تېخىمۇ گۈزەللەشتى. تارىخىي ۋەقەلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، «ھەرقانداق بىر قوۋمنىڭ مەنىۋى يۈكسىلىشتىن بولغان نېسۋىسى ئۇلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتتىكى يۈكسىلىش دەرىجىسىگە قاراپ بولدى، مەنىۋى تەرەپتىن يىقىلىشى ھەم ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي تەرەپتىن يىقىلىشى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەردى». غەربلىك تارىخشۇناسلاردىن بىرى

مۇنداق دېگەن: «ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ۋە تىياتىر سەنئىتى بولمىغان ئىنسانلار جەمئىيىتى تېپىلىدۇ، بىراق دىيانىتى بول-مىغان بىرمۇ ئىنسانلار جەمئىيىتى تېپىلغىنى يوق.» گەرچە ئىنسانلار مەلۇم ۋاقىت ساغلام ئېتىقاد، توغرا ئەقىدىدىن ئايرى-لىپ قېلىپ، روھى بوشلۇقتا قالغان بولسىمۇ، بۇ مەزگىل ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش ئالدىدىكى ئۆتكۈنچى ۋاقتى بولدى. ئادەملەر تاشقى دۇنيانىڭ مېخانىك كۈچىدىنلا ئەمەس، مۇھىمى ئىچكى دۇنياسىنىڭ سېھرىي كۈچىدىن باشقۇرۇلمىغۇچە جەم-ئىيەت تەرتىپىنى ساقلىغىلى ۋە ھەق ـ ھوقۇقلارنى قوغدىغىلى بولمايدۇ، كىشىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىدى-غان، ھەقسىزلىككە يول قويمايدىغان، ئادالەتلىك، پەزىلەتلىك ۋە مەدەنىيەتلىك بىر جەمئىيەتنى بەرپا قىلىشتا دۆلەت قانۇن-لىرى ۋە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى يېتەرلىك ئەمەس، چۈنكى جازا-دىن، تۈرمىدىن ۋە جەرىمانىدىن قورقۇپلا مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدىغانلار ۋە قورقۇپ تۇرۇپ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى ئادا قى-لىدىغانلار قانۇننىڭ سىرتىمىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چىقىش يولى تاپقۇچىلىك شۇنداق قىلىدۇ، ئۇنداقلار قانۇننىڭ كونت-روللىقىدىن چىققان ھامان يەنە ئۆزلىرىنىڭ بىلگىنىنى قىلى-دۇ. ئەمما، ئېتىقادىنىڭ سەلتەنىتىدىن ئەيمىنىپ، ھەقنىڭ غە-زىپىگە يولۇقۇشتىن قورققان ۋە ئۆز قەلبىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالالىغانلار مەيلى ئاشكارا، مەيلى يوشۇرۇن بولسۇن ئۆز قەلبى-نىڭ ساغلام ئېتىقادىغا ئاسىيلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىل-مايدۇ، بىراۋغا ئورۇنسىز زىيان سالمايدۇ، خەلق بەرگەن ھو-قۇقنى پىچاق بىلىپ، خەلقنى شىلمايدۇ، بارچە ئەسكىلىكنى قىلىپ بولۇپ ئۆزىنى بىنادىن تاشلاپ ئۆلۈۋالمايدۇ، ئوت قو-يۇپ، بۇلاڭچىلىق قىلمايدۇ، ئادەم ئۆلتۈرمەيدۇ، زەھەر چېكىپ تېنىنى ساتمايدۇ، قىمار ئوينىمايدۇ، ئەتكەسچىلىك، قويمىچى-لىق قىلمايدۇ، ۋەتەننىڭ نومۇسىنى سېتىپ خائىنلىق قىلماي-

دۇ. توغرا ئېتىقاد شەكىللەنمىگەن جىنايەتنى تىزگىنلىسە، قا-نۇن شەكىللەشكەن جىنايەتنى جازالايدۇ. مىڭنى «ئاھ - پاھ» دەپ پېشانەڭ يېغىر بولغۇچە سەجدە قىل ۋە ياكى قىلما ياراتقۇچى ئۈچۈن بىر سەر، بىر مىسقال پايدىسى يوق، پايدا بىلەن زىيان ئۆزۈڭنىڭكى ئىدى. سەن مىڭلارچە قەسەم - ۋەدىلەرنى قىلىپ ئەھدە قىل، نىيىتىڭ توغرا، ئەجىر - مېھنىتىڭ خالىس بول-مىسا، نېمىگە ھېساب؟ بىزدە بۇ ھەقتە ۋەز - نەسىھەت قىلغۇ-چىلارنىڭ سانى ساماندەك تولا، لېكىن ئەمەل قىلغۇچىلار ئۇز-چىلىك كۆپ ئەمەس، ئاياللىرىمىز تېشىنى يېپىش بىلەن ھە-لەك، قەلبىنى ياپالايدىغانلار ساناقلىق... ئەلۋەتتە مېنىڭ دېگە-نىمۇ ھېچنېمىگە ھېساب ئەمەستۇ، چۈنكى، نېمىنىڭ خاتا، نېمىنىڭ توغرىلىقى ھەققىدە ئۇلۇغ ھۆكۈما ئاخىرقى ھۆكۈمنى ئۆزى چىقىرىدۇ. ئېتىقادىمىزنىڭ بىرىنچى جۈملىسى «ئوقۇ» ئىدى، لېكىن بىر قىسىم نادان قوۋمىمىز شەرىئەت بىلەن تە-رىقەتنى دۇشمەنلەشتۈرۈۋاتىدۇ، باللار يەنىلا ئوقۇشسىز قېلى-ۋاتىدۇ. لاتا قونچاقتا چاپىنىنى ئوڭشاپ كىيگۈزەلمەيدىغان ئون بەش ياشلىق قىز بەش بالىغا ئۆگەي ئانا بولۇپ، ئارزۇ - ئەقىد-دىسىنى ئوچاقتىكى ئۇششۇك شادىسىدەك پاراسلىتىپ كۆيدۈ-رۈۋاتىدۇ. جىگدە چېچەكلىگەندە تامنىڭ كەينىدىكى سوپىسوپىد-ياڭنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ قويۇپ «قېنى سەن دەللە» دېسە، «لەببەي غوجام» دېيىشكە ئۈلگۈرمەي تۇرۇپ، قۇچىقىدىكى نا-رەسىدىسى بىلەن ئۈچ تالاق بولۇپ، ئۈچ ئاي ئون كۈندىن كې-يىن يېڭى باينىڭ توقلىغا ئايلىنىپ، يەنە تۆت بالىنىڭ زەرددى-گۆش ئانىسىنى زار - زار قاقشىتىۋاتىدۇ... ئوقۇشۇم تۈگەپ دوكتور ئاشتىلىقنى ئالسام يۇرتىمىزدا مەكتەپ ئاچايمىكىن دەيمەن، مەبلەغ چىقىرىشقا قوشۇلامسەن ئاپا؟

— قانداق مەكتەپ؟

مەخسۇس قىزلار مەكتىپى؟

— سىنىڭ ئۇ مەكتىپىڭدە بىزنىڭ قىزلار ئوقۇشقا ئۇنار - مۇ؟ ئاتا - ئانىلىرى ئوقۇتۇشقا قوشۇلارمۇ؟ توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئەمەلىيلەشتۈرەلمەيۋاتساق، مىڭ تۈرلۈك باھانە - سەۋەب تېپىپ مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن يوقۇملۇق جىگەر كېسىلى، ئۆپكە تۇبېركۇليوزنىڭ ساختا دىياگنوزى دېگەنلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن تۇتاملاپ پۇل خەجلەۋاتساق ... باللارنى مەكتەپتىن ئاجرىتىۋېلىشنى ئەلا بىلىپ، جىنايى جازاسى تۈگەپ تۈرمىدىن چىققان جىنايەتچىدىن ئارتۇق كۆرۈۋاتساق ...
— ئۈمىدسىزلەنمە ئاپا، تېگىمىز نادان ئەمەسقۇ، ھامان نەسلىمىزنى تارتىمىز... مەبلەغ چىقىرامسەن - يوق؟
— شۇمۇ سورايدىغان گەپ بولدىمۇ؟ پۇل خەجلەشكە بۇنىڭدىن خەيرلىك ئىش بولامدۇ ئايتۇرك؟
— لېكىن، ئاچمەن دېگىنىڭ قانداق مەكتەپ ئۇ؟
— مەخسۇس توي قىلىش يېشىدىكى قىزلارنى قىسقا مۇددەتلىك تەربىيەلەش كۇرسى. تەرەققىي تاپقان ئەللەردە بۇنداق مەكتەپلەر جىق، ئۇلار قىزلارغا قانداق ئائىلە قۇرۇپ، قانداق خوتۇن بولۇش، قانداق ئانا بولۇپ، بالىسىنى قانداق تەربىيەلەش ھەققىدە مۇنتىزىم تەربىيە ئېلىپ بارىدۇ، چۈنكى ئائىلە پويىز بولسا، ئاياللار ئۇنىڭ پاراۋۇزى، باللار قولۋاق بولسا، ئاياللار ئۇنىڭ پالىقى.
— ئەمما، بەزى ھېكمەتلەرنى ئەزەلدىن ھېچكىم ھېچكىمگە ئۆگەتمىگەن ھەم ئۆگىتەلمەيدۇ، چۈنكى بۇلار يارالمىشتىلا ھەربىر ئايالنىڭ قەلبىگە قاچىلانغان بولىدۇ.
— بۇ گېپىڭنىڭمۇ ئاساسى بار. شۇنداقتىمۇ ئاپا، ئۆز بالىسىنى كۇچۇك ئورنىدا ياتلارغا سېتىۋەتكەن، ئۆز ئېرىنى پالتىدا چاناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئون ئايلىق ئۆگەي بوۋىقىنىڭ بەدىنىگە ھەر كۈنلۈكى بىردىن 150 شوخا مىخ تىقىپ ئۆلتۈرۈ-

ۋەتكەن ئانىلارمۇ ئايال زاتى ئەمەسمۇ؟ دېمەكچىمەنكى، ئىنسانىي ئېتىقادتىن ئايرىلغان زۇلمەتلىك كۆڭۈللەرگە يورۇقلۇق بېرىش كېرەك، شۇ ئۇلۇغلۇقنى قانداق شەكىل، قانداق رەۋىشتە نامايان قىلىشنىڭ يارقىن ئۇسۇلىنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك، موتور گۈركىرەپ تۇرسىمۇ چاق ئايلانمىسا نېمە پايدىسى دېگىنە؟ بىزدە ئەر ـ خوتۇنلار سىرتقا قاراپ قالسا كاللىغا كېلىدىغان بىرىنچى خىيال قانداق قىلىپ ئۇلارنى شەرمەندە قىلىش، كىم بىلەن، قاچان، نەدە، نېمە قىلدى؟ دەپ، تېلېفون خاتىرىسىنى قولىغا چۈشۈرۈش، ئەل ـ خالايىق ئالدىدا رەسۋايى تۈۋىسىنى چىقىرىشىپ، موللا مۈشۈك قىلىپ، ئاندىن ھېلىقى يۈزى قېلىن سەتەڭنىڭ سالۇۋۇق چاچلىرىنى يۇلۇپ قولىغا قانداق تۇتقۇزۇش. لېكىن، قانداق قىلىپ ئېرىمىزنى سىرتقا قاردىتىپ، ئۇنىڭ مېھرىنى سوۋۇتۇپ قويدۇق؟ دېگەننى ئويلايدىغانغا چولىمىز يوق. ئاقىۋەت بىر ئەۋلاد يېتىم بالىلار قوشۇنىنىڭ بەختسىز سانىغا يېڭى بەختسىزلەرنى قوشۇپ ئازابلىق سەپنى ئۇزارتىپ بارىمىز... كاشكى ھەر ئىككى تەرەپ ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ئائىلىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشسىچۇ! مانا بۇنى بىر كۆزىمىزنى ئوچۇق قويۇپ يەنە بىر كۆزىمىزنى يۇمۇۋېلىش دەيمىز... گۇناھ كىمدە، چاتاق كىمدە؟ تېرە ئۈستىدە پۇل قىلىمىز دەپ نېمىگە ئېرىشتۇق؟ يېتىم بالىلارغا قارىسام يۈرىكىم ئېچىشىدۇ، بۇ بىر قوۋمنىڭ پاجىئەسى، شۇ جەمئىيەتنىڭ شەلۋەرەپ تۇرغان يارىسى ئاپا! ئەگەر بالىلاردا ئاتا ـ ئانىسىنى تاللىۋېلىش ھوقۇقى بولىدىغان بولسا، كىم ئۇنداقلارنى تاللايدۇ دەيسەن؟ ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى ئىستاتىستىكىلىغاندا 78%دىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئاجرىشىپ كەتكەن چىققان.

— چوڭ بوپسەن ئايتۇرك، جىق نەرسىلەرنى بىلىپسەن.

— بىلىش ھېس قىلىشتىن باشلىنىدۇ، مەن ھېس قىلىمەن ئاپا. بىلەمسەن، بەزىدە قىلىشتىن، ھېس قىلىش مىڭ

ھەسسە كۆچلۈك بولىدۇ.

— دۇرۇس، ئايتۇرك! بەك توغرا دېدىڭ جېنىم! — تەخىر-سىز بىر رەۋىشتە توختىماي باش لىڭشىتىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدىم.

— توغرا دەيسەن، بەزىدە ھېس قىلىش چاقماقتەك تېز، ئۇ يىل - ئايلارغا ئەمەس مىنۇت، سېكۇنت، دەقىقىلەرگە باغلانغان بولىدىكەن...

— ئاپا! سەن...

— توۋا!... لېكىن، ئەرلەرنى قانداق قىلىمىز؟ — بەڭباش ئەقلىمنىڭ ئۇدارىدىن چىققان تىزگىنىنى دەرھال تۇتۇۋالدىم، — خوتۇن ئۇستىگە خوتۇن ئېلىۋېلىپ، ئۆز قەدىردانلىرىنى تالاق قىلىپ، زېمىننىڭ تۇۋرۇكىنى تىترەتكەن، يېتىملىرىنى تۆت يولنىڭ بەندىگە تاشلىۋەتكەن ئاشۇ باغرى تاشلارنى قانداق قىلىمىز؟ سەن بىلمەيسەن ئايتۇرك، بۇلارنى ساڭا دېيىشتىن تىلىم كۆيىدۇ... بىزدە ئەزەلدىن، قاتىللىق قىلىسمۇ جەستىنى پارچىلايدىغان قاباھەتلىك ئىش يوق ئىدى، يېقىندا ئەلەم بولۇڭنىڭ قۇم باسقاق كەنتىدە 60 ياشلىق بىر ناكەس 16 ياشلىق ئۆگەي قىزىنىڭ نومۇسىغا تېگىپ، جەستىنى 14 پارچە قىلىپ بورانچى دەرياسىغا تاشلىۋېتىپتۇ، دېلو پاش بولغاندىن كېيىن ئۇ بەختى قارىنىڭ 13 ئەزاسىنى ج خ خادىملىرى دەريادىن سۈزۈپ چىقىپتۇدەك دەپ ئاڭلىدۇق.

— ئىنسان پاكىز ئېتىقادىدىن ئايرىلغاندا ئۇ بىر ھايۋان ئاپا! ياخشى ئادەملىرىمىز كۆپ، لېكىن بىر قىسىملارنىڭ ئىنسانىي ئېتىقادى تېرىسىدىلا بولۇپ، مۇسكۇلىغا ئۆتمەيۋاتىدۇ، ھەقىقىي ئېتىقاد ئادەمنىڭ قېنىدا، يىلىكىدە، جېنىدا بولىدۇ، يىلىك پۇچەكلەشسە روھ يىگىلەيدۇ، — ئايتۇركنىڭ جىيەكلىرى قىزارغان بوز كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى.

— خەلقىمىز نامراتلىقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان، ئايىنىڭ

ئون بەشى قاراڭغۇ بولسا ئون بەشى يورۇق دەپ، زېمىن بىزگە بايلىق بەردى، ئىشتىنى تىزىدىن ئاشمايدىغان نامراتلىرىمىز بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا مىليون پۇلنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىپ قالدى، ئەمما شۇ پۇلغا ئەقلىنى سېتىۋالالمىدۇق... رىزقلىرىمىزغا مىڭ قەترە شۈكۈرلەر قىلىپ، توغرىلىقنى تاپساق بولاتتى.

— ئايتۇرك! — قىزىمنى باغرىمغا باسقانچە باسقۇم كېلىپ، چىڭ قۇچاقلىدىم.

— جىق سۆزلەپ كەتتىم، شۇنداقتىمۇ بەك ياخشى سۆزلەشتۇق ئاپا، ئىچىمىز ئالغان خەستەك ئىچىم بوشاپ قالدى.

... سۆزلىشۋالغانغا ئىچى بوشىسا تاڭ ئاتماس ئۇزۇن كېچىلەر بولسا ئۇنىڭ بىلەن ئاي ئايدىڭدا، يۇمشاق قۇم ئۈستىدە يانمۇيان ئولتۇرۇپ، ئايرودرومنىڭ كۈتۈش زالىدا ئۇنى تۇنجى رەت كۆرگەندىن بېرى تارتىۋاتقان ئازابىم، تەلپۈنۈش، زارىقىشلىرىمنى سۆزلەپ ئىچىمنى بوشىتىۋالار ئىدىم. قەلبىمدە ئۇنىڭغا دېمەكچى بولغان، ئەمما قاچان، قايسى هالدا دېيىشنىڭ قانداق نېسىپ بولۇشىنى بىلگىلى بولمايدىغان تالاي سۆزلىرىم تۇنجۇقۇپ تۇراتتى... بەلكىم دېيىش ئەبەدىي نېسىپ بولماس، نېسىپ بولغاندا دېيىشكە ئىمكانىم بولماس. كىم بىلىدۇ، ئۇ شۇ مەغرۇرلۇقى بىلەن گۈل بەرگىنى سۆيگەن شامالدەك يېنىمدىن جېنىمنى ئېلىپ غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتەرمۇ تېخى...؟

— ئاپا!

— نېمە، ئايتۇرك؟!

— نېمانداق چۆچۈيسەن؟

— كىم چۆچۈپتۇ؟ مانا بىر ئوبدان تۇرمايمەنمۇ؟

— نېملەرنى ئويلاۋاتقانتىڭ؟

— زىيادە سەزگۈرلۈك قىلما جېنىم...

— نېمىنى سېزىۋالدىم؟

— سەندىن يوشۇرىدىغان ھېچبىر مەخپىيىتىم يوقمۇ؟
— بۇ گەپنى مەن دېمىدىم جۇمۇ، — ئايتۇرك باشلىرىنى چايقاپ كۈلۈۋەتتى.
— نېمىگە كۈلىسەن جىنتەك؟
— ساڭا راستتىنلا ھارغىنلىق يېتىپتۇ ئاپا، لېكىن ئاجايىپ...
— ئاجايىپ نېمە؟ ئاخىرىنى ئېچىنىپ يۇتۇۋالما ئايتۇرك.
— بەكلا ئويچان كۆرۈنىسەن، نېمە دەردىڭ باركىن بىلمىدىم. ئىشقىلىپ ساڭا چوقۇم بىر ئىش بولدى ئاپا، دىققىتىڭ ھە دېگەندە چېچىلىپ، چۆچۈپ تۇرىسەن، ئۆي ئويلايسەن، ئويلىرىڭنىڭ تېگى يوق دېگىنە، دەۋەتسەڭلا ئېچىڭ بوشاپ قالاتتى، بۇ دۇنيادا سىرىڭنى دېيىشكە مەندىن ئارتۇق يىراق بارمىدى ـ يا؟
— چوڭ بوپسەن ئايتۇرك، راستتىنلا!
— بەلكىم.
— پسىخولوگىيەنىمۇ خېلى ئوبدان ئۆگىنىپسەن.
— لېكىن، ساڭا بالىلىق قەلبىم بىلەن تىكىلىۋاتىمەن ئاپا.
— ئەمىسە نېمىنى ھېس قىلدىڭ؟ — نېمە قىلدىمكى، يا مەن نېمە قىلماقچىمەنكىن؟ ھېچنېمە قىلمىسامىمۇ، نېمە ئويلاۋاتقىنىمنى پەقەت ئۆزۈملا بىلىمەن دەپ يۈرگىنىم قىزىق. بالا ئەمەسمۇ، يۈرىكىمنى يېرىپ چىققان تېنىمنىڭ بىر پارچىسى...
— شۇنچىلىك ئويغاق، شۇنچىلىك تۇيغۇن بالا بوپسەن ئايتۇرك، پارىژ كاللاڭنى ئېچىۋېتىپتۇ... كۆپنى كۆرۈپ، جىقنى بىلىپ، زېھنىڭ ئەينەكتەك چاقناپ كېتىپتۇ... — سەل جىددىيلەشتىم، بالىلىق ۋاقتىمدا ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى بۆككىدە جىگدىلىكتىن خەدىچە بىلەن يىلىم كولىغاندەك كوچىلاپ سۇ- رۇشتۇرۇپ ئۇنىڭ قەلبىگە سايە تاشلاپ تۇرغان قانداقتۇر بىر

گۇمانىي ئەندىشىلىرىنى قىرىپ، شىلىپ چىقىرىۋەتكۇم كېلىپ كەتتى، ــ مەن سېنىڭ ئاپاڭ، نېمىنى ئويلىغان بولساڭ قىدـ
ـىسىنماي دە!

ــ سەن يوقىتىپ قويغان ئۆزۈڭنى ئىزدەۋاتقاندەك، ھەقىـ
قىي ئۆزۈڭنى ئاپا! بىر ھېساپتا شۇنداق قىلىشقا ھەققىڭ باردۇ، يەنە بىر ھېساپتا...

ــ گېپىڭنى چۈشەنمىدىم، ماڭا ئۇنداق ئىككى بىسلىق گەپ قىلما، بىلىسەن، مەن جىق ئوقۇيالمىغان، مۇرەككەپ مەـ
سىلىلەرگە دەماللىققا جاۋاب بېرەلمەيمەن.

ــ ئەمەلىيەتتە مۇشۇ دۇنيادا ھەممىدىن جىق نەرسىلەرنى بىلىدىغان ئايال سەن! چۈنكى، بۇ ئەقىل يارالمىشىڭدىلا مەۋـ
جۇت. بۇ جەھەتتە مەن بىر ئۆمۈر ئۆگىنىپمۇ سەن بولالمايمەن ئاپا، سەن شۇنچىلىك گۈزەل بولۇپلا قالماي، ئاجايىپ ئەقىلـ
لىق، قەيسەر... ئەمما، سەندەك ياشاش بەخت ۋە ئازاب! سەن شۇنچىلىك چىداشلىق ئايالسەنكى، كۆتۈرۈشۈڭنىڭ، سىڭىرىشـ
لىكىڭنىڭ چېكى يوق، سىرتىڭ دېڭىز يۈزىگە ئوخشاش تىنچ بولسىمۇ، ئىچىڭدە تىنچلىق يوق.

ــ مەسىلەن؟ ــ بۇ گەپلەرنىڭ باغرىمنى يېرىپ چىققان قىزىمنىڭ، تېنىمدىن ئايرىلىپ چىققان بىر پارچە ئېتىمنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقىنىغا سەل ھەيران بولدۇم، ــ سەن نېمىنى ھېس قىلدىڭ ئايتۇرك؟ ــ ھەيرانلىقىم ئۇلغىيىپ كەتتى.

ــ چۆچۈمە ئاپا؟ سەن يوشۇرۇپ تۇرۇۋاتقان نەرسىلەرنى كۆرۈۋېلىشقا ناقادىرمەن، لېكىن سەن ئۇچۇن خۇشال بولۇۋاتىمەن.

ــ نېمىگە خۇشال ئايتۇرك؟ سەندىن نېمىنى يوشۇردۇم؟

ــ ھەقىقىي ئۆزۈڭنى! سەن نەزەرىمدە سۆيۈملۈك ئانا ئىدـ
ـدىڭ، ئەمدى بىخسىپ ياتقان سۆيۈملۈك ئايالىقىڭ ئىچىڭدىن

تېشىغا تېپىپتۇ. شۈنچىلىك لېۋەنسەن، شۈنچىلىك جەلپكار-سەن، شۈنچىلىك تاتلىق - شېكەرسەن. مىسكىنلىك تۆكۈلۈپ تۇرغان ھارغىن نازاكىتىڭ، سېھرىڭگە سېھىر قوشۇپتۇ ئاپا.

— ۋاي ئاللا! — قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتىم. كۈلكەم بىلەن ھەممىنى ياپماقچى بولۇپ، قەستەن كۈلگەندىمەن، لېكىن شۇ چاغدا ئىچىمدە راستتىنلا كۈلكە يوقتەك، كۈلكەم ئىچىمدىن ئەمەس بوغۇزۇمنىڭ ئۇچىدىنلا چىقىسۋاتقاندەك چىڭقىلىپ، زورۇقۇپ قالغانتىم. بەك كۈچەپ كەتكەنلىكتىن يۈزلىرىم ئوت ئالغان، چېكىلىرىم لوقۇلداپ، بېشىم ئېسىلگەندەك سېزىلدى، — ۋۇي خېنىم نېمە بولدى ساڭا؟ ئەجەب بىر گەپچى بولۇپ كېتىپسىنا، بۇزرۇكۋار موماڭنىڭ ئۆزىلا، — كۈلكىلىرىمنىڭ قۇيرۇقى بوغۇزۇمدا قىسىلىپ قالدى.

— ساڭا نېمە بولدى ئەمەس، ماڭا نېمە بولدى دەپ ئۆزۈڭدىن بىر سورا. ماڭا دەپ بېرەمسەن، بەرمەمسەن؟ — ئايتۇرك تۇرۇپلا مېنى قىچىقلاشقا باشلىدى، — دېگىنە مۆتىۋەر خېنىم، ئىچىڭدىكىنى بىر يوشۇرماي.

— قىچىقلىما، جېنىم دەي تاتلىق قىزىم، ساڭا كۈچۈم يەتمەسما جېنتەك؟ — ئۇنى بىر قوللاپلا قولتۇقلىۋالدىم، ئاندىن ئاق قۇنىڭ بويىندەك ئىنچىكە ئاق بويۇنلىرىغا يۈزۈمنى سۈركەپ مەنمۇ قىچىقلىدىم، — مانا ئەمسە، — قىچىقلاۋېتىپ ئىچىمدە چاقچاقنى چىڭىغا چىقىرىپ، توپىلاڭدىن توغاچ ئوغ-رىلاپ، تازا چاڭقىغاندا مەززە قىلىپ يەۋاتقاندەك ھۇزۇر ھېس قىلىپ قالدىم.

— ئاپاجانىم، نېمانچە كۈچلۈكسەنەي، قويۇۋەت...

— چىدىماس، — ئۇنىڭ دادىسىنىڭكىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان قىرلىق بۇرنىنى چىمدىپ ئەركىلەتتىم.

— ئۆزۈڭ چىدىماس، — ئايتۇرك باشلىرىنى رېزىنكە قونچاقتەك گىلدىڭشىتىپ قويدى.

— نېمىگە چىدىمىدىم؟!
— نېمانداق نېمىلا دېسەم چۆچۈيسەن ئاپا، چاقچىقىمىم كۆڭلۈڭگە تەگدىمۇ؟ چىرايىڭ ئۆڭۈپلا كەتتىغۇ؟! — ئايتۇرك نازۇك بارماقلىرى بىلەن چۇۋۇلغان چاچلىرىمنى قولاقلىرىمغا قىستۇردى، — سەن بىلەن چېقىشىپ قويدۇم شۇ، ئەمەلىيەتتە ناھايىتى جىق ئىشلارغا چىدىدىڭ، يەنە چىدايسەن، چوقۇم چىدىشىڭ كېرەك.
راستىنى دېسەم، ئايتۇرك بىلەن ئەزەلدىن بۇ خىلدا سۆزلىشىپ باقمىغان، سۆزلەششەممۇ بۇ خىلدا چۈشەنمىگەن ئىدىم. گەپ ئۇنىڭ قانداق سۆزلىشىدە ئەمەس، مېنىڭ قانداق چۈشىنىشىمدە بولسا كېرەك. مەيلى نېمىلا بولسۇن مەن ئانا، ئۇ بالا، بۇنىڭدىن چوڭقۇرلاپ كېتىشكە بولمايتتى. پەرەز قىلىشتىن قورقىدىغان بىر ئەنسىز تەشۋىش يۈرىكىمنى سىقىپ تۇرغاچقا، ھە دېگەندە مۇشۇنداق چۆچۈپ، ئوڭايسىزلانسام كېرەك، «خۇدۇ-كى بارنىڭ مۇدىكى بار» دەپ، ئۆزۈمچە سەزگۈرلۈكۈم ئېشىپ كەتتى.
— ئاپا، ساڭا دەيدىغان مۇھىم بىر گېپىم بار ئىدى، — ئايتۇرك ئىچىمدىكى ساراسىمىنى بىلىپ قالغاندەك قەستەن گېپىنىڭ تېمىسىنى يۆتكىمەكچى بولۇۋاتاتتى، — زاڭقىمدىكى مېڭىم توغرۇلۇق، — مانا راستىنلا يۆتكىدى، ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرى ماڭا، سۈت چىشى چۈشمىگەن نارەسىدىسىنى بەزلەش ئۈچۈن مۆكمۆكىلەك ئويناۋاتقان ئانىدەك؛ بالىسىنىڭ ئىشىك كەينىدە غازاڭدەك قوللىرى بىلەن كۆزلىرىنى چىڭ توسۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە «سېنى تاپالمايۋاتىمەنغۇ قوزام، نەگە يوشۇرۇندۇڭكى» دەپ، قەستەن ئىزدەشكە چۈشكىنىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى، — زاڭقىمدىكى مۇشۇ مېڭىم بىلەن ئەسلىدىلا خۇشۇم يوقتى، ئۇنى بىر ئالدۇرۇۋېتەيمىكىن دەيمەن ئاپا؟
— نېمە؟! — تىرنىقىمنىڭ ئۇچىغا مىس يىڭنە سانجىلـ

غاندەك سەسكىنىپ كەتتىم، ــ نېمە دەيسەن ئايتۇرك؟ يەنە بىر دەپ باقە!

ــ ئادەمنى قورقۇتمىغىنە، شۇنداق قىلغۇم بولغاندىكىن شۇنداق دېدىم شۇ.

ــ بۇ چىرايلىق مەڭ سېنىڭ نەرىڭگە تاقاشتى؟

ــ ئەمىسە سەن دادامنىڭ بۇرنىدىكى گۆش مېڭگە ئامراقمىدىڭ؟

ــ ئامراق بولسام نېمە؟ ئۆچ بولسامچۇ ئاندىن؟ «ئۆچ» دەپلا يۇلۇۋەتكىلى، شىلىۋەتكىلى، قىرىۋەتكىلى بولىدىغان سۆگەل ياكى ئۆسمە بەزمۇ ئۇ؟ ئۇ دېگەن خاسىيەتلىك مەڭ! داداڭ بۇزرۇكۋار موماڭنىڭ پاكىز قارنىدىكى چېغىدىلا ۋۇجۇدى بىلەن بىرگە تەڭ تۆرەلگەن نەسەبىمىزنىڭ كۆز مونچىقى! ناۋادا شۇ مەڭ بولمىغان بولسا داداڭ كان گۇمۇرۇلۇشتە ئۆلۈپ قالماسمىدى؟

ــ نېمىشقا ئۇ مەڭ بىلەن دادامنىڭ هاياتىنى چېتىۋالىدىغانسەن ئاپا؟ ئەخمەتنىڭ دادىسى دادامنى قۇتقۇزىمەن دەپ ئۇنىڭ ئۈستىگە يېتىۋالغانىكەنغۇ؟

ــ رەھمەتلىكنىڭ ئۆلۈمى شۇنچىلىك دەھشەتلىك بولدى، بىزنىڭ ئۇنىڭغا قان قەرزىمىز بار، ناۋادا ئۇ مېھرىبان داداڭنىڭ ئۈستىدە قالغان بولمىغان بولسا ئىدى، بىز گۇمۇرۇلگەن كاندىن ئۇنىڭ جەسىتىنىمۇ پۈتۈن تېرىۋالالمايتتۇق. خاسىيەتلىك كۆز مونچاق داداڭدىن ساڭا كۆچتى، بەلكىم ئۇ سېنىمۇ هاياتىڭدىكى نۇرغۇن بالا ـ قازالاردىن ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن ئايتۇرك. ساڭا كىمنىڭ قوۋمى، كىمنىڭ پۇشتى، كىمنىڭ ئۇرۇقى ئىكەنلىكىڭنى ئەسلىتىپ تۇرۇشى، سەندىن بالاڭغا، بالاڭدىن بالاڭغا كۆچۈشى مۇمكىن.

ــ ئاپا، خاتا ئويلاپتىمەن، كەچۈر... كاللام بەزىدە مۇشۇنداق ئاددىي.

ــ كىيلە خېنىم!

ئايتۇركنى باغرىمغا تارتىپ چىڭ قۇچاقلىدىم، — مانا ئەمدى بىز راستتىنلا ئەقىللىق ئانا بىلەن تەنتەك بالىغا ئوخ-شاۋاتاتتۇق. ھېس قىلىپ تۇراتتىم، ئۇ ئەزەلدىن ئۇ مېنىڭگە ئۆچ ئەمەستى، مەڭنى ئالدۇرۇۋېتىش ئويىنى ھەم ماڭا دەپ باق-مىغان، ھەتتا دادىسىنى تارتقان ئۇ مەڭلىرىدىن شۇنچىلىك پە-خىرلىنەتتى، سۆيۈنەتتى. «تۇرۇپلا دېگەن گېپىنى قارا ماۋۇ با-لىنىڭ، ئەتەي ماڭا يېڭىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىلمىگەن بولۇ-ۋالاي ئەقىللىق مەلىكەم.»

— ئاپا! — ئايتۇركنىڭ باغرىمدىكى نازۇك تېنى سابا سۆيگەن گۈل ياپرىقىدەك تىترىدى.

— يىغلاۋاتامسەن شېكىرىم؟ نېمە بولدى ساڭا؟ — ئانىلىق سەزگۈم ئايتۇركنىڭ قەلبىدە دېگۈسى بار، ئەمما دېيىشكە پې-تىنالمايۋاتقان قانداقتۇر بىر سىرىنىڭ لەۋلىرىنىڭ ئۇچىدا تىترەپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۇلگۇردى. چۈنكى، قىزىم-نىڭ شۇ چاغدىكى ئېسەنگىرەپ تۇرغان مىسكىن تىنىقلىرىدىن قانداقتۇر بىر ئەزگۈلۈكنى، كۆيۈپ تۇرغان ئارمانلىرىنى، بې-سىپ تۇرغان ئېغىر تەڭقىسلىقنى ھېس قىلىپ قالغانىدىم.

— ئايتۇرك ماڭا دەيدىغان مۇھىم بىر گېپىڭ بار، پېتى-نالمايۋاتىسەن شۇنداقمۇ؟

قىزىمنىڭ چىلگىدەك چىرايلىق بېشى ئىسسىق كۆكسۈم-دە قىمىرلىدى.

— سىرىڭنى دەيدىغانغا، دەردىڭگە يېتىدىغانغا ئاپاڭدىن ئارتۇقۇڭ بارمىدى جېنىم؟ سەن ئۇچۇن بارلىقىم تەسەددۇق ئەمەسمۇ؟

— ئاپا، مەن بىرسىگە ئاشىق.

ئايتۇرك بۇ گەپنى پەس ئاۋاز، ئوتلۇق ئۇرغۇ، تەخىرسىز بىر نەپەستە تولۇمدىن توقماق چىققاندەك پۇسۇققىدە دەۋەتتى.

— كىم ئۇ؟ بىلىشكە ھەققىم يوقمۇ؟ — يۈرىكىمنىڭ رى-

تىملىرى بۇزۇلدى.
— ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشكە، ئۇنىڭدىن مېھرىمنى ئۈزۈشكە شۇنچىلىك تىرىشىپ باقتىم! ئىككى يىل بولدى ئاپا، ئۇنىڭ سېھىرلىك چەمبىرىكىدىن چىقىپ كېتىمەن دەپ ئۆزۈمنى ئۆ-زۈم ئالداۋاتقىلى، توپتوغرا 762 كۈن! ئۇنىڭدىن مېھرىمنى زىنھار ئۈزەلمىدىم، ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغاندەكلا.
— كىم ئۇ ئايتۇرك؟ كىمنىڭ ئەزىزى؟ قايسى يۇرتنىڭ ئارسلانى؟
ئايتۇرك جىمىپ قالدى.
— دېگىنە؟
— كۆڭلۈك بەك يېرىم بولارمۇ ئاپا؟
— سەن مېنىڭكى، ئەمما، ئۇنى سۆيگەن كۆڭۈل ئۆزۈڭ-نىڭكى.
— لوپنۇرلۇق ياغاچچىنىڭ ئوغلى، — ئايتۇركنىڭ باغ-رىمدىكى كۆكسى ئۇلۇغ بىر نەپەستە كېرىلدى، ئاندىن تىنىق-لىرىدىن لىمون پۇرىقى ئۇرۇلدى، — ئىسمى ۋەلى ئاپا.
— ئۇمۇ سېنى سۆيەمدۇ؟! — ئايتۇركنىڭ نازۇك مۇرىلى-رىدىن ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، قوڭۇر كۆزلىرىگە تىكىلدىم، ئۇ-نىڭ يېنىپ تۇرغان قاراقلىرىدىن ئۆزۈم يوقىتىپ قويغان بەخ-تىمنى ئىزدىدىم، — بىر - بىرىڭلارغا ئاشىقمۇ سىلەر؟! — ئۆزۈمنى زورىغا تۇتۇۋالمىسام قىزىمنىڭ بەختى - تەلىيى ئۇ-چۇن ئۇن قويۇپ يىغلىۋېتىشىم تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئايتۇرك-نىڭ نازۇك مۇرىلىرى قىسىلىپ، بېشى چۈشكەندە، كۈدىدەك ئەتلىك چاچلىرى ئاق سۈزۈك يۈزلىرىنى ياپتى.
— ئاپا! — ئۇنىڭ ساتار كۈيىدەك ئەزگۈ يىغىسى تىنىقلى-رىدىن تىترەپ چىققاندا يۈرەكلىرىم چاك - چاك يېرىلدى، — بىلىمەن ئۇمۇ ماڭا ئاشىق، لېكىن...
— لېكىن، نېمە؟! گەپ قىل، جاۋاب بەر ئايتۇرك!

— ئۇ مېنىڭ مۇھەببىتىمنى رەت قىلىۋاتىدۇ!
— نېمىشقا؟
— چۈنكى ئۇنىڭ بىر قولى... ئاشۇ بىر قولى...
— قولىغا نېمە بولغان؟ — يۈرىكىم تېخىمۇ دۈپۈلدەپ، نەپسىم بوغۇزۇمغا قاپلاشتى.
— ئالتە ياش ۋاقتىدا دادىسىنىڭ توك ھەرىسىگە تېگىپ كېتىپ، ئوڭ قولى جەينىكىدىن ئۈزۈلگەن. شۇنداقتىمۇ، ئۇ مەكتىپىمىزنىڭ پۇتبول چولپىنى، سۇ ئۈزەلەيدۇ، ئوتتۇرا مەيدانىدا بىر قولى بىلەن توپ ئېتىپ گارغا سولىيالايدۇ... يەنە تېخى...
— ئايتۇرك!
— ئاپا! — ئۇ ھالسىز تاشلىنىپ، بويۇنلىرىمغا ئېسىلدى، — سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنىڭ بەختىمنى ئۇنىڭ يوقىتىپ قويغان بىر قولىغا باغلىۋالما!
— لېكىن ئايتۇرك...
— لېكىن - پېكىنى يوق ئاپا، سەنمۇ مېنى ئۆزۈڭدەك ياشا دېمەيدىغانسەن؟
— مەن قانداق ياشاپتىمەن؟!
— مۈز باغرىدا قېقىنۇستەك كۆيۈپ ياشىدىڭ... ئاياللىق قەلبىڭ چۆلدەرەپ تۇرسىمۇ مېھىر - مۇھەببەتتىن باغ ياساپ، ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئەمەس، بىز ھەم مۇشۇ ئائىلەڭ ئۈچۈن بارلىقىڭنى يېقىلغۇ قىلىپ، ئوتتەك لاۋۇلداپ، سۈدەك ئېقىپ، شامدەك ئېرىپ ياشىدىڭ.
— ئايتۇرك! بىلىشىڭ سالاھىيىتىڭدىن ھالقىپ كەتتى، سېنىڭ ئۆز ئاپاڭغا مۇشۇنداق دېيىشكە ھەققىڭ بارمىدى؟!
— بەلكىم، ھەققىم يوقتۇر، گۇناھكار بولغاندىمەن...
— قەبىھ گۇناھ! داردىن چىقىپ كەتتىڭ ئايتۇرك، مەن سېنىڭ ساۋاقدىشىڭ، دوست - ئادىشىڭ ئەمەس، ئاپاڭ!

— لېكىن، مەن ھېس قىلغانلىرىمنى ساڭا دېيىشكە جۈر-ئەت قىلدىم!

— سەن مەيلى قايسى ئەلدە، قايسى جايدا، قانداق ئىلىم تەھسىل قىل، ھامان سەن، سەن ئۆزۈڭ! ئۆزۈڭنىڭ قېلىپ-ئەندىزە، قائىدە - يوسۇنىڭ ئىچىدە ياشايسەن! بىلىشىڭگە ھۆر-مەت قىلىمەن، ئەمما ھەممىنى مەنلا بىلىمەن دېمە! داداڭ ئاق كۆڭۈل، ساخاۋەتلىك، ئېسىل ئادەم، ئۇ مۇشۇ ئائىلىنىڭ تېرى-كى، بىزنىڭ ھىماتچىمىز، ئۇ بولمىغان بولسا بۈگۈنكىدەك بەختىمىز پۈتۈن بولارمىدى؟ ئەرتېكىنىم بىلەن سەن ئايتۇركۈم نەدە؟! بەلكىم دېگەنلىرىڭ راستتۇ، مەن بىئىختىيار ئۇنىڭ بىد-لەن باش قوشقاندىمەن... سەن تېخى بۇلارنى چۈشەنمەيسەن، ئا-ئىلە نوقۇل ئەر - خوتۇننىڭ ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش بازىسى ئەمەس، ئىنسان ھەم ئۆز نېسۋىسىدىن ئەزەلدىن رازى بولغانمۇ ئەمەس. مېنىڭ نەزەرىمدىكى ئائىلە «ئىنسان ئەۋلادلىرىنىڭ تە-ۋەللۇتگاھى، مېھىر - شەپقەتنى يېتىشتۈرىدىغان تۇنجى مەك-تەپ، ئىنسانىنىڭ كىشىلىك دۇنياغا يۈزلىنىدىغان بىرىنچى بو-سۇغىسى، ئۆمۈر ئەجرىنىڭ ئېسىل موزىيى، كۆڭۈل جاراھىتى-نىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك شىپاخانىسى، كىشىنى مەڭگۈلۈك دۇنياغا ئۇزىتىدىغان مۇسىبەت ئۆيى، ئەۋلادلار يىلتىزىنىڭ شېخى، ئا-دىمىيلىكنى قۇيۇپ چىقىدىغان قېلىپ.» لېكىن، بۇ گەپلەرنى مەن ئىچىمدىن توقۇمىدىم، قايسىدۇر بىر كىتابنى ئوقۇغاندا يۈرىكىمگە تەگكەچكە ئۆگىنىۋالغان. بىر ئايالنىڭ ئىچكى يۈزى-نى ھەقىقىي رەۋىشتە كۆرۈۋېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى بەلكىم ئۇنىڭ ئۆز ئېرىگە بولغان ساداقىتى، ئائىلىسىگە بولغان مۇ-ھەببىتىدۇر... مەن شۇنداق قىلالىدىممۇ - يوق، بۇنىڭغىمۇ بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، ئەمما ئۆمۈر بويى شۇنداق قىلىشقا تىرى-شىپ كەلگىنىمدىن گۇمان قىلساڭ، ماڭا ئۇۋال بولىدۇ ئاي-تۇرك!

ـــ ئاپا، دېگەنلىرىمنى خاتا چۈشىنىپ قالدىڭ!
... بەلكىم،... بەلكىم خاتا چۈشەنگەندىمەن، بەلكىم ئەنسى-رىگەندىمەن، قورققاندىمەن، ئالاقزەدىلىكتە ساراسىمىگە چۈش-كەندىمەن ۋە بەلكى ۋۇجۇدۇمدا غەلىيان كۆتۈرگەن ئاجايىپ كۈچلۈك بىر غىدىقلىغۇچى تۇيغۇ ـ سەزگۈلىرىمنى توختاۋسىز قوزغىتىپ، قۇترىتىپ، ئىچ ـ ئىچىمنى قىزىپ تۇرغاچقا، راست بىلەن يالغان ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ، قىزىمنىڭ سەممىي تىۋىشلىرىگە باشقىچە مەنە بېرىپ قويغاندىمەن... ئايتۇركنىڭ تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرساممۇ، ئۇنىڭ كۆزلى-رىگە تىك قاراشقا ماجالىم قالمىغانىدى.
ـــ نېمىشقا بۇنداق ئويلايدىغانسەن ئايتۇرك؟ ـــ ئىچ ـ ئىچىمدىن قۇرۇقلۇق ئۆرلەپ، ئۇسسۇزلۇق باسقانىدى، تىللى-رىم كۆپۈشۈپ، لەۋلىرىم ئۇيۇشۇپ، سۆزلىشىم قىيىنلاشقا-نىدى، ـــ ئاساسىڭ بارمۇ؟
ـــ ھېچقانداق ئاساسىم يوق، ئالتىنچى سەزگۈم شۇ! تۇيغۇ ـ سېزىمگە تالىق نازۇك نەرسىلەرنى تىل بىلەن ئىپادە قىلىش دە-ۋاتمايدىغانسەن؟ مېنىڭ دادامنى سۆيۈشۈم بەرھەق! چۈنكى ئۇ مېنىڭ دادام. بىراق، سەن ئۇنداق ئەمەس ئاپا!... ئۇنى ھەقىقىي سۆيۈشتە مەن سېنىڭ كەينىڭدە تۇرىدىكەنمەن ئەمەسمۇ؟
ـــ بىلىپ قال ئايتۇرك، بىر ئەرنى ھەقىقىي سۆيۈشتە ئۇنىڭ ئۆز ئانىسىدىن قالسىلا، ھەقلەپ نىكاھلاپ ئەمرىگە ئالغان ئايالى تۇرىدۇ، ئەمما ئاتا ئۈچۈن بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئۆزىنىڭ قىزى، ئۆزىنىڭ بالىسى بولىدۇ! ـــ گەپلىرىمنىڭ ھەقىقىتىدىن دېگەنلىرىمنىڭ يۈرىكىمنىڭ قات ـ قېتىدىن چىققىنىغا زىنھار گۇمان قىلمايتتىم... لېكىن شۇ راستلىقنى ئېتىراپ قىلدۇرمايۋاتقان جاھىل سەزگۈمدىكى نارازىلىق بىلەن ئىسيان ئىچىمنى توختاۋسىز تىلغاپ تۇراتتى. شۇ راستلىققا مېنىڭ مەرتەم قايىل بولۇپ، مايىل بولالماي رەللە بولاتتىم،

باللىرىمىنىڭ دادىسىنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۆزۈمگە مىڭ مەرتەم زىكىر قىلسامۇ، قەلبىمنى بۇنىڭغا ئىشەندۈرەلمەيتتىم. ئىچىمدىكى ھەق بىلەن ناھەق توختىماي پالتا ـ پىچاقلىشىپ روھىمنى قانغا بويىسىمۇ، يا بىر ـ بىرسىنى يېڭەلمەيتتى، يا قويۇپ بەرمەيتتى، شۇڭا كىپەك ئالتۇنغا قوم دانچىلىرى ئارىلىشىپ كەتكەندەك بىر يەرلىرىم غىرىسلاپلا تۇراتتى.

— جېنىم ئاپا!

قىزىم يەنە باغرىمغا چاپلىشىپ، كۆكسۈمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇققا بېشىنى قويۇپ جىمىپ قالدى.

بىچارە قىزىم، تەلەي ـ پېشانەڭ شۇ بولۇپ، كۆڭۈل مەيلىڭ شۇ ۋەلىگە چېگىلگەن بولسا مەن ئارا تۇرالايتتىمۇ؟ يىگىتنىڭ ناكا، تەتۈر قىسمەت ئۇنىڭ بىر قولىنى بىلەكلىرىدىن يۇلۇۋالغان بىلەن ئۇلۇغ سۆيگۈنى يۈرەكلەردىن ھېچنېمە يۇلۇۋالمايدىكەن. بىر ھېساپتا ئاپاڭدىن تەلەيلىك سەن ئايتۇرك! تەنگە باغلىنىپ قالغان مۇھەببەتتە مەززە ـ لەززەت يوق، روھنىڭ پۈتۈنلۈكى ھەممىدىن مۇھىم! توۋا، سەن بىلەن نېمىلەرنى دېيىشىتۇق بالام؟ ئانا ـ بالىلىقنىڭ مۇقەددەس تام ـ توساقلىرىدىن ئاتلاپ نۇقتىمىزنى ئۆزۈشتۇق. بەلكىم ھەر ئىككىلىمىز سالا ـ ھېيتىمىزدىن ھالقىپ كەتكەندىمىز، ئەمما بىر ـ بىرىمىزنىڭ قەلبىگە زەخمەك ئۇرۇپ تىڭشىغىنىمىز ھەقىقەتنىڭ يىرىك ئاھاڭى بولدى. بىلىسەن، مەن قائىدە ـ قىسماق ئارقىلىق راستلىقنى بوغقۇچىلارغا ئۆچ! ئۆزۈمنىڭ شۇ قەدەر بوغۇلغىنىنى يېتىپ ئاشار، ئەۋلادلىرىمنىمۇ «مەن كىرگەن كېشەككە كىر» دەپ قىستىيالمايتتىم، لېكىن خاتا كېشەككە كىرىمەن دېسە قاراپ تۇرالمايتتىم، نىشانىنى بەلگىلەپ بەرسەم، ئۆزىنىڭ يولىدا ئەركىن ـ ئازادە مېڭىپ، گۈزەل ئىقبالىنى تاپسا دەيتتىم. مەيلى پەرىشتەم، ھېس قىلغانلىرىڭنى دېيىشكە جۈرئەت قىلدىڭ!

مەن باللىرىمغا ئەركىن تەپەككۇر قىلىش پۇرسىتى بەردىم، دېگەنلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويالايدىغان ئىمتىيازنى بېرىشكە پۈتۈن ئىمكانىم بىلەن تىرىشتىم، ئۇلارنى نېمە دېسەم خوپ دەيدىغان، بوينى زەنجىرلەنگەن ئەرمەك كۈچۈك ئەمەس، ھايا ـ تىمنىڭ داۋامى، پەخرىم ـ غۇرۇرۇم دەپ بىلدىم. ئەلۋەتتە، مەن ـ مۇ ھەممىنى توغرا ئويلاپ كېتىپ، پىچالايدىغان ئەۋلىيا ئەـ مەستە؟ مەيلى قانداق بۇيۇك ئانا بولاي ئاددىي ئىنسانمەن! ئىنـ سانغا مۇكەممەللىك تالىق بولارمۇ؟ پەقەت بىرلا نەرسە ئەۋۋەل ـ ئەزەلدىن مەن ئۇلارنىڭ جەزم قىلالىغان خاتاسىغا، ئەل كىرگەن توغرا كېچىكتىن قاڭقىپ كېتىشكە ھەم يول قويالمىدىم.

ھەر ئىككىمىز خېلى بىر چاغقىچە جىمجىتقىنا ئولتۇرۇپ كەتتۇق. مەنغۇ شۇنداق ئويلىدىم، ئايتۇرك باغرىمدا تۇرۇپ نېـ مىلەرنى ئويلىغاندۇ؟... چوقۇم ھېلىقى ۋەلىسىنى ئويلىدى...

ـــ ئۇنى شۇ قەدەر سۆيەمسەن ئايتۇرك؟

ـــ شۇ قەدەر ئاپا!

ـــ بىر دانا شۇنداق دېگەنىكەن: «مۇھەببەت ـــ ئەتىكى ناشتىلىق ئۈچۈن بۇگۈن كەچتە راسلانغان داستىخان، نىكاھ ـــ شېرىن چۈشتىن ئويغىنىپ شۇ ناشتىلىق شىرەسىگە كېلىش.» نېمەتلەرنىڭ تۈزىنى تېتىمىغۇچە تەمىنى ھېس قىلغىلى بول ـ ماس، بىر كۈنلەر شېرىن چۈشۈڭدىن ئويغىنىپ، تويۇنۇپ قال ـ غىنىڭدا ئۇنىڭ بىر قولىنىڭ يوقلۇقىنى ئېسىڭگە ئېلىپ كۆڭ ـ لۈڭ يېرىم بولۇپ قالارمۇ؟! چۈنكى ئەر بىلىكى ئۇنىڭ قانىتى.

ـــ ياق ئاپا، ئەرنىڭ يىلىكى ئۇنىڭ ھەممىسى...

ـــ ئېنىق قارارغا كەلدىڭمۇ؟

ـــ شۇنچىلىك ئېنىق!

ـــ سوغۇق قان بول! ھايات شۇنداق، ئەتە نېمە ئىش بولـ ـ دۇ، كىملەر بىزگە بىر ئۆمۈر يار بولىدۇ، كىملەر بىزنى تاشلاپ خار ـ زەبۇن بولىمىز؟ بىلمەيمىز، قەلب گۈلخانلىرىمىزنى

چەيلەپ ئۆتۈپ كەتكەنلەرنىڭ بىر كۈنلەر بىزدىن چوغ سوراپ كېلىشىنى، بىز چىن دىلىمىزدىن سۆيگەن دىلكەشىمىزنىڭ ئاي - كۈنلەر ئۆتۈپ قەبرە تېشىمىزنى كۆتۈرۈپ كېلىشىنى ھەم بىلمەيمىز. كىملەر بىلەندۇر ئۇچرىشىپ ئۇنىڭغا ھومىيىپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتكەن چېغىمىزدا ئۇنىڭ خىزىر ئىكەنلىكىنى كېچىكىپ ھېس قىلىمىز؛ يەنە كىملەر بىلەندۇر ئۇچراشقىنىدىمىزدا ئۇنى پەرىشتىمىكىن دەپ ئويلاپ قالىمىز... مىڭ ئەپسۇس، ئۇنىڭ ئەزرائىل ئىكەنلىكىنى بەكمۇ كېچىكىپ ھېس قىلىمىز... بۇمۇ بىر دانانىڭ سۆزى ئايتۇرك! تۇيغۇڭنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنچىڭ بولسۇن!

— ئىشەنچىم بار ئاپا! لېكىن مۇھەببەتكە نەزەرىيە چىشلىمەيدۇ، راستىنى دېسەم ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمەن!

— بۇنداق دېسەڭ كۆپۈرلۈق بولىدۇ بالام! گەپ - سۆزگە دىققەت قىل!

— سەن جىق كىتاب ئوقۇغان، زېھنى ئوچۇق تەقۋا! كۆپ نەرسىلەرنى بىلىسەن! بەلكىم دېگەنلىرىڭ توغرىدۇ، لېكىن تۇيغۇمنى ئىستراتېگىيەگە ئالىمەن دېمە، رازىلىق بەر! ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشىمغا تىلەكداش بول! كەلگۈسىدە ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىشىمغا دۇئا بەرگىن جېنىم ئاپا!

— ئىنسابىڭنى، ئىپپىتىڭ بىلەن سائادىتىڭنى تىلەيمەن ئايتۇرك. ئەمما، بەختىڭ ئۆزۈڭنىڭ قولىدا، چىڭ تۇت، ھەرگىز قويۇۋەتمە... ھەرگىز!...

— ئاپا، جېنىم!! چىرىغىممۇ سەن! ئەقلىممۇ سەن...

خورازسىز شەھەرنىڭ جىمجىت كېچىسى ئىدىشتىكى دەريا سۈيىدەك سۇزۇلۇشكە باشلىغاندا، ئايتۇرك قۇچاقلىرىمدا ئۇخلاپ قالغان، ئويماق زىناقلىرىدا تاتلىق بىر تەبەسسۇم ئۇيۇپ قالغان ئىدى...

* * *

ئۇچامغا ئېتەكلىرى يەرنى سۈيۈپ تۇرغان كۆڭلىكىمنى،
بېشىمغا يېپەك لېچەكىمنى ئوراپ، قولۇمدا تەسۋىيىمنى سىي-
رىغاچ، ئالته قەۋەتلىك دوختۇرخانا مېهمانخانىسىنىڭ بەشىنچى
قەۋەتتىكى دېرىزە پەردىلىرىنى تارتتىم. شەرق ئاسمىنى سۇزۇ-
لۇشكە باشلىغاندا، سېرىقلىق سېپىلگەن بۇدرۇق بۇلۇتلار رەڭ
تۇزەشكە باشلىغانىدى. باش ئوغۇزنىڭ سالقىن شامىلى دېرىزد-
دىن غۇيۇلداپ كىرىپ يۇزلىرىمنى سۆيدى. ئاندا - مۇندا سار-
غىيىشقا باشلىغان چىملىقتا كەڭ ئاغلىق تامبىلى بىلەن يەل
گۇمپا مەشىق قىلىۋاتقان كۆزەينەكلىك بوۋايلار ئۇچۇشقا تەم-
شىلىۋاتقان سارىدەك قوللىرىنى كېرىپ، لەرزان زوڭزىياتتى...
كىملەردۇر بىر - بىرىنى يۆلىشىپ، چاقلىق هارۋىسىنى ئىتت-
تىرىپ، ئالتۇن رەڭ ياپراقلار تۆكۈلۈۋاتقان چىغىر يولدا سەهەر
هاۋاسىنى سۈمۈرۈۋاتاتتى... ئۇلارغا جىمجىتقىنا بىر پەس قاراپ
تۇردۇم، دۇرۇت ئوقۇۋاتاتتىم، لەۋلىرىم قىمىرلاۋاتقان بولسا
كېرەك، لېكىن ئىچىمدىكى قىمىرلاشقا هېچنېمە توغرا كەل-
مەيتتى. تۇرۇپلا ئوقۇۋاتقانلىرىمدىن ئېزىپ كېتىپ، بارماقلى-
رىم ئالتۇن رەڭلىك گوياكلاردا توختاپ قالاتتى، لېكىن زارىقىپ
تۇرغان قەلبىمنىڭ ئىنتىلىشلىرى، سېغىنىشلىرى زىنهار
توختاپ قالمايتتى. ئەزبىرايى «كىمنى مەندىن ئارتۇق سۆيسەڭ
ئۇنى سەندىن تارتىۋالىمەن»... ياق، سەندىن ئارتۇق سۆيۈشۈم
يوق!... ئەمما ... ئۇنى ماڭا يولۇقتۇرغان، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە
چاقماق چېقىتقان ئۆزۈڭ... يا توك - توك مۇزلىيالىمىغان، يا
ئېچىلىپ قاينىيالمىغان ئىلمان كۆڭلۈمنىڭ تامچە - تامچە
زەردابلىرىنى كىرسىنغا ئايلاندۇرۇپ، ئارقىدىن چېقىلغان چاق-
ماقتا ئوت قويۇپ گۇركىرىتىپ كۆيدۇرگەن يەنە سەن ئۆزۈڭ...
بەلكىم سىناۋاتقاندۇرسەن، بەلكىم چۇچۇلىدەك يا كۆيمەي، يا

يانماي ئاچچىق تۇتۇنگە ئايلىنىۋاتقان سۆيۈشلەردىكى قان قىد-
ساسلارنى ئېلىپ بېرىۋاتقانسەن، سىناقلىرىڭغا بەرداشلىق بېر-
رىشكە ئىرادەم بار، ماجالىم يوق... بەندەم دېسەڭ ئۇ كىشىنى
ماڭا يەنە بىر رەت كۆرسەتكىن... ئۇ بوينى قاتتىق زادى كىم؟
ئۇ يۈرىكى تاشنىڭ ئىسمى ـ زاتى نېمە؟... ماڭا بىلدۈر... ئۇ
پەيلى يامانىنىڭ ئىششىپ تۇرغان قاپاقلىرى ئىچىدىكى قارا
كۆزلىرىدىن چېقىلغان چاقماقنى يەنە بىر رەت كۆرۈپ ئۆلۈپ
قالاي... توۋا... ئادەمنىڭ قەلبى ياراتقۇچىسىغا ھەقىقىي مايىل
بولغاندا ماڭا ئوخشاش قورقۇش تۇيغۇسىدىن سۆيۈش تۇيغۇسى
ئېشىپ كېتىپ، ئۇنىڭغا ئەركىلىگۈسى، قەلبىدىكىنى دەۋالغۇ-
سى كېلەمدىغاندۇ؟! تىلاۋەت ـ تىلەكلىرىم ئانا تىلىم بىلەن ئىد-
دى، چۈنكى تىلىم تىللار ئىچىدىكى ئەڭ ئەزىزى ئىدى! ئۇنىڭ
نازۇك، چۈرۈك، ئەۋرىشىم، يۇمشاق، چوڭقۇر ھەم تاتلىق ئۇرغۇ-
لىرى بىلەن قەلبىمنىڭ تىۋىشلىرىنى دەخلىسىز ئۆز تەم، رەڭ،
ھىدى بىلەن ياراتقۇچىمغا يەتكۈزەلەيتتىم، پەردازلاپ، ھەل بېر-
رىپ ئاھاڭغا سالمىساممۇ تەڭرىم قەلبىمنىڭ نوتىسىنى بىلىپ
تۇراتتى. ئادەم ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلىپ سۆزلىسە
نەقەدەر ھۇزۇر... خىيالىم مۇشۇنداق ساراڭ خوتۇنىنىڭ چېچىد-
دەك چىگىشلىشىپ كېتەتتى... مەيلى كىمنىڭ قانداق كاتتا
ھوقۇقى بولسۇن ئىگەمدىن باشقىنىڭ خىيالىمنى تىزگىنلەش
ئىمتىيازى بولمايتتى... ناۋادا شۇ خىياللىرىم بولماي شۇ توق-
قۇز قېتى ئۇزۇلۇپ كەتكەن ئارزۇلىرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر
يىپىغا ئېسىلىپ ياشىمىغان بولسام بۇ چاغقا چۆلدىكى قېرى
توغراقتەك قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتمەسمىدىم؟! بەلكىم بىر-
كىملەرگە، مېنى ئەڭ چۈشىنىدىغان ئامراقلىرىمغا قولۇمدا
تەسۋى، دۇرۇت ئوقۇپ تۇرۇپ قىلىۋاتقان خىيالىمنى دەپ بېر-
رىشكە توغرا كەلسە ياقىسىنى چىشلەر ئىدى... ناۋادا قەلبىمە-
دىكىنى سۈرەتكە ئېلىپ كۆرسىتىش ئىمكانى بولغىنىدا تېخىد-

مۇ چاتاق، ھەممىنىڭ نەزەرىدىكى ئەڭ پاسسىق ئايال مەن بولار
ئىدىم... شۇغىنىسى ھېچكىمگە ئۆزۈمنى باھالىتىپ كۆرگۈم
يوق... يىراقتىن كۆل رەڭ تەنھەرىكەت كىيىمى كىيگەن ئەرتې-
كىن بىلەن غوجامنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندە خىيالىم يەنە كې-
سىلدى، ئوغلۇم دادىسىنىڭ ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ ئۇنىڭغا ئې-
گىشىپ شۇنچىلىك خۇشال كېلىۋاتاتتى. دادا، بالا نېمە دېيىشىد-
ۋاتقانكىن؟ يەلكىسى كەڭ ئەرتېكىنىنىڭ قاۋۇل سۇباتى ئاتىسىنى
تارتقان بىلەن، چىراي، خۇيى مېنى تارتقانىمىش. ئوغلۇمنىڭ
ئويلايدىغانلىرى ئېغىر، چوڭقۇر، كۆچلۈك نەرسىلەر ئىدى،
شۇڭا ئىچىدە ئويلىغانلىرىنى ئاسانلىقچە چۈشەنگىلى بولمايت-
تى. ئادەتتە ئۇ بەك ئاز سۆزلەيتتى، ئاز كۈلەتتى، لېكىن ھەرد-
كىتى كۆپ يىگىت بولدى، 24 ياشلىق ئوغلۇمدا 40 ياشلىق
ئەرنىڭ ۋەزنى، ئەقلى باردەك كۆرۈنەتتى. «چىرايلىق ئوغلۇم»
دېسەم خاپا بولاتتى، « ‹چىرايلىق› دېگەن قىزلارنى تەرىپلەيدىغان
سۆز ئاپا، مېنى ‹يارامىلىقسەن، ئەركەكسەن، شىرىمسەن› دەپ،
ماختاپ قويە» دەپ مۇرىلىرىنى ئېتىپ قوياتتى. راست، ئۇ بالد-
لىق چېغىدىن باشلاپ ئۆزىنى تايتاڭلىتىپ ئەركىلىتىشىمنى
خالاپ كەتمەيتتى، ئەمما ئوتتەك قىزغىن شۇ يېرى باركى، مېنى
كۆرسە يىراقتىن بىلەكلىرىنى ئېچىپ «ئاپاجانىم» دەپ سۈركۈ-
شۇپ، ئاچقان يېرىمگە باراتتى ـ دە، كۆڭۈل كىرىمنى ئالاتتى. ئۇ
ئادەتتە سەھەر تۇرۇپ يۇگۈرەيتتى، تورنىڭ تارتاتتى، شارقىراپ
تۇرغان دەريالارنى كەلكۈن ۋاقتىدا توغرىسىغا كېسىپ ئۆتەلەيت-
تى، تىك تاغلارغا يامىشىپ چىقالايتتى، مەھەللىمىزدىكى
قىزلارنىڭ ماڭا يېقىنچىلىق قىلىشىنىڭ، قىزى بارلارنىڭ ئۇنى
پات ـ پات سوراپ تۇرۇشىنىڭ سىرىنى ئوبدان بىلەتتىم، لېكىن
بىراق بۇ جەھەتتە مەن رەھمەتلىك ئاتامدەك ئالتە قاپاق پىششىد-
قى بۇرۇن ئەھدە قىلىپ قويۇپ لەۋزىمدىن يانالماي، ئۇنىڭ بىر
ئۆمۈرلۈك بەختىنى مۇھەببەتسىز نىكاھنىڭ پايخانى قىلىشىنى

خالىمايتتىم. ماددىي جەھەتتىكى توقچىلىقنىڭ مەنئۋى ئاچلىق-
نىڭ ئالدىدىكى زەبۇن ـ قەدىرسىزلىكىنى، ئەڭ مۇھىم بولغى-
نى «كۆرۈۋاتقىنى تۆشۈك كۆز، ھېس قىلىۋاتقىنى يۇمشاق
مۇسكۇل» ئەمەس، نۇردىن يورۇق قەلب بىلەن، تېرەن كۆڭۈل
ئىكەنلىكىنى شۇ قەدەر ھېس قىلىپ يەتكەنتىم. ئۆزى سۆيگەن
ئادەم بىلەن بوران ئۇچۇپ تۇرغان ئەسكى كەپىدە پاخال قالاپ
ئىچكەن تۇزسىز ئوماچنىڭمۇ تومۇر ـ تومۇرلارغا بارىدىغىنىنى
شۇنچىلىك بىلەتتىمكى... شۇڭا ئۇنىڭ بەختىنى تىلەيتتىم، ئۇ-
نىڭغا ماددىي مەئىشەتلەردىن كۆرە، مەنئۋى جەھەتتىكى توقلۇق،
سۆيگۈ ھەم قېرىنداشلىرىغا، ۋەتىنىگە، يارى ـ جۆپتىگە سادىق
بولۇشنى تىلەيتتىم... قاۋۇل ئوغلۇمنىڭ چېنىققان بولجۇڭ
گۆشلىرى بۆلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئەسلىدىلا ھەربىي مەكتەپ-
تە ئوقۇپ ئوفىتسېر بولغۇسى بار ئىدى، كېيىن تۇرۇپلا بۇ
ئارزۇسىدىن ئۆزى كېچىپ قالدى، سەۋەبىنى كوچىلاپ ئولتۇر-
مىدىم، بەلكىم ئويلىغانلىرى باردۇ... مالىيە ـ ئىقتىسادمۇ بو-
لىدىغان كەسىپقۇ؟ ئەتىدىن ـ كەچكىچە ياغلىق ئۇچەيگە ياغ
تىقىلاندەك مال دۇنيانىڭ توقلۇقىدىن قاقشىغىنىم بىلەن،
ھېسسىي تۇيغۇنى ئاش ـ نان ئورنىدا يەپ ـ ئىچكىلى بولمايدى-
غىنىنى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەستىم. قولۇڭدا بولسا ھەممىگە
ياخشى... شۇغىنىسى بايلىقىڭنى قانداق سەرپ قىلىشنى بىلى-
مەسلىكىنىڭ ئازابى ئاچلىقتىن يامان... سېنى ماختىغانچە ماخ-
تىغۇم كېلىدۇغۇ جېنىم بالام... قاناتلىرى پەرلەنگەن ئەنقارىم!
ئانىلىق نەزەرىم بىلەن «كىرپە بالام يۇمشاق، قاغا بالام ئاپپاق»
ئەمەس، ساڭا ئانا بولالىغىنىمدىن شۇنچىلىك پەخىرلەنگۈم كې-
لىدۇ ئارسلانىم.

ئەرتېكىن بېشىنى كۆتۈرۈپ دېرىزىگە قارىدى، ئاندىن ئۇ-
نىڭ قوللىرىنىڭ پۇلاڭلىغىنىنى، دادىسىغا دېرىزىنى ئىمالاپ
ئېمىلەرنىدۇر دېگىنىنى كۆرۈپ تۇردۇم. مەنمۇ قوللىرىمنى دې-

رىزىدىن چىقىرىپ پۇلاڭلاتقاندا، قاچانلاردا ئويغانغان ئايتۇرك هۆل يۇزلىرىنى سۇرتكەچ بىلەكلىرىمگە ئېسىلدى:
— يۇرە ئاپا، چىملىقتا چۇشۇپ گۇزەللىك گىمناستىكىسى ئوينايمىز.
— ئۆزۈڭ ئوينا، مەن كۆرەي.
— قورسىقىڭغا ماي يىغىلىپ قالسا مەيلىما؟ بىر يۈرۈش ئۆگىنىپ قويايچۇ ساڭا، يۇرە.
— بىلىسەن، بۇ يېشىمدا سىرتقا چىقىپ گىمناستىكا ئوينىيالمايمەن، ئۆگەتمەن دېسەڭ مۇشۇ تۆت تامنىڭ ئىچىدە ئۆگەت.
— قايسى يېشىڭدا ئاپا؟ سېنى قىرىقتىن ئاشتى دېسە كىم ئىشىنەر؟ چاقناپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىڭدىن نۇر يېغىپ تۇرسا، ئىسكەتىڭ ئاندىن پىچەت...
— شۇنداقمۇ قىزىم؟
بىلىپ - بىلمەي ئەينەك ئالدىغا دىكىلداپ بېرىپ ئۆرۈلۈپ چۆرۈلدىم، ئەينەكتىكى ئەكسىمگە زەن سېلىپ قاراۋېتىپ مەڭزىم قىزىرىشىپ كەتتى. كۆزلىرىم كۈلۈپ تۇرسىمۇ، قارىچۇقلىرىمدا بىر مۇڭ، كىرپىكلىرىمدە زارىقىش ئېسىلىپ تۇراتتى.
— قانداق، راستىمكەن؟ — ئايتۇرك مۇرەمگە يېنىك سو-قۇلدى، ئاندىن سومكىسىدىن مۇزىكا قۇتىسىنى چىقىرىپ كۇ-نۇپكىسىنى باستى. ساناقلار بىلەن تېكىست قىلىنغان جاققۇر - جۇققۇر مۇزىكىغا چۇشۇرۇپ قىسماقتەك ئېگىلىپ، چۆچۈرد-دەك تۇگۈلۈپ بىرمۇنچە ھەرىكەتلەرنى قىلدى، — قانداق، بولامدىكەن ئاپا؟
— ۋاي ئاللا، سېنىڭ بەدىنىڭ يۇمران تال چىۋىقمۇ، مەن قېتىپ قالدىم ئەمدى... — قېتىپ قاپتىمىشمەن تېخى، ناۋادا ئىچىم سىمابتەك ئېرىپ، لىغىرلاپ، يالاپ كېتەي دەپ تۇرمىغان

بولسا كاشكى.

يانفونۇم جىرىڭلىدى.

— خەيرلىك سەھەر ئاپا.

— خەيرلىك سەھەر ئوغلۇم.

— تاتلىق ئۇخلاپسەنمۇ؟

— شۈكۈر بالام، ئۆزۈڭلارچۇ؟

— دادام بىلەن ئىككىمىز لايدەك ئېزىلىپ ئۇخلاپتۇق، بېيجىڭنىڭ كېچىسى ئۇزۇن بولامدۇ - نېمە؟

— ماڭىمۇ شۇنداق تۇيۇلدى.

— سىڭلىم ئويغاندىمۇ؟

— چىشىنى چوتكىلاۋاتىدۇ ئۇ جىنتەك.

— ناشتىلىقنى تۈركلەرنىڭكىدە قىلىدىغان بولدۇق، ئاندىن ئۈنچە - مەرۋايىت دۇكىنىغا بارىمىز، تارىنىپ چۈشەمسىلەر؟

— ئۈنچە - مەرۋايىت دەمسەن؟

— دادامنىڭ ساڭا ئالماس ئۈزۈك سوۋغا قىلغۇسى باركەن-تۇق، ئەمەلىيەتتىمۇ سېنىڭ بارماقلىرىڭ شۇنىڭغا لايىق!

— قارا سېنى، ئوينىشىپ دەپ قويسام.

— لېكىن، بۇ دادامنىڭ قارارى.



بارماقلىرىمغا قارىدىم، تىللا ئۈزۈكلەر پارقىراپ تۇرغان ئۇزۇن، سىلىق بارماقلىرىمنى غوجام ئادەتتە كەمدىن - كەم تۇۋ-تاتتى، تۈكلۈك قوللىرىدا ئاستا سىلاپ، ئاۋايلاپ سىقاتتى. بۇن-داق چاغلاردا سوغۇق بىر ئېقىم يۈرەكلىرىمنى مۇجۇپ، قەل-بىمدە شىۋىرغان چىقاتتى، مەن كۆلۈمسىرەيتتىم، غوجامنىڭ چاناقلىرى ياشلىنىپ، بۇرۇن پەررىكىدىكى قارا مېڭىغا قايتى-دىن سۇ تولاتتى، مەڭلىرى جۇلالىنىپ پارقىراپ كېتەتتى. مەن شۇ چاغدىلا بۇ مەڭنىڭ چوقۇم غوجامنىڭ يۈرىكى بىلەن تۇتاش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم. ناۋادا بىر كۈنلەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا... ئەگەر مۇشۇ ئۆمرۈمدە ئۇ سۆيۈملۈك ئەبلەخ بىد-

لەن ئۇچرىششقا نېسىپ بولسىلا... ئۇ مېنىڭ قولۇمنى بىر رەت تۇتۇپ تۇرۇپ، كەمپۇت قەغىزىدىن ئۇزۇك ياساپ سىلىپ قويسا...

— ئاپا، نېمە خىيال سۈرۈپ قالدىڭ؟ دادامىلار ساقلاپ قالـ ـمىسۇن، بولە ئالتۇن خېنىم، — ئايتۇرك قەستەن دادىسىغا تەققاسلاپ قىلىق چىقىرىۋاتاتتى، — «ئالتۇن خېنىم» بىلەن تازا خۇشۇك يوق ـ ھە، لېكىن دادام مۇشۇ گەپنى دېگىلى كارا ـ مەت ئامراق، بىر ھېسابتا بۇمۇ بولىدىغان گەپ، — ئايتۇرك يوپكىسىنىڭ سىيرىتمىسىنى ئېتىۋېتىپ، گويا ئۆزىگە سۆزلە ـ ۋاتقاندەك گۇدۇڭشىدى.

ئەتىگەنلىك ناشتىنى تۈركلەرنىڭ تاماقخانىسىدا قىلدۇق. ناشتىلىقتىن كېيىن ئەرتېكىن پىچىقى بىلەن ۋىلكىسىنى قو ـ يۇپ، يۇمشاق قەغەز بىلەن بۇرۇتلىرىنى سۈرتكەچ دادىسىنىڭ سالفىتكىسىنى چۇشۇرۇپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى ھۆل قەغەز بىلەن سۈرتىۋېتىپ دېدى:

— قىزىق دەرۋازىنىڭ ئوتتۇن چوغىدا پىشۇرغان زىخلىق كاۋىپىغا ھېچنېمە يەتمەيدىكەن دېسە، شۇنداق سېغىندىم، ئاندىن ئاپامنىڭ زاغۇن يېغىدا ئەتكەن پولۇسىنى.

— ئاز قالدى، چىدا ئاكا، — دېدى ئايتۇرك يالپۇز چېيىغا ھەسەل قۇيۇۋاتقاچ.

— ئاپاڭلارنىڭ قولىنىڭ تەمى بار.

غوجامنىڭ ماڭا تىكىلگەن كۆزلىرى چىمچىقلىغاندا، مەن ئۇنىسىز كۈلۈپ قويدۇم.

— مەن چۈشۈپ ماشىنىنى توغرىلىغاچ تۇرايمىكىن، — دېدى ئەخمەت قوللىرىنى سۈرتۈۋېتىپ.

— چايدىن قېنىپ ئوتلىۋالامسەن ئاكا، — دېدى ئەرتېـ ـكىن ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ.

— بولدى ئىنىم، — دېدى ئەخمەت ئېچىلىپ كۈلۈپ گىـ ـ

دەن چاچلىرىنى تۈزىگەچ، ــ غوجامنىڭ ھارۋىسىنى ئېلىپ چىقايمىكىن؟

ــ بولدى قىل، دادامنى ئۆزۈم ئېلىپ چۈشىمەن، شۇنداق ـ مۇ دادا؟ ــ ئەرتېكىن دادىسىنىڭ قوللىرىنى تۇتتى.

ــ ساڭا ئېغىرىم چۈشۈپ قالدى بالام، مېنى بەك جىق يۇ ـ دۇدۇڭ، ــ غوجامنىڭ چاناقلىرى يەنە ياشقا تولدى.

ــ ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدى، بىر ئۆمۈر سىزنىڭ ئاياغلىـ ـرىڭ بولۇشقا رازىمەن دادا! ــ ئەرتېكىن كۈلدى، لېكىن ئۇنىڭ چاناقلىرىمۇ ياشقا تولغانىدى.

قەلبىم شامال ئۇرغان دېڭىز يۈزىدەك داۋالغۇپ كەتتى..

ــ يامان بولساڭ دادامنى لىفىت بىلەن ئەمەس، يۈدۈپ چۈشۈر ئەمىسە، ــ دېدى ئايتۇرۇك ئارىدىكى ئېزىلەڭگۈلۈكنى پەسكويغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئاكىسىغا ئەتەي چاقچاق قىلىپ.

ــ چاتاق يوق، ــ ئەرتېكىن باشلىرىنى قېقىپ قويدى، ئاندىن دادىسىنى ھاپاش قىلىپ 5 ـ قەۋەتنىڭ پەلەمپىيى ئال ـ دىغا كەلدى.

ــ بولدى بالام، سىڭلىڭ چاقچاق قىلدى، تەييار لىفىت تۇرسا شۇنىڭدىلا چۈشمەيلىمۇ؟ ــ غوجام ئوغلىنىڭ دۈمبىسىدە تۇرۇپ يۈزىگە يۈزلىرىنى ياقتى.

ــ رۇخسەت قىل دادا، يېنىكلەپ قالدىكەنمەن.

ئەت رەڭ تەنھەرىكەت ئايىغى كىيگەن ئەرتېكىن دادىسىنى ھاپاش قىلىپ پەلەمپەيلەردىن چۈشۈۋاتقاندا، ئاي ـ تۇرۇك قوللىرىمنى چىڭ سىقىپ، لەۋلىرىنى چىشلەپ، ئۈنسىز يىغلىدى.

قارا رەڭلىك CAMRY غايەت يوغان رەڭلىك شاكىلاتتەك ئېگىز ئىمارەتنىڭ ئالدىدا توختىغاندا، بىنانىڭ كەرەشنىۋاي

ئەينەكلىرى سەھەر قۇياشىدا چاقناپ تۇراتتى. ئەرتېكىن بىلەن ئايتۇرك دادىسىنى ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ تۇتقۇچلىرىنى تەڭ تۇتۇپ، زىننەت قۇتىسىدەك جۇلالاپ تۇرغان ماگىزىنغا ئىتتىرىپ كىردى.

ئايلانما تەخسىلەرگە قويۇلغان ئالماس كۆزلۈك زۇننار ۋە ئۈزۈكلەر كۆزنى چاقاتتى. ئاۋازى يۇمشاق، قىرقىم چاچ قىزلار قەدەمدە بىر ئېگىلىپ، ئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ماللىرىنى داملايتتى. راست گەپنى دېسەم، ئالماس ئۈزۈككە نە ئېھتىيا-جىم؟ شۇ چاغدا غوجامنى بەزلەش ئۈچۈن «ئالماس ئۈزۈك ئېلىپ بېرىلا» دېگەنتىم.

— سىلىگە قايسىسى ياردى خېنىم؟ — غوجام قىيا بۇرۇ-لۇپ ماڭا قاردى.

— ئۆزلىرى تاللىسىلا، سىلىگە يارىغىنى ماڭىمۇ يارايدۇ غوجام، — دېدىم ئۇنىڭغا مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ.

— شۇغىنىسى، — غوجام تۇكرۇكىنى يۇتۇپ، مەڭلىرىنى سىلاپ قويدى، — سىلىنىڭ كۆزلىرى مال تو-نۇيتتى.

— بۇ دېگەن سوۋغات دادا، ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭ تاللا! — ئەرتېكىن دادىسىغا ئېڭىشىپ قۇلاقلىرىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىر-لىدى. غوجامنىڭ كۆزلىرى شۇ ئانلا نۇرلىنىپ كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ دادىسىغا ئەقىل كۆرسىتىۋاتقىنىنى پەملەپ قالدىم.

— دادامغا نېمە دېدىڭ ئاكا؟

— بۇ ئەرلەرنىڭ ئىشى...

ئەرتېكىن سىڭلىسىغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— ئاۋۇنى ئېلىڭچۇ خانقىز، — دېدى غوجام دۆلەت تىلىنى شۇنچىلىك توغرا تەلەپپۇز قىلىپ، كۆرسەتكۈچ قولىنى ئۆزىدىن بىر چامدام يىراقتىكى دېنى پىشقان چىلگە قوناقچىلىك كۆزى

بار ئالماس ئۈزۈككە ئىما قىلىپ، — 11 ـ تەخسىگە قويۇلغىنىنى.

قىزنىڭ كىچىك كۆزلىرى شۇئانلا نۇرلىنىپ كەتتى:

— ۋاھ، كۆزىڭىز راستتىنلا مال تونۇيدىكەن ئەپەندىم!

دېدىمغۇ، بۇ ئەقىلنى ئۇنىڭغا ئوغلى ئۆگەتتى، غوجامنىڭ قولىدىكى ئۈزۈككە قاراپ ھەيران قالدىم، شۇنچىلىك چىرايلىق، نەپىس ئۈزۈك ئىدى ئۇ...

— قوللىرىنى ماڭا بەرسىلە، — غوجام ئىختىيارسىز ئوغلى بىلەن قىزىغا قاراپ ئوڭايسىز بىر ھالەتتە قىسىلدى، ئاندىن تىترەپ تۇرغان قولىنى ئۇزىتىۋىدى، ئۇنىڭغا ئىككىلىنىپ تۇرمايلا قوللىرىمنى بەردىم. غوجام بالىلىرىنىڭ ئالدىدىلا بارمىقىمنى تۇتتى، ئېنىقكى، بۇ ئەقىلنىمۇ ئۇنىڭغا ئوغلى ئۆگەتتى... نېمىشقا بالىسى دادىسىغا ئۆگەتكۈدەك بۇ ئىشنى؟ غوجامنىڭ مۇشۇنچىلىك جۇرئىتى بارلىقىغا نېمىشقا ئىشەنچ قىلالمايدىغاندىمەن؟ ماقۇل، ئەسلىدە شۇنداق دىتى بولغانمۇ بولسۇن، ئىچىدە بارى نېمىشقا گۇپۇلدەپ، لاۋۇلداپ تېشىغا تېپىپ باقمايدىغاندۇ ئالتە كۇنلۇك بۇ ئالەمدە؟... مەن، ئۇ شۇنچە ئەيمىنىپ كەتكۈدەك يا بىر چىشى يولۋاس بولمىسام... يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى يەنە شامالدارىشقا باشلىدى، تومۇرلىرىمغا كەكرىدەك بىر ئاچچىق تاراپ تۇراتتى. بىردىنلا بارمىقىمغا چۇشۇۋاتقىنى ئالماس ئۈزۈك ئەمەس، كويزا ـ كىشەندەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى، لېكىن كۈلمىسەم، كۈلۈمسىرەپ تۇرمىسام پەقەت بولمايتتى. غوجامنىڭ بارماقلىرىمنى تۇتقان قوللىرىنىڭ تىترىشى ئېخىمۇ ئەدەپ، ئۇنىڭ ئۈزۈك تاقاشقا سەرپ قىلغان ۋاقتى شۇنچىلىك ئۇزىراپ كېتىۋاتاتتى... ئالماس ئۈزۈك بارمىقىمغا كىرمەي

تۇرۇپ، قوللىرىدىن چاچراپ، ئەينەك پوكەي ئاستىغا دۇمىلاپ كەتتى.

— نان تەگدى مانا! — ئەرتېكىن قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى، ئەسلىدە ئۇنىڭ كۈلگۈسى يوقتەك، لېكىن شۇ كۈلكىسى بىلەن دادىسىنىڭ ئوغايسىزلىقىنى ياپماقچى بولغانلىقىنى ھەممىمىز ھېس قىلىپ تۇردۇق، — قېچىپ نەگىمۇ بارارسەن چىرايلىق ئۈزۈك؟ تەقدىرىڭ مېنىڭ ئاپامنىڭ بارمىقىدا تۇرسا، — ئەرتې-كىن ئېگىلىپ ئۈزۈكنى ئېلىۋاتقاچ يەنە كۈلدى، — دادام بەك ھاياجانلىنىپ كەتتى، ئەنگلىيە شاھزادىسى توي مۇراسىمىدا مە-لىكىسىنىڭ قولىغا ئۈزۈك سېلىۋاتقاندىمۇ ھاياجانلىنىپ كەت-كىنىدىن قوللىرى تىترەپ، ئالماس ئۈزۈكى چاچراپ چىقىپ كەتكەن ئىكەنتۇق، يەر يۇتقاندەك ئۇ ئۈزۈكنى ھازىرغىچە تې-پىشالماپتۇدەك. ئەمما، دادام ئاپامغا تاللىغان بۇ ئۈزۈك ساپ ئەقىدىگە باغلانغاچ، ئۇنى ئاخىرى تۇتۇۋالدۇق! قېنى مەرھە-مەت دادا.

— شۇغىنىسى ئوركېستىر ئورۇنلىغان مۇڭلۇق سىمفونىيە چالا قالدى ئاكا.

— مۇزىكا ئاپامنىڭ قەلبىدە ياڭراۋاتىدۇ جىنىتەك.

ئۈزۈك بارمىقىمدا يۇلتۇزدەك جۇلا قىلدى. ئەرتېكىننىڭ «ئەنگلىيە شاھزادىسىنىڭ توي مۇراسىمىدا يوقالغان ئۈزۈك» ھەققىدىكى بۇ ھېكايىنى ئىچىدىن توقۇغانلىقىنى بىلىپ پە-سىڭىدە كۈلۈۋەتتىم، شۇنداقتىمۇ بۇ كۈلكىنىڭ شۇ چاغدىكى كەيپىياتقا شۇنچىلىك گۈزەل تۈس بەرگىنىنى بىلدىم، ئاپپاق كۆڭلۈم شۇ كۈلكەم بىلەن جۇلالىنىپ، قاپقارىسى ئىچىمنىڭ ئىچىدە تىنىپ قالدى.

ئالدىراپ سومكامنىڭ سىيرىتمىسىنى ئېچىپ ھەمىيىنىم-دىن كارتىنى سۇغۇرغىچە، غوجام مەيدە يانچۇقىدىكى كارتىسىنى

قىزغا ئۆزىنىپ ئۆلگۈردى. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چاقچاق،
چەبدەس بىر ھەرىكىتى بولدى. شۇ ئانىلا ئەرتىكىنگە لاپ قىلىپ
قارىدىم، قارىچۇقلىرىمىز سۆيۈشكەندە ئۇنىڭ كۆزلىرىدە رازى-
مەنلىك پارلىدى.

— بۇ، بۇ... ئوخشاش ئەمەسمۇ، — ھەيران بولدۇم، —
نېمە ھاجىتى؟

— ھەر ئىشنىڭ قائىدىسى، ياراشقۇسى بولىدۇ ئا-
پا، بۇ دېگەن دادامنىڭ كۆڭلى! پۈتۈن - سۈرۈك ئەركەك تۇر-
غان يەردە ھەمىيان كوچىلاشنى ئاياللارغا كىم قويۇپتۇ، شۇنداق-
مۇ دادا؟

غوجام مەڭلىرىنى سىلاپ، ئۈنسىز كۈلۈپ قويدى.

*　　*　　*

ئەنقارىم بىلەن ئاق قۇرۇم ئاخىرى يات ئەلگە ئۇچۇپ
كەتتى... ھەممىمىزنىڭ خۇشلۇقى ھەم تۇقلۇقىنى شۇ
ھىجران يۇتۇپ كەتتى... ئىچىمنى يىغا بېسىپ تۇرات-
تى، غوجامنىڭ ئېزىلىشلىرى ئاندىن بەتتەر بولدى، ئۇ
خۇددى مۇشۇ كەتكىنىچە بالىلىرىنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغاندەك
ئېزىلىپ ھۆ تارتىپ يىغلىدى... بىلىمەن، ئۇنىڭ ئەزەلدىن باغ-
رى يۇمشاق بولسىمۇ، لېكىن يىغلاڭغۇ ئادەم ئەمەس ئىدى.
يۈرەكنى ئېزىدىغان ھەسرەتلىك بىر مۇڭ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن
يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقاندا يۈرىكىم چىدىغۇسىز ئېچىشىپ كې-
تىۋاتاتتى.

— جېنىم غوجام! سىلىدىن ئۆتۈنۈپ قالايچۇ، «يىغا يىغىنى
چىللايدۇ» دەپ ياش تۆكىۋەرمىسىلە، تىرىكلەر ئۈچۈن يىغلاش
ياخشى ئىش ئەمەسقۇ، يەنە بىر يىل قالدى، چىدايلى
ئەمدى.

— لېكىن، لېكىن مۇشۇ كۆزۈمنى ئويۇۋەتسەم بولىدۇ زا-
دى، يىغلىماي دەيمەنۇ، — غوجام لۆڭگىسى بىلەن يۈزىنى سۈر-
تۈپ ھېقىلىدىدى.

ئۇ ئادەتتە بۇنداق قارغاپ، قاقشىمايتتى، بۇنچىلىك تۆكۈ-
لۈپمۇ تاشمايتتى، ھەقنى كۆرىدىغان نۇرانە كۆزلىرىنى ئويۇپ
تاشلاشنى ئەزەلدىن ھەم ئويلاپ باقمىغانتتى. بوپتۇ، يىغلىسا
يىغلىۋالسۇن، ئىچىگە تۆكۈلگىنىدىن تېشىغا تۆكۈلگىنى ياخشى
بولسىلا....

# توققۇزىنچى باب

ئەخمەتكە بۇيرۇتۇپ ئەكەلدۈرگەن گاز ئوچاقنى مۇلازىمەت ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدىكى چاقچۇق تاختايغا قويۇپ، يېگىلى كۆڭۈل تارتىدىغانلىكى كۆكتاتلاردىن بىر شىڭگىلدىن سېلىپ، قائىدە بويىچە ئۆزۈن قايىنىتىپ، پەشتامامنى تاقاپ سەۋزە قەلەمچە قى-لىشقا باشلىدىم.

هايال ئۆتمەي زىرە سېلىپ دۇملەنگەن پولۇنىڭ مەززىلىك ھىدى كارىدورنى بىر ئالدى.

چىنە تاۋاقتا يېرىم ئۇسۇلغان ئاشنىڭ گۆشلىرى ئۆششاق توغرالغانىدى، ئېتەكلىرىمنى قىستۇرۇپ، غوجامنىڭ ھارۋىسى-نىڭ ئالدىدا زوڭزايدىم.

— چارچاپ كەتتىلە ھاجى خېنىم، ئاشنى مەن يېگۈزەيمى-كىن غوجامغا.

— بىلەكلىرىنىڭ مادارى بار ئۇنىڭ، ئۆز قولىدا تۇتۇپ يېگەن تائامنىڭ مەززىسى بۆلەك، شۇنداقمۇ غوجام؟ — غوجامغا قاراپ ئېچىلىپ كۈلدۈم.

غوجاممۇ ئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، قولۇمدىن تاۋاقنى ئېلىۋېتىپ ئۈنسىز كۈلۈپ قويدى. لېكىن، لەۋلىرىنىڭ بىر بۇرجىكى قىيسىيىپ كۆزلىرىگە يەنە ياش ئولاشتى، تىترەپ تۇرغان تۈكلۈك بارماقلىرىدا ئاشنى كاپاملاپ ئېغىزىغا سالغاندا بىرنەچچە تال گۈرۈچ يەرگە چېچىلىپ كەتتى.

— ھېچقىسى يوق، ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ چىشى ئاياغ ئاس-تىمدا قالدى دەپ ناگىرىم بولمىسىلا، مەن تىرىۋالاي، — دېدىم

ئۇنىڭ كەينىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئەتەي چاقچاق قىلىپ، — ئاش ئېغىزلىرىغا تېتىدىمىكىن؟
— بەك ئوخشاپتۇ، — غوجام ئاشنى يۇتۇۋېتىپ بېشىنى بىرنەچچىنى لىڭشىتىپ قويدى.
تۆكۈلگەن ئاشلارنى قەغەز بىلەن تېرىۋاتقىنىمدا، سالامەت خېنىمنىڭ پەس ئاۋازى ئاڭلاندى:
— مۇشۇ گۇرۇچ دېگەننى ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ چىشى دەيدىكەن، راستىمدۇ ھاجى خېنىم؟
— مىكىن - پىكىنى يوق. راست سالامەت خېنىم، ئۇ ئۇلۇغلار ئۇلۇغ، ئەمما ئاش ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ!
— خېنىمنىڭ بىلىشى ئۇستۇن، زېھنى ئاندىن ئۇچۇق، جىق كىتابلارنى ئوقۇغان تەقۋا ئايال دەپ ئاڭلىغانتىم، راست ئىكەن - دە...
— بۇنىڭدىن گۇمانلانسىڭىز بولمايدۇ سالامەت خېنىم، — غوجامنىڭ ئاۋازى ئادەتتىكىدىن ئۇرغۇلۇق چىقتى، — ئۇ ئەزەلدىن نېمەتلەرگە ئىسراپچىلىق قىلمىغان.
— شۇڭا رىزقى كەڭرىدە ھاجى خېنىمنىڭ.
— سەۋەبى، ئۇ توقلۇقتا تۇرۇپ، ئاچلىقنىڭ دەردىگە يېتەلىگەن!
— بەك توغرا دېدىلە غوجام، — سالامەت خېنىم خىجىللىق ئارىلاش كۈلدى.
غوجام ئاشلارنى چايناۋېتىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.
ئۇنىڭ «توق تۇرۇپ ئاچلىقنىڭ دەردىگە يېتىش» دېگىنىنى ئويلاپ قالدىم. غوجامنىڭ گېپى ئادەتتە ئاز، لېكىن مۇشۇنداق ساز ئىدى، ئۇنىڭ ئەقىللىق، سەزگۈر ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتىم. ئەمما، ئۇنىڭ ئىچىمنى سىقىپ، يۈرىكىمنى مۇجۇپ، مەنىۋىيىتىمنى غاجاپ، روھىمنى شەلۋەرەتكەن تەرىپىنىڭ زادى نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم ھەم «پالانى» يەردە دەپ شەرھلەپ

بىرەلمەيتتىم، ئۇنىڭ نەزەرىدە مەن «توق» ئايال ئىكەنمەن ـ دە...؟ كاشكى، روھىمدىكى ھاڭراپ تۇرغان ئاچارچىلىق بىلەن چاكىلداپ تۇرغان قەھەتچىلىكنى بىلسەڭ جېنىم ئېرىم...

ــــ ئېغىزلىرىغا تېتىدىمۇ غوجام؟ ــــ غوجامنىڭ چىپىنى پۈۋلەۋېتىپ يەنە قايتا سوراپتىمەن، بۇنچە تەخىرسىزلىك قىلـ ـمىسامۇ ئېغىزىدىكىنى يۇتۇپ بولسا، ياكى تامىقىنى يەپ بولۇپ «بەك ئوخشاپتۇ ئالتۇن خېنىم، قولۇلىرىغا دەرد بەرمىسۇن» دېـ ـيىشى قاچىدىكى ئاشتەكلا ئېنىق ئەمەسىدى...

ــــ ئەرتېكىن دوختۇرخانا باشلىقىدىن پىروفېسسورنى سۇرۇشتۇردى، كېسەللىكلىرىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى بىلىپ باققۇمىز كەلدى، بولۇپمۇ پۇت ـ پاقالچاقلىرىنىڭ سەل ئوـ رۇقلاپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى.

ــــ ئامالىنى قىلمىساق بولمايدۇ غوجام، سەۋەبىنىڭ ئالمىـ ـغۇ ـ بۇ، لېكىن پىروفېسسور داۋالاش لايىھەسىنى تۈزۈپ بېـ ـرىپ، ئامېرىكىدىن ئۇدۇل شاڭخەيگە ئائىلىسىنى يوقلاش ئۈچۈن ئۇچۇپتۇدەك.

ــــ ئەجەب چىدايدۇ ـ ھە ئۇلار، ئۆز خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن نەچچە يىلدا بىر قېتىم كۆرۈشۈپ...

ــــ باشقا كەلگەندە چىدىماي نە ئامال سالامەت خېنىم؟ جېـ ـنىدا مەنمۇ غوجامنى تاشلاپ قويۇپ...

ــــ يوقسۇ خېنىم، ئۇ بۇنىڭغا قانداق ئوخشىسۇن؟ ھەممە سىلىگە قاراشلىق تۇرسا، ھېلىمۇ 15 يىلنىڭ ياقى چەككەن جاـ ـپالىرى ئازمۇ؟ ھەر ئىككىلى دۇنيا قەرزىمنى ئادا قىلالمايمەن ئالدىلىرىدا، ــــ غوجامنىڭ يەلكىلىرى يەنە پالتا ئۇرۇلغان سەـ ـگۇ تېرەكتەك سىلكىندى...

گەپ ـ سۆز قىلمىدىم، لېكىن ئويلىنىپ قالدىم...

... ئاتام ئوڭ ـ سول قۇلاقلىرىمدىن تەكبىر چۈشۈرۈپ قويغان ئىسمىم لەيلى ئىدى! ئەمدىلىكتە «ئالتۇن خېنىم» بولۇپ

قالدىم، ناۋادا ئىسىملار بىلەن تەقدىرنىڭ مۇناسىۋىتى بار دې-يىلسە «سۈپۈرگە خېنىم» بولۇپ ياشاشقىمۇ رازى ئىدىم، شۇن-داق بولغاندا مەن بىر ئۆمۈر سۈپۈرۈندە ـ ئەخلەت سۈپۈرۈپ ئۆتسەممۇ، غوجامنىڭ لەيلىقازاقلىقتا لەگلەك ئۇچۇرۇپ ئوينى-غان چۈشىدىكى ئاشىقى بولۇپ، تەقدىرىم، نىكاھىم ئۇنىڭغا مەڭگۈ باغلىنىپ قالماس ئىدى. مەيلىتى، يەتتە جىلك كەتمىنى بار، قوشماشتا يەر ئاغدۇرىدىغان قوشۇما قاش دېھقان يىگىتنىڭ ياكى كالا ـ قوي باقىدىغان پادىچى ـ يىلقىچىنىڭ خوتۇنى بو-لۇپ قالغان بولسام... يالاڭئاياغ توپا دەسسەپ، ئەنگىلىشىم كۆڭلىكىمنى كىيىپ شامال يەلپۈپ تۇرغان باھاردا ھۆپۈپنىڭ كۇشۇلدىشىنى ئاڭلىغاچ، بىنەم يەرگە ئۇرۇق چاچار ئىدىم... ئېتىكىمنى قىستۇرۇپ تېزەك دەسسەپ، دومبا چوڭگۇنگە سۈت ساغقان، ياغاچ ئاياقتا قېتىق ئۇيۇتۇپ، پەيشەنبە بازاردا قېتىق ساتقان بولاتتىم... غوجام نېمە دېدى؟ «ھەر ئىككىلى دۇنيادا...»

مىزاننىڭ سەلكىنى كېتىپ، ئوغۇزنىڭ ئىزغىرىنى سوققان مىسكىن كېچىدە غوجامنىڭ يىنىدىكى سىم كارىۋاتتا يانتۇ يې-تىپ خىيال قىلىۋاتاتتىم. ئۇ ئېچىلغان ئالىقانلىرىغا سىڭار يۈزىنى قويۇپ مىسلداپ تىنىپ ئۇخلاۋاتاتتى، يۇمشاق تىنىش-لىرى ۋۇجۇدىنى ئوراپ تۇرغان مىسكىنلىككە مۇڭ ـ ھەسرەت، دەرد ـ پىغان قوشۇپ تۇراتتى... چەكسىزلىككە سوزۇلغان ئۇ-زۇن كېچە مەڭگۈ تاڭ ئاتمايدىغاندەك... پەردە ئاراچىلىرىدىن چۈشكەن كەمتۈك ئاي نۇرى بالنىستىكى ھەممە نەرسىنى گۆڭگىلاشتۇرۇپ تۇرغاندەك... يۈرىكىممۇ ئەنە شۇ ئايغا ئوخشاش پۈتۈن ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئاشۇ كەمتۈكلۈك ئازابىدىن غۇۋالىق قاپلىغان قەلبىمنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ئىزدەپ يېرىم ئۆمرۈم ئۆتۈپ كەتكەنىدى. چاقماق چېقىلغاندا قارا بۇلۇتلار يالتىراقتەك كۆ-يۈپ، يېرىم دۇنيايىمنى قۇياشتەك نۇرلىتىپ ئۆتكەندە، ئىچىم يورۇپ قەلبىم پۈتۈن بولۇپ كەتكەنىدى... ئۇنى كۆز ئالدىمدىن

يوقاتقان ئاشۇ دەقىقىدە جاھاننى قاراڭغۇلۇق بېسىپ بىگانە بول-غانتىم، ئۇنى يەنە بىر مەرتەم كۆرۈشكە زار دىۋانە ئىدىم...

... «ھە، ئىككىلى دۇنيادا قەرزدار بولماقچى»مىدىڭ جېنىم غوجام؟ يېتەر! پانىيدىكى ئۆمرۈم ساڭا بەخشەندە بولدى، يېشا-نەمگە شۇ پۈتۈلگەن بولسا ھەقنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنماي نە ئا-مالىم؟ بەلكىم كۆپۈرلۈق قىلىۋاتقاندىمەن، يوقاتقانلىرىمنىڭ بەدىلىگە ئېرىشكەنلىرىمنى ھېسابلىمايۋاتقاندىمەن. بەلكىم قىسمەتلىرىمنىڭ توققۇزى راھەت، بىرى ئازاب بولسا، شۇ بىرى ئۈچۈن توققۇزىنىڭ مېھرىدىن كېچىۋاتقاندىمەن... ھەر كىملەر-دىن ھېچبىر رىزقىمنى كەم قىلمىدىڭ، ھەممىنى بەردىڭ، پە-قەت ھەممىنىڭ ئىچىدىن شۇ بىرىنىلا ئېلىپ قالدىڭ، ئۇنىڭ دەردى ـ ئازابى بارچە راھىتىمنى يۇتۇپ، جان ـ جېنىمغا ئۆتۈپ كەتتى، غوجام خاسىيەتلىك ئۆمۈچۈكنىڭ يۆگىمەچ تورىدەك چاپلاشقاق مېھرى بىلەن پۈت ـ قوللىرىمنى چۇشۇۋالدى. ئا-خىرى پۈتۈن ئۈمىدىمنى باقىيغا باغلاپ، پانىيدىكى شاپائەتلىد-رىم بىلەن ئاخىرەتتىكى دۇنيايىمنى يورۇتماقچى، نامۇئەملىم ئوڭ تەرەپتىن بېرىلگەن سائەتتە 16 ياشلىق پەرىزاتقا ئايلىد-نىپ، تەڭرىمدىن قىسقى قالغان بۈيۈك بەختىمنى تىلىمەكچى بولغانتىم... مانا قەلبىمگە ئوت يېقىپ، دىلىمنى يورۇتقۇچى بۇ-يۈكلۈكۈم سەن بولدۇڭ! سېنى تىلەيمەن قارا كۆز ئەبلەخ!... ئا-سىي نىيەتلىرىم ئۈچۈن كۆزلىرىمنى كور قىلما تەڭرىم! قارد-چۇقۇمدا چاقماق چېقىستىپ، ئۇنى يەنە بىر مەرتەم كۆرسىتىپ قويغىن، پانىيدىكى ئالىمىڭدە غوجامنىڭ قېرى دېدىكى بولسام بولايكى، ئۇنىڭ خوتۇنى بولۇشقا ھەرگىز نېسىپ قىلما، ئۇنىڭ-غا مەن كەبى باغرى تاش، شەخسىيەتچى، كۆڭلى قارىنى ئەمەس، ئايدىن گۈزەل، كۈندىن چىرايلىق ھۆر خېنىمنى ئاتا قىلىپ بەختىنى پۈتۈن قىل! ئۇنىڭ ئاياغلىرىنى مۇشۇ دۇنيادا بىر مەر-تەم قايتۇرۇپ بەرگىن... مەن نېمىگە ھېساب؟! ئەرتىكىنىم بىد-

لەن ئايتۇركۇم ئۇچۇن ئاتىسىنىڭ ئاياغلىرىنى قايتۇرۇپ بەر تەڭرىم!... خىياللىرىم چىتلاقتا يۈگەشكەن چىڭگىلىكتەك گا-دىرماچ، قېرى دەللىنىڭ تاغاق تەگمىگەن چاچلىرىدەك چىگىش ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ چىرمىشىپ كەتكەن ئۇچى ۋە تۈۋىنى ئىلغا قىلىپ يىلتىزى، غولىنى ئۆزۈم تاپالايتتىم. پاسىق، شەخسىيەتچى، ئىچى قارا، ئاسىي ئايال بولغۇم يوق ئىدى، شۇن-داقتىمۇ ئىچىمنىڭ ئىچىدە شۇنىڭغا مايىل بىرى بوغۇق ئاۋازى بىلەن مۆڭرەپ قوترايتتى، تېشىم بولسا ئالىيجانابلىق، پەزد-لەتنىڭ نۇسرەتلىك رەڭلىرىدە يالتىراپ تۇراتتى.

— خېنىم... ئالتۇن خېنىم...

غوجام مېنى چاقىرىۋاتامدىكىن ياكى ماڭا شۇنداق تۇيۇلدىمۇ كۆزلىرىمنى ئاچاي دەپمۇ زىنهار ئاچالمىدىم، لەۋلىرىم قىمىر-لىغاندەك قىلدى ـ يۇ، تاغ باستۇرۇپ قويغاندەك مىدىرلىيالمى-دىم. بەلكىم چۈش كۆرۈۋاتقاندىمەن، بەلكىم غەپلەت باسقاندۇ...

— خېنىم بامدات تەلمۈرۈپ قالمىسۇن، — غوجامنىڭ غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئۈنى ئەمدى قۇلاقلىرىمغا تاغ شامىلىدەك ئۇرۇلدى.

چۆچۈپ ئويغاندىم.

سالامەت خېنىم ئېرىمنىڭ تۇكلۇك بارماقلىرىنى نازۇك چىمەلتەكلىرىدىن گۈل چىقىرىپ تۇرۇپ، هۆللەنگەن لۆڭگە بىلەن بەكمۇ ئاستا، ئاۋايلاپ سۈرتۈۋاتاتتى. ئىچىمنىڭ بىريەر-لىرى شۇررىدە قىلىپ قالدى، تۈۋا، بۇ خېنىم تېگى ئۆزىدىن غوجامنىڭ خوتۇنىغا ئوخشاپ قېلىۋاتامدۇ ـ قانداق؟ نەقەدەر ماسلاشقان مېھرىبانلار...

— ماڭا بەرسىلە سالامەت خېنىم! — ئۇنىڭ قولىدىكى ئىسسىق لۆڭگىنىڭ قانداق بولۇپ قولۇمغا چىقىپ قالغىنىنى سەزمەي قالدىم. لۆڭگىنى داستىكى سۇغا چىلاپ، غوجامنىڭ قوللىرىنى قايتىدىن سۈرتۈشكە باشلىغاندىلا ئېسىمگە كەلدىم،

بىردىنلا قۇلاقلىرىمغىچە لاپ قىلىپ ئوت ئالدى، ئوڭايسىزلىقـ
تىن بېشىمنى كۆتۈرۈشكىمۇ مادارىم قالمىدى... بەلكىم بۇنى
كۇنداشلىق دېگىلى بولماس، «بەلكىم» مەۋجۇت ئەمەس، مۇتلەق
بولمايدۇ...ئەمىسە بۇ نېمە؟ قىزغىنىش، چىدىماسلىق، ئىچى
تارلىقمۇ؟...ياق، نېمە پەرقى؟! بۇمۇ ئەمەس، ئەمىسە نېمە؟ نېمە
بولسا شۇ! ئىشقىلىپ ئۇ بالامنىڭ دادىسى!... ئۆزۈمنىڭ شۇ
چاغدىكى قىلىقىمنى ئۆزۈمگىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتىم،
چاندۇرۇپ قويسام سالامەت خېنىمنى تولىمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالدا
قويۇشۇم تۇرغانلا گەپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئوبدانراق بىر چارە ئويـ
لىشىم كېرەك.

— خېنىمنىڭ قوللىرى شۇنداق ئەپچىلكەن.

سالامەت خېنىمنىڭ مۇلايىم ئاۋازى مېنى بۇ ئوڭايسىزلىقـ
تىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى.

— يوقسۇ، مەندىن يەنىلا سىلى ياخشى، — بېشىمنى كۆـ
تۈرۈپ ئۇنىڭغا جىلمىيىپ قويغۇچە يۇزلىرىم غەلىتە تارتىشىپ
كەتتى، — ئۆزۈڭ بولۇپتۇ ئۆز قولۇم بىلەن غوجامنىڭ قوللىـ
رىنى سۈرتۈپ قويمىغىلى، شۇڭا...، — ئوڭايسىزلىقىمنى كۆلـ
كىلىرىم بىلەن ياپماقچى بولدۇم، — شۇنداقمۇ غوجام؟

— رەھمەت ئالتۇن خېنىم، بۇ قوللىرىمنى ھېچكىممۇ
سىلىچىلىك مېھرى بىلەن سۈرتەلمەيدۇ، — غوجامنىڭ ياشاڭـ
غىراپ تۇرغان بوز كۆزلىرىدە يانغان مىننەتدارلىقتىن ئاجايىپ
بىر خاتىرجەملىك، رازىمەنلىك بالقىدى.

— يەنىلا «گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان، پىيازنىڭ پىژىلداپ
كۆيگىنى كۆيگەن»، — سالامەت خېنىم چاقىلداپ كۈلدى، لېـ
كىن ئۇ ماڭا شىۋىرغاندا ئۆتۈكىنى سىلىپ بېرىپ يالاڭئاياغلىـ
رى بىلەن كۆك مۇزنى دەسسەپ، نەشتەردەك سوغۇق مېڭىسىگە
چىقىپ كەتسىمۇ، قولىدا يەلپۈگۈچ تۇتۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقانـ
دەك بىلىندى... ھە دېسە تەقۋالىق بىلەن ئالىيجانابلىقتىن سۆز

ئاچىمەن تېخى، ياخشىلىقتا ھەقىقىي يېقىن ئىنسانلار دەل سالا-
مەت خېنىمدەك كىشىلەر ئەمەسمۇ؟ ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئالدىدا
يىگىنە كىرىپ كەتكەن رېزىنكە قونچاق لاپسىيىپ قالغاندەك
ھېس قىلىپ قالدىم...

بامداتتىكى قىسقىغىنە ئىلتىجادىن كېيىن سۈتلۈك تال-
قان، بادام، ياڭاق مېغىزلىرى بىلەن ناشتىغا تۇتۇندۇق.

— چۈشلۈك تاماقتا كۆكۈللىرى نېمىگە تارتىدىكىن غو-
جام؟ — دېدىم ئۇنىڭ چېيىغا نان توگۇرۇۋېتىپ.

— ئەخمەت بالىغا تېلېفون قىلساق ھېلىقى تۈركلەر
ئاشخانىسىغا بېرىپ، — دېدى غوجام، سۈتلۈك چېيىنى بوش
يۇۋلەپ قويۇپ، — شۇلارنىڭ ئېغىزغا تېتىغۇدەك تاماقلىرى
بولسا...

— كۆكۈللىرىدىكى گەپمۇ بۇ غوجام؟ دېسەم - دېمىسەم
سامساق نەيزىسى بىلەن قىزىلمۇچ، پەمىدۇرنى قورۇپ ئەتكەن
لەڭمەننى تازا سېغىندىلىغۇ دەيمەن؟ قانداق دېدىم سالامەت
خېنىم؟

— ئەجەب موللا تاپقاكەنلا، خېلى كۈنىنىڭ ياقى غوجام
سىلىنىڭ قولىلىرى تەگكەن لەڭمەننى سېغىنىۋاتقان ئۆز ھاجى
خېنىم، — دېدى سالامەت خېنىم داستىخاندىكى ئۇۋاقلارنى يىغ-
غىشتۇرۇۋاتقاچ.

ئۆزۈم لەڭمەننىڭ گېپىنى قىلىۋاتقاچ، لەڭمەن پۇرىقىنى
سېغىنىپ قالدىم، غوجام قانچە سېغىنغاندۇ؟ بەلكىم شۇ تاپ
ئۆيدىكى خىروم تاشلىق دېۋانلاردا بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ، رېشىلد-
يە داستىخان ياپقان ئازادە ئۇستەلگە تىزىلغان خىرۇستال قەد-
دانلاردىكى بېغىمىزدىن ئۈزگەن مۇناقى، جىنەستە، توغاچلارغا
ئېغىز تەگكەچ، جانان تەخسىلەردە لىغىرلاپ تۇرغان لەڭمەنلەر-
نى شوراپ ئولتۇرۇپ سۈرگەن لەززەت غوجامنىڭ تامغاقلىرىغا
ئاللىقاچان يامرىدى...

— مالال كۆرمىسىلە سالامەت خېنىم، كۆكتات بازىرىنىڭ ئەلمى - تەلمى سىلىگە مەندىن تونۇش، ئەتىگەندە دىككىدە چىد-قىپ يېغى قوي گۆشى بىلەن يۇمران كۆكتاتلاردىن بىر قازانلىق ئېلىپ كىرگەن بولسىلىرى.
— شۇنداق قىلىمەن ھاجى خېنىم، خوپىزۇلارنىڭ قولىدا يۇغۇرغان خېمىر پىلتىسى بار، شۇنىڭدىنمۇ ئالايمىكىن؟
— يوقسۇ، ئۆزۈم يۇغۇرىمەن.
غوجام كۈلۈپ قويدى، قارىسام ئۇنىڭ يۈزلىرىگە قان يۇ-گۈرۈپ، قارا مەڭلىرىگە سۇ تولۇپ قالغاندەك كۆرۈندى. بەلكىم ئۇ خوتۇنىنىڭ پەشتاما تارتىپ، قەمىس ياغلىقلىرىنى چېكىلەپ چىگىپ، تەرلەپ - پىشىپ لەڭمەن تارتىشلىرىنى، ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ كىرگەن تەخسىسىنى ئۆز قولى بىلەن داستىد-خانغا قويۇپ، «ئالسىلا غوجام، باقسىلا» دېيىشىنى سېغىنىدى... بىلىمەن، ھېچكىممۇ مېنىڭ بۇ تىللا ئۈزۈك سالغان لەڭمەن پىلتىسىدەك بارماقلىرىمغا ۋە سودا قايىنىمدا چېپىپ يۈرۈش-لىرىمگە قاراپ، تاختا بېشىدا لەڭمەن تارتىدۇ، قازان بېشىدا چۆمۈچ تۇتىدۇ، دەپ ئويلىمايتتى. ئويلىمىسا مەيلى، ئويلىمى-غانغا ئويلىتىپ نېمە قىلاي؟ ئىشقىلىپ مەن غوجام يەيدىغان لەڭمەننى چوقۇم ئۆز قولۇم بىلەن ئېتىپ بېرىشكە تىرىشاتد-تىم...
ھاۋا خېلىلا سوۋۇپ قالغانىدى، سالامەت خېنىم توقۇلما پەلتوسىنى كىيىپ ياتاقتىن چىقتى. ئۈچ كارىۋات قويۇلغان، تام ئىشكاپلىق، تازىلىق ئۆيى بار 20 كىۋادرات مېتىر بالىنىست غوجام بىلەن ئىككىمىزگە يالغۇز قالدى. ياتاق ئىچى ئىللىق ئىدى، چەينەكلىك ھور پۇركىگۈچتىن چىقىۋاتقان بۇس ھاۋانى نەملەشتۈرۈپ، دورا پۇراقلىرىنى سۇسلاشتۇرۇپ تۇراتتى.
— سىېستىرالار كىرگۈچە كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويايمۇ غوجام؟ — دېدىم ئۇنىڭ ھارۋىسىنىڭ تۇتقۇچلىرىنى

تۇتۇپ.

— بەربىر دورىغا چىلىشىدۇ، داۋالاشتىن چىقىپ ئال-ماشتۇرايمىكىن؟

— دۇبەينىڭ ئەنبىرىدىن ئالايتەن كىرگۈزگەنتىم سىلد-نى ئامراق دەپ، ھەر قۇر كىيىملىرىنىڭ ئىچ يانچۇقىغا بىر نوكچىدىن سېلىپ قويىمەن، دورا پۇراقلىرىنى بېسىپ كېتىدۇ.

— لېكىن، سىلىنىڭ ئۇ پۇراق بىلەن تازا خۇشلىرى يوق،

— غوجام بوز كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قاچتى.

— كىم دەيدۇ؟ شۇنداق خۇش پۇراق تۇرسا...

— مەن ئەزەلدىن شۇنداق ھېس قىلىمەنغۇ تاڭ، — غوجام بۇ قېتىم «ئالتۇن خېنىم»لىماي مەن بىلەن شۇنچىلىك ئازادە پاراڭلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئويلىنىپ قالدىم، بەلكىم غوجام سەسكىنىشلىرىمنى سەزگەندە، بەدىنىمدىن تاراۋاتقان ئەنبەر پۇ-راقلىرىدىن كۆرۈپ قالغان بولسا...شۇ ئەنبەرلەرگە رەھمەت...

— دائىم ئەمەسقۇ؟ — مۇرىلىرىمنى قىسىپ، ئالىقانلىد-رىمنى يېيىپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتىم، — بەزى - بەزىدە كۆچلۈك پۇراقتىن دىمىقىپ قالىمەن شۇ، زىيادە سەزگۈرلۈك كېسىلىمىكىن - يا؟...

ئىشىك يېنىك چېكىلگەندە چۈشەندۈرۈشلىرىم ئۈزۈلۈپ قالدى. ئىجازەتتىن كېيىن لاتا خەي كىيگەن ئىككى سېستىرا خېنىم شىپىلداپ دەسسەپ كىرىپ ماڭا سۇس باش لىڭشىتىپ قويۇپ، غوجامنىڭ ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ كارىدورغا قاراپ ماڭدى.

— كېچىدىن ئۇيقۇسىز قالدىلا، مەن كىرگۈچە قېنىپ بىر ئۇخلىۋالسىلا ئالتۇن خېنىم، تاماقنى سالامەت خېنىم ئېتەر بولمىسا.

— ياق ئۆز قولۇم بىلەن ئېتىپ بېرىمەن غوجام.

كارىۋاتقا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم، ئىشنى قەيەردىن

باشلاشنى بىلمەيتتىم، كاللامنى تەگسىز خىياللار قوچۇپ يۈ-رەتتى... خامۇشلۇق ئىزىپ تۇرغان ۋۇجۇدۇم لەشتەك ئىدى، كۆزلىرىم ئۇيقۇدىن بىدار، قەلبىمنىڭ بىر يەرلىرىدە بىر ئۇچ-قۇن پىلدىرلاپ كۆيۈپ، ئۇنىڭدىن تۇتاشقان ئوت باغرىمنى كۆي-دۈرۈپ، يالقۇنلىتىپ تۇراتتى. ئۇمىدسىزلىنەتتىم، زارىقىشلى-رىم يەنە ئۇمىدلەندۈرەتتى... ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئەيىبلەپ، ئىخ-زىمنىڭ يۈز قات تىرىسى چۈشۈپ بولغاندۇ، يەنە مەن ئۆزۈم بو-لۇپ قىلىۋەردىم... ۋاقىت ئۆتكەنسىرى ھەممە ئۆتۈپ كېتىدۇ دەپ ئويلايتتىم، ئەمما ھېچ نەرسىنىڭ ئۆزگەرگىنى يوق. ھايا-تىڭدا نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشىپ، ئىچىڭدە يۈزلەرچە شاملار ياندىكەن؛ نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوقىتىپ، ئىچىڭ شامدەك ئې-رىپ ئاقىدىكەن... ئەمما قانچىلىك ۋاقىت ئۆتسە ئۆتسۇن، شاملار بىر - بىرلەپ ئېرىپ ئۆچۈپ، ئاخىرى بىر تاللا شام ئۇ-مىد چىرىغىدەك يېنىپ تۇرىدىكەن... بەزىدە ئىخزىمنى ئاچقى-نىمدا نەپەس ئەمەس، ئىچىمدىن ئوت چىقىۋاتقاندەك سېزىلەت-تى... نۇرغۇن ئادەم يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىدە ئېرىششنىڭ كو-يىدا. ساناقلىقلا بىر كۈنلەر كېلىپ مۇشۇ خىيالىمدىن خەۋەر تاپقان بىر كاللىسى قوداڭ مېنى ساراڭدىن ساراڭغا چىقىرىپ، جەددى - جەمەتىمگىچە قەدەر قارغاپ كېتەر... قۇمساڭغۇ تۈپ-راقتا قەد كۆتۈرگەن ئاسمان - پەلەك بىنالار... جاھاننى زىلزى-لىگە سالغان، تارىخىي كەچمىشلەرگە باغلانغان تالاي قان تۆكۈ-لۈشلەر... كاللا كېسىشلەر ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان ئاجايىپ ۋەقەلەرنى خىيال قىلمىغىنىمغا قاتتىق ئەپسۇسلىنىپ كېتەر... جاھاندا ئەپسۇسلىنىدىغان ئىشلارنىڭ كۆپلۈكىگە نېمە دېگۈ-لۈك؟ لېكىن ھەممىنى تىل بىلەن سۆزلەپ چۈشەندۈرگىلى بولاتتىمۇ؟...ئۆزۈمگە تالىق تۇيغۇلىرىمغا باشقىلارنىڭ بىرنەرسە دېيىشىگە ھەققى يوق، كاللام ئۆزۈمنىڭ، خىيالىم تېخىمۇ شۇن-داق، نېمىنى قىلىشنى بەلگىلەپ بېرىدىغانلار شۇنچىلىك كۆپ

بولسىمۇ، نېمىنى خىيال قىلىشنى ھېچكىم ماڭا بەلگىلەپ بېرەلمەيتتى، ھەتتا ئۆزۈممۇ خىياللىرىمنى كونترول قىلالمايتتىم.

ئورنۇمدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا كەلدىم، زەڭگەر پەردىلەرنى قايرىپ سىرتقا قارىدىم... ئاسمان بىتىمۇ زەڭگەر رەڭدە ئىدى، كۆزۈمگە ھەممە نەرسە شۇ رەڭدە بولۇپ كۆرۈنۈۋاتقاندەك تۇيۇلدى. بەلكىم زەڭگەر پەردىلىك دېرىزىگە بەك ئۇزۇن قاراپ ئولتۇرغىنىمدىن بولدى، كۆزۈمنى ئۇۋۇلاپ يەنە بىر قېتىم ئاچتىم. ئەمما، كۈتۈلمىگەندە ئاجايىپ تاسادىپىيلا كۆزلىرىم بىر نۇقتىدا قېتىپ قالدى... دېرىزە بولمىغان بولسا ئۆلۈپ قالارمىدىم؟ ئۆلۈپ قالغان بولسام كىرپىكلىرىم جۇپلىشەرمىدى؟ قارىچۇقلىرىمدىن چاقماق چېقىلغاندا ئەينەكلەر چاراسلاپ سۇنۇپ، چاچلىرىمدىن تۇتۇن چىققاندەك بولدى. تۇتقۇچلارنى قايرىپ دېرىزىنى جالاقلىتىپ ئاچتىم. ئەمدى ئۇنى توسالغۇسىزلا ئۆز قەلبىمنىڭ دېرىزىسى بىلەن كۆرۈۋاتاتتىم... ئۇ بۇ قېتىم ھاۋا رەڭ كۆڭلەكلىك خېنىمنىڭ ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ ئەمەس، بىر قولىدا ئىككى چايداننى كۆتۈرۈپ چىملىق ئاراشلىرىدىكى چىغىر يولنى بويلاپ كېلىۋاتاتتى، تۇيغۇلىرىم مېنى ئالداۋاتامدۇ ـ نېمە؟ ياق... خۇدا ھەققىدە، راست! ئۇ ئادەم دەل شۇ! كۇل رەڭ سېرىتمىلىق چاپىنىنىڭ ئالدى ئېچىۋېتىلگەن، ئېغىزىدا تاماكىسى پۇرقىراپ كۆيۈۋاتاتتى.

ــ ھە... ي، ــ ئاۋازىمنىڭ بىر يەرلىرى بوغۇزۇمدا قىسىلىپ قالدى... ئۇ ئىختىيارسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىغاندەك قىلدى، لېكىن دېرىزىگە قارىمىغىنى ئېنىق. قايناق سۇغا چۈشۈپ كەتكەن تىرىك توخۇدەك پالاقشىپ كەتتىم. سەرەڭگە قېپىدەك بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ قايسى تۆشۈكتىن چىقىپ، قايسى تۆشۈككە كىرىپ كېتىشىنى ئەسلا بىلمەيتتىم، دوقمۇشتىن قايرىلسىلا كۆرەلمەيتتىم... ئىشىككە

ئېتىلدىم، پاختىلىق شىپىلدىقمىنىڭ بىر پېيى ئىشىكتە قىسىلىپ قالدى، پارقىراق چاقچۇقلارنى دەسسەپ، شامالدەك ئۇچۇپ لىفىت ئالدىغا بارغۇچە خۇدا ئۇرغۇر لىفىت ئىشىكى يېپىلىپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى... پەشتاق تەرەپكە يۈگۈردۈم، پولات تۇتقۇچلارنى تۇتۇپ، تاغدىن چۈشكەن شارقىراتمىدەك پەسكە قاراپ ئاقتىم، بىر پەشتاق قالغاندا بېشىمدىن قەمرۇت ياغلىقىم سىيرىلىپ چۈشۈپ، چاچ قىسقۇچلىرىم نەگىدۇر ئۇچتى... تاكى پەسكە چۈشكۈچە زالتاي چاچ قىسقۇچۇمنىڭ زىڭىلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى. ئىشىكنى ئاچتىم، سوغۇق شامال يۈزلىرىمگە ئۇرۇلدى... قاناتلىرى بوغۇشلانغان ئاق كەپتەردەك پالاقلاپ، ئۇيان ئۆرۈلۈپ ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭ قارىسىنى ئىزدىدىم.

— ھەي... ھەي ئادەم! — ۋارقىرىدىم، قوش چايدان كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان كۈل رەڭ چاپانلىقنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ يۈگۈرۈپ، ئارىلىقىمىز بەك ئۇزاپ كەتمىگەنتى، بەك ئۇزاق بولسا 50 مېتىر كېلەر، يا كەلمەيتتى. لېكىن، ئۇ نەچچە چامدىسىلا قاراڭغۇ تۈشۈككە كىرىپ كېتەتتى، توپا يۇتۇۋالغان ئەترەڭ قۇم مۇغۇسىدەك ئۇنى قېزىپمۇ تاپالماس ئىدىم.

ئۇ قەدەملىرىنى ئاستىلىتىپ سالماقلىق بىلەن كەينىگە قىيا بۇرۇلدى.

ئىككىمىز دەقىقە ئۇنىسىز قارىشىپ قالدۇق، شۇنىڭغىچە ئۇ تاماكىسىنى شورىمىدى، كۆيەندە ئۇنىڭ قوللىرىدا كۆيۈپ تۇرسا كېرەك. ئەمدى ئۇ ئىختىيارسىز تاماكا تۇتقان قوللىرىنى ئېغىزىغا يېقىن ئاپاردى، ئەمما تاماكىسى قوللىرىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇ شۇ چاغدىمۇ كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ تۇراتتى، يېپىلغان ئىششىق قاپىقى ئىچىدىكى قىسىلغان قارا كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇراتتى.

— سىز... سىز، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەپەندىم، — چىش-

لىرىم بىر ـ بىرىگە رەتسىز ئۆرۈلدى.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — ئۇنىڭ توخۇ ئەت بوغدىيەكلىرى مىدىراپ كەتتى، — خاتا تونۇپ قالدىڭىزمۇ؟
— ياق!... سىز ھېلىقى ھاۋا رەڭ كۆڭلەكلىك خېنىمنىڭ ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ، — بوغۇزۇم قۇرۇپ كېتىۋاتاتتى، گەپلىرىمنىڭ ئاخىرىنى ئۆزۈممۇ ئاڭلىيالماي قالدىم.
— سىزنى ئىت قوغلىدىما؟ ئايىغىڭىزنىڭ بىر پېيى قېنى؟ ئۇخلاش كىيىمى بىلەنلا پەسكە چۈشتىڭىزما؟ نېمە قىلىق بۇ؟ — ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈس ئېلىپ، ئالدىراپ چاپىنىنى سالدى، ئاندىن ئايىغىنى سېلىپ ئۇچى تېشىلىپ كەتكەن پايپىقى بىلەنلا يەرگە دەسسەپ، كالچاراپ تۇرغان خورما رەڭ ئايىغىنى پۇتلىرى بىلەن ئالدىمغا ئىتتىردى، — سوغۇق ئۆتۈپ كەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟ ساراڭ...
— ساراڭ دېگەن ئۆزىڭىز!... — يۈزلىرىمنى ياپتىم... ئۇنىڭ ئېغىر چاپىنى مۈرىلىرىمگە يېپىلغاندا بۇرنۇمغا قويۇق تاماكا پۇرىقى ئۇرۇلدى، ۋۇجۇدۇم ياپراقتەك تىترەپ كەتتى... بوران سوققان سۆگەت تالدەك بىر ئىرغىپلا چاپاننى چۆرۈۋەتتىم، چاپان مۈرىلىرىمدىن سىرغىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى بولغاي... شۇ چاغدىلا ۋىرۇسلانغان كومپيۇتېردەك ئىقتىدارىنى يوقاتقان چوڭ مېڭەم چاراسلاپ ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى، قارا باسقان چۈشتىن ئويغانغاندەك ئېسىمگە كەلدىم ـ دە، ئارقامغا ئۆرۈلۈپ، تەڭپۇڭلۇقۇمنى يوقىتىپ مۈدۈرۈپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدىم.
ئۇنىڭ يۆلىۋېلىشقا سوزۇلغان يوغان قوللىرى بەدىنىمگە تېگەر ـ تەگمەيلا يۇلقىنىپ قاچتىم. شامالدەك تېز يۈگۈردۈم، چۇۋۇلغان چاچلىرىم بويۇنلىرىمغا يۆگەشتى... سوغۇق شامال ئۇرۇپ تۇرغان يۈزلىرىمنىڭ قىلىن تېرىسى كۆيۈشۈپ، سىيىلۇپ چۈشۈۋاتقاندەك سېزىلدى، چوڭ مېڭەم ئىشلەپ تۇرسىمۇ،

ئەقىل ـ روھىم پىرىسلىنىپ قالغان شۇ دەقىقە كىملەرنىڭ ماڭا قاراۋاتقىنىنى، يەنە كىملەرنىڭ نىمىلەرنى ئويلىغىنىنى جەزم قىلغۇچىلىكىم نەدە؟

— ھەي خوتۇن! ئاستىراق يۇگۇر، دۇم چۈشمىگىن يەنە... «ھەي ئادەم» ئەمەس جۇمۇ مەن... ئىسمىم ئىسمائىل!

ئارقامغا قانداق تېز ئۆرۈلگەن بولسام، شۇنداق تېز ئالدىمغا بۇرۇلۇپ قاچتىم.

چاقچۇق پەلەمپەيلەردىن يالاڭئاياغ يۇگۇرۇپ ئالتىنچى قەۋەتكە چىقىپ كەتكىنىمنى بىلمەيمەن، يۈرىكىم كۆكرىكىمدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دۇپۇلدەپ سوقۇۋاتاتتى، ئېغىزىمدا نەم قالمىغان، پۇتلىرىم قاتلىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ياپراقتەك تىترەپ تۇراتتى. بىر ئىشىكنى زەرب بىلەن ئىتتىردىم، ئىشىك ئېچىلغاندا ئاق چاچلىرى سالۋاراپ تۇرغان قېرى موماينىڭ قوللىرىدىكى ئىستاكان يەرگە چۈشۈپ جاراڭلاپ سۇندى.

— شىنجىڭبىلىڭ!... — دەۋەتتى ياش ئوغۇلنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئورنىدىن چاچراپلا تۇرۇپ موماينى قۇچاقلىۋالدى ئۇ.

ئارقامغا بۇرۇلۇپ يەنە قاچتىم. پەسكە يەنە بىر قەۋەت سىيرىلىپ چۈشتۈم، ئاندىن 509 ـ نومۇرلۇق ياتاق ئىشىكىگە ئۆزۈمنى ئېتىپ، ئۇدۇل كارىۋاتقا تاشلاندىم، سىم كارىۋات خىرلىغىچە لەپەڭشىپ غىچىرلىدى. دۇم يېتىپ ياستۇقنى چىشلەپ بۇقۇلداپ يىغلىدىم.

* * *

ئىسمائىل!...ئىسمىڭ ئىسمائىل ئىكەن ـ دە... ئۇلۇغلارنىڭ ئىسمى...

بىلەمسەن، بۇ مېنىڭ سەن ھەققىدىكى خىيالىمدا سەھەر-

دەك پارلاپ تۇرغان ھەقىقىي نامىلىك، ئۈچ بوغۇمدىن تۈزۈلگەن ئىسمىڭ مەن ئۈچۈن ھاۋادەكلا قىممەتلىك، چۈنكى، ئۇنىڭدا سېنىڭ مەۋجۇت شەكلىڭ ساقلانغان...

ئاردىن ئىككى جۈمە ئۆتتى - تىنسىز ئۆتۈپ كەتتى. جىق نەرسىلەرنى ئويلىدىم... بەلكىم ھاياتىمدا تالاي قاملاشمىغان، لىڭگىرتاقتاق، ئەگرى - دوناي كەچمىشلەرگە يولۇققاندىمەن ۋە بەلكى نۇرغۇن تاقا - تۇققىلىقنى ھېس قىلالمايلا ئۆتۈپ كەتت- كەندىمەن، چۈنكى، مەن مەيلى قانداق مۆتىۋەر خېنىم بولاي، ئىنسانلىق نۇقسانلىرىدىن خالىي بەندە ئەمەس ئىدىم. ئاشۇ چاغ- دىكى ساراڭلىقىمنى ئويلىسام بىردىنلا ئۆزۈمدىن سۆيۈنۈپ قالاتتىم - دە، ئارقىدىن يەنە ئۆلگۈدەك نومۇس قىلىپ قالاتتىم، ئىنىقكى نومۇستىن ئادەم ئۆلۈپ قالىدىغان ئىش بولسا مەن ئا- شۇ چاغدىلا ئۆلۈپ قالاتتىم، ئۆلۈپ قالسامۇ ئارمىنىم يوقتى. نومۇس قىلىپ تۇرۇپ سۆيۈنۈشنىڭ راھىتىنى تېتىپ باقمى- غانلارنىڭ بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېيىشكە سالاھىيىتى بارمىدۇ؟ يە- نە شۇ سالاھىيەتنىڭ گېپىنى قىلىپ سالدىم... دائىما مۇشۇ قات- تىق، سوغۇق، مۇستەھكەم، مۇقەددەس سالاھىيەت توغرۇلۇق ئويلىنىپ قالىمەنغۇ تاڭ؟... قويغىنا شۇ سالاھىيەتنى، جېنىم ئۇنىڭ ئىچىدە سىقىلىپ، قىرچىلىپ، بىخسىلىپ مۇشۇ كۈنگە ئۇلاشمىدىممۇ؟ ئادەم ئۆمرىدە بىر قېتىم ئۆزى زارىققان، تەلپۈ- نۈپ مەستانە بولغان ئىنتىلىشلىرىنى تەلۋىلىك بىلەن بىر مەر- تەم قىلىپ باقمىسا تىرىكلىكتىن سۆز ئېچىشقا سالاھىيىتى بارمىدۇ؟ ئاشۇ كۈندىكى ساراڭلىقىمغا زىنھار پۇشايمىنىم يوقتى، ھېچكىمنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى ئاقلاپمۇ ئولتۇرمايتتىم، چۈنكى، ئۇنىڭ ئۈچۈن تارتقان ئازابىمنى ئۆزۈم يالغۇز تارتتىم، ھەسرە- تىمنى ھېچكىممۇ بىر مىسقال كۆتۈرۈشۈپ بېرەلمىدى.

— چۈشەكىمە لەيلى.

— سەن كىم؟

— كىملىكىمنى قەلبىڭدىن سورا ئەخمەق!
— ئۆتۈنەي... ھەرقېتىم مۇشۇنداق ئۇشتۇمتۇتلا پەيدا بو-لىسەن. سەندىن ئۆتۈنەي، دىدارىڭنى بىر مەرتەم كۆرسەت!
— كۆرۈشكە سالاھىيىتىڭ بارمىدۇ؟
— ساڭا يالۋۇراي...ئەمدى ماڭا سالاھىيەت توغرۇلۇق سۆز ئاچما!
— سالاھىيىتىڭ — ئادەملىكىڭ! سالاھىيىتىڭ — ئايال-لىقىڭ، ئانىلىقىڭ، خوتۇنلىقىڭ، ئۇنىڭدىن ئايرىلساڭ سەن بىر ئوچۇم خاك تۇپراق، سامانسىز لاي.
— ئەمدى بىلدۇرمە! بىلىشلىرىم جېنىمغا پاتتى... يۈرە-كىم شەلۋەرەپ كەتتى.
— ئەقلىڭ، ھېسلىرىڭغا تىزگىن ئادەم سەن! شۇ ۋەجدىن پەرىشتىلەر ساڭا سەجدە قىلغان، لەنىتى شەيتان ھەسەت قىلىپ بېھىشتىن قوغلانغان! ھاياتىڭنىڭ پايانسىز جىمجىتلىقى ئۇنىڭ قەدەم ئىزلىرىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتتى، قەلبىڭ ئۆز قەپى-سىنى پاچاقلاپ، ئۇ تامان ياۋا قۇشتەك پەرۋاز قىلدى... ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ قولۇڭغا تېگىشىنى، بارماقلىرىنىڭ چاچلىرىڭنى سىلىشىنى، قارىچۇقلىرىنىڭ قارىچۇقلىرىڭدا كۆيۈشىنى ئارزۇ قىلدىڭ، لېكىن ئىنساب بىلەن ھېسسىيات ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ھەقىقەتەن كەسكىن بولىدۇ لەيلى! ئېنىقكى ئالدىنقىسى ئاسانلىقچە ئۆزگىلى بولمايدىغان پولات ئارقان، ئۇ سىنىڭ پۇت - قولۇڭغا چۈشكەن چۇشەك... چۇشەكنى ئۈزسەڭ جايىڭ جەھەن-نەم... ھېسسىياتچۇ؟ ئۇ سىنىڭ ئەقىل - ۋۇجۇدۇڭغا چۈشكەن ئوت يالقۇنى، ئۇ سىنى تىنىمسىز ئۆرتەپ، بىھوش قىلىدۇ، مەستلىكىڭدە ئەقىل تىزگىنىنى قويۇۋەتسەڭ ئۆزۈڭنى يەنە جەھەننەمدە كۆرىسەن!... ھاياتىڭ ئاز كەم يېرىم ئەسىر ئىلمان سۇدەك ئۆتتى، چۇچۇلىدەك ئاچچىق تۇتۇن ئىچىرە يا لاۋۇلداپ كۆيەلمىدىڭ، يا ئۆچەلمىدىڭ، لېكىن ئېقىن سۇدەك پاكىز يا-

شىدىڭ! بىراۋلارنىڭ سېنى «ياخشى» دېيىشىنى تەمە قىلمىدىڭ،
ئەمما ياخشىلىقنىڭ چېگراسىدىن چىقىپ كېتىشنى زىنھار خا-
لىمىدىڭ، چۈنكى «ئىبرەت كۆزۈركى، ئازاب دەرياسىنىڭ ئۇس-
تىگە سېلىنغان»، سەن بۇ پىلسىراتتىن ئازماي ماڭىمەن دې-
دىڭ... يالىلداپ، لاۋۇلداپ چوغقا تاشلانغان چاچتەك كۆيۈپ
تۇرساڭمۇ، پۇتلىرىڭ ئالچاڭشىپ، قەدەملىرىڭ قىڭغىر كەتسى-
مۇ، مۇقەددەس كۆزۈركنىڭ مۇئەللەقتىكى ئارقانلىرىنى مەھكەم
تۇتۇپ ماڭغاچقىلا جەھەننەمگە چۈشۈپ كەتمىدىڭ...
— يەنە قانداق قىل دەيسەن؟!... ئەمسە قەلبىمدىن ئۇنى
سۇرگۈن قىل! خاتىرەمدىن ئۇنى قىرىۋەت، يۈرىكىمدىن يۇنۇ-
ۋەت... قانلىرىمدىن سىرغىپ چىقار!
— قەغەز - تىترەتلىرىڭدىكى كەمپۈت پۇرايدىغان ئۆچۈر-
گۈچۈڭدە خالىغانچە ئۆچۈرگىلى بولىدىغان قېرىنداشنىڭ خې-
تىمۇ بۇ؟ پېشانەڭگە يېزىلغان تەقدىرىڭ شۇ!
— ئەمسە تۇيغۇلىرىمنى گاس، قۇلىقىمنى پاڭ قىل!
كۆزلىرىمنى كور...
— مىڭ پاتمان سۆيۈش، يۈزمىڭ پاتمان قەدىر بىلەن يارال-
غان مەۋجۇتلۇقۇڭنى قارغىشىڭغا ھەققىڭ يوق!
— دېمەككە بۇيۇك، قىلماققا مۇشكۇل كەچمىشلەرگە
باغلانغان ئۆمرۈمنى سەۋرلەرگە باغلاپ، شۇكۇرلەرگە چېتىپ
مۇشۇ كۈنگە ئۇلاشتىم. مۇقەددەس سىزىقلارغا دەسسەپ سېلىپ،
غەزەپكە يولۇقۇشتىن قورقتۇم، ئەقلىمگە سىگنال بېرىپ، بەڭ-
باش ھېسلىرىمنى تورمۇزلا.
— بېشىڭ گەۋدەڭنىڭ ئۇستىدە لەيلى، قانداق يارىلىشنى
بەلگىلەش ھوقۇقۇڭ بولمىسىمۇ، قانداق ياشاشنى بەلگىلەش ئۆ-
زۈڭنىڭ قولىدا! بىر چاغلار كېلىدۇ... قۇندۇز چاچلىرىڭغا قى-
روۋ قونىدۇ، گۈلدەك ھۆسنۈڭ سولىشىدۇ، ئۇنچە چىشلىرىڭ
لاقاسلاپ، مىخلىرى بوشىغان ۋاگوندەك شالاقلاپ قالىسەن، قۇر-

بانلىرىڭنىڭ بەدىلىنى شۇ چاغلاردا كۆرسەڭ گۈزىلىم!
— شۇنىڭغىچە قىينىلىپ ئۆت، پۇچىلىنىپ ئۆت... ئۆر-تىنىپ ئۆت... دېمەكچىمۇ سەن؟!
— ئوتتۇرا ياشقا ئۇلاشقان خوتۇن تۇرۇپ بەڭباش قىزنىڭ قىلىقىنى قىلىۋاتىسەن... ئىنساننىڭ كۆڭۈل نۇقتىسى قاراڭغۇ تەن ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ لەيلى، تەڭرى شۇ يەرگە نەزەر سالىدۇ، غەلىيان كۆتۈرگەن ھەۋەس ئوتلىرىڭ قەدىر - قىممى-تىڭ چاھارىبېغىنى كۆيدۈرۈپ، تۈتۈنىنى كۆككە سورۇۋەتمىسۇن!
— لېكىن، مەن مۇھەببەتنىڭ مېھرىدىن قىسىي قالدىم، مېھرىم ئوت، نەپسىم ئاتەش قىلىپ يارىتىلغان تۇرۇقلۇق، خىلىمغا جور بولالمىدىم...
— ئالەمدىكى بارچە ئامەت - تەلەي، بەخت - سائادەت، سۆيگۈ - مۇھەببەت سېنىڭلا بولسا بولارمىدى بى قانائەت!
— لېكىن ھەممىنى ئۇنىڭغا تېگىشىمەن! ھەممىنى...
282
— ھايات ۋە تەقدىر سېنى ئۆز غەلۋىرىدە تاسقىمىغان بول-سا سەن ھەقىقەتكە ئۇنچىلىك تەشنا بولارمىدىڭ؟ ئاشىقلىقنىڭ لەززىتىدىن ئازابى تولا... بىر كۈنلەر ئارمانىڭ دەرمانىڭغا ئۇلاشقاندا ھەممىدىن قۇرۇق قالىسەن... ئېرىشكىنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك بولسا، يوقىتىشىڭ ئاندىن دەھشەتلىك بولىدۇ... جۇدا بولماي دېسەڭ ئېرىشمەيلا قوي، كۆزلىرىڭ تېشىلەي دېدى ئەخمەق، ئەمدى ئۇ چىقىدىغان تۆشۈككە ئىنتىزار بولۇپ يولىغا تەلمۈرمە.
كۆزلىرىم ئوچۇق ئىدى، غايىب ئاۋاز قۇلاقلىرىمدىن شا-مالدەك غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن بوشلۇقتا ھېچنېمىنىڭ مەۋجۇت شەكلىنى كۆرەلمىدىم... مۇقەددەس ئاۋازنىڭ دولقۇنى سىڭىپ كەتكەن ھاۋا رەڭ بوشلۇق يالتىراپ تۇراتتى، دەرەخلەر-دىن شىرىقلاپ غازاڭ تۆكۈلەتتى. ياغاچ ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈك-لىرىدىن ئېغىر گەۋدەمنى ئېلىپ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم...

— خېنىم؟

— ھە؟ ھېچقىسى يوق...

غوجام نېمە دېدىكىن؟ ئاندىن مەنچۇ ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ماڭا گەپ قىلغىنىنى ئېنىق... تېڭىرقاپ قالدىم.

— كىرىپ كېتىلىمۇ دېمەكچى ئىدىم ئالتۇن خېنىم، — غوجام ئوڭايسىز بىر ھالەتتە مەڭلىرىنى سىلاپ قويدى.

مەنمۇ ئەسلىدە يەنە «بىر دەمگىنە ئايلىنايلىمۇ» دېمەكچى... چوقۇم شۇنداق دېمەكچى بولسام كېرەك... لېكىن، ئېزىپ كەت-تىم... گەپ ئارىلىقىدا كۆزۈم ئۇدۇلدىكى كۆل رەڭ بىناغا يەنە ئىختىيارسىز ئېغىپ كەتتى... ئىسمائىل كىرىپ كەتكەن بىنا-نىڭ ئەينەكلىرىگە قۇياش چۈشۈپ تۇراتتى، بىنانىڭ قوش قانات-لىق ئىشىكى توختىماي ئېچىلىپ - يېپىلاتتى. بايا خىيالىم باغلانغان ۋاقىتتا ئىشىكلەرنى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويغان بو-لۇشۇم مۇمكىن بولسىمۇ، ئۇنى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇشۇم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— خېنىمنىڭ كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق تۇرسا...

— كىم دەيدۇ؟ بىر ئوبدانلىغۇ مانا، — كۈلۈمسىرىمەكچى بولدۇم، قوڭۇر كۆزەينىكىمنىڭ قاڭشىرىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ. غوجام ئەينەك تېشىدىن ئالاقزادە بولغان قاراقلىرىمنىڭ ئالاق - جالاقلىرىنى كۆرەلمەي قالدى.

— لېكىن... لېكىن، نەچچە كۈنىنىڭ ياقى جىق ئويلاندىلا...

— نېمىنى؟

— مەنمۇ بىلمىدىم، قارىسام كۆڭۈللىرىنىڭ تازا ئارامى يوقتەك... پەرىزىمچە بالىلارنى، كېسىلىمنى ئويلىدىلا... بىزگە قاراشلىق ئادەملەرنىڭ ئەھۋالى، شىركەت خىياللىرىنى چىرمى-ۋالدى، ئىشقىلىپ ھەممىنى ئويلاش سىلىنىڭ زىممىلىرىدە، مېنىڭ ھالىم شۇ...

ئۆلـىدىغان ئىش بولسىمۇ دىققىتىمنى يىغىشىم كېرەك!

— چالمىغا جان بەرگەن خۇدايىم، سەۋرلەرنىڭ ئارغامچىسى ئۈزۈن، لېكىن ياخشىلىقتىن ئۈمىد ئۈزۈش يامان ئىش... بىز ئۈچۈن ئىسسىق تىنىقلىرىنىڭ يۈزىمىزگە ئۇرۇلۇپ تۇرۇشىلا ئۈمىد! يىقىلمىسىلا جېنىم غوجام! يىقىلمىسىلا!

— ئەمما مەن ئاللىقاچان يىقىلغان.

— غوجام! — غازاڭلارنى پىرىسلىتىپ دەسسەپ ئىرىمنىڭ هارۋىسى ئالدىغا يۈكۈلدىم، — ئۆتۈنەي، مۇشۇ گەپنى بىر قىلمىسىلا! بىلەمدىلا، سىلى يىقىلسىلا مەن سۇنىمەن، مەن سۇنسام ئەرتېكىن بىلەن ئايتۇرك، ئاندىن تەقدىرىمىز سۇنىدۇ...

غوجامنىڭ بوز كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش دومىلىدى...

— ئوغۇل بالىنىڭ كۆزىدىن ئاققىنى ياش ئەمەس، قان دەيدۇ، بىر ئورام ئوراي چېكەمسىز؟ — بۇ ئاۋازدىن ئوچۇق ئاسماندا هاۋا گۈلدۈرلىگەندەك چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم، قاما تۇماق كىيگەن ئىسمائىل قارىمۇتۇق يۈزلىرىنى تەڭلەپ ئاسماندىن ساقىپ چۈشكەن نۇردەك بېشىمىزنىڭ ئۈستىدىلا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم قېرىندىشىم، ئىسمىم ئىسمائىل، ئۆزۈم غۇلجىلىق، مۇساپىر بالىلاركەنمىز، تونۇشقۇم كەلدى... ئاۋۇ قارىمۇتۇق خوتۇن، — دېدى ئۇ مېيىپلار ئورۇندۇقىدىكى يۈزلىرى تارتىشىپ تۇرغان ئورۇق ئايالنى بېشى بىلەن ئىما قىلىپ، بۇگۇن ئۇنىڭ ئۇچىسىدا هاۋا رەڭ كۆڭلىكى يوق ئىدى، ئەت رەڭگە مايىل يۇمشاق يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن پەلتونىڭ تۇگمىلىرى تامام ئېتىلگەن بولۇپ، چاقماق ياغلىقىنىڭ سۆسۈن سىزىقلىرى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى، — مېنىڭ كەمپىرىم بولىدۇ، مۇشۇ دوختۇرخانىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، جاهاننى ئىككى پىرقىراپ ئاخىرى كەلدۇق.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئۇكام، ئىسمىم ئابدۇللا غەنى،

بۇ... بۇ خېنىم مېنىڭ ئايالىم، ــ ئېرىمنىڭ بوز كۆزلىرى چىمچىقلاپ كەتتى، ئىسمى...

ــ ئۆزۈمنىڭ بېغىدا ئۇستۇرگەن تاماكا ئاكا، ئىككى شو-رامسىز؟

ــ يوقسۇ، بۇ ھۇنەرنى ئۆگەنمەپتىكەنمەن.

ــ ئۆگەنمىگىنىڭىز بىر ھېسابتا تەلىيىڭىز.

ھەيرانلىقىمدىن ئېغىزىم قۇچقاچ كامىرىدەك ئېچىلىپ قالدى. ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مايسىراپ كەتكەن خورما رەڭ ئايىغىغا قارىدىم، ھېلىمۇ تېشىلىپ كەتكەن پايپىقىدىن پۇتلىرى-نىڭ باشمالتىقى كۆرۈنۈپ تۇرغاندەك بىلىندى. قاما تۇمىقى بېشىدا سەل قىڭغىيىپ تۇراتتى، كۆزۈم ئۇنىڭ كۆيە تېشىۋەت-كەن ئىككى تال تۆشۈكىگە چۈشتى، لېكىن تۆشۈكلەر تۇماقنىڭ ئىسكەتىگە تەسىر يەتكۈزەلمىگەندەك بىلىندى.

ــ بېيجىڭنىڭ شامىلى كۈچلۈككەن، چاچلار چۈشۈپ كەت-تى، باشنى ئىسسىق تۇتقان ياخشى دەپتۇ، تۇماقنى بۆرۈنلا كې-يىۋالدۇق، بوپتۇمۇ ئاكا.

ئۇنىڭ تۇمىقىدىن كۆزلىرىمنى دەررۇ ئېلىپ قاچتىم، ھې-لىغىچە ئۇنىڭ بېشىغا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغىنىمغا بەك ئوڭاي-سىزلاندىم. قىلغىلى قىلىق تاپالمىغاندەك غوجامنىڭ ئۈستىدى-كى يۇڭ ئەدىيالىنى قايتىدىن ئوڭشاپ، توقۇلما پوسمىسىنى چۈمكەپ قويدۇم.

ــ بىچارە ئايال! ــ دېدى غوجام ئىككى چامدام نېرىدا چۈشۈۋاتقان غازاڭلارغا قول سوزۇپ ئولتۇرغان ئىسمائىلنىڭ ئايالىغا قاراپ، ــ نېمە بولغان ئۇ خېنىمغا؟

ــ ھادىسىگە يولۇققان، لېكىن بىچارە ئەمەس، يېنىدا مەن بار ئاكا، ــ گېزىت قەغىزىگە ئورالغان تاماكىسىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككىنى شوراپ، كۆيەندىسىنى نېرىدىكى تاش ئېيىق-نىڭ ئېغىزىغا تاشلىدى ئۇ. بۇرنىدىن چىققان قويۇق ئىس تېخى

تاراپ كەتمىگەندە، چوڭقۇر بىر نەپەس بىلەن كۆكسۈمگە شۇ ھا-ۋادىن لىققىدە سۈمۈرۈپ ئالدىم، ــ بامداتتىن كېيىنلا ياتاقتىن چىققان، شەھەر ئايلاندۇرۇپ كېلىشىم. ھە راست، ئۇ شۇنداق دې-گىنىچە كەينىگە بۇرۇلۇپ، خوتۇنىنىڭ ھارۋىسىنىڭ تۇتقۇچلى-رىغا ئېلىپ قويغان نېپىز سولىياۋ خالتىسىنى قولىغا ئالدى، ــ تۇڭگانلارنىڭ پىلتە قۇيمىقىكەن بۇ، تېخى سوۋۇپ كەتمىدى، قېنى بېقىشايلى.

ــ بولىدى، بىز ناشتا قىلىپ بولغان ئۇكام، ــ غوجام يۇمشاققىنە كۈلۈمسىرەپ، مەڭلىرىنى سىلاپ قويدى.

ــ مېنىڭ يېگۈم كېلىۋاتىدۇ، ــ قۇيماق يەپ باقمىغاندەك ئالدىراپ قول ئۇزاتتىم خالتىغا، بارماقلىرىمنىڭ تىترەپ كەت-كىنىنى ئىسمائىل كۆرۈپ تۇردى، ــ راستىنلا ئىسسىقكەن، سىلىمۇ تېتىپ باقسىلا بولمىسا، ــ بىر توغرامنى ئۈشتۈپ غوجامغا تەڭلىدىم.

ــ ئەتىگەندە كۆڭلۈم ياغلىق نەرسە تارتمايدۇ خېنىم.

غوجامنىڭ چىرايىدا ئويئوچۇق تالادا باشقىلارنىڭ كۆزىچە نان چاينىشىمغا قاراپ سەل ھەيرانلىقى تۇتقاندەك بىر ئىپادە كۆرۈندى.

قۇيماق گېلىمدىن سىلىققىنە ئۆتۈپ، مەيدەمدە توختىغاندا چىكوكلاپ كەتتىم، ئىككىنچى قېتىم بوغۇزۇمغا ئۇسسىگەن ھېق بىلەن تەڭ مەيدەمنى تۇتۇپ ئۇدۇللا ئىسمائىلنىڭ ئايالى ئولتۇرغان ھارۋا تەرەپكە سىلجىدىم ـ دە، ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچىنى ھېقىقىدىۋەتتىم.

ئايال قولىدىكى بوتۇلكىلىق سۇنى ئۇزاتتى ئالدىراپ، ئې-غىزىنى ئېچىپ ئىككىلىنىپ تۇرمايلا ئىككى يۇتۇم يۇتتۇم.

ــ مەن سىلىنى چۈشۈمدە كۆرۈۋاتىمەندەكلا، نەدە كۆرگەن بولغىيتتىم، ــ ئۇ چېكىلىرىنى تۇتۇپ بىردەمدە تۇرۇپ قالدى ماڭا قاراپ، ئاندىن چىرايىدا سۈس تەبەسسۇم پەيدا بولدى، ــ

ھە راست، ئايرودۇرۇمنىڭ كۆتۈش زالىدا... كۆزلىرىدە قارا ئەيـ
نەك بار ئىدى.
— خاتىرىلىرى بەك جايىدا ئىكەن دېسە، لېكىن مېنىڭ
ئېسىمدە يوق، — گەپ دېگەنىنىڭ سۆڭىكى بولسا ئىدى، بوغـۇ-
زۇمدا تۇرۇپ قېلىپ بوغۇلۇپ قالارمىدىم... ئۆزۈمنى يوقاتقان
تەقدىردىمۇ ئاشۇ خاتىرەمنى يوقىتالارمىدىم؟
— مېنىڭ ئىسمىم لەيلى، ئۆزلىرىنىڭچۇ؟ — دېدىم بو-
تۇلكىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋاتقاچ ئۆزۈمنى ھېچ ئىش بولمىغاند-
دەك ئازادە، خىرامان تۇتۇشقا تىرىشىپ.
— ئىسمىم ھۆرىيەت، ئاق لەيلىدەكلا چىرايلىق ئىكەنلا،
پەرىزىمچە سىلە ھەج قىلغان.
— خوش، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۆمەك بىلەن بارغان،
ئاللاھ سىلىگىمۇ يول بېرىدۇ ھۆرىيەت خېنىم.
— رەھمەت، شۇغىنىسى مەن ماڭالمايمەن.
287 — پۇتلىرى بىلەن ئەمەس، قەلبلىرى بىلەن بارىلا ئۇ يەر-
گە، ھارۋىلىرىنى ئىتتىرىپ ماڭىدىغان كىيەلىرى تۇرسا.
— لېكىن، ئۆزى ماڭغانغا يېتەمدۇ؟
— ئۇمىدلىرىنى ئۈزمىسىلە خېنىم.
— رەھمەت! — ھۆرىيەت خېنىمنىڭ سۇس قاشلىرى كۆ-
تۈرۈلۈپ، چاناقلىرى ياشقا تولغاندا، قاڭشىرىغا سىپىلگەن قو-
يۇق سەپكۈنلىرى قىنىقلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. بۇرۇنلىرى
سۆيۈپ كېتىۋاتسا كېرەك، يەڭگىل تارتتى ئۇ دىماقلىرىنى. شۇ
ئانلا پەلتويۇمنىڭ يانچۇقىغا قول سېلىپ ئوراقلىق قەغەزدىن
بىر تال ئۈزاتتىم ئۇنىڭغا، — ئاكىمىزمۇ ماڭا ئوخشاش ماڭال-
مىسا كېرەك، — دېدى ئۇ گويا ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك پەس
شىۋىرلاپ. قولۇمدىكى قەغەزنى ئېلىۋاتقاندا ئۇنىڭ سوغۇق ۋە
يىرىك بارماقلىرى بارمىقىمغا تېگىپ كەتتى، ئىچىمگە دېگىلى
بولمايدىغان تاتلىق بىر رەزىللىك تارىدى، قولۇمنى ئۇنىڭ قول-

لىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ قالدىم، — ئۇمۇ قاتناش ھادىسىسىگە يولۇققانمۇ؟

— ياق، ياق، كان گۈمۈرۈلۈشتە تاش بېسىۋالغان، — دېدىم مەن دەررۇ ئۇنىڭ بارماقلىرىغا چېچىلغان دىققىتىمنى يىغىپ، — 15 يىل بولدى.

— جىق جاپا تارتىپلا ھاجى خېنىم، ئەجىرلىرى يەردە قالمايدۇ.

— ئىنشائاللاھ سىڭلىم.

ھۆرىيەت لاپ قىلىپ بىر نەزەردە ماڭا باقتى، ئاندىن بۇغداي ئۆڭ يۈزلىرىگە قىزىللىق تەپكەندە، قېنىق سەپكۈنلىرى سۇسلىشىپ قالغاندەك كۆرۈندى، — ئۆزلىرى مەندىن ياشكەنلا ھاجى خېنىم، ئاچا دېسىلىرى توغرا كېلەرمىكىن.

— يوقسۇ، — نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قوللىرىمنى ئىشقىلاپ كۈلۈپ قويدۇم، — ئەمەلىيەتتە سىلى مەندىن ياش.

— ھەممە تۈگىدى، قۇرۇق تېرەم بىلەن ئۇستىخىنىملا قالدى.

— ئۇمىدسىزلەنمىسىلە ھۆرىيەت خېنىم.

— ئۇمۇ شۇنداق دەيدۇ، لېكىن ئۇمىدلىرىم چاناقلىرىمدىكى ياشتەك قۇرۇپ كەتكەن، ئۇزۇن بولدى بېلىمنىڭ ئاستىدا ھەرىكەت يوق، ئۇنىڭغا بەك ئۇۋال بولدى.

مەن «ئابدۇللا» دەپ ئاتىمىغانغا ئوخشاش ئۇمۇ ئېرىنى «ئىسمائىل» دەپ ئاتىمايدىغاندەك قىلاتتى، بەلكىم ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن جەھەتلەردە ئورتاقلىقىمىز بولۇشى مۇمكىن، مەيلى قانداق ئورتاقلىشىپ كېتەيلى، مەن ھەرگىز «ھۆرىيەت خېنىم» بولالمايتتىم. مەيلىدى بىر كۈن ئورنىمىز ئالمىشىپ قالغان بولسا، بىر ئۆمۈر ئۇ ئولتۇرغان مۇشۇ چاقلىق ھارۋىدا ئولتۇرۇشقا رازى ئىدىم.

— نەچچە پەرزەنتلىرى باركىن ھاجى خېنىم، — ئاردىكى

جىملىقنى بۇزدى ئۇ، — مەكتەپتە ئوقۇمدۇ؟
— بىر ئوغۇل، بىر قىز ئىككىلا پەرزەنتىمىز بار، چەت ئەلدە ئوقۇۋاتىدۇ.
— قارىسام ئۇنچىلىك چوڭ بالىلىرى باردەك ئەمەس، ياخ-شى ئانىكەنلا، لېكىن ماڭا ئۇنداق تەلەي نېسىپ بولمىغان.
سەۋەبىنى سوراپ ئۇنىڭ ئىچىشىپ تۇرغان دىل يارىسىغا تىغ تەگكۈزگۈم كەلمىدى، ھەسرەتلىرى ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان شالاڭ كىرپىكلىرىدە ئىپىسلىغاندا، نېپىز لەۋلىرى مىدىرلىغاندەك قىلدى - يۇ، نىدايى ئىچىدە تىنىپ قالدى.
ئۇنىڭ ھارۋىسىنىڭ تۇتقۇچلىرىنى تۇتۇپ ئاستا ئىتتىرىدىم، ھارۋا چاقى مايسىراپ قالدىمىكىن، غىچىرلاپ غازاڭلارنى پىرىسلىتىپ يورغىلىدى.
— شۇنداقتىمۇ مەندىن تەلەيلىككەنلا...
— نېمە دېدىلە لەيلى خېنىم؟ كەچۈرسىلە، قۇلىقىم ئېغىرلىشىپ قالدىمىكىن، — ھۆرىيەت خېنىم قىيا بۇرۇلۇپ كۆلگەندە، خالتىلاشقان كۆز جىيەكلىرىنى مىژژىدە قورۇق باستى.
— مېھىرلىرى ئىسسىق ئايالكەنلا ھۆرىيەت، — ئىختىد-يارسىز ئۇنىڭ مۇرىسىگە بىر قولۇمنى قويدۇم، ئۇمۇ ئورۇق قوللىرى بىلەن بارماقلىرىمنى يەڭگىل سىقىپ قويدى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ ئىسمائىلنىڭ نىكاھىدىكى ئايال، ئەلۋەتتە ئۇ چىرايلىق، ساغلام، ياش ئايال بولغان بولسا ئۇنىڭ ئالدىغا سالامغا بېرىشىم مۇمكىنمىدى؟!... كۆنچىلىكتىن خالىي، قىز-غىنىشتىن يىراق بىر خىل ئەزگۈ يېقىنچىلىق ئۇنىڭ سىقىلغان قۇرغاق بارماقلىرىدىن تومۇرۇمغا تاراۋاتقاندەك تۇيۇلدى، شۇن-چىلىك ئاددىي، شۇنچىلىك ھەشەم - دەرەمسىز، تەرەپبالەن داغ-دۇغىسىز قول بېرىپ، بىز بىلەن دوستلاشقان ئىسمائىل ۋە ئۇ-نىڭ ئايالىغا ئىچىمدە راستتىنلا قايىل بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. شۇ

هالدا هۆرىيەت ماۋا غوجام كۆزۈمگە ئېرىم ئەمەس، ئاكامدەك كۆرۈنگەنگە ئوخشاش، ئىسمائىلنىڭ كۆزلىرىگىمۇ خوتۇنى ئە-
مەس، سىڭلىسى بولۇپ كۆرۈنۈۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدى.
ئايرودۇرۇمنىڭ كۈتۈش زالىدا ئىسمائىلنى چاقىلىق هارۋا ئىت-
تىرىپ كېتىۋاتقان هالىتىدە تۇنجى قېتىم ئۇچراتقىنىمدا ئۇ-
زۇمنىڭمۇ چاقىلىق هارۋا ئىتتىرىشنى قەتئىي ئويلىمىغان، پە-
قەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تىل بىلەن ئىزهار قىلغىلى بولمايدى-
غان قەهرلىك ئەلپازىدىن، سۇرلۇك قىياپىتىدىن تاراۋاتقان
كۈچلۈك ئەرلىك پۇرىقى تۇيغۇلىرىمغا ئۇرۇلغاندا، ئۇنتۇلۇپ
كەتكەن ئاياللىقىم، ئۆلۈشكە باشلىغان هېسلىرىم تومۇرلىرىمدا
قايتىدىن مەۋج ئۇرغان...
— كىرىپ كېتىلىمۇ غوجام؟ — ئىسمائىلغا قارىماسلىققا
تىرىشتىم، ئۇمۇ مەندىن ئۆتە تىرىشتى بولغاي، ئىككىمىز مۇت-
لەق كۆز قىرىمىزنى سېلىشمىدۇق، لېكىن ماۋا يۈرىكىمىز بې-
قىشقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. هارۋىلارنىڭ تۇتقۇچلىرىنى ئالماش-
تۇرغاندا مۇرىلىرىمىز شۇنچىكى سۈركىشىپ، بارماقلىرىمىز
تېگىشكەندەك قىلدى. يا ماۋا شۇنداق تۇيۇلدىمىكىن، كەينىمگە
داجىيمەن دەپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدىم.
— ۋويت! — دەۋەتتى ئىسمائىل بىلىكىمدىن يۆلەپ. دەر-
رۇ بىلەكلىرىمنى يەڭگىل سىلكىپ تارتىۋالدىم، ئۇنىڭ قولى
تەگكەن بىلىكىم تاتلىق سىرقىراپ مېڭەمگە ئۆرلەشكە باشلىغا-
نىدى.
— مۇدۇرۇپ كەتكىلى تاسلا قالدىلا، — غوجام ئاق چىش-
لىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرىدى، — خۇدايىم بىر ساقلىدى،
كىرىپ كېتەمدۇق خېنىم؟
— سەل توختاۋاتقاندەك قىلىمەن، كىرىپ كېتەيلىمىكىن.
— ياخشى تونۇشۇپ قالدۇق ئىسمائىل ئىنىم، ئاۋۇ بىنا-
نىڭ 509 ـ نومۇرلۇق ياتىقىدا تۇرىمىز، زېرىككەندە كىرىپ

تۇرارسىلە. يەڭگىلىرىنىڭ قولى مەززىلىك، ئۆي تامىقىغا ئىبغىز تېگىپ چىقىپ كېتىڭلار.

ئىسمائىل غوجامغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، ئەمما بىر ئېغىز ئۈندىمىدى. ھەر ئىككىمىز ھارۋىمىزنى ئىتتىرىپ قارىمۇقارشى يۆنىلىشكە ماڭدۇق. ئۇنىڭ ھارۋىسى ئەمدى غىچىرلىمىدى، لېكىن قەدەم ئىزلىرى يۈرىكىمگە ئۇرۇلۇپ تۇردى... ئارىلىقىمىز داۋانغا يۈك تارتقان چاڭقاق ئاتتەك تەسچىلىكتە تارتىشىپ ئۇزاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. كەينىمگە قارىماسلىققا تىرىشتىم، تىرىشىپ چىشلىرىمنى چىشلىدىم، قارىساملا تىرەكىشىپ تۇرغان تاقىسىز تۇياقلار ماغدۇرسىزلىنىپ، پەسكە سىيرىلىپ ھاڭغا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك، مېنىڭ قىلىپمۇ ئاشۇ ھاڭدىن ئەبەدىي چىقالمايدىغاندەك... ئەمما، ئۆزلۈكۈم ئۆزۈمنى يەڭگەن شۇ دەقىقىدە بوينۇم قىيا تولغىنىپ يېرىم چەمبەر ئايلىنىپ، كەينىمگە لاپپىدە قارىغان بىر نەزەردە، يايلىرىم ئۇنىڭ يېرىم ئايلانغان بويۇك يايلىرى بىلەن تۇتىشىپ، زارىققان پۈتۈنلۈكلەر ئۇپۇقتا پارلاپ تۇرغان دۈپدۈگىلەك قۇياشتەك نۇر چاچتى. قاراقلاردىن يەنە چاقماق چېقىلدى... پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئۈزۈلۈپ چۈشكەن توك سىمىغا دەسسىۋالغاندەك سىرقىراپ كەتتى...قايسىمىز ئاۋۋال ئالدىمىزغا بۇرۇلدۇقكىن بىلمىدىم، ئالغا سىلجىغاندا ھارۋا چاقى شۇنچىلىك تېز پىرقىراپ كەتتى... بەلكىم يۈگۈرگەن بولسام كېرەك... بەلكىم ئۇ ئىتتىرگەن چاقلارمۇ تېزلەشتىمىكىن...

# ئونىنچى باب

ئوغۇزنىڭ ئىزغىرىنى ئاخىرقى ياپراقلارنى تۆكۈپ ئوغلاق ئايلىرىنىڭ سوغۇقى باشلاندى، لېكىن قەلبىمنىڭ جۇدۇنى ئۇ-زاپ، ھاياتىمنىڭ يېڭى باھارى باشلانغاندەك، ھەممە ياق گۈل-چېچەككە پۈركىنىپ، دۇنيانى ئۆز يېشىللىق قاپلاپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى. چۈنكى تەقدىرىم ئۇنى ئۆز ئاياغلىرى بىلەن ئالدىمغا ئەكېلىپ بەردى، ئۇ بوينى قاتتىقنى ئۆز لەۋزى بىسلەن بىزگە تونۇشتۇردى، تېخى يېقىنلاشتۇردى. لېكىن، تا ھازىرغا قەدەر ئىككىمىز ئايرىم تۇرۇپ سۆزلىشىپ باقمىدۇق، ئۇ ماڭا پەقەت دىققەت قىلمىغاندەك، مەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يوق، ئايال زاتى ئەمەستەك كۆز قىرىنى سېلىپ باقمىدى. شامال سوقۇپ تۇرغان چىغىر يوللاردا پات-پات ئۇچرىشىپ تۇردۇق، روبىرو كەلگەن-دىمۇ ئۇ دائىم غوجامدىن تىنچلىق سوراپ مەن بىلەن كارى بولمىدى، قارىمىسا قارىمىسۇن قاتتىق ئۆتۈك... ئەمما، ئاشۇ كۆنى كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىغان كىم؟ زارىققان سېغىنىشلارنى تۇتاشتۇرۇپ، قۇياشتەك نۇر چاقناتقانچۇ؟! خىياللىرىم تاققا-تۇققا، ئاچچىق-چۈچۈك، پەلەپەتىش ئىدى. شۇنداقتىمۇ، پۇ-تۈن ھۇزۇرۇم ئاشۇ خىيالىمدىن تارايتتى، ھېچنېمە، ھېچكىم تېشىمنى مۇھاسىرگە ئېلىپ قېلىپقا سېلىپ، شەكىلگە كىر-گۈزگەن كەبى ئىچىمنى ئىدارە قىلىپ تۇيغۇمنى رامكىغا ئالال-مايتتى، ئاق ۋە قارا بوياقلىرى بىلەن خەرىتە سىزىپ، يۆنىلىش-لىرىنى بەلگىلەپ بېرەلمەيتتى. باياۋاندىكى يىلتىزى چوڭقۇر دەرەخ غولىدەك يېگانە ئۆزۈمنى مەركەز قىلغان خىيالىمنىڭ

يېشىل ياپراقلىرىدىن شېكەر سۈيىدەك شەبنەم تۆكۈلۈپ تۇراتـ
ـتى، ياپراقلار ئاندىن جۇلالايتتى، رەڭدار بەرگىلەردىن ئەتىرـ
گۈلدەك گۈپۈلدەپ خۇش ھىد تاراپ تۇراتتى، يېڭى غۇنچىلار
بىخلىنىپ چېچەك ئاچقاندىمۇ، كونا بەرگىلەر تۆكۈلۈپ كەتـ
ـمەيتتى. مۇشۇ دۇنيانىڭ راھىتىنى ھېس قىلدۇرۇپ، تىرىك ياـ
شاۋاتقىنىمنىڭ دەلىلى بولۇپ، ھۇجەيرىلىرىمگە ھاياتىي كۈچ
بېغىشلاپ، تىرىكلىكىمنى قوزغىتىپ تۇرغىنىمۇ مۇشۇ خىيالـ
لىرىم ئىدى... خىيالىم رەڭلىرى دائىم ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ،
يوپۇرماقلىرى ئەسلا ئۆزگەرمەيتتى... قارىماققا ئۇنىڭ ئاشۇ تاشپاـ
قىنىڭكىدەك قاتتىق پوستى ئوراپ تۇرغان ۋۇجۇدىدىن مەن
توغرۇلۇق مۇتلەق خىيال قىلمايدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى ـ
يۇ، ئىچىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئۇنىڭمۇ مېنىڭكىگە مايىل پىنھان
تۇيغۇلىرىنىڭ يوقلۇقىغا ھېچكىم جەزم قىلالمايتتى. ئۇلار
تۇرغان بىنا بىزنىڭكىگە ياندىشىپ تۇرغاچقا، زەڭگەر پەردىلىك
دېرىزىدىن ئۇ چىقىدىغان قوش قاناتلىق ئىشىكنى كۆزىتەلـ
ـمەيتتىم، قاچانلاردا سىرتقا چىقىپ، قاچانلاردا قايتىشىنى تېپـ
ـىمۇ بىلمەيتتىم، لېكىن كۆزلىرىمنى دېرىزىدىن ئۈزمەيتتىم،
چۈنكى ئۇنى چىملىق مەيداندا خوتۇنىنىڭ ھارۋىسىنى ئىتتىرـ
گەن سىياقتا كۆرۈپ تۇرۇش ئىمكانى كۈتۈلمىگەندە نېسىپ بوـ
لۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن ئىدى. ئىچىمدە مىڭ شۈـ
كۈرلەرنى ئېيتاتتىم، ئىسسىق يۈزۈم بىلەن ئۇنىڭ ئاشۇ مېھرى
ئىسسىق، نەدە مېھرى ئىسسىق بولسۇن، توڭ قاپاق يۈزلىرىنى
ناھايىتى يېقىندىنلا توسالغۇسىز كۆرۈپ تۇرۇپ، باھاردا ئۇچقان
ئۆجۈن قوڭغۇزىدەك بوم ئاۋازىنى پات ـ پات ئاڭلاپ تۇرۇشنىڭ
ئۆزى ھاياتىمدىكى ئەڭ بۈيۈك قانائىتىم ئىدى، ئۇنىڭ ئىچ ـ
قارنىنى ئايلىنىپ چىققان ئاچچىق تاماكا ئىسلىرى دىماقلىـ
ـرىمنى غىدىقلىسا ئۇنىڭ لەززىتى ئاندىن... كاشكى، دىماقلىـ
ـرىمنىلا ئەمەس، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى تاتلىق بىر شېرىنلىك مەست

قىلاتتى، كىرپىكلىرىم تىترەپ، كۆزلىرىمنى ئاچالماي قالاتتىم...

— بۈگۈن كەچلىك تاماققا نېمە تەييار قىلدىلا خېنىم؟

— نېمە يېگۈلىرى بولسا شۇنى ئېتىمەن، — ناماز ئەسىردىن كېيىن تۆمۈر كارىۋاتنىڭ شادىسىغا يۆلىنىپ تەسۋىيىنى سىيرىپ ئولتۇرغان غوجامغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم. دىمىقىمدا قايسىدۇر بىر ناخشىنى غىڭشىۋاتاتتىم، لېكىن ئاھاڭى بۇزۇلۇپ تېكىستلەر ئالمىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— بەك ئۇزۇن بوپتۇ، خېنىمنىڭ بۇ قەدەر كۆڭۈل خۇشلۇقىنى كۆرۈپ باقماپتىمەن، ئېھتىمالىم بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى سىلىگە بىر ئوبدان يېقىپ قالدى.

— قانداق دەيلا؟ — ناخشام ئۈزۈلۈپ قالدى، گويا ئۇياتلىق بىر يېرىم ئېچىلىپ قالغاندەك ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم، — ناخشا ئېيتسام قاملاشمامدىكەن؟

— بەك قاملىشىدىكەن ئالتۇن خېنىم، ئوقۇسىلا...

... ئوقۇ دېگەنگە ئوقۇيدىغان غەزەلخان بولمىسام...كۆڭلۈمنى بىردىنلا غەشلىك قاپلىۋالدى.

— مېنىڭچە ھېلىقى مۇساپىرلارنى تاماققا ئېيتىپ قويساقمىكىن خېنىم، سىلىنىڭچە بولارمۇ؟

— كىمنى؟! — يۈرەكلىرىم شىشە قۇتىدىن دېڭىزغا چۈشكەن بېلىقتەك ئويناپ كەتتى. غوجامنىڭ كىمنى دەۋاتقانلىقىنى شۇنچىلىك ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ، قەستەن سوراۋاتقىنىمغا سەل ھەيرانلىقىمۇ تۇتتى.

— بۇ يەردە ئۇلاردىن باشقا تاماققا ئېيتىپ قويىدىغان كىمىمىز بار ئالتۇن خېنىم؟ ھېلىقى غۇلجىلىق ئىسمائىللارنى.

— سىلى شۇنداق ئويلىغان بولسىلا بوپتۇ، — دېدىم، شۇئانلا بىرىپ ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان قارا مەڭلىرىگە سۆيۈپ قويغۇم كېلىپ كەتتى، — لېكىن، ئۇلارنىڭ تېلېفون نومۇرىنى

سورىۋالماپتۇق، سالامەت خېنىم چىقىپ بۇرۇنراق ئېيتىپ قويمىسا كەچلىك تاماقتا چۇشۇپ كەتمىسۇن، — قاتلاۋاتقان كىيىملەرنى تاشلاپ، غوجامنىڭ ئالدىغا كەلدىم. ئالماس ئۈزۈك-لۈك بارماقلىرىم سۇس تىترەشكە باشلىدى، جىددىيلەشكىنىم-دىن ياتاقنى ئىككى ئايلىنىپ چىققىنىمنى بىلمەي قالدىم. ئاۋ-ۋال زەڭگەر پەردىلەرنى قايرىۋەتتىم، ياتاقتا غەربكە قىيسايغان قۇياشنىڭ سۇس شولىسى قىيپاچ چۇشتى، غوجامنىڭ كۆزلىرى چىمچىقلاپ كەتتى.

— پەردىلەرنى يېپىۋېتەيمۇ؟

— سىلى خالىغان بولسىلا شۇ پېتىدا تۇرسۇن خېنىم، لېكىن...

— لېكىن نېمە؟ — غوجامنىڭ نېمە دېيدىغىنىنى دەمال-لىققا ئاڭقىرالماي قالدىم، مەيلى نېمە دېسە دېسۇنكى، ئۇلارنى تاماقتا ئېيتىپ قويۇش قارارىدىن يېنىۋالمىسۇن، — سالامەت خېنىمنىڭ چىقىشى بىھاجەت، مەندە ئۇلارنىڭ قول تېلېفونىنىڭ نومۇرى بار، ئىسمائىل ئىنىم ئۆزى ئېيتىپ بەرگەن، — غوجام سۇر رەڭ پوپايكىسىنىڭ يانچۇقىغا قول سېلىپ قارا رەڭلىك قول تېلېفونىنى چىقاردى، ئاندىن باشلانغۇچ مەكتەپتە كەرە يادقا ئالغاندەك ئۈنلۈك ئاۋازدا نومۇرلارنى ئوقۇپ تۇرۇپ تېلې-فوننى باستى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئۇكام، — دېدى غوجام، — كەچ-لىك تاماقنى بىزنىڭ ياتاقتا يەيلىمىكىن دېگەن... نېمىگە ئاۋا-رىچىلىق، — كۈلدى غوجام بوش قولىدا مەڭلىرىنى سىلاپ قو-يۇپ. ئۇ بىردىنلا كۆزلىرىمگە خىزىردەك شاپائەتچى بولۇپ كۆ-رۈنۈپ كەتتى، — بەربىر ئېتىلىدىغان تاماقنۇ - ئۇ، ماقۇل دېسىلە...

— ماقۇل دېدىمۇ غوجام؟! — سوغۇققان بولۇشقا تىرىش-سامۇ، ھاياجىنىم سالاپىتىمنى بۇزۇپ تۇراتتى، — رەت قىلىد-

ۋەتمىگەندۇ؟ كىرىدىغان بولدىمۇ؟
ـــ شۇنداق، كىرىدىغان بولدى.
ـــ ئەمىسە پولۇ ئېتەيمىكىن؟
ـــ سىلىگە قايسىسى قولاي بولسا....
سالامەت خېنىم كۆكتات بازىرىدىن ھايال بولماي كىردى. سەۋزە ئاقلاۋاتقاندىن باشلاپ تاكى ئاشنى دۇملىگۈچە بارماقلىرىم تىنىمسىز تىترەپ تۇردى، تۇۋاق يېپىلغىچە قازاننىڭ تۈزىنى نەچچە قېتىم تېتىغىنىمنى ساناپ بېرەلمەيتتىم... لىفىت ئىشىكىنىڭ تىرىقشىپ ئېچىلىشىدىن كېيىن ئۇنىڭ كارىدوردا كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋۇشىنى ئاڭلىدىم، سالماق، ئەمما مەزمۇت تاشلانغان ۋەزمىنلىك ئاياغ يۈرىكىمنىڭ چىغىر يولىنى بويلاپ ھارۋا چاقى بىلەن تەڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى...
ـــ كەلدى! ئالدىغا چىقىپ دەرھال ياتاققا باشلىسىلا سالامەت خېنىم.
ـــ بولىدۇ، مانا ھازىرلا، ـــ سالامەت خېنىممۇ مەن بىلەن تەڭ جىددىيلىشىپ قالدى.
قازاننىڭ گىرۋىكىدىن بىر چىمدىم ئاشنى ئېلىپ يەنە بىر قېتىم تېتىپ باقتىم، ئاش ئوخشىغاندەك قىلاتتى، شۇنداقتىمۇ نېمىگىدۇر خاتىرجەم بولالمايتتىم... كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى تۇيۇپ تۇراتتى، ھۆرىيەت خېنىمنىڭ غىزاغا ئۇستىلىقى ماڭا يەتمىسە كېرەك، چۈنكى، ئۇ بىچارە قازان بېشىدا مەنچىلىك ئازادە ھەرىكەت قىلالمايتتى. ئۆمرۈمدە تالاي كاتتا سورۇنلارنى كۆرۈپ، ھالدار مېھمانلارنى قىلچىلىك تەمترىمەي ئۇزاتقان ئايال تۇرۇپ نېمىشقا بۇنچە ئالاقزەدە بولۇپ كېتىشىمنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈملا بىلەتتىم. ئارا ئاش ئۇسۇلغان تاۋاقنى ئېلىپ مىڭ جىلىڭ يۈكنى كۆتۈرگەندەك ياتاققا كىرىپ كەلدىم.
ـــ سىلىگە ئېغىرچىلىقىمىزنى سالمىساق بولاتتى، ـــ دېدى ئىسمائىل ئاق داستىخان يېپىلغان چاقچاقانغىنا ئۇستەل

ئالدىدىكى ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ، — لېكىن، ھاجىم ئاكامنىڭ كۆڭلىنى دەپ...

— ئاۋارە بولۇپلا لەيلى خېنىم، — قوشۇمچە قىلدى ھۆردىيەتمۇ خۇددى ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەن سىياق قولۇمدىكى تاۋاققا قوللىرىنى سوزۇپ.

— بەرىبىر ئېيتەتتىمغۇ، — تاۋاقنى داستىخانغا ئاۋايلاپ قويدۇم، — غوجامنىڭ ياخشى كۆڭلىغۇ بۇ، شۇنداقمۇ غوجام؟

ئاتتىن چۈشسەممۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشكۈم كەلمىگەندەك ھەممىنى غوجامغا دۆڭگىدىم.

— خېنىمنىڭ مېھماندارچىلىقى كۈچلۈك، ئۇنىڭغىمۇ تازا خۇشياقتى بولمىسا، — كۈلدى غوجاممۇ كەيپىياتنى كۆتۈرۈشكە تىرىشقاندەك ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ. شۇ ئانلا يۈزلىرىم بويۇنلىرىمغىچە قىزىشىپ كەتتى، بىر ئېغىز گەپنى ئۇن دوللارغا ئالىدىغاندەك قىلىپ كەتكىنى بىلەن... يامان چاغدا ئادەمنى سۇندۇرۇپ... ئۇنىڭدىن خاپا بولغۇم كەلدى - يۇ، دەررۇ چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرۈتتۈم:

— ئىشقىلىپ سىلەر بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ بىر ۋاق تاماقنى بىرگە يېيىش نېسىپ بوپتۇ ئاخىر، — غوجام چاپىنىمنى سالدۇرۇۋەتسە، ئارقىدىن ئۆزۈم كۆڭلىكىمنى يىرتىۋەتكەندەك يالىڭاچلىنىپ، ئوڭايسىزلىنىپ كەتتىم. ئىسمائىلنىڭ چېقىلغان كۆزلىرى كۆزلىرىمدىن تېزلا ئۆركۈپ كەتتى.

— قېنى ئاشقا باقىلى، ھاجى خېنىم ئۆزى بىر قوللۇق ئەتتى، — سالامەت خېنىم مېھمانلارغا ئالىقىنىنى يايغاندىلا تاۋاقلارغا ئېگىشتۇق. ئىشتىھايىم تۇتۇلۇپ قالغاندەك بىر نازۇكلۇقۇم ئون بولۇپ، تاۋاقتىن ئاش ئالغان بارماقلىرىم يۆگىشىپ، چىمەلتەكلىرىم ئېگىلىپ تۇراتتى. قەستەن بۇنداق غىلجىڭشىيدىغانغا خۇشۇم يوق، ھەر ئىشنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق يارىشىقى بولىدۇ، لېكىن يېڭى كېلىندەك بۇنچە ئايناقشىپ قېلىشىمنىڭ

زۆرۇرىيەتسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇرساممۇ، پۇت ـ قولۇمنى باشقۇرالمايۋاتاتتىم.
بالىنىست بەكمۇ ئازادە ئەمەس، قاپلىق ئورۇندۇقلار ئاندىن بىئەپ، لېكىن ئىسمائىلنىڭ ئورۇندۇقىنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ، ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇرۇشى شۇنچىلىك بەھۇزۇر، ئازادە، راھەتتەك كۆرۈنەتتى، قىلچىلىك قورۇنۇش، ياتسىراش ئالامەتلىرىنى ھېس قىلالمايتتىم. تارتىنىپ، سىقىلىپ قالىدىغان يېرى ئەسلا يوق، يا ئادەمنىڭ كۆزىگە ئەدەپسىز، يۈزى قاتمال كۆرۈنمەيتتى... خۇددى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغاندەك بەخۇدۇك... توۋا، دېدىم ئىچىمدە، سالاپەتلىك بولمەن دەپ نەچچەمىڭ سوملۇق ئىمپورت كىيىملەرنى كىيىپ، چىچار گالستۇك تاقىۋالغانلارغا ئىسست، سالاپەت دېگەن ئەسلى ئۇستۇڭگە ئورالغان لاتىنىڭ رەڭگى بىلەن پاسونىدا ئەمەس، ئادەمنىڭ روھىدا بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟... ئۇنىڭ خورما رەڭ ئايىغىغا قارىدىم، ئادەتتە مەن ئەرلەرنىڭ قارا ئاياغ كىيىشىنى ياقتۇراتتىم، لېكىن كۆزۈمگە ئۇنىڭ سەل مايسىراپ كەتكەن ئاياغلىرى شۇنچىلىك چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى، ئالدىدا تۇگۇلۇپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئاشۇ ئاياغلىرىنى پۇتلىرىدىن سالدۇرماي تۇرۇپ مايلاپ پارقىرىتىۋەتكۈم كېلىپ تۇراتتى. تولا يول يۇرۇپ پېيتەكلىرى نەم تارتىپ قالغانمىكىن؟ يېڭى پىتەككە ئەتىر چېچىپ ئالماشتۇرۇپ قويغۇم كېلەتتى. بەلكىم پۇتلىرىدا ھېلىقى ئۈچى تېشىلىپ كەتكەن پايپىقى بولۇشى مۇمكىن... بىر ھېسابتا پايپاق دېگەننىڭمۇ تېشىلىپ تۇرغىنى ياخشى... كۆزۈم تاۋاقتا، پۈتۈن دىققەت، سەزگۈم ئۇنىڭدا ئىدى... بارمىقىدىكى ئاشنى پات ـ پات شورىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇردى، ئاۋاز چىقىرىپ غىزالىنىشنى شۇنچىلىك يامان كۆرىدىغان تۇرۇپ، بۇ ئاۋازلار قۇلىقىمغا مۇزىكىنىڭ نەقراتىدەك چىرايلىق ئاڭلىنىپ كېتىۋاتاتتى... شۇ ئارىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆزىمىز ئىككى قېتىم ئىخ-

تىيارسىز ئۇچرىشىپ قالدى، لېكىن قانچە تېز ئۇچراشقان
بولسا ئۇ شۇنچە تېز كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قاچتى، كىر-
پىكلىرى زىنھار چىمچىقلىمىدى.

*　　*　　*

ئۇنىڭ چاقلىق ھارۋىدا ئولتۇرۇپ قالغان ھۆرىيەت ئىسىم-
لىك خوتۇنى بار، غۇلجىلىق ئىسمائىل ئىكەنلىكىنى ئاخىرى
بىلدىم، لېكىن ئۇندىن باشقا نۇرغۇن تەرەپلىرى مەن ئۈچۈن نا-
ئېنىق ئىدى، شۇ ئېنىقسىزلىق يۈرىكىمنى تىنىمسىز قۇتىرد-
تىپ تۇراتتى. ئۆزۈم مەقسەتسىز، نىشانسىز تەرەببالەن سۆيۈپ
قالغان ئۇ كىشىنى چۈشىنىشكە ھەققىم يوقمىدۇ؟! كىملىكىنى،
ياخشى - يامان تەرەپلىرىنى زىنھار بىلمەي، بىر كۆرۈشتە ئۇ-
نىڭغا ئاشىق بولدۇم، نەرىگە بۇنچىلىك كۆيۈپ - پىشىپ قالغى-
نىمنى يا ئۆزۈمگىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىسەم. ئالدى
چاچلىرى چۈشۈپ كەتكەن، پېشانىسى كەڭ، قاپىقى ئىششىق،
كۆزلىرى قارا، ئوتتۇرا بوي قارىمۇتۇقلا بىر ئادەم. سالا - سۇل-
كىتىنى دېسە، بىزنىڭ غوجامغا ھەرگىز يەتمەيدۇ... مۇشۇ دۇن-
يادا ئاشىقلىقنى ئىنسان بەدىنىنىڭ ئىسكەت - شەكلىگە، سالا-
پەت - سۇباتىغا چېتىۋېلىپ، ئۇزاق ۋاقىت بىرگە يۈرۈشتىن،
چۈشىنىشتىن، لەۋلەرنى لەۋلەرگە يېقىشتىن سۆيگۈ پەيدا بول-
دۇ، دەپ قارايدىغان ئاشۇ ئادەملەرنىڭ شۇ قەدەر يالغانچى، ئەخ-
مەقلىقىغا ئەمدى چىن پۈتۈۋاتاتتىم. بىر نەپەس تىنىقتا يەتمەس
دەقىقىلەر ھەممىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىكەن، بىر بېقىش، بىر قا-
راش ھەممە، ھەممىنى ئۇزۇل - كېسىل ئاستىن - ئۈستۈن قى-
لىۋېتەلەيدىكەن، ناتونۇش تەقدىرلەرنى چېتىپ، ھاياتلىقنى ئا-
جايىپ قىسمەتلەرگە باغلىيالايدىكەن... مەيلى ئۇنى چۈشىنەي
ياكى چۈشەنمەي، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەما، قۇلىقى گاس، پۇتلىرى

توكۇر بولۇپ كەتسۇن، ئۇنىڭغا بولغان قەلبىمنى ئۆزگەرتەل-
مەيتتىم، ئەمما ئۇنىڭ تەقدىرىنىڭ خاتىرە بەتلىرىنى ۋاراقلاپ،
كەچمىشلىرىنىڭ مەنىلەرگە باي قىسمەتلىرىنى بىلىشكە قىزى-
قىپ، لولامغا ئوت تۇتىشىپ تۇراتتى، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا
باھانە ئىزدەيتتىم، ئۇ قارىمىغاندا مەن قاراپ سالاتتىم، قارى-
سىلا ھولۇقۇپ ئالاقزادە بولاتتىم، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاقراق بىرگە
تۇرغۇم كېلەتتى ـ يۇ، شۇنداق پۇرسەت نېسىپ بولغاندا يەنە
قېچىپ كەتكۈم كېلەتتى، قېچىپ بولۇپ ئاندىن ئۆزۈمنى مىڭنى
تىللايتتىم. قولىنى نەگە سۇنسا يېتىدىغان، يۈرىكى پۈتۈن، بە-
ساتى كۆپ، بوينى ئۇستۈن لەيلى خېنىممىشمەن، ساخاۋەتلىك
كاتتا غوجامىنىڭ ئايالى — بەيتۇل مۇقەددەسنى تاۋاپ قىلىپ ئا-
نىدىن تۇغما پاكلانغان ھاجى خېنىممىشمەن... مانا بۇ بارچىنىڭ
نەزەرىدىكى شەكىللەشكەن پارقىراق، يالتىراق، جۇلالىق، مۇس-
تەھكەم كىملىكىم، قاسىرىقىم، پوستۇم ئىدى... لېكىن، ماھ-
يىتىم گۈل بەرگىدىكى بىر قەترە شەبنەمدەك ئاجىز، چۆلدىكى
بىر تۇپ توغراقتەك قاغجىراپ تۇراتتى... نازۇك ئىدىم، ئاچ ئى-
دىم، چاڭقاق ئىدىم، ئاچلىقىم بىلەن ئېرىمدىن ئۆزگە ھېچبىر
ئەرنىڭ شەھۋىتىگە پايخان بولمىغان ئىدىم. كىملەر مېنىڭ باي-
لىقىمغا، يەنە كىملەر مېنىڭ ئايالىقىمغا قىزىقىپ نەزەر كۆز-
لىرىنى پارقىراتقىنىدا، ھارام نىيەتلىرى ئۈچۈن ئاللا ـ تۈۋۈ-
سىنى چىقىرىپ «داد خېنىم» دېگۈزگەن... ھېلىقى كان ئېچىش
ئىجازەت تامغىسىغا ئىمزا قويىدىغان ئەربابنى قانداق جايلىدىم؟!
ئۇ مېنىڭ ئېرىمنىڭ بىلىنىڭ كاردىن چىققىنىنى بىلەتتى.
مەندىن پۇل تەلەپ قىلسا بېرەتتىم ئۇ قوڭالتاقا، قولۇمنىڭ
كىرى ئىدى ئۇ... ئاخىرى نېمىنى تەلەپ قىلدى؟ مېنى خوراز
سېغىنغان بوك ـ بوك مېكيان كۆرۈپ قالدىمىكىن، قولۇم-
رىمنى تۇتۇپ، شالۋۇقىنى ئېقىتتى... تاماكا ئىسى تولغان ئىش-
خانىسىدا مېنى دىۋانغا بېسىۋالماقچى بولدى تېخى، ۋۇ كىنى-

پۇرۇش! «مانا ئەمىسە» دەپ، تەشتەك بىلەن قويۇپ كاللىسىنى يېرىۋەتتىم. ئەمدىلىكتە بىر سەيياھقا ـــ پايپىقى تۆشۈك، تۇ-مىقىغا كۈيە چۈشكەن بىر قاتتىق ئۆتۈك قارىمۇتۇقىقا كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى... مۇشۇلارنى كىمگە دەپ بېرىۋاتقاندىمەن ـ ھە؟ ئۆزۈمنى كىملەرگە چۈشەندۈرۈۋاتقاندىمەن؟ كىملەرنىڭ ئالدىدا كىملىكىمنى ئاقلاپ ۋە كىملەرنىڭ ئالدىدا قارغاپ، قاقشاۋات-قاندىمەن؟... بەزىدە ئۆزۈمنى چۈشەنمەي قالاتتىم...

ـــ خېنىم، بىيىجىڭنىڭ نيۇ جىيې دەيدىغان بىر مۇسۇلماندىچە يېمەكلىك بازىرى بار، شۇ يەرنىڭ تۇزلانغان ئۆردەك توخۇ-منى يېگۈم كېلىۋاتقاندەك.

ـــ كۆڭۈللىرى تارتقان بولسا ئەخمەتكە دەپ...

ـــ ئەسلىرىدىن چىقىپتۇ ئالتۇن خېنىم، ئەخمەت بالا گۇاڭجۇغا تاش سودىسى بىلەن كىرىپ كەتمىگەنمۇ؟

ـــ ئەمىسە سالامەت خېنىمنى بۇيرۇتۇپ ...

ـــ لېكىن، قاراڭغۇ چۈشۈپ قېلىۋاتسا ... كىچىك بالىدەك قەغىشلىك قىلىپ كەتكىنىمنى قارا، ئەتىلىككە يەي ـ يا بولمىسا.

ـــ ياق، يېگۈلىرى كەلگەندىلا يەيدىلا، ئىمكانىمىز تۇرسا، نېمىدەپ بۇگۈنكى نەپسىلىرىنى ئەتىگە قويغۇدەكمىز؟ سالامەت خېنىم بىلەن ئىككىمىز بېرىپ كەلگۈچە ھاجەتلىرى قىستاپ قالارمۇ؟

ـــ قىستىنىشغۇ قىستىماس، لېكىن... ئىسمائىل ئىنىم بىلەتتىكەن ئۇ توخۇمچىنى.

ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن كۆڭلۈم ۋاللىدە يورۇپ كەتتى.

ـــ ئىسمائىلنى دەمدىلا؟ ـــ غوجامنىڭ شۇنداق دېگىنى ئېنىق بولسىمۇ قايتىلاپ سورىشىم ئۇنىڭ ئىسمىنى يەنە بىر رەت چاقىرىۋېلىش ئۈچۈن ئىدى، ـــ ئەمىسە تېلېفون قىلىپ

باقامدىلا، ـــ يۈرىكىمنىڭ رىتىمى يەنە بۇزۇلدى.
غوجام ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىۋاتقاندا جىددىيلىشىپ، ياتاق-تا ئۇياقتىن - بۇياققا قالايمىقان ماڭدىم... خىيالىم يامانلىققا قاراپ يۈزلەندى... نىيىتىم سىرىق بوران چىقىدىغان ھاۋادەك بۇزۇلۇپ، تۇيغۇلىرىم بەت رەڭگە كىرىپ يوپۇرۇلۇۋاتاتتى. ئۆ-زۈم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئەيىبلەۋاتقىنىم يوق... كىم - كىملەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراشتىن قورقۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى ئاقلاش ئۈچۈن ئەتەي ئۆزۈمنى تىللاۋاتقىنىمنى بىلەتتىم. نەپ-سىم يامغۇرلۇق ئاسماندەك گۈلدۈرلەيتتى. بەلكىم ئۇ يالغۇز چىقىشنى خالىماس... يا ئۇ بىزنىڭ مالىيىمىز بولمىسا... بۇ ئۆتۈپ كەتكەن يولسىزلىق، خالىغان چاغدا «بىزگە تۇزلانغان ئۆردەك تۇخۇمى ئەكىرىپ بېرىڭ» دەپ بۇيرۇيدىغانغا بىز نەنىڭ نوچىسى؟ ئۇمۇ ئۆتۈپ كەتكەن بوينى قاتتىق بىر نېمە، «تۇخۇم يېگۈلىرى بولسا مەن تۇخۇمچىنى كۆرسىتىپ قوياي، بىرسىلى-رىگە ھەمراھ بولۇپ بېرىشىپ بەرسەم بولىدۇ» دېيىشى مۇم-كىنغۇ؟ چوقۇم شۇنداق دېيىشى ئېھتىمال... ئىشقىلىپ شۇن-داققا مايىل بىرنېمە دەيدۇ... دېيىشى مۇمكىن... نېمىشقا مۇم-كىن ئەمەس؟... سالامەت خېنىمنىڭ ئەسلىدىلا بازارغا چىققۇسى يوق... كىم شۇنداق دېدى؟ سىرتتا قار ئۇچقۇنداۋاتسا، سوغۇق ئۆتۈپ كېچىچە قىزىپ چىقسا مەيلىمۇ؟ لېكىن، ئۇ چوقۇم ئىسمائىل بىلەن چىقىشنى خالاپ قالسىچۇ؟... ئېرى يوق بىر مەزلۇمنى ھۆرىيەت خېنىمنىڭ كۆزىچە ئېرى بىلەن چېتىپ قويۇش خەتەرلىكمۇ - قانداق؟ ھۆرىيەت خېنىمنىڭ كۆڭلىگە تېگىپ قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك جۇمۇ، بىچارە ئايالنىڭ كۆڭلىنى سۇندۇرۇشقا نېمە ھەققىمىز... ئەمىسە ئارىمىزدىن ئۇنىڭ بىلەن بېيجىڭدىكى نيۇ جىي بازىرىدىن تۇزلانغان ئۆردەك تۇخۇمى ئېلىپ كىرىشكە ئەڭ مۇۋاپىق نامزات كىم؟! ئاھ سۆ-يۈملۈك غوجام! سېنىڭ مۇشۇ چاغدا تۇزلىغان ئۆردەك تۇخۇمى

يېيىش نەپسىڭنى تاقىلداتقانلارغا رەھمەت...
ئىشىك ئېچىلىپ، گۆش رەڭ پوپايكىسى ئۈستىگە قىزىل تاشپاختا جىلىتكە كىيگەن ھۆرىيەت خېنىمنىڭ ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ ئىسمائىل كىرىپ كەلدى.
— بۇ كەچتە سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇق ئىنىم، شۇ تۇڭگانلارنىڭ تۇزلانغان ئۆردەك تۇخۇمىنى تورۇپلا كۆڭلۇم تارتىپ قالدى دېسە، — غوجام مەڭلىرىنى سىلاپ كۈلۈپ قويدى، — ئەتە يەيمىكىن دېسەم، يا خېنىم قويمىدى.
— كۆڭۈل تارتىسا ئامال يوقتى ھاجىكا، يېگۈلىرى كەلگىنى بەلەن بوپتۇ، ھازىرلا بېرىپ غاچچىدە ئەكېلىپ بېرىمەن.
— بولدى ئىسمائىل ئۇكام، سىزنى بۇ كەچتە ئاۋارە قىلماي-لى، شۇ يەرنىڭ تەپسىلىي ئورنىنى ھاجى خېنىمغا...
ئىسمائىل چاپىنىنىڭ سىيرىتمىسىنى ئېتىپ ئۈلگۈردى، ئىشىكنى ئاچقاچ كەينىگە بۇرۇلدى:
— ھەرقانچە پايتەخت بولسىمۇ، بۇ كەچتە خوتۇن كىشى-نىڭ سىرتقا چىقمىغىنى ياخشى.
ئىشىك گۈپپىدە يېپىلغاندا يۈرىكىم يەنە بىر قېتىم جى-غىلداپ كەتتى. قارا ئۇنىڭ ئەسكىلىكىنى... قاتتىق ئۆتۈك... مېنى ئېلىۋالسا «يۇدۇپ ماڭ» دەپ ھاپاش بولۇۋالارمىدىم؟ «سۆ-يۈملۈك ئېرىم»نىڭ ئىككىنچى قېتىم تۇزلانغان ئۆردەك تۇخۇ-مى يېگۈسى كېلىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ناھايىتى بىر تو-خۇمغۇ... تۇخۇم دېگەننىڭغۇ قاسرىقى ـ شاكىلى بار نېمە، شۇ جېنىدا تۇزغا چىلىسا ئاچچىق شاكىراب ئىچىگە ئۆتۈپ كېتىد-دىكەنۇ، مېنىڭ يۈرىكىمچۇ؟ قىپقىزىل بىر پارچە ئەتلىمە گۆش... يېلىنجاپ تۇرغان تەلپۈنۈشنىڭ ئوتلىرىدا كۆيگەن، ئىنتىزارلىقنىڭ دەستىدىن شەلۋەرىگەن قىپقىزىل يۈرىكىمنى زارىقىشنىڭ شاكىرابتەك ئاچچىقلىرىغا چىلاپ قويسا، يۈرىكىم

ئېچىشمامتىكى؟!

— ئۇنىڭ خۇيى شۇ، ئۆزى كېسىپ، ئۆزى پىچىدۇ، يەنە ئۆزى تىكىدۇ... ئەزەلدىن شۇنداق مىجەزى قاتتىق، قاپىقى قىرلىن، لېكىن نىيىتى دۇرۇس، باغرى يۇمشاق ئادەم ئۇ، — ھۆرىيەت خېنىم كۆڭلۇمنىڭ ناگىرىملىقىنى ئېرىنى داملاپ تۇرۇپ بەزلىگەندە، يالىلداپ ئېچىشىپ تۇرغان يارامغا موزا ئۇنى چاپ-قاندەك تېخىمۇ ئېچىشىپ كەتتى.

— بىزنىڭ غوجامنىڭمۇ ئىشتىھاسى نازۇك، خالىغان خالاڭ ـ خۇلۇقىنى يېمەيدۇ، ئاران بىر تۇزلىغان تۇخۇم يېگۈسى كەلگەندە بازارنى كۆرۈۋالايلى، كېيىن يەنە ئۇنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمەيلى دەپتۇق، — ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرغۇم كەلدى، شۇغىنىسى ئۇنۇمنىڭ قۇيرۇقى ئىچىمدە قىسىلىپ، ئاخىرقى بوغۇملىرىنى مىسكىن تىنىقلىرىم يۇتۇپ كېتىۋاتاتتى... ئۆزۈمگە سۆزلەۋاتامدىم، ئۇنىڭغىمۇ، مەنىلەر خىرەلىشىپ بارماقتا ئىدى... بەزىدە مەخپىيىتىڭنى قات ـ قات يۆگەيمەن دېگەنسېرىڭ ئورالار تارتىشىپ، نىقابلار يىرتىلىپ كەتسە ھالىڭ ـ ئوچۇق قالىدىغان گەپكەن... ئۆزۈمدىن ـ ئۆزۈم يوشۇرۇپ، غىلاپىنىڭ ئىچىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان «قوش بىسلىق خەنجىرىم» ھۆرىيەتنىڭ كۆزىدىن چاقنىغان ئۆتكۈنچى چېقىندا بىر مەرتەم ۋال قىلىپ چاقنىغاندا يالتىرىغان بىسلىرىدىن قان تامچىۋاتقاندەك چۆچۈپ كەتتىم. قايسىمىزنىڭ قانداق نازۇك يېرى كېسىلدىكىن، ھەر ئىككىلىمىز ئېچىشقان، كۆيۈشكەن بىر ئاغرىقنى ئۆزلىرىمىز ھېس قىلىشىپ قالدۇق... يا مېنىڭ سەزگۈرلۈكۈم ئېشىپ كېتىپ، مۇرەككەپ ئويلاپ كەتتىممىكىن...

— ئىسمائىل ئىنىمنى سوغۇقتا جاپادا قويدۇق، — غوجام ئارىدىكى جىملىقنى بۇزدى. بۇنىڭغۇ بەك جىملىق دەپ كەتكىلىمۇ بولماس، مەن دائىم ئىشلارنى مۇشۇنداق زىغىرلاپ ئويلاپ كېتىمەنغۇ ـ تاڭ؟... لېكىن، ئۆزۈم خالاپ ئەمەس، خۇددى ھۆ-

رىيەت خىنىمنىڭ ئىرىگە بولغان تەلپۇنۇشۇمنى ئۆز مەيلىم بو-يىچە قەستەن، ئىستراتېگىيەگە ئىلىپ شەكىللەندۈرۈۋالمىغانغا ئوخشاش... ئۆمۈر قىسمەتكە تولغان بولىدىكەن، جان تىكىپ، ئۆلمەيدىغاندەك ئەقىدە بىلەن ياشايدىكەنمىز، ئەمما مەيلى قانداق ياشايلى ھاياتنىڭ بىرلا نەتىجىسى بولىدىكەن. ئۇ بولسىمۇ ئۆ-لۈم، لېكىن قەرەلى ـ چېكى نامەلۇم ھاياتنىڭ ھەر دەقىقىسىدە يىڭى مۆجىزىلەر يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن، شۇنچىلىك شەرەپسىز، نومۇسلۇق بولسىمۇ... خۇددى ئېرىم بار تۇرۇپ خەقنىڭ ئېرىنى سۆيۈپ قالغىنىمغا ئوخشاش... ناۋادا مۇشۇنداق بىر قىسمەتنى بىر ئەرنىڭ نىكاھىدىكى ئايالنىڭ ئازغۇنلۇق كەچمىش بەتلىرى-دىن ئوقۇپ قالىدىغان بولسام چىشلىرىم غۇچۇرلاپ، ئىچىمدە مىڭ لەنەت ئوقۇر ئىدىم... ئۆزۈمنىڭ بېشىغا كەلگەندە ئۆزۈمنى مىڭنى قارغاپ، تىللاپمۇ بۇ ئوتلۇق چەمبىرەكتىن چىقىپ كېت-ەلمىدىم. بەزىدە ئۆزۈمنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىدىنمۇ گۇمان قىلىپ قالىمەن، ۋاپادارلىق، ساداقەتتىن سۆز ئېچىلىڭ دېسە، ھەربىر كېسەكلىرىنى مىڭ بىر ئەقىدىدىن قوپۇرۇپ، ئاسمانغا تاقاشقۇدەك ھەشەمەتلىك بىنا سالىمەن، بىنانىڭ ئىچىنى كۆر-مىگەن ئادەم تېشىنىڭ ھەشەمىتىدىن چۆچۈپ ھەيرەتتە قالى-دۇ... بىراق، ئاق مەرمەردەك يالتىراپ تۇرغان كاتتا سارايىمنىڭ ئىچ ـ ئىچىنىڭ مورا قۇيۇندىن قارا ۋە بەتبەشىرە ئىكەنلىكى-نى ئۆزۈملا بىلىمەن. شۇڭا ھەرقەدەم، ھەربىر نەپەستە ئۆز ـ ئۆزۈمنى مۇشۇنداق پاشپالاپ، ۋەتۆەرىكىمنى چىقىرىپ تۇرمى-سام، گۇناھلار دېڭىزىدا تۇنجۇقۇپ قالىدىغاندەك قىينىلىمەن... نېمىشقا خىياللىرىم يۈزلىرىگە سۇندۇك تۇخۇمى چاچراپ كەت-كەن سېرىق چاچلىق ئادىشىم خەدىچەنىڭ چىللە ئايلىرىدا تىز-غان چار مېغىزىدەك يورۇشلۇك ئەمەس؟! ھەرقەدەمدە يىپى ئۈ-زۈلگەن تەسۋى مارجىنىدەك چېچىلىپلا تۇرىدىغاندۇ؟... خەقنىڭ ئالتە توپلام، يەتتە كالام كىتابلارغا پۈتۈلگەن تۇيغۇلىرىنىڭ

شۇنچىلىك رەتلىك، شۇنچىلىك ئىزچىل داۋام قىلىشلىرىغا ھەيران قالىمەن... مېنىڭ خىيالىمنىڭ نېمانداق قاتارى ياكى تۇتامى يوقتۇ... بايام نېمە توغرۇلۇق خىيال قىلىۋاتقانتىم؟ توختا، بىرسى مېنىڭ بېشىمدا توقماق كۆتۈرۈپ «ئويلاۋاتقىنىڭنى هازىرلا دەيسەن» دەپ تۇرغىنى يوققۇ؟ نېمىنى ئويلار ئىدىم؟ خىيالىم، تۇيغۇمنىڭ تىزگىنى شۇ ئىسمائىلدىلا تۇرسا... ئىسمائىل! يۈرىكىم يەنە پۇلاڭشىپ كەتتى. خىرە يۇمۇلغان كىرپىكلىرىم لاپپىدە كۆتۈرۈلگەندە قارىچۇقلىرىم چاقلىق هارۋىغا ئولتۇرۇپ ماڭا تىكىلىپ ھەيرانلىقتا قالغان ھۆرىيەتنىڭ بوز مارجاندەك قاراقلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ چۆچىدى. خەقنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئېرىنى خىيال قىلىۋاتقىنىمنى شۇ چاغدىلا ئەسكە ئالدىم... ياتاق ئىچى ئىمتاسلىققا چۆككەندى. غوجامنۇ «تۇزلانغان ئۆردەك تۇخۇمى يەيمەن» دېگىنىگە پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك تۇراتتى، بۇرۇن پەررىكىدىكى قارا مېڭىنىڭ جۇلاسىمۇ يوقاپ كەتكەن... سالامەت خېنىم ئالىقانلىرىنى بىر ـ بىرىگە سۈركەپ قىزىتىپ غوجامنىڭ پۇتلىرىغا كەچلىك مەلھەمنى سۈركەۋاتاتتى...

— نېمە بولدى؟ ھەممەيلەن جىمىپلا كېتىپتىغۇ؟ — خۇددى ئۆزۈم بۇ يەردە ئەمەستەك، ھېلىلا ئاسماندىن توككىدە مۈشۈك ياتاققا چۈشكەندەك ھەيرانلىقتا ئۇلارغا قارىدىم، — ناھايىتى، تۇزلانغان ئۆردەك تۇخۇمى ئەكىلىدىغان ئىشتىغۇ، كۈھقاپتىن دېۋىنىڭ تۇخۇمىنى ئەكىلىدىغاندەك قىلىشىپ كېتىشتۇق، — ئەمەلىيەتتە شۇنداق قىلىۋاتقان كىم؟ بەزىدە مۈشۈنداق ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىشقا مەجبۇر بولىدىغان گەپكەن. ئۆزۈم چالغان ناغرىغا ئۆزۈم ئۇسسۇلغا چۈشكەندەك چاڭگىلداپ كۈلۈۋەتتىم، ھەممىنى مېنىڭ ئۇنۇم بېسىپ چۈشتى، — مېترو قولاي، بەلكىم ئىسمائىل هايالشمايلا كېلىدۇ، ئۆتۈم تازا ياخشى ئەمەستى، شۇنداقتىمۇ مەن چوقۇم بىر تال

يەيمەن، بىزنىڭ غوجامغا تېتىغىنى ئەلۋەتتە ماڭمۇ تېتىيدۇ، قانداق دېدىم ھۆرىيەت خېنىم.

— لېكىن، بەك شاكىراب، مەن پېيىشكە كۆنەلمىدىم، بىزنىڭ ئىسمائىل ئامراقكەنغۇ ـ تاڭ.

— ئۇ ئامراق بولسا يەنە بىرنى يەي ئەمىسە، — يۈزلىرىم لاپپىدە ئوت ئالدى، — دەيمىنا ئەمدى، ئېرىڭىزنىڭ كۆڭلى ئۇچۇن...، — بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئالدىدا ئېرىنى «ئىسمائىل»لاپ ئاتاشتىن ئۇيۇلۇپ قالدىم. ئادەمنىڭ ئەقىل ـ ھوشىنى شەيدا ـ لىق پىرىسلاپ قويغاندا، گەپلىرى مۇشۇنداق تاسقالمىغان قوناق ئۇنىدەك قولاشماي قالىدىغان گەپكەن. جاھان كۆرگەن ھال ـ دارلار، نوچىلار، شەرەنداز خوتۇنلار، ساختىپەز ـ قويمىچىلار، ھەزىلكەش ـ تىرىقچىلار ئالدىدا دەيدىغىنىمنى جايىدا دەپ، پۇتلاشمىغان لەيلىجان ئەمەسمىدىم؟

— ياتاق دىمىقكەن، نەپىسىم سەل قىسىلىۋاتىدۇ، زالغا چىقىپ بىردەم ھاۋالىنىپ كىرەيلىمۇ ھاجى خېنىم؟ — ھۆرد ـ يەت خېنىم ئۈيلىمىغاندا گەپنىڭ يۆنىلىشىنى بۇراپ، سىرتقا چىقىشنى خالاپ قالدى. ھارۋا چاقىنى قوللىرى بىلەن ئايلاندۇ ـ رۇپ ماڭا يېقىن كېلىپ ئىنچىكە بىلەكلىرىنى سوزغاندا، ئىخ ـ تىيارسىز بارماقلىرىمىز كىرىشتى، كۆزلىرىمگە مۆللىدە ياش كەلدى، ئۆزۈمگە ئىچىم ئاغرىۋاتامدۇ، ئۇنىڭغىمۇ؟ بىلەلمەي قالدىم، ھەسەتتىن خالىي ھېسداشلىقتا مايىل بىر ئىچكى تۇيغۇ قەلبىمگە يامراۋاتاتتى.

— ماقۇل، — دېدىم بېشىمنى لىڭشىتىپ، چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدىم، — شۈكۈر ئاللاھ! شۇندىلا يەلكەمنى بېسىپ تۇر ـ غان ئېغىر بىر يۈك غۇلاپ چۈشكەندەك يەڭگىللىك ھېس قىلدىم.

ئۇ ئولتۇرغان ھارۋىنىڭ پولات تۇتقۇچلىرى سوغۇق ئىدى. غوجامغا قارىدىم، ئۇ كۆلۈمسىرىگەندەك بىر ئىپادە بىلەن

«شۇنداق قىلغۇلىرى بولغاندىكىن شۇنداق قىلسىلا» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. يوڭ شارپامنى مۇرەمگە ئارتىپ، ھارۋىنى ئىتتىرىپ ياتاقتىن چىقتىم. چاقچۇق كارىدور چىراغ نۇرىدا يورۇپ تۇراتتى، ھارۋا چاقى يەڭگىل يورغىلايتتى.
— چاق يېنىكىشىپ قاپتۇ.
— ئىسمائىل مايلاپ قويدى، — ھۆرىيەت خېنىم كەينىگە قايرىلىپ مىسكىنگىنە كۈلۈپ قويدى.
— ئۇ سىزگە قەۋەتلا كۆيۈنىدىكەن، بەختلىك ئايالكەنسىز ھۆرىيەت.
— غوجامىمۇ سىلىگە شۇنچىلىك كۆيۈنىدىكەن.
— ئۇنىسى راست...
لىفتنىڭ كۇنۇپكىسىنى ھۆرىيەت باستى، بوش دوقىرىغان ئاۋاز بىلەن ئىككىنچى قەۋەتنىڭ زالىغا چۈشتۇق. ئازادە زالغا خىروم تاشلىق دېۋانلار قويۇلغان بولۇپ، ياندىكى نەچچە مېتىر كەڭلىكتىكى تام بويلاپ ياسالغان بېلىقدانلاردا رەڭلىك بېلىقلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. ھارۋىنى دېرىزە ئالدىدا توختاتتىم. پەردە تۇ-تۇلمىغان قىلىن ئەينەكتىن سىرتتا يېغىۋاتقان قارلارنى كۆر-گىلى بولاتتى، سۇس يورۇقلۇقتا يۇمشاق چۈشۈۋاتقان ئۇششاق چېچەكلەر يالتىرايتتى.
— ھەش-پەش دېگۈچە قىش بوپتۇ، — ھۆرىيەت خېنىم ئېغىر خورسىندى.
— قىش كەتسە باھار كېلىدۇ ھۆرىيەت.
— ئىسمائىلمۇ دائىم مۇشۇنداق دەيدىغان.
— شۇنداقمۇ؟
مەيۈس كۈلۈپ قويدۇم، يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى پىژىلداپ كەتتى.
— مېنى مۇشۇنداق «ھۆرىيەت» دەپلا ئاتىسىڭىز چىرايلىق ئاڭلىنىدىكەن.

— ماقۇل ھۆرىيەت، سىزمۇ مېنى لەيلى دەپلا ئاتاڭ ئەمە-
سە، يېقىنشلىق ئاڭلىنىدىكەن.
— لېكىن...
— ئارتۇقچە تەكەللۇپنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى ئەمدى، سىڭ-
لىمدەكلا بولۇپ قالدىڭىز.
— ئەمەلىيەتتە سىز مەندىن ياش.
— بۇنىسى مۇھىم ئەمەس، — ئۇنىڭ يەلكىسىدىن تۇتۇپ
يەڭگىل سىقىپ قويدۇم، — قارنى ياخشى كۆرەمسىز؟
— ياق، — دېدى ھۆرىيەت بېشىنى چايقاپ، — قىشنىڭ
سوغۇقىدىن بەك قورقىمەن، بىز تەرەپلەردە قار قېلىن ياغىدۇ.
— لېكىن، بىز تەرەپ بەك قۇرغاق، يىللاپ قار كۆرمەي-
مىز.
— ھايات مۇشۇنداق تەڭسىز، سىزدە بارى مەندە يوق، مەن-
دە بارى سىزدە لەيلى...
ئارىنى بىرپەس جىملىق باستى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى بىر مىس-
كىنلىك بېزەپ تۇراتتى، تىترەپ تۇرغان ئەزگۇ تاۋۇشلىرى ئۇ-
چۇشۇۋاتقان قار چېچەكلىرىدەك غېرىب، يۇمشاق ئىدى.
— ئىسمائىل ھەققىدە سۆزلەپ بەرسەم ئاڭلامسىز؟
— نېمىشقا؟ — نېمىدەپ، نېمىشقىلاپ كەتكىنىمنى ئۆ-
زۈممۇ چۈشەنمىدىم. چېكىلەپ تاڭغان ياغلىقىم سىيرىلىپ
چۈشۈپ، چاچلىرىم يەلكەمگە تۆكۈلۈپ كەتكەندەك چۆچۈپ بې-
شىمنى تۇتتۇم، — ئەڭ ياخشىسى... ياخشىسى ئۆزىڭىز ھەققىدە
سۆزلەپ بېرەمسىز؟ مەن دېمەن سىزنىڭ ئېرىڭىز... ئۇ ھەققىد-
دە ئاڭلىشىمنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى.
— ئۆزۈم ھەققىدە دەمسىز؟ لېكىن، ھەربىر كەچمىشىم
ئۇنىڭغا باغلانغان.
— مەيلىڭىز، — يۈزلىرىم تارتىشقاندەك، ئاندىن قىزىش-
قاندەك تۇيۇلدى. قىزىقلىق قۇلاقلىرىمنى بويلاپ بويۇنلىرىمغى-

چە تارىدى.

— سىزگە دەيدىغانلىرىم جىق، نېمىشقىكىن تۈنجى كۆ-رۈشتىلا سىزنى بەك ياقتۇرۇپ قالدىم، ئولتۇرۇۋېلىڭ چارچاپ قالسىز.

ئۇنىڭ كۆيۈنۈشلىرىدىن «يىقىلىپ چۈشىسىز» دېگەن مەنە چىقىپ تۇرغاندەك تۇيۇلدى.

— ماقۇل، — نېرىدىكى چىغ ئورۇندۇقنى تارتىپ ئۇنىڭغا يېقىن قويۇپ يانمۇيان ئولتۇردۇم.

— ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغىنىمغا 16 يىل بولدى، لېكىن مۇشۇك ئاسلىنىدەك بىر بالا تۇغۇپ بېرەلمەي بۇ قىسمەتكە گىرىپتار بولدۇم، شۇنداقتىمۇ ئۇ مېنى تاشلىۋەتمىدى.

— ئېسىل ئادەمكەن ئېرىڭىز.

— خۇددى سىزگە ئوخشاش ئېسىل! — ماڭا قاراپ سۆز قىلدى ئۇ، — بۇنداق ياشاش بەك ئازابلىقكەن، شۇنداقمۇ؟ سىدىلەرگە بەك ئۇۋال بولدى... بەلكىم ئاخىرەتتە دەرىجىسىنى كۆرىسىلەر، — «سىلەر» دەپ ئۇ ئېرى بىلەن مېنى كۆزدە تۇتىۋاتاتتى، بەلكىم دەرىجىسىنى كۆرەرمىز... بەلكىم يوق ھەقىقەت، بۇ دۇنيانىڭ سورىقى ئۇ دۇنيادا بولىدۇ...دەرىجىسى ئوخشاشلارنىڭ تەقدىرى قوشۇلۇپ قالارمۇ؟ ياخشىلىقىمىدىن يامانلىقىم كۆپ ئايالمەن، بېھىشنىڭ ئىشىكى ماڭا قاراپ ئېچىلارمۇ؟ ھەركىم ئۆزى سۆيگەن ۋە ئۆزىنى سۆيگەن بىلەن باش قوشىدۇ دەيدۇ، ئىسمائىل مېنى خالارمۇ؟

— ئۇ ئەسلىدە بىر قورساق ئاچامنىڭ سۆيگەن يىگىتى ئىدى، لېكىن ئاچام ئۇنىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلدى، — ھۆرىيەتنىڭ ھەسرەتلىك تىنىقلىرىدىن قاينىتىلغان يىلتىزنىڭ چۇچۇمەل پۇراقلىرى ئۇرۇلدى.

— نېمىشقا؟!

— ۋاپاسىزلىققا باھانە چىشلەمدۇ لەيلى؟ — ئۇنىڭ بوغۇل-

غان ئۇنى سەل كۆتۈرۈلگەندە ئورۇق مۈرىلىرى قىسىلدى.
— ئىسمائىل كۆنەسلىك، تاغلىق يېزىدىكى نامرات ئائىلىنىڭ بىر تاللا ئوغلى ئىدى، — ئۇنىڭ ئاۋازى پەسلەپ ئاۋۋالقى ئۇدارىغا چۈشتى، — ئاتا - ئانىسى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كېتىپ توققۇز يېشىدا يېتىم قالغاندىن كېيىن، ئۇنى تاغىسى بېقىپ چوڭ قىلغان، بىلمەيسىز، ئۇ دېگەن ساۋاتسىز ئادەم، ئىسمىنىمۇ يازالمايدۇ، — هۆرىيەتنىڭ يۇزلىرىنى ئازابقا مايىل بىر كۈلكە سۆيۈپ ئۆتكەندە ئورۇق تېرىلىرى يىغىلدى، — لېكىن، ئۇنىڭ زېهنى شۇنچىلىك ئوچۇق، كاللىسى كارامەت ئۆتكۈر، ھەممىدىن غۇرۇرى كۈچلۈك... بىلىشىمچە ئاچام ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئاشىق بولغان.
— ئىسمائىلچۇ؟ — تەمكىن بولۇشقا تىرىشقىنىم قېنى؟ قارىغىش تەگكۈر تەمكىنلىك ۋۇجۇدۇمنى ئىسكەنجىسىگە ئالالمايۋاتاتتى، — ئۇمۇ ئاچىڭىزغا ئاشىقمىدى؟
— شۇنداق، ئۇلار بىر - بىرىگە كارامەت ئامراق ئاشىق - مەشۇقلار ئىدى، — بارماقلىرىم سۇس تىترەپ كەتتى، ئىچ - ئىچىمدىن بىر ئۇسسۇزلۇق ئۆرلەپ، لەۋلىرىم قۇرۇدى. ئەسلىدە ئۇمۇ بىرسىگە ئاشىق بولغانىكەندە... بەلكىم ئۇ خېنىم مەندىن ياش، مەندىن چىرايلىق، گەپلىرى چۇرۇك، تاتلىقتىنا چوكان، — ئاتا - ئانامنىڭ نارازىلىقى بولسىمۇ ئاچام ئاخىرى ئۇنىڭغا تەگدى، — ئاشىقى بىلەن ئەر - خوتۇن بولۇش ئۇنىڭغا نېسىپ بوپتۇ، — هۆرىيەتنىڭ ئۇ ھەققىدىكى ھەربىر بايانلىرىنى قەلب ئېكرانىمدا شەكىللەشتۈرۈپ، يورۇتۇپ تۇراتتىم، خىلمۇخىل رەڭلەرنى بېرىپ زىننەتلەيتتىم، قىزىل رەڭلىرى جۇلالىغاندا كۆزلىرىمگە بىر دوۋە يالقۇن كۆرۈنەتتى، ئاندىن شۇ ئوت ئىچرە ۋۇجۇد - ۋۇجۇدۇم پاراسلاپ كۆيۈپ، چېكىلىرىمدىن تۈتۈن چىقاتتى، — ئۇلارنىڭ بىر ئوغلىمۇ بولدى، لېكىن ئاچام بارغانچە بۇ نامرات تۇرمۇشتىن زارلىنىشقا باشلاپ، ئىسمائىلنى

پۇل تېپىشقا قىستىدى. ئۇنىڭغىمۇ نېمە ئامال دەيسىز؟ ئەر كىشى دېگەن بىر ئۆينىڭ تۈۋرۈكى تۇرسا، كۆيدۇم ـ پىشتىم دېگەننى نان ئورنىدا يەپ، كۆڭلەك ئورنىدا كىيگىلى بولاتتىمۇ؟ ئاخىرى ئىچكىرىگە كىرىپ ئوقەت قىلماقچى بولدى، چۈنكى، تاغلىق يېزىدا يەر قىس، پۇل تېپىش تەس، سىرتقا چىقىپ ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. خۇدا ھەققىدە ئىسمائىل ئىككى ياشـ لىق ئوغلى بىلەن چىرايلىق خوتۇنىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلاردا ئىشلەمچىلىك قىلىشنى ئۆزى تاللىمىغان، تۇرمۇش ئۇنى مەجـ بۇر قىلغان! بۇ ئۇنىڭ گۇناھى ئەمەس ئىدى، — ھۆرىيەتنىڭ بوز كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغان، قار ئۇچقۇنلىرىـ دەك سوغۇقلۇق قارچۇقلىرىدا يالتىراپ تۇراتتى، — ئەمما، مېـ نىڭ ئاچام شۇنچىلىك نومۇسسىز ئايال ئىدىكى، دۇنيادىكى بارچە نومۇسسىزلارنى بېسىپ چۈشەتتى، ئۇنىڭ ئاچام بولۇپ قالغىنىدىن، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئاتىنىڭ پۇشتى بولۇپ، بىر ئەمچەكنى شورىغىنىمدىن بەزىدە شۇنداق نومۇسمۇ قىلىپ قالاتتىم. بىر ئايالنىڭ ئۆز ئېرىنىڭ ئىپپىتىنى بۇزۇپ ساداقەتسىزلىك قىلىشىغا، ئۆزى سۆيگەن ۋە ئۆزىنى سۆيگەن ئېرىگە خىيانەت قىلىشىغا باھانە چىشلەيتتىمۇ؟ — ھۆرىيەتنىڭ «باھانە چىشـ لەيتتىمۇ» دېيىشلىرى قۇلىقىمغا بەك چىرايلىق ئاڭلىنىپ كەتتى، چۈنكى، ھەر ئىشنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق باھانىسى بار دېـ يىلگەندىمۇ، باھانە چىشلىمەيدىغان ئىشلار بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئايرودرومنىڭ كۈتۈش زالىدا مەن ئۇنىڭ ئېرىنى تونجى رەت ئۇچراتقىنىم بىر باھانە... ئۆزۈمنىڭ بىر ئەرنىڭ نىكاھىدىكى ھالال خوتۇنى، ئىككى بالىسى بار ئانا ئىكەنلىكىم يەنە بىر باھا- نە، كىملىكى ناتونۇش، تېگى ـ پۇشتى نائېنىق ئىسمائىلنىڭ يېنىمدىكى مۇشۇ خېنىمنىڭ ئېرى ۋە مەن ئاشىق بولغان ئېرـ نىڭ قىسمەتلىرىنى ئۆز ئېغىزى بىلەن ماڭا بايان قىلىپ بېرـ ۋاتقان ئاق كۆڭۈل، ساددا ئايالنىڭ ماڭا ئىشەنگەن قەلبى تېخىـ

ـمۇ چوڭ بىر باھانە... سەۋەبلەرنىڭ دۆۋىسىدە باھانىلەرنىڭ قاي-
ـنىمىدا تۇنجۇقۇپ تۇرۇۋاتسامۇ، مېنىڭ ئىسمائىل دېگەن قات-
ـتىق ئۆتۈككە بولغان ئاشىق كۆڭلۈمگە باھانىلەر چىشلىمەيت-
ـتى. ھۆرىيەت سۆزلەۋاتاتتى، دەقىقە چېچىلغان خىيالىم ئاراچ-
ـلىرىدا ئۇنىڭ ئىسمائىل ھەققىدىكى قايسى كەچمىشلىرىنى
ئۆتكۈزۈۋەتكىنىمنى بىلمەي قالدىم. بالىلىق ۋاقتىمدىكى ناسىر
كىنوچىنىڭ ئايلانما چاسلىرىنى ياندۇرۇپ كۆرگىلى بولغان بى-
ـلەن، ئەقىدە ـ ئىخلاس بىلەن سۆزلەۋاتقان ھۆرىيەتنىڭ دىيىد-
ـلىپ بولغان تەسىرلىك بايانلىرىنى كەينىگە ياندۇرۇشقا بول-
ـمايتتى، بۇنداق قىلسام ئۇنىڭ ئۇچۇن ھۆرمەتسىزلىك بولاتتى.
قارا، مېنىڭ ماۋۇ ئالىيجانابلىقىمنى، ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان
قاراقلىرىغا قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئېرىنى سۆيۈپ قېلىشىم، ئۇ-
ـنىڭ ئۇچۇن شەرەپمىدى؟ شەرەپ بولامدۇ، نومۇسمۇ، مەن نېمە
قىلدىم؟ نېمە قىلغىنىم مۇھىم ئەمەس، نېمە ئويلىغىنىم... نې-
ـمە ئويلاي ـ ئويلىماي، ئويلىرىم ئىچىمنىڭ ئىچىدە!... ھامان
بىر كۈنى قېتىقىنىڭ قايمىقى ئۆرلىگەندەك تېشىمغا تېپىپ
چىقسا جاھان ئۆكتۈرۈلۈپ كېتەرمۇ؟! ياق ـ ياق... پاش قىلما
ئىلاھىم! مەنمۇ بىر ئايال... يەنە بىر ئايالنى قان يىغلىتىپ تۇ-
رۇپ ئۇنىڭ ئېرىگە تېگىۋېلىش خىيالىم يوققۇ؟ سەۋزىدىن بى-
خەۋەر دەم يەپ قالغان گۈرۈچۈم ئاش پىشقۇچە مىچىلداپ قالسا
نەقەدەر نومۇس؟ قايسى ئاشنى پىشۇرماقچى ئىدىم؟!... ئوچىقىم-
ـدا ئوت گۈركىرەپ تۇرسىمۇ، قازىنىم سۇنغان ئايالمەن... ئىلا-
ـھىم مېنى بۇ يامان نىيەتلەردىن ياندۇر، ئىسمائىلنىڭ ئويلى-
ـرىمنى بىلىپ قېلىشىدىن ھەزەر قىل... ئۆزۈمنى ئاقلاشقا يەنە
باھانە ئىزدەيتتىم، لېكىن باھانىلەر چىشلىمەيتتى، — ئىسما-
ئىل ئۇدۇللۇق تاپقان پۇللىرىنى خوتۇنىغا سىلىپ تۇردى. شۇن-
ـداقتىمۇ خەيرىسىز بىر كۈنلەر ئاچامنىڭ كۆڭلىگە شەيتان سى-
ـيىپ قويىدى! — دىققىتىم دەررۇ ئۇنىڭ سۆزىگە مەركەزلەشتى، —

مەھەللىمىزدىكى ئۆچ ئەگىم ئاچىلىدا قاۋاق ئاچىدىغان سىدىق غاڭزا بىلەن ئىچ ـ پەش تارتىشىپ قالدى، سىدىق دېگەن غاڭ- زىسىغا كۆك تاماكا بىلەن قەشقەر نەشىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ چېكەرمىش، ئۇ گۈيتۇزا ئۆزىنى كاتتا كۆچلۈك ھېسابلايدىغان پوپاڭ بولغاچقا ھېچكىمنى كۆزىگە ئىلمايتتى. ئۇ نىيىتى قارا دىيانەتسىز، ئېتىقادسىز، مەيپۇرۇش بىلەن ئىسمائىلنىڭ بۇ- رۇندىنلا خۇشى يوق... ئاچام قېرىشقاندەك شۇ توڭگۇزنىڭ دامى- غا چۈشۈپ كەتتى. دەسلەپ دۇكىنىغا قارىشىپ بەرگەن بولدى، ئاتام ئۇنىڭدىن كەچتى، كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئاشكارا ئارىلىشىپ يۈرگەندە ئاپام باللىقتىن كەچتى. ئائىلىمىزدە ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، پاچىقىنى چاقىدىغانغا بىر ئوغۇل قېرىندىشىمىز بولغان بولسا ئىدى، لىپىكىنى چىقىۋېتىپ ئايىغىغا نان تاشلاپ بېرىپ باقار ئىدۇق، — ھۆرىيەتنىڭ بېشى چۈشۈپ، ئورۇق مۈرىلىرى سىلكىنىپ كەتتى، ئورنۇمدىن تۇرۇپ تىكلىمە چايداندىن قەغەز ئىستاكانغا قايناق سۇ ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم.

— رەھمەت لەيلى خېنىم، سىزگە قاراپ بەكمۇ ھەۋەسىم، ھۆرمىتىم كېلىدۇ، 15 يىلنىڭ ياقى ئىمجان ئېرىڭىزنىڭ ئەمە- رىنى تۇتۇپ، ئۇنى بېقىپ كېلىۋېتىپسىز، بىر ئايال ئۈچۈن ئاسان ئەمەس، — ھۆرىيەت پۇۋلەپ تۇرۇپ چېيىنى ئوتلىدى، — ئىسمائىل بىلەن ئىككىڭلارغا ئۇۋال بولدى.

يۈرىكىمنىڭ شىددەت بىلەن سوقۇپ گۈپۈلدەشلىرى قۇلى- قىمغا ئاڭلىنىپ كەتتى. ئۇ نېمە دېدى؟ ئېرى بىلەن تەقدىرىمنى چېتىپ «ئىككىڭلار» دېدى. توۋا، شۇنداق دېگەنگە نېمە بوپتۇ؟ ئوخشاش قىسمەت، يەڭگۈش تەقدىر، يەكپاي ئاياغ. جەريانلارنى بېسىپ ئۆتمەك، داۋانلاردىن ئېشىپ ماڭماق مۈشكۈل قىيىن... تۇرۇپلا ئۆزۈمگە شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، دائىم مۇشۇنداق تاقىدا ـ تۇققا مىسرالار ئېسىمگە كېلى- ۋالىدۇ؟ مەنغۇ ئۆمرۈمدە ئىككى مىسرا شېئىر توقۇپ باققان

بەندە ئەمەس. ئىسمىلارنىڭ قاتار كېلىشى، قوشۇلۇپ كېلىشى تەقدىرلەرنى چېتىپ قويالارمۇ؟ چاتمىلاردىن مەنە ئىزدەپ باھانە تېپىۋاتقان ئۆزۈم.
— بۇنداق دېمەڭ ھۆرىيەت! ئەمەلىيەتتە غوجام بىلەن ئىككىلارغا سوئال بولدى.
— سوئالىمىزنى سىلەر تارتىۋاتىسىلەر لەيلى خېنىم، بايام سۆزلەپ نەگە كەلگەنتىم؟ ئەقلىم گاراڭشىپلا تۇرىدۇ، بەلكىم ئۆلۈم ماڭا يېقىنلاشتى... ھامان ئۆلىدىغان ئىشقۇ، لېكىن ئىسمائىلنىڭ يالغۇز قېلىشىغا قىيالمايمەن. بىر كۈنلەر سەھەر ئۇ ئويغىنىشتىن بۇرۇن ئەبەدىيلىك ئۇيقۇغا كەتسەم دەيمەن، شۇندىلا ئۇنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرالايتتىم.
— ھۆرىيەت! تۇغۇلماق ھەق، ئۆلمەك ھەق، ئەمما بىر بەندىنىڭ تەڭرى بەرگەن ھاياتىغا زاۋاللىق تىلىشى گۇناھ!
— بىلىمەن، بىزنىڭ ئىسمائىلنىڭ دەيدىغان گېپىغۇ بۇ؟ ئەجەب ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش گەپ قىلىسىز.
— بەلكىم... قىسمەتلىرىمىز ئوخشىغاچقا شۇنداق، بىزنىڭ غوجامۇ پات - پات شۇنداق ئېزىلىپ قالىدۇ. گېپىڭىزنىڭ داۋامىنى ئاڭلىغۇم بار، چارچاپ قالمىغان بولسىڭىزلا.
— چارچىمىدىم، سىز بىلەن قېنىپ بىر پاراڭلىشىپ بوشىۋالغۇم بار لەيلى، — ھۆرىيەت يەنە قوللىرىمنى تۇتتى، ئۇنىڭ ئورۇق قوللىرى ئىسسىق، بوغۇملىرىنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن ئاشۇ بارماقلىرى ئەگرى - بۈگرى، بېزەكسىز، سىيدام ئىدى، — قوللىرىڭىز شۇنچىلىك يۇمران ئىكەن لەيلى.
— سىزمۇ سەمرىپ تولسىڭىز مېنىڭكىدىن يۇمرانلىشىپ كېتىدۇ، — گەپ قىلىۋېتىپ ئۇنىڭ قوللىرىدىن بارمىقىمنى ئاستا ئالدىم، ئاندىن نامسىز بارمىقىمدىكى جۈپلەپ تۇتاشتۇرۇلغان تىللا ئۈزۈكۈمنى چىقىرىپ ئۇنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىغا سېلىپ قويدۇم، — پات يېقىندا ئايرىلىمىز، بۇ ئۈزۈك مەندىن

سىزگە يادىكار بولۇپ قالسۇن، — ئۇزۇك ئۇنىڭ بارماقلىرىدا جۇلالىغاندا ھۆرىيەت قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.
— ياق - ياق، لەيلى خېنىم، بۇ سەت قوللىرىمغا ئۇزۇكمۇ ياراشمايدۇ... مەن ئالالمايمەن.
— ئۆتۈنۈپ قالاي ھۆرىيەت، كۆڭلۈمنى قايتۇرماڭ، دوستلاشقىنىمىزنىڭ نىشانى بولۇپ قالسۇن.
— لېكىن، بۇ بەك قىممەتلىك سوۋغا بولۇپ قالدى، ئىسمائىل كۆرسە خاپا بولىدۇ.
— ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەت قىلالمىدىم دەڭ. ناھايىتى بىر سېرىق مېتالغۇ، قوبۇل كۆرمىسىڭىز دىلىم سۇنىدۇ، يۈرىكىم ئاغرىيدۇ، ماقۇل دەڭ.
— رەھمەت ئەمىسە، — ھۆرىيەت تەڭقىسلىقتا قورۇنۇپقىنا بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۇزۇكلۈك بارمىقىنى سۆيۈپ قويدى، ئاندىن پوپايكىسىنىڭ بوينۇلىرىنى قايرىپ تۇرۇپ ماڭا ئېگىلدى، — بوينۇمدىكى تۇمارنىڭ يىپىنى يېشىپ قويامسىز؟
— نېمە قىلاي دەيسىز؟
— ئۇ بۆرىنىڭ ئوشۇقى، ئىسمائىل سوۋغا قىلغان، يالغۇز قالغاندا سىزگە يۆلەك بولىدۇ.
— ياق - ياق ئالالمايمەن، ئېرىڭىز سوۋغا قىلغان نەرسە ئۆزىڭىزگىلا تالىق بولىدۇ ھۆرىيەت!
— ئۆتۈنەي، ئىسمائىل چىگىپ قويغان يىپلارنى ئۆزگۈم يوق، ئۆز قولىڭىز بىلەن يېشىپ قويۇڭ لەيلى، بۇنى سىزگە سوۋغا قىلغىنىمنى بىلسە ئۇمۇ رازى بولىدۇ.
— نېمىشقا؟
— چۈنكى ئۇ سىزگە ئامراق.
— قانداقسىگە؟ — نەپىسىم نەچچە دەقىقە توختاپ، تىنىقلىرىم ئۈزۈلۈپ قالدى، — چۈشەنمىدىم.
— مەنمۇ بىلمەيمەن... ئىشقىلىپ ماڭا شۇنداق تۇيۇلىدۇ.

— ھۆرىيەت!

— بەلكىم ئۇنىڭ بوينۇمدا تۇرىدىغان ۋاقتىغا ئۇزۇن قال-مىدى، ھاياتلىقىمدا ئۇنى ئۆزۈم ھۆرمەت قىلىپ، ئېتىراپ قىلىدىغان ئەڭ ياخشى ئايالنىڭ بوينىغا تاقاپ قويغۇم بار ئىدى، مېنى بۇ ئارزۇيۇمغا يەتكۈزۈڭ.

— لېكىن، مەن... مېنىڭ... مەن لايىق ئەمەس...

— ئېرىم، ئائىلەم بار دېمەكچىمۇ سىز؟ بۇنىسى مۇھىم-مۇ؟ ئەتە نېمە بولىدۇ ھېچقايسىمىز بىلمەيمىز، ئۇ دېگەن سا-ۋاتسىز دېھقان، سىز بولسىڭىز ئېسىلزادە، مۆتىۋەر ئايالسىز. بىراق، بۇنىسىمۇ مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى بىر كۈنلەر مەن كەتسەم ئۇ يالغۇز تىكەندەكلا قالىدۇ، شۇنىڭغا چىدىغۇچىلىكىم يوق لەيلى خېنىم، بەلكىم ئۇنىڭ ئاچىسى، بەلكىم سىڭلىسى بولارسىز ۋە ياكى... تۇغقىنى، — ھۆرىيەت بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇرەمگە يۇمشاققىنە ئېگىشىپ يىپىشتى، ئۇنىڭ گۈپۈلدەپ سو-قۇپ تۇرغان يۈرىكىنىڭ رىتىمى قۇلاقلىرىمغا ناغرا ئۇرغاندەك ئاڭلىنىپ تۇراتتى، — تۇمارىمنى يېشىپ قويۇڭ پەرىشتەم، مۇشۇ تۇمار بىزنى سىزگە دائىم باغلاپ، رىشتىمىزنى چېتىپ تۇرسۇن! شىمالىي تاغدا، سىز تۇرغان يۇرتنىڭ يىراقىدا بىر ئەزىز ئادىمىڭىزنىڭ يالغۇز قالغىنىنى سىزگە ئەسلىتىپ تۇر-سۇن! يامان كۈندە تونۇشتۇق، ئېغىر كۈندە دوستلاشتۇق، مې-ھىر - مۇھەببەت دېگەن كۆڭۈلدە بولىدۇ، شۇ كۆڭۈل تاغ ئاتلاپ، داۋان ئاشالايدۇ.

ئۇ بوينۇمغا تۇمارىنى ئېسىۋاتقاندا، ئۇنى ئۇنسىز قۇچاقلاپ يىغلىدىم. نېمە دەپ تەسەللىي قىلىشنى بىلمەيتتىم، كۆيۈك يا-رامغا قىزىلمۇچ باسقاندەك يۈرىكىم چىدىغۇسىز ئېچىشىپ كې-تىۋاتاتتى، ھاياجىنىم كۆۋەجەيتتى، ئۇنۇمنى قويۇۋېتىپ چىر-قىراپ يىغلىغۇم كېلىپ بوغۇلاتتىم.

— شاپتۇل چېچەكلىگەندە ئىسمائىل ئاسماندىن چۈشكەن-

دەكلا يۇرتتا پەيدا بولدى، ھەممىمىز ھاڭۋېقىپلا قالدۇق، پەقەت ئىسمائىللا ھاڭۋاقمىدى ۋەياكى چالۋاقاپ جىددىلمۇ قىلمىدى. ئوغۇل بالىنىڭ كۆزىدىن ئاققىنى ياش ئەمەس، قان دەپتىكەن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە قان ئاققىنىنى مەن مۇشۇ كۆزلىرىم بىلەن ئېنىق كۆردۈم. تېخى تاڭ ئاتمىغان چاغ، ئۇ ئۆز كارىۋىتىدا خارقىراپ ئۇخلاۋاتقان سىدىق غاڭزا بىلەن يالدىڭاچ نۇرىيەنى كۆرۈپتۇ. شۇ نۇرىيەنى مېنىڭ ئاچام دېيىشكە نومۇس قىلىمەن... ئىسمائىل شۇ ھالدا نېمىنى ئويلىغان بولۇغىيتتى؟ ئۇ خوتۇنىنىڭ بۇرنىنى كېسىۋالماپتۇ، يا ھېلىقى توڭگۇزنى بىر شاپىلاق ئۇرماپتۇ، ئېھتىمال ئۇنىڭ يۈندىغا تاش ئېتىپ، پاكىز قولىنى بۇلغىغۇسى كەلمىدى.

— ئەمەلىيەتتىمۇ ئەرزىمەيتتى، ئېرىگىمىز نوچى ئادەمكەن، — يۈرىكىمدىكى ھاياجانلىق كۆۋەجەش تاشقىنىغا ئايلىنىپ، قەلبىم سەلدەك دەۋرەپ كەتتى... يۇرتىمىزدىكى پاشىنىڭ ئۇچىيىدە ھېسسىپ قۇيىدىغان بەزىبىر گۇمانخور ئەرلەرنىڭ كېچىسى قازىنىقىغا چاشقان كىرىپ چۇشىگەن يامان چۇشلىرى ئۇچۇنمۇ خوتۇنلىرىنى تالاق قىلىپ قانماي، بۇرۇن ـ قۇلاقلىرىنى ئۇستىرا بىلەن كېسىۋېتىشلىرى ئېسىمگە كەلدى. ئۆتكەن يىلىنىڭ ئالدىنقى يىلىمۇ؟ ياق، ئۇنىڭ بۇرناقى يىلى، بىزنىڭ مەھەللىدىكى بەش بالىسىنى يېتىم قىلىپ، خوتۇننى تالاق قىلىپ قويۇۋەتكەن ماتاڭچى قوشنىمىز قانداق قىلدى؟! يېڭىدىن ئالغان 19 ياشلىق ياش خوتۇننى ئاق تۇرنا مېھمانخانىسىدىن تاشچى يىگىت بىلەن تۇتۇۋېلىپ، ياتقان يېرىدىن ئانىدىن تۇغما سۇر ـ توقاي قىلىپ، ئوچۇق رەستىگە قوغلاپ چىقىرىپ، ئەيىۋەنناس قىچقىرمىدىمۇ؟ ئاخىرى ئۇ سېكىلەك چىۋىن دورىسى ئىچىپ ئۆلۈۋالدى.

— ئۇلار نىكاھتىن ئاجرىشىپ كەتتى، — ھۆرىيەت سۆزىنى داۋام قىلىۋاتاتتى، — لېكىن، تۆت ياشلىق ئوغلىنىڭ بې-

قىش ھامىلىقىنى تالىشىپ سوتلىشىپ قالدى، بەزىدە سوتمۇ ئامالسىز قالىدىكەن. ئەمەلىيەتتە نۇرىيەدەك ئايالنىڭ ئانا بولۇش سالاھىيىتى يوق ئىدى، شۇنداقتىمۇ قانۇن ئۇلارنىڭ تۆت ياشلىق ئوغلىنىڭ بېقىش ھوقۇقىنى نۇرىيەگە ئېلىپ بېرىپ، راسخوتىنى ئىسمائىلغا چىگىپ قويدى. ئىسمائىل بەكلا جىمىپ كەتتى، ئادەملەردىن قاچتى، ھاياتتىن بەزدى، دۇنيادىن يىرگەندى. ئۇ چاغلاردا مەن تولۇقسىزنى پۈتتۈرۈپ، ئوقۇشتىن چېكىنىپ كېسەلچان ئاتا ـ ئانامغا قاراۋاتقان 18 ياشلىق قىز ئىدىم. دادام نەپەستىن قېلىشتىن ئىلگىرى ئىسمائىلنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ يىغلىدى:

ـــ جېنىم ئوغلۇم، شۇنداق بىر قىزنىڭ ئاتىسى بولغىنىمغا مىڭ لەنەت! سېنى مۇشۇ كۈنگە قويغىنىمنى ئەپۇ قىل، رازى بول مەندىن، ئادەم بالىسى باقماي چوشقا كۈچۈكى بېقىپتىمەن... بىر پېلەكتىن چۈشكەن سويمىنىڭ ھەممىسى بىر خىل بولۇشى ناتايىن، ھۆرىيە قىزىمنى ئەمرىڭگە ئال! ئۇ ئاچىسىنىڭ گۇناھىنى يۇيۇپ، ساڭا ۋاپادار جۈپ بولۇپ خىزمىتىڭنى قىلسۇن، سەندىن ئۆتۈنەي، ـــ دېدى ئىسمائىلغا يالۋۇرۇپ، ئارقىدىن قان قۇسۇپ يۆتىلىپ كەتتى، ئىسمائىلنىڭ لىڭشىغان بېشىنى كۆرگۈچە قىينىلىپ جان تالاشتى.

ـــ سەندىن رازىمەن ئاتا! گۇناھ ئۆزۈمدە! سەندىن رەنجىشكە ھەققىم يوق! ھۆرىيەنى ئەمرىمگە ئالىمەن، ـــ دېدى ئىسمائىل مېنىڭ مۇشۇ قوللىرىمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، ـــ ئەمدى ئۇنى ھەرگىز يالغۇز تاشلاپ قويمايمەن.

دادامنىڭ چىرايىدا خاتىرجەملىك قېتىپ قالدى... مەن ئون توققۇز ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ ئەمرىگە ئۆتتۈم. «ھۆرىيە» دېگەن ئىسمىمنى ئۇ ياقتۇرمىغاچقا، مېنى «ھۆرىيەت»دەپ چاقىرىدىغان بولدى.

ـــ ئاتىڭىزنىڭ شۇ ۋەسىيىتى بىلەن تەگدىڭىزمۇ؟

— ياق، ئۆزۈم خالاپ...
— بىر بەختىڭىزگە مېنىڭ بەختىم توغرا كەلمەيدىكەن ھۆرىيەت.
— نېمە دەيسىز لەيلى؟ قۇلاقلىرىممۇ كاردىن چىققىلىۋاتىدۇ.
— بەختلىككەنسىز دېدىممىكىن... شۇنداق دېدىمغۇ دەي-مەن، — مۈرىلىرىم كۆتۈرۈلۈپ، ئالقانلىرىم يېيىلدى، بىپەر-ۋا بولۇشقا تىرىشىپ كۈلدۈم.
— شۇنداق، ئاجايىپ بەختلىك ئىدىم، — ھۆرىيەتنىڭ بوز قارىچۇقلىرى قىزىل مارجاندەك جۇلالاپ كەتتى، — ئىسمائىلنى بۇرۇندىن ياقتۇراتتىم، چۈنكى، ئۇ ئەركەك پۇرايدىغان يىگىت ئىدى. مەنمۇ نۇرىيەدەك بەختلىك بولۇشنى، ئىسمائىلدەك ئەر-گە ياتلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم، لېكىن بەختىم ئۆزۈمگە بارماي سىدىق غاڭزا تەرىپىدىن پايخان بولدى.
— نېمە؟ ئۇ يەنە ئارىلىشىۋالدىما؟!
— بېشىمغا مېنىڭ قىلىچ ئۇرسىمۇ ئۇ مەرەزگە قارايدىغان كۆزۈم يوق، ئۇ ئىبلىسنى ئۆيلىسامىمۇ بالىلىقتا ئىچكەن تاتلىق ئۇماچلىرىم يېنىپ چىقىدۇ لەيلى.
— ئەمىسە؟... — ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تاقىلداۋاتاتتىم، — نېمە بولدى ئاخىرى؟
— نۇرىيە ئاشۇ خوتۇن بىدىكى، ھاراق تۈگى، نەشىكەشكە ئاخىرى تەگدى. ئىسمائىلنىڭ ئوغلى مىركايىلنىڭ قارىچۇقلىد-رى دادىسىنىڭكىگە ئوخشاش قارا، پونىدىلەكلا بالا ئىدى، ئۇنى سوتنىڭ ھۆكۈمى بويىچە 15 كۈندە ئاران بىر كۈن كۆرەلەيت-تۇق، ئۆيگە ئەكېلىپ ئىسسىق سۇغا چۆمۈلدۈرۈپ ـ يۇيۇندۇ-رۇپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، سىرتلارغا ئېلىپ چىقىپ ئوينىتاتتۇق. مىركايىلنىڭ بەش ياشقا تولغان تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. ھاۋا ناھايىتى سوغۇق، ئۇنى كۆرۈش قەرەلىمىز توشقىلى

ئىككى كۈن قالغاندا نۇرىيەنىڭ ئىشىكىگە دۈگدەرەپ باردىم، نۇرىيە قىلىن چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى يەڭگۈش ئېتىپ، چاچ-لىرىنى پاخپايتىپ، بوتكىسىدا تاۋۇز ئۇرۇقى چاققاچ ھارىقىنى سېتىپ ئولتۇراتتى.

— مىركايىلنى بەر، ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەن، ئوينىتىپ ئەكېلەيلى، — دېدىم. نۇرىيە كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ئالىيىپ قويۇپ، تۇمشۇقىدىكى شاكالنى يۈزۈمگىلا پۈۋلىدى:

— بالامنى باقمەن دېگۈچە، قورسىقىڭنى بېقىشساڭچۇ دىۋانىلە، — دېدى ئۇ شالىسىنى ئېقىتىپ.

يۈزۈمگە چاپلىشىپ قالغان شۆپەكنى ئېيتمۇېتىپ ئۇنىڭ رەزگى كۆزلىرىگە تىكىلدىم، — بالىنى بېرەمسەن - يوق؟!

— تۈخۈمۈڭ قۇرۇپ كەتتىمۇ، ئۇرۇغۇڭ؟ ئېرىمگە تېگىۋالدىڭ، غىڭ قىلمىدىم، قاندىڭمۇ، نوچىمىكەن؟! ۋۇ ئەر مەستانىسى شەرمەندە! يامان بولساڭ ئۆزۈڭ بىرنى كۆچۈكلەپ باقمامسەن؟

— نومۇس قىل بىشەم! سەن بىلەن تاكاللىشىدىغانغا چولام نەدە، مىركايىلنى ئەكېتىمەن!

— پوقۇڭنى يەپسەن! چىچقاق ئۆردەكنى سۇغا باسقاندەك ئۇنى سوغۇق سۇغا چىلىشىپ، بەزگەك قىلىپ قويۇشۇپسەن تې-گى پەسلەر، ئەمدى ئۇنى كۆرىمەن دېيىشمە!

— ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپسەن ئالۋاستى، قولىمىزدا سوت-نىڭ ھۆكۈمى بار، خام خىيال قىلما، ئىجرا قىلمىساڭ «بالىنى خورلىدى»دەپ ئۈستۈڭدىن ئەرز قىلىپ، بېقىش ھامىيلىقىنى تارتىۋالىمىز تېخى!

نۇرىيەنىڭ چېقىر كۆزلىرى غەلىتە پارقىراپ كەتتى، ئۈز-لىرى بوغۇلۇپ، كېكەچلەپ قالدى:

— كىم دېدى «خورلىدى» دى... دى... دەپ؟ شۇ... شۇ

بەزگەك... دوختۇرلار ئۇنى بەزگەك بولۇپ قاپتۇ دېدىغۇ، سەن نېمىنى بىلەتتىڭ؟

— بالا قېنى؟

— يوتقاندا.

— كېسەل بالىنى يوتقانغا ئوراپ قويۇپ ئۆزۈڭ هاراق سىپ-تىپ ئولتۇردۇڭمۇ؟ لەنەت ساڭا! سېنىمۇ ئانا دېگىلى بولامدۇ؟

— ماڭا تولا تەنبىھ بېرىمەن دېگۈچە، ئېرىڭنىڭ پايتىمە-سىنى ياما.

— ئەمىسە ماقۇل، سەن بىلەن سوتتا كۆرۈشەيلى، — قەھرىم بىلەن كەينىمگە بۇرۇلدۇم.

— توختا! هەرنېمە دېگەنبىلەن ئىككىمىز قېرىنداشقۇ سەن بىلەن، ماڭا ئورا كولاپ نېمىمۇ قىلارسەن هۆرىيە؟ — نۇرىيە-نىڭ چىرايى غەلىتە تاتىرىپ كەتتى.

— بالىنى ئەكېتىپ بىر كۈن قاراي دېدىم، ساڭا ئورا كولاۋاتقىنىم يوققۇ؟

— لېكىن...

— يەنە نېمە گېپىڭ بار؟ سەن بىلەن بۇنىڭدىن ئۇزۇن پا-راڭلىشىپ تۇرۇشقا تاقىتىم يوق، نومۇس قىلىمەن!

— مىركايىلنى دوختۇرغا ئاپىرىمەن دېمە، سوتقىمۇ بېرىپ يۈرمە، مەن سىدىقنى قايىل قىلىپ ئۇنى سىلەرگە مەڭگۈلۈك بېرىۋېتەيمىكىن دەيمەن.

— سىدىقنىڭ بىلەن مىركايىلنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى؟ ئۇ دېگەن ئىسمائىلنىڭ پۇشتى تۇرسا، سەنلا خالىساڭ بولدى، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى بىزگە بېرىۋەت!

— لېكىن... شۇ...

— يەنە نېمە لېكىن ـ پېكىن؟

— بالىنى سىلەرگە بېرىۋەتسەم، سىدىق خېتىمنى بېرىۋە-تىدۇ.

— نېمىشقا؟
— ئۇ... ئۇ مىركايىلغا ئامراق...
— ۋاي قوۋۇرغامەي، ئاشۇ هاراقپۇرۇش، نەشكەش ئېرىڭ-مۇ؟ نوچى بولسا ئۆز سۆيدۈكىدىن چاشقانچىلىك بىر بالا تاپ-سۇنچۇ ئۇ ناكەس...
— پەس گەپ قىل، سادىغاڭ كېتەي هۆرىيە! پەس... ئۇ ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان، ئاڭلاپ قالسا جېدەل قىلىدۇ، كۆرگۈلۈكۈمنى كۆرسىتىپ، قاتتىق ئۇرۇۋالىدۇ، بولدى دېگۈچە دۇمبالايدۇ! — نۇرىيە پاخپاي چاچلىرىنى سىلكىپ مىشىلداپ يىغلىدى.
— ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىلدىڭ نۇرىيە، بۇ مۇشۇ دۇنيادىكى تارتقۇلۇقۇڭ ئىدى.
نۇرىيە ئورنىدىن تۇرۇپ پاختىلىق مىلەڭزىسىنى قايرىپ ماڭا بۇرۇلدى:
— ئېسىڭدە بولسۇن، قالايمىقان دورا ئىچۈرمە، بالىنى يۇ-يۇپ - تارايمەنمۇ دېمە، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويغان، سوغۇق ئۆتۈپ قالمىسۇن...
— سەندىن ئوبدان بىلىمەن.
نۇرىيە ئۆيىگە كىرىپ هايال بولماي بالىنى كۆتۈرۈپ چىقتى، ئاندىن تۇماقچىسى قىڭغىيىپ قالغان مىركايىلنى پوكەيگە قويدى، — تېز بول، سىدىق ئويغانغۇچە بالىنى ئېلىپ كەت، قانچە يىراققا بولسا شۇنچە ياخشى.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ بالىنى بىزگە بېرىۋەتتىڭما؟
— ياق... ياق، ئۇنى بېرەلمەيمەن، بەرسەم تاياقتىن ئۆلىمەن...
— ساراڭ بوپسەن نۇرىيە... تازىمۇ تايىنى يوق...
بالىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ كەينىمگە ئەنسىز قارىدىم، نۇرىيە چاچلىرىنى يۇلغان پېتى بوتكىسىدا يىغلاۋاتقاندەك قىلاتتى. كاللام زىددىيەتكە تولۇپ كېتىۋاتاتتى، يىرگىنىپ

تۇرسامۇ ئۇنىڭ قىرىندىشىملىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتتىن تا-
نالمايتتىم، يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشقاندەك ئۇنىڭغا
ئىچىم ئاغرىپ قىلىۋاتاتتى، تۇرۇپلا يەنە ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ بۇ
جازانى ئۇنىڭغا يېنىك كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم.
سىرتتا شىۋىرغان ئۇشقىرتىپ تۇراتتى، يېزا بازىرىدا
تاكسى قاتنىمىغاچقا ئۈچ چاقلىق توكسىكلىتتا ئولتۇرۇشقا
توغرا كېلەتتى... قېلىن پاختىلىق كىيىم كىيگەن مىركايىل
15 كۈننىڭ ئالدىدىكىدىن كۆپ يېنىكلەپ كەتكەندەك بىلىندى،
ئۇ مۈرەمگە بېشىنى قويۇپ كېسەل تەگكەن چۈجىدەك بوينىنى
تاشلاپ جىممىدە ياتاتتى.
— نەرىنىڭ ئاغرىيدۇ قوزام؟...
مىركايىل كىچىك قوللىرى بىلەن بوينۇمنى كۈچسىز
قۇچاقلاپ يۈزلىرىنى مۈرەمگە سۈركىدى، ئاندىن ئۇنىڭ ھېقىق-
داپ يىغلاشلىرى قۇلىقىمغا ئاڭلاندى.
— كۆڭلۈڭ يېرىممۇ ئارسلانىم؟ بىرسى سېنى بوزەك
قىلدىما؟ ئاپاڭ ئۇردى؟ سىدىق؟...
بالىنىڭ يىغىسى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى...
— مىركايىل...
— مېنى ئۆيۈڭگە ئېلىپ كەت ھۆرىيەت ئاپا! مېنى تاشلى-
ۋەتمە... مەن قورقىمەن...
— نېمىدىن قورقىسەن بالام؟ — مىركايىلنىڭ ئۇنى ئىد-
چىگە چۈشۈپ كەتتى... توكسىكلىتتىمۇ قۇچىقىمدىن چۈشمەي
ماڭا چىڭ يېپىشىپ ياتتى. كوچا ئېغىزىغا كەلگەندە ئۇنى ئا-
ۋايلاپ يەرگە چۈشۈردۈم، چۈنكى، پۇتلىرى سوغۇقتىن ئۇيۇ-
شۇپ، سىرقىراپ كەتكەن بولۇپ، خېلىلا ئاقساپ قەدەملىرىنى
تەستە يۆتكەۋاتاتتى، كىچىككىنە بەدىنى بېشى قايغان تەرەپكە
ئېغىپ كېتىۋاتاتتى...، — توختا بالام! يىقىلىپ چۈشىسەن، —
مىركايىلنى ئالدىراپ يۆلەپ باغرىمغا باستىم.

— پۇتلىرىڭنى قايرىۋالدىڭمۇ قوزام؟
بالا بېشىنى چايقىدى، يۇمران لەۋلىرىنى چۆچۈرىدەك تۇ-
گۈپ ئېسەدىگەندە، قىزارغان كۆزلىرىدىن قۇيۇلغان ياشلىرى
بىلەن تەڭ بۇرنىدىن سۇزۇك پوتلىسى ئاقتى...
— دوختۇر مېنى...، — مىركايىلنى كۆچلۈك ھېق تۇتۇ-
ۋاتاتتى، ھېقىلداشلاردا سوزۇپ ئېيتقان چۈچۈك گېپى ئۈزۈلۈپ
تۇراتتى، — بەزگەك بولۇپ قاپ... قاپسىز دەيدۇ.
— قايسى دوختۇر شۇنداق دېدى بالام؟
— سى، سىدىق... ياق، سىدىق د... دا..دادا ئۆيىمىزگە ئې-
لىپ كەلگەن دوختۇر ئاكاش شۇنداق دېدى.
ئىككى دوقمۇشتىن قايرىلىپ، بالىنى كۆتۈرۈپ ھاسىرغى-
نىمچە ھويلىغا كىردىم. ئوتۇن پارچىلاۋاتقان ئىسمائىل پالتىنى
تاشلاپ، غۇلاچلىرىنى ئېچىپ ئالدىمىزغا كەلدى:
— كەل ئارسلىنىم... يىلپىزىم...
— دا... دادا! — مىركايىل قۇچىقىمدىن يۇلقۇنۇپ دادىسى-
نىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى، — دادا... مەن ئەمدى كەتمەيچۇ...
مېنى كەتكۈزۈۋەتمىگىن... سېنى ھەرگىز خاپا قىلمايمەن... ۋە-
دە بېرەي، شاكىلات ئېلىپ بەر، كاڭكا ئوينات دەپ قىينىماي-
مەن...، — مىركايىل ئۈن قويۇپ يىغلىدى. ئۇنىڭ ئىسمائىل-
نىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ تۇرغان كىچىككىنە بىلەككىلىرى تىت-
رەيتتى، چەمى ئۇپراپ، ئاپقۇتلىرى قىڭغىر كەتكەن بوغۇچلۇق
ئاياغلىرىنىڭ يىپى يەردە سۆرۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ دادىسىنىڭ كۆ-
كىرىپ تۇرغان يىرىك ئېڭەكلىرىگە سۆيۈپ، غازاڭدەك ئالى-
قانلىرى بىلەن دادىسىنىڭ يۈزلىرىنى ئارىغا ئېلىپ ھېقىلدى-
دى، — مەن قورقىدىكەنمەن دادا...
— نېمە بولدى باتۇرۇم؟ نېمىدىن قورقىدىكەنسەن؟ سېنى
كىم بۇنچە قورقۇتتى جىگىرىم؟ — مىركايىل جىمىپ قالدى.
ئىسمائىل ئوغلىنى كۆتۈرۈپ ياغاچ ئىشىكنىڭ مىلەڭزىسىنى

قايرىدى، ئاندىن ماڭا بۇرۇلۇپ شۇنداق دېدى، — مىركايىل تىترەۋاتىدۇ، — ئىسمائىل ئوغلىنى كارىۋات گىرۋىكىدىكى كۆرپىگە ئاۋايلاپ قويدى، ئاندىن ئوغلىنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ چۆچىدى، — بالا قىزىپ قاپتۇ، — مىركايىل ئولتۇرالماي قىڭغىيىپ كەتتى، — نەرىڭ ئاغرىيدۇ بالام؟

— دوختۇر ئاكاش بەز... بەزگەك بو... بولۇپ قاپسىز دەيدۇ.

— بول، دوختۇرغا ئاپىرايلى بالىنى، هالى ناچار تۇرىدۇ هۆرىيەت!

— لېكىن، نۇرىيە ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئوكۇلىنى ئۇردۇرۇپ بولغان دېگەن.

— ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەندىڭما؟ ئۇنىڭ دېگىنى نېمىگە هېساب؟!

— ياق دوختۇرغا بارمايمەن... بارمايمەن دادا!... هەممە يې-رىم ئاغرىمىدى...

— مىركايىل!

— جېنىم دادا... قورقىمەن...

— ئوكۇلدىن قورقامسەن؟ ئوغۇل بالا - ئەركەكسەن باتۇرۇم...

— ياق... ئوكۇل... ئوكۇلدىن ئەمەس...

— ئەمىسە نېمىدىن؟

— دورا سۈركەشتىن.

— بىرەر يېرىڭدە زېدە بارمىدى مىركايىل؟

مىركايىل كىچىككىنە قوللىرىدا ئىچىنى تۇتۇپ كەينىگە داجىدى.

— مىركايىل، ئوغلۇم نېمىگە قورقىسەن؟ — ئىسمائىل-نىڭ چاناقلىرى ئەنسىز كېرىلدى، — نېمە بولدى ساڭا جىگى-رىم؟!... — ئۇنىڭ ئاۋازىنى بىر ئاچچىق ئازاب بوغۇپ خىرقى-

راپ قالدى.

مىركايىل تامنىڭ بۇلۇڭىغا قىستىلىپ، تولگولگەن پىتى ئولتۇرۇپ، يۈزلىرىنى توسۇپ ئىسەدەپ خىتىلداشقا باشلىدى، لېكىن گەپ قىلغىلى ئۇنىمىدى.

ـــ سەندىن ئۆتۈنەي قوزام، نېمە دەردىڭ بولسا داداڭغا ئېيت، ئۇ ھەممىدىن يامان، ئۇ ھېچكىمدىن قورقمايدۇ! ـــ مىركايىلنىڭ ئېغىنى توسۇۋالغان يۇمران قوللىرىنى تۇتتۇم.

ـــ لېكىن، ھەممىدىن سىدى... سىدىق... يامان... دادام ئۇنىڭدىن قورقىدۇ.

ـــ ساڭا كىم شۇنداق دېدى؟ ـــ دەررۇ ئىسمائىلغا قارىدىم، لېكىن چەكچىيىپ تۇرغان چاناقلىرىدىن يالتىيىپ، كۆزۈمنى ئېلىپ قاچتىم.

ـــ سىدىق... ياق... سىدىق د... دا دا... بىر كىمگە دېسەڭ بوينۇڭنى قۇش... قۇشقاچىنىڭ بوينىدەك ئۈز... ئۈزۈۋېتىمەن دېدى... قوشقاچىنىڭ بوينىنى ئۈزمەيلچۇ دادا... قان چىقىدۇ...

ـــ قايسى گەپنى مىركايىل؟! مەندىن يوشۇرما بالام!

ـــ بوش ۋارقىراڭ! بالا قورقۇپ كېتىدۇ، ـــ ئىسمائىلغا ئالايدىم، ـــ جىددىيلەشمەي تۇرامسىز، ئۇنى سۆزلىگىلى قويۇڭچۇ! ئىش ھازىرلا ئاشكارا بولىدۇ، ئۇ مەرەز بالىنى بەك قورقۇتۇپ قويغاندەك تۇرىدۇ، ئەمما بىزنىڭ مىركايىل دېگەن يىگىت! يىگىت دېگەن باتۇر بولىدۇ، شۇنداقمۇ ئوغۇلچىقىم؟ ـــ يۈرىكىم نامەلۇم بىر ئەنسىزلىكتىن تىقىلىپ تۇراتتى.

ـــ ئەمىسە مېنى كەتكۈزۈۋەتمەيمەن دەپ ۋەدە بىرىڭلار... چىن ۋەدە بىرىڭلار... ئونى، يۈزنى...

ـــ خۇدا ھەققىدە ۋەدە بېرىمىز مىركايىل! سەن دېگەن سىدىقنىڭ ئەمەس، مېنىڭ ئوغلۇم!

ـــ ئەمىسە نېمىشقا مېنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىسەن؟ نېمىشقا ئۇ ئەسكى ئادەمگە بېرىۋېتىسەن؟! ـــ مىركايىلنىڭ قارا مارجاز-

دەك كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆرۈكلىدى.
— مېنى ئەپۇ قىل جىگىرىم! مەن ئەسكى، مەن يارىماس، — ئىسمائىل ئالىقىنى بىلەن يۈزلىرىگە ئىككىنى شاپىلاقلىۋەتتى.
— دادا! ئۆزۈڭنى ئۇرما، مەن دەي! مەن... دەي، — مىركا-يىل تىزلىنىپ كېلىپ دادىسىنىڭ قولىغا ئېسىلدى، — ئۇ مې-نىڭ كۆزۈمنى تېڭىپ قويۇپ كاسامغا دورا سۈركىدى، كاسام ئاغرىپ كەتتى دەپ ۋارقىرىسام، قولى بىلەن ئېغىزىمنى ئېتى-ۋالدى... ئې... ئېچىشىپ كەتتى... كاسام... قانىدى دادا...
— ئاھ خۇدا!!!
كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى... تاملارنىڭ گەجلىرى ئاجراپ، تۈرۈس ـ بالالار بېشىمغا چۈشۈۋاتقاندەك مېڭەم زىڭىل-داپ كەتتى. ئىسمائىلنىڭ شۇ ئاندىكى ھالىتىنى مەن قانداق تەسۋىرلەپ بېرەلەيتتىم؟ ئۆمرۈمدە ئۇنداق ۋەھىمىگە تولغان، قورقۇنچلۇق كۆزنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن لەيلى خېنىم. زۇۋا-نىم تۇتۇلۇپ لاغىلداپ تىترەپ كەتتىم، ئىسمائىل ئوغلىنى باغرىغا تارتىپ، ئۇنىڭ پاختىلىق ئىشتىنىنى ئالدىراپ سالدۇ-رۇپ كاسىسىغا قارىدى... قارىدى ـ يۇ، كۆكسىگە قانخور ئوۋ-چىنىڭ ئوقى تەگكەن قارا ئېيىقتەك دەھشەتلىك نەرە تارتتى... تاملار تىترەپ، گەجلەر راستتىنلا ئاجراپ چۈشتى... نېمىدەپ ۋارقىرىغىنىنى ھازىر ئەسلىيەلمەيمەن... سىزلەر تەرەپتە ياۋايى ھايۋانلار يوقتۇ؟ بىزنىڭ مەھەللە تاغلىق كەنت، قارا ئېيىققا ئوق تەگسە دەھشەتلىك چىرقىرايدۇ، ھەرقانچە بولسا ئىسمائىل-چە نەرە تارتماس... خۇدا ھەقىقىدە مۇشۇ ئىككى كۆزۈم بىلەن ئېنىق كۆرگىنىمگە قەسەم قىلىمەن!... قارىمىسام بوپتىكەن... يۈرىكىمدىن قان ئاقىدۇ مېنىڭ...بىچارە بالام... مىركايىلنىڭ كاسىسىدىن ئانار سۈيى رەڭ قان يالاپ ئېقىپ، ئىشتان ئېغىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى... ئىسمائىل بىر تېپىپلا ئوت كۆيۈۋاتقان مەشنى ئۆرۈۋەتتى، قاڭالتىر مەشنىڭ كانىيى نەچچە پارچە بو-

لوپ يەرگە داراڭلاپ چۈشتى، قىپقىزىل لاخشا چوغلار كىسەك يەرگە چېچىلىپ، ئۆي كۆيۈۋاتقان خۇمدانغا ئايلاندى... ئىسمائىل ئىچكىرىكى ئۆينىڭ مىلەڭزىسىنى بىر تارتىپلا يۇلۇپ، ئىشىك-نى تەپتى، مەن قورقۇپ، لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان مىركايىلنى باغرىمغا چىڭ بېسىپ كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالغان... تاختا - ياي-غولارنىڭ داراڭلىغان، چىنە - قاچىلارنىڭ جاراڭلاپ سۇنغان ئاۋازىدىن كېيىن ئىسمائىلنىڭ سىرتقا ئېتىلىپ، گۈلدۈرلەپ يۈگۈرگەن ئاياغ ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلاپ تۇردۇم. مەن دەسسەپ تۇرغان يەرمۇ زەنجىر تاپان تىراكتور قېزىۋاتقاندەك جالاقلاپ تىترەيتتى، يا ماڭا شۇنداق بىلىندىمىكىن... ھېچنېمىنى ئويلىيالمايتتىم، مېڭەم تورمۇزلىنىپ قالغانتى، زۇۋانىم تۇتۇلۇپ، لاغ - لاغ تىترەيتتىم. مىركايىل ماڭا مەھكەم يېپىشقان، قو-لۇمدىن بىراۋ سۆرەپ تارتىپ، يۇلقۇشلاپ ئېلىپ كېتىدىغاندەك يېپىشاتتى، قەھرىتاندا تالادا قالغان مۈشۈك ئاسلىنىدەك تۈگۈ-لۈپ تىترەيتتى.

شۇ ھالدا قانچىلىك ئولتۇرۇپ كەتكىنىمنى بىلمەيتتىم، بىر چاغدا بېشىم چىڭقىلىپ، كۆڭلۈمنى قاتتىق ھۆ تۇتتى، كۆز ئالدىم ئىسقا تولغان، ئۆي ئىچىدىن ھېچنېمىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. بالىنى كۆتۈرۈپ يورۇقلۇققا قاراپ سىلجى-دىم، ئىشىكلەر ھاڭغىرقاي ئوچۇق، ئۆي ئىچى سوۋۇپ كەتكەن، چېچىلغان ئوتۇن چوغىدىن پۇرقىراپ تۈتۈن ئۆرلەپ تۇراتتى.

— ئۇ... ئۇ كېلىدۇ... ياق سۇركىمەيمەن... جېنىم دا... دادا... مەن ساڭا ئامراق دەي... دېمەيمەن...

قۇچىقىمدىكى مىركايىل بەزگەكتەك تىترەپ جۆيلۈيتتى. نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشۇمنى بىلمەيتتىم... ئىسمائىل! شۇ ئانلا كۆزۈمگە تونۇگۈن ئۇ قۇمچاقتا بىلەپ قويغان پىچاق كۆ-رۈندى... «قولۇڭنى ئاۋايلا جۇمۇ، پىچاق ئۆتكۈرلىشىپ كەت-تى...» دېگەنىدى ئۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ. يالتىراپ تۇرغان

سۆگەك دەستىلىك پىچاق شەمشەردەك ئۆتكۈر ئىدى. بىسلىرى يالتىرايتتى. ئۇ چوقۇم شۇ پىچاقنى ئالدى... تالاغا ئېتىلغان ئىسمائىلنى ئېسىمگە ئالدىم... ياق!... خۇدا! سېنى خۇدا ساق- لىسۇن ئىسمائىل!... مېڭەمدە قارا بوران گۈركىرەيتتى... ئۇنىڭ نېمە قىلىشىنى قىياس قىلىپ ئۈلگۈرمەي پۇت - قوللىرىمدىن جان چىقىپ كەتكىلىۋاتاتتى. ئۇ چوقۇم سىدىق توڭگۇزنى ئىز- دەپ ماڭدى... بوغۇزلانغان ياۋا قوتازنىڭ بوينىدىن لۆمۈلدەپ چىقىۋاتقان قاننى كۆرۈپ باققانمىدىڭىز جېنىم لەيلى؟ مەن كۆرگەن بەك دەھشەتلىك...ئۇنداق قىلما! قانۇنغا بارايلى جې- نىم، ئىگىسى بار دۇنيا بۇ، دەپ ۋارقىرىدىممىكىن... كانىيىم لازا قۇيغاندەك ئېچىشىپ كەتتى، — ئۇ توڭگۇزنى مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى تاغ گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن تاشلىققا ئاپىرىپ ئىككى پاي ئوق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈش كېرەك... ياق! بەش پاي ئوق بىلەن! — قۇلىقىمغا ساقچى ماشىنىسىنىڭ چىرقىرى- غان ئۈنى ئاڭلانغاندا چاناقتىن چىقىپ كەتكەن بىرجۈپ كۆز ئېسىمگە كەلدى. ئېھتىمال بولىدىغان ئىش ئاللىقاچان بولۇپ بولدى... قانلىق ۋەقە يۈز بېرىپ بولدى، لېكىن چاچراپ چىققان كۆز نېمىنىڭ كۆزى، قاراشقا پېتىنالمىدىم... قارىچۇقلارنى چا- ناقتا سېلىقۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى... 

* * *

— ئىسمائىل سىدىق غاڭزىنى پىچىۋېتىپتۇ...

— ئوڭدا ياتقۇزۇپ مەيدىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ، ھېلىقى ئەزاسىنى كېسىپ ئېغىزىغا چىشلىتىپ قويۇپتۇدەك.

— توۋا قىلدىم... نېمانداق قورقۇنچلۇق ئادەم ئۇ؟

— قەھرى ئىچىگە پاتماپتىكەن - دە ئۇ بىچارىنىڭ، ئاخى- رى پارتلاپتۇ...

— بۇرۇندىنلا شۇنداق قىلىدىغان يېرى ئىدى... كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ خوتۇنىنى جايلاپ، ئوغلىنى بۇلىۋالدى.
— ھەقنىڭ كۆزى بار ئىكەن.
— ئەمدى ئىشلار قانداق بولۇپ كېتەر.
— ئىسمائىلنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ ساقچى ئىدارىسىگە ئېلىپ كېتىشكىلى نىكەم.
— پات يېقىندا سوت ئاچارمىش.
— ئەمدى ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرەرمۇ؟
— ئۇۋال بولىدۇ ئۇنىڭغا.
— ئاڭلىساق سىدىق غاڭزا دوختۇرخانىدىمىش...
— ئۆلۈپلا كەتمەپتۇ تايىنلىق، قۇتۇلار ئىدۇق ئۇ مەرەزدىن.
— ئۆلگەندىن بەتتەر ئەمەسمۇ؟...
مەھەللە ـ كويلاردا ئېقىپ يۈرگەن گەپلەر سەلدەك يامىرايتتى... شۇ كۈنلەردىكى ئازابىمنى ھېچنېمىگە ئوخشىتالمايتتىم... ساقچىغا يۈگۈرەيتتىم، ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرىنى ئىزدەيتتىم، ئەڭ ئازابلىنىپ كېتىۋاتقىنىم بىچارە مىركايىلنىڭ شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئاۋازى تۇتۇلۇپ قالدى. دوختۇرلار ئۇنى «جىنسىي پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغاچقا، قورقۇپ كېتىپ ئاۋازى تۇتۇلۇپ قالغان» دەپ دىياگنوز قويۇپ بالىنىستقا ئېلىپ داۋالىدى، ئۇنىڭ قىزىتىپ تىترەشلىرى پەسكويىغا چۈشۈپ، زەپىران چىرايىغا سەل قان يۈگۈرگەندەك قىلىسىمۇ، ئېزىلىپ كەتكەن كىچىككىنە يۈرىكىنىڭ زېدىسىدىن قان تامچىلاپ تۇرغاچقا، — ئاۋازى مۇتلەق ئېچىلمىدى... ھۆرىيەت سۆزلەۋاتاتتى. «ئاھ قۇدرىتى ئۇلۇغ تەڭرىم! — دېدىم ئىچىمدە، — ھېلىمۇ بىزنى يەر يۇتماپتۇ. تاغلىرىڭ گۈمۈرۈلۈپ، دەريالىرىڭ دەم تارتماپتۇ». كۆزلىرىمدىن قانچىلىك ياش تۆكۈلگىنىنى بىلمەيتتىم، بۇرنۇم سۈيۈپ، ئاچچىق شاكىراب دىمىقىمنى

ئېچىشتۇرۇپ تۇراتتى، ئىسمائىل ئۇچۇن كۆيۈپ ئېچىشقان يۈ-
رىكىمنىڭ شەلۋەرىگەن يارىسىغا نارەسىدە ئوغلى مىركايىلنىڭ
دەھشەتلىك پاجىئەسى كىسلاتا سۈيىدەك تۆكۈلۈپ، زەھەر يېگەن
چىشى قۇندۇزدەك تولغاندىم... قولۇمدىكى قەغەز تىتىلغان، يۈ-
رىكىم ئاندىن بەتتەر... يۈڭ پىنجىكىمنىڭ بۇرجىكى بىلەن
سۈرتۈلگەن يۈزلىرىم كۆيۈشەتتى. ھۆرىيەت خېنىمنىڭ دىققى-
تىنى چاچماي دەپ، ئۈنسىز ئولتۇراتتىم، ئۈن قوشسام نىمىدەپ
قوشار ئىدىمكىن - تاڭ! ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئالدىدا گاچىغا ئايلى-
نىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم. گەپ دېگەن تاۋۇش بىلەن بىر -
بىرىگە ئۇلىنىپ تۆشۈك ئېغىزدىن يۇمغاق تىللارغا يۆگىشىپ،
سوزۇلۇپ، ئۇزۇلۇپ چىقىدىغان نېمە، لېكىن ھۆرىيەت خېنىم-
نىڭ ئاۋازى ئېغىزىدىن ئەمەس، يۈرىكىدىن چىقىۋاتقاندەك
قىلاتتى. ئۇ قەلبىدىكى ئاشۇ ئازابنى شۇنچىلىك جايىدا، رى-
تىملىق، چۈشىنىشلىك ئىپادىلەيتتى، گەپنى مەنلا قىلىمەن،
ئازابنى مەنلا تارتىمەن دەپمىدىڭ لەيلى خېنىم... سەن ئۇنىڭغا
يېتەلمەيسەن؟ — سەن دەريا بولساڭ ئۇ دېڭىز... مىركايىل
شۇندىن ئېتىبارەن گەپتىن قالدى، — ھۆرىيەت گەپ ئارىلىقى-
دا مۇشۇ سۆزىنى نەچچە قېتىم تەكرارلىغىنىنى ئۆزىمۇ بىل-
مەيتتى، — بىر ئېغىز گەپمۇ قىلالماي ئادەملەردىن قاچىدىغان
كۈنگە قالدى، كۈن بويى ئۆيگە سولىنىپ تامنىڭ بۇلۇڭىغا
قىستىلىۋالاتتى، ئولتۇرغان يېرىدە ئۇخلاپ قالاتتى، كىيىملى-
رىنى سالدۇرۇپ، يوتقانغا سولىماقچى بولسام، چۆچۈپ ئويغىنىپ
يۇلقۇناتتى، كىچىككىنە قوللىرى بىلەن ئىشتان بېغىنى چىڭ
تۇتۇۋېلىپ تېپچەكلەپ يىغلايتتى «مىركايىل! جېنىم قوزام...
ئارسلان ئوغلۇم، بۇ مەن، ھۆرىيەت ئاپاڭ، كىيىملىرىڭنى سال-
دۇرمىسام راھەت ئۇخلىيالمايسەن» دەپ خېلىغىچە يالۋۇرغاندىن
كېيىنلا ئاندىن ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندەك ماڭا ھاڭۋېقىپ قاراپ
جىمىپ قالاتتى، دادىسىنىڭكىدەك قارىچۇقلىرى قارا، يۇلتۇز-

دەك جۇلالىق مىركايىلنىڭ كۆزلىرىنىڭ جېنى ئۆلگەندەك ئە-
لەسلىشىپ تۇراتتى، ئۇنى باغرىمغا بېسىپ ئۈنسىز يىغلايت-
تىم.

— ئىسمائىل قانداق بولدى؟! ئۇنى قويۇپ بەردىمۇ؟ —
سورىماي بولاتتىمۇ.

— ئىسمائىلغا سوت ئېچىلدى، مەھەللىمىزدىكى بىر ئاد-
ۋوكات ئۇنى ھەقسىز ئاقلىدى، لېكىن «ئېغىر زەخىملەندۇ-
رۇش» دېگەن جىنايەت بىلەن ئۇنىڭغا يەتتە يىللىق قاماق جازا-
سى بېرىلدى. ئادۋوكات نارازى بولدى، ئەلمىساقتىن قانۇن
دېگەن ھېسسىياتنى ئېتىراپ قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئىسمائىل نارازىلىق بىرىشكە قەتئىي قوشۇلمىدى.

— ھېلىقى ناكەس تۈگۈزچۇ؟ — ھۆرىيەتنىڭ تىترەپ
تۇرغان ئورۇق قوللىرىنى چىڭ تۇتتۇم، — ئۇ ئېشەككە ئۆلۈم
جازاسى بەردىمۇ ئاخىرى؟

— ياق، ئۇ دەييۈز بالىنىستىن چىققاندىن كېيىن ناھىيە-
لىك ج خ ئىدارىسى ئېلىپ كەتتى، تۈرمىگە تاشلاندى، لېكىن
«بۇ ئىشنى مەن قىلمىدىم» دەپ جىنايىتىنى تەن ئالمىغانمىش؟

— قويۇۋەتتىما؟ — ئورنۇمدىن چاچراپلا تۇرۇپ كەتتىم.

ھۆرىيەت بېشىنى چايقىدى، گەپ - سۆز قىلماي
خىيالغىچە جىمىپ كەتتى، ئاردا مەنمۇ بىر ئېغىز گەپ
سورىمىدىم.

— مىركايىل گەپ قىلالمايتتى، نۇرىيە ئاخىرى شىكايەت
قىلىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى، ئۇ سوتتا يىغلاپ تۇرۇپ بەش ياش-
لىق ئوغلىنىڭ سىدىق غاڭزا تەرىپىدىن سەككىز قېتىم جىن-
سىي پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغانلىقىنى، ئېرىنىڭ ئانا - بالا
ئىككىسىگە تەھدىت سېلىپ، بۇ ئىشنى بىرسىگە ئېيتسا قوي-
سا، پىيىنى سۇغۇرۇپ، گۆشىنى تاغدىكى قارا ئېيىققا تاشلاپ
بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقاچقا، قورقۇپ كەتكەنلىكىنى ئىقرار

قىلدى، سوت سىدىقا توققۇز يىللىق جازا كەستى.
— ئاران توققۇز يىل؟! — چاناقلىرىم كېرىلدى، — بەك يېنىكقۇ؟
— قانۇن شۇنداقكەن، «ئۆسمۈرلەرگە پەسكەشلىك قىلىش»جىنايىتىگە بېرىلگەن جازانىڭ يۇقىرى چېكىدە جازا بېرىلىپتىمىش.
— بۇ يېرى بولماپتۇ، توغرا ئەمەس!
— سىز بىلەن بىز توغرا ئەمەس دېسەك نېمىگە ھېساب؟ لېكىن ئۇنتۇدىڭىزمۇ، ئۇنىڭ جازاسىنى ئىسمائىل بېرىپ بولغان! ئۆلۈمدىن ئارتۇق جازاسىنى، قانۇن ئۇنى جازالايدۇ، قانۇن دېگەن قانۇن! ھەممىدىن يامان سوراق ئاخىرەتتە بولىدۇ. ھېسابى بار ئالەم - بۇ!
— ئوغۇل بالا، ئەركەك! ئېرىڭىز قالتىس نوچىكەن ھۆرىيەت!
ھاياجانلىق ئىزتىراپ قەلبىمنى قىياندەك دەۋرىتىپ ئاۋازىم تىترەپ كەتتى.
— توغرا دەيسىز، ئۇ ئاجايىپ نوچى ئەر! — ھۆرىيەتنىڭ خۇنى قاچقان مەيۈس كۆزلىرى بىردىنلا چىراغدەك چاقناپ كەتتى، — ئۇنىڭ خوتۇنى بولۇش مەندەك بىر ئايالنىڭ تەلىيى، ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا يۇمىلىنىپ خىزمىتىنى قىلسام، ئۇنى كۈتسەم، ئۇنىڭغا بېرىشكە تېگىشلىك ھەممىنى بەرسەم ئەرزىيتتى، چۈنكى، ئۇ ھاياتىمدا ئېرىشكەن ئەڭ چوڭ بەختىم ئىدى، لېكىن تۈزۈككىنە خوتۇن بولالمىدىم، ئۇنىڭغا قانالمىدىم، ئۇمۇ ھەم ماڭا...
«بەش بارماق تەڭسىز بولغىنىدەك، جاھانمۇ تەڭسىزكەن» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، ئەمما ئۈندىمىدىم. بىراۋلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلىك تەقدىرىگە قارىتا چىراغچىدەك بىلەرمەنلىك قىلىپ، ئۇلارغا تەسكىن بېرەلەيدىغان خوتۇن

ئىدىم. ئەمما، ھۆرىيەتكە نىمىدەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي تېڭىرقىدىم.
— مىركايىل بىلەن ئىككىڭلار يالغۇز قاپسىلەردە، ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن ئۆتكۈزمەك تەس، — ئاۋازىم پەس، مىسكىن ئىدى، گويا ئۆزۈمگە سۆزلەۋاتقاندەك. ھۆرىيەتكە تىك قاراشتىن قورقۇپ تۇراتتىم، شۇ تاپ ئۇنىڭ چىرايىنىڭ قايسى سىياقتا كىرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈشكە ئىمكانىم بولسىمۇ، قاراشقا ما-دارىم يوق ئىدى، بەلكىم ئۇ يىغلاۋاتقاندۇ ۋە ياكى سۈيى قۇرىغان دەريادەك چاناقلىرى قۇرۇپ كەتكەندۇ.
— ئۆزۈم يالغۇز قالدىم لەيلى، ئۆزۈم تىكەندەكلا يالغۇز!!
ھۆرىيەتنىڭ ئورۇق زاڭاقلىرى كاسىلداپ كەتتى...
— مىركايىل... ئوغلىڭىزچۇ؟ ئۇنى نۇرىيە تارتىۋالدىما؟
— باش باھاردا ئاتامنى يەرلىككە قويدۇم. ئۇنىڭ ۋەسىيە-تى بويىچە نۇرىيە مۇسىبەت ئۆيىگە كىرەلمىدى، ئارىدىن 42 كۈن ئۆتكەندە نۇرىيە ئۆلدى.
— قانداق بولۇپ؟
— مال قوتىنىنىڭ ياغىچىغا قارا ئارغامچا سېلىپ ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى... ئەلھۆكمىلىللا، ئۇنىڭ ئۆلۈمى بەك دەھشەت-لىك بولدى... ئۇچ كۈنگىچە ھېچكىم ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى باي-قىماي، جەستى چىرىپ چىۋىنلار ئولاشقان، قوي ـ ئۆچكىلەر مەرەپ، توخۇلار قاقاقلاشقاندا ئاندىن قوشنىلار ئاچ قالغان جان-ۋارلارنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ خام كېسەك تېمىدىن ئارتى-لىپ قوتانغا كىرىشىپتۇ. مۇشۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندىكى كەيپىيا-تىمغا قاراپ ئىچىڭىزدە توۋا دەۋاتقانسىز، ئۆلگىنى مېنىڭ قې-رىندىشىم، ئاتامنىڭ پۇشتى، بىر قېرىندا ياتقان، بىر ئانىنىڭ ئاق سۈتىنى ئەمگەن ھەدەم. ئەمما، سىز بىلمەيسىز لەيلى خې-نىم، دادام كېتەر چېغىدا، ئانام جان ئۈزۈشتىن ئاۋۋال ماڭا نەسىھەت قىلىپ «سەن ئۇنىڭ قېرىندىشى ئەمەس، بىزنىڭ ئۇن-

داق يۈشتىمىزمۇ يوق... كۆنلەرنىڭ بىرى ئۇ ئىتنىڭ ئۆلۈمىدە ئۆلىدۇ! مىيىتىمنى ئۇزىتىمەن دېسەڭ، گۆرىمىزدە تىك ئولتۇ- رىمىز ھۆرىيە!» دېگەن... خۇدايا توۋا، مېنىڭ ئاتا ـ ئانام بەك ئاددىي ئادەملەر ئىدى، لېكىن ئۇلار ئەۋلىيادەك گەپ قىلغاندە- كەن، نۇرىيەنىڭ ئۆلۈمى راستتىنلا ئىتنىڭ ئۆلۈمىدىن قەدىر- سىز بولدى، ھېچكىم ئۇنىڭ جەسىتىگە يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلمىدى، بۇزۇلغان جەسەتنىڭ بەتبۇي ھىدى مەھەللىنى قاپ- لىدى، ئاخىرى مەھەللە كومىتېتىدىن بىرنەچچە جامائەتنى ئو- رۇنلاشتۇرۇپ ئۇنى مەجبۇرىي يۆيۈپ ـ تاراپ نامىزىنى چۈشۈ- رۈپ، يەرلىكىگە قويۇشتى. مۇسىبەت ئۆيىگە كىرىشكە يولۇم يوق ئىدى، مەسچىت ئالدىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ تۆمۈر تاۋۇتتا زاراتـ- گاھلىققا ئېلىپ مېڭىلغىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇر- دۇم، كىملەر ئۇنىڭ ئۈچۈن يەتتە كەتمەن توپا تاشلىدىكى بىل- مىدىم، بىلىدىغىنىم، يۈرىكىم ئىت چىشلىگەندەك ئاغرىپ، يۇم ـ يۇم يىغلىدىم... ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى، مىر- كايىلمۇ يەتتە ياشقا كىردى، لېكىن تىلى تۇتۇلغانچە تۇتۇلغان، ئۆزى يەنىلا شۇنچە خامۇش ئىدى، ئۆيدىن تالاغا چىقمايتتى، كەچكىچە زەنجىر بىلەن باغلانغان كىسەل كۈچۈكتەك بوينىنى قىسىپ بۇلۇڭدا ئولتۇرۇۋالاتتى، ئىشتىھاسى كەم، ئۇيقۇسى ئاز ئىدى، يېتىلەپ سىرتقا ئېلىپ چىقسام، باللارنى كۆرسە يۈزىنى توسۇۋالاتتى.

«تاغدىكى قوتازلارنى سات، ئېغىلدىكى جانۋارلارنى سات، مىركايىلنى داۋالات ھۆرىيەت» دېدى ئىسمائىل ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا. ئۇنىڭ ئۇستىدە قىزىل سىزىقلىق كۆل رەڭ مەھبۇسلار كىيىمى بار ئىدى، چاچلىرى چۈشۈرۈۋېتىل- گەن، تاپتاقىر كاللىسى ئاپتاپتا كۆكۈش پارقىراپ تۇراتتى. «بەختى قارا ھەدەڭنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ ئۇنىڭ يولىدىن چىد- قىپ، ئېغىر ئۆلۈمدە كېتىشىگە مەن سەۋەبچى بولدۇم! ئۇنىڭ

بۇ دۇنيالىقنىمۇ ئۇ دۇنيالىقنىمۇ مەن يوق قىلدىم! سىلەرنى يەنە مەن ئىسمائىل مۇشۇ ئېغىر كۈنىدە قويدۇم» — ئۇ مەيدىسىدـ
گە بوك ـ بوك قىلىپ قاتتىق ئىككىنى مۇشتلىۋەتتى، ئۇنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدىم:

— ئۆزىڭىزنى ئەيىبلىمەڭ. بۇ دېگەن تەقدىر.

— قانداق تۇغۇلۇشنى بەلگىلىۋالغىلى بولمىسىمۇ، قانداق ياشاشنى بەلگىلەش ھوقۇقۇم ئۆزۈمنىڭ قولىدا ئىدى، كەچۈر، ئانا بولۇش ھوقۇقۇڭنى مەن تارتىۋالدىم، ئىمكانىم يوق، ساقلا! — ئىسمائىل سۆزلىرىنى ئۈزۈپ ئېيتتى، ھەر ئۈزۈكتە ئاۋازلىرى تىترىدى، يۈرىكى قانچە تىترىدىكىن، خېلىغىچە جىدـ
مىپ كەتتى. گېزىت قەغىزىگە ئاچچىق تاماكىسىنى ئوراپ سەـ
رەڭگە ياقتى، ئاندىن بىر كۆزىنى قىسىپ تۇرۇپ، قېنىپ شوراپ تۇرخۇندىن چىققان قويۇق ئىستەك تۇتۇننى ئاسمانغا پۈۋلىدى، — سەن تېخى ياش، ئىككى ـ ئۈچ بالا تۇغۇپ بېرەرـ
سەن، ئاللاھ خالىسا ئۆزۈم ھاپاش قىلىپ كىرىپكىگە توپا قونـ
دۇرماي باقىمەن ئۇلارنى، ھەرگىز ئاكىسىنىڭ تەقدىرىنى كۆرسەتمەيمەن ئۇلارغا، خۇدا ھەققىدە ماڭا ئىشەن، ساڭا ۋەدە بېرەي.

— ئىشىنىمەن، ئىشىنىمەن ئىسمائىل!

مىشىلداپ يىغلىۋەتتىم...

— يىغلىما ھۆرىيەت، سەن يىغلىساڭ يۈرىكىم چىدىمايدۇ، قەيسەر بول! ھەممە ئۆتۈپ كېتىدۇ، قىشنىڭ كەينىدىن باھار كېلىدۇ.

ئۇمۇ سىزدەك مۇشۇنداق دېگەن، گېپىڭلار بەك ئوخشايدىـ
كەن لەيلى.

— مۇنۇ گەپنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت! — دېدى ئۇ يەنە ماڭا جېكىلەپ، — مەن بىلەن بىر كامېردا ياتىدىغان بىرسى بىلەن دوستلىشىپ قالدۇق، ئۆزى بولىدىغان بالا، ئۇنىڭ خوتۇنى شەـ

ھەردە تۇرىدىكەن، ھال ـ ئوقىتى يامان ئەمەسمىش، ئۇنىڭ بىلەن دېيىشىپ قويدۇم، بېشىڭغا كۈن چۈشكۈدەك بولسا ئۇنىڭدىن پۇل قەرز سوراپ خەجلەپ تۇرىدىغان بولدۇڭ، ئىگىسى مەن! چىققاندىن كېيىن ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىمەن ئۇنىڭغا، بۇ قەغەزدىكى ئۇنىڭ ئالاقىلىشىش ئادرېسى ۋە نومۇرى، — دېدى ئىسمائىل كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — سەن ياخشى خوتۇن! سەن مېنىڭ بارلىقىم.

— چاچلىرىڭغا ئاق كىرگىچە، ياق! ئۆلگىچە كۈتىمەن سىزنى، قاچان چىقارسىزكىن ئىسمائىل، سىزنى شۇنداق سېغىنىمەن.

— مەنمۇ شۇ، ئاز قالدى، ئۇزاق بولسا بەش يىل كۈتەرسەن، قېرىپ كەتمەيسەن، قېرىساڭمۇ مەيلى، ئۆزۈمنىڭسەن، — ئىسمائىل قۇچىقىدا ھاڭۋېقىپ ئولتۇرغان ئوغلىنى ئېلىپ، بويۇنلىرىنى پۇرىدى، باغرىغا چىڭ بېسىپ، ئۇنىسىز ھىدلىدى، — ئاتاڭنى كەچۈر ئارسلانىم، تېنىمدە ئىسسىق جېنىم تۇرۇپ سېنى يامان كۈندە قويدۇم، ساقلا جىگىرىم ئوغلۇم، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

مىركايىل كۈچسىز بىلەكلىرى بىلەن دادىسىنىڭ بويىنىدىن چىڭ قۇچاقلىدى، لېكىن ئۈندىمىدى، يا يىغلىمىدى.

مەھەللىمىزگە قايتىدىغان مىنىبۇسقا ئولتۇردۇق... سىيرىلما ئىشىك ئېتىلدى، ئىسمائىل دېرىزە سىرتىدا قالدى، خۇددى ئىمكانىيەتنىڭ ھەممە ئىشىكلىرى ئېتىلگەندەك ئەينەك سىرتىدىكى كۆزلىرىمىز جۇدالىقتا ۋىدالاشتى... تەگلىكلىرى تىتىلىپ، يۇمشاقلىرى بېسىقىپ قالغان ئورۇندۇقتا جايلىشىۋېتىپ كۆڭلۈمنى شۇنچىلىك يېرىملىق قاپلاپ كەتتىكى... گەپ ئارىلىقىدا ئېرىمنىڭ قوللىرى بىلەن قولىمىزنىڭ ئىككى قېتىم تېگىشىپ كەتكىنىنى ئەسلەپ قالدىم. نېمە دېسەم بولار لەيلى خېنىم، چۈشەنمەيدىغان يەردە ئەمەسسىز، ئۇنىڭغا شۇنچىـ

لىك قىيالمىدىم، سىزگە دېسەم، ئۇنىڭ كەينىدە 8 ـ نومۇرلۇق بەلگىسى بار، توق ئاسمان تېگى رەڭدە بىر ئاسما مايكىسى بو ـ لىدىغان، مەن ئۇ مايكىسىغا قەۋەت ئامراقتىم، بەلكىم ئىسمائىل كېچىسى شۇ مايكىسىنى كىيىپ ياتىدىغان بولغاچقىمىكىن، تەر پۇراقلىرى ئۇنىڭغا سىڭىپ قالاتتى، ماڭىدىغاندا شۇ مايكىسىنى سوراپ سومكامغا سېلىۋېلىشنى ئۇنتۇمىدىم، ئىسمائىلمۇ سەۋە ـ بىنى سورىمىدى. بىلىمەن ئۇ ئادەتتە جىق گەپ قىلمايدۇ، سە ـ ۋەبلەرنىمۇ سورىمايدۇ، ئىچىدە ئۆزى بىلىدۇ. مايكا كونىراپ، سۈزۈلۈپ بىر نەچچە يېرى تېشىلىپ كەتكەن بولسىمۇ ئىسما ـ ئىل ئۇنى ئاۋايلاپ ساقلاپتۇ، شۇنىڭ ئۆزى ماڭا يېتەرلىك ئى ـ دى، بەلكىم شۇ مايكىدا مېنىڭمۇ پۇرىقىم بولغاچقىمىكىن، ئىشقىلىپ مەن شۇنداق چۈشەندىم، — ھۆرىيەتنىڭ ئورۇق مۇ ـ رىلىرى قىسىلىپ قورۇنۇپقىنا كۈلۈمسىرىگەندە، شالاڭ كىر ـ پىكلىرى تىترەپ، لەۋلىرىنىڭ بىر بۇرجىكىنى بوشقىنا چىش ـ لەپ سالدى، لېكىن تۇرۇپلا ئۇ ئىچىنىڭ بىر يەرلىرىنى بىر نېمە چىشلەپ ئۈزۈۋاتقاندەك تۇيۇقسىز قاتتىق ئارامسىزلىنىپ تاتاردى، پېشانىسىدىن چىپىلداپ ئۇششاق تەر تەپچىرەپ، سەپ ـ كۈنلىرى قېنىقلىشىپ كەتتى.

— نېمە بولدى ھۆرىيەت؟ بەك ئارامسىزلىنىۋاتىسىز...

— ھېچنېمە، بەك ئازابلىق لەيلى خېنىم، دېگۈم يوق! لېكىن ئاڭلىمىسىڭىز بولمايدۇ!... خۇدا ھەققىدە مېنى دېگىلى قويۇڭ... شۇندىن ئېتىبارەن ھەممىسى يوق بولدى... ھەممىسى...

— نېمە بولدى ھۆرىيەت؟ ئۆزىڭىزنى قىينىماڭ! ھەممە ئۆ ـ تۈپ كەتكەن، مانا ئىسمائىل قېشىڭىزدا بارغۇ، ئۇ سىزنىڭ ئې ـ رىڭىز! — ھۆرىيەت ئىسمائىلنىڭ ئۆزىنىڭ ئېرى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىۋاتقىنى يوققۇ؟!... ئەمىسە ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەل ـ لى بېرەي... بىلمىدىم، بۇ گەپنىڭ ئېغىزىمدىن قانداق چىقىپ

كەتكىنىنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم. لېكىن، لېكىن...كاللام قوچۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

— لېكىن، مىركايىل يوق بولدى... ئاھ بىچارە ئوغلۇم! تۇمشۇقى ئاقارمىغان كىچىككىنە قوزام! سۈت چىشى قاتمىغان بوتىلىقىم... ياتقان يېرىڭ جەننەت بولسۇن بىچارەم، سەن ماڭا ئاللاھنىڭ ئامانىتى، ئاتاڭنىڭ ئۈمىدى ئەمەسمىدىڭ؟!... ئاما-نەتكە خىيانەت قىلدىم، شۇڭا تەڭرى بۇ جازانى ماڭا لايىق كۆردى.

— ھۆرىيەت!!

— بالا - قازا قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا بولىدى-كەن لەيلى خېنىم، شۇنداق بولارىنى بىلگەن بولسام مىركايىلنى بوينۇمغا مىندۈرۈپ، خۇدا ئۇرغان چوڭ يولدىن ماڭماي، ماشىنا قاتنىمايدىغان چىغىر يولدىن ئۆمۈچۈكتەك ئۆمىلەپ مېڭىپ، ئۇنى يۇدۇپ پىيادە ئېلىپ كەلمەسمىدىم؟! نېمە بولۇپ، نېمە بولغىنىنى بىلمىدۇق... ھېلىغىچە ھېچكىم بىلمەيدۇ... مىنىد-بۇس ماي يولىدا غۇيۇلداپ كېتىۋاتقان، بىر ئوبدانلا مېڭىۋاتقاند-دەك ئىدى. ئۇ خۇدا ئۇرغان تۇمۇر - تەرسەك، — ھۆرىيەت ئېسە-دىۋەتتى، يىغلىماقچى بولغىنىمىدى، يىغلىيالماي ئۆتى ئۆچكەن مو-توردەك كوشوتلاپ قالدى، — يولدا ماشىنىلارمۇ شالاڭ ئىدى، — كۆزلىرىنى بۇلۇڭدىكى بىر نۇقتىغا ھەسرەتلىك تىكتى ئۇ، — ئالەم ئوقىدىن چىقىپ، گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ قۇلاقنى يارغۇدەك جاراڭ - جۇرۇڭ، قىيا - چىيا ئارىلىشىپ كەتتى. ئوغلۇم يېنىمدىكى ئورۇندا مەن بىلەن يانمۇيان ئولتۇرغان، ئا-رىدا ئۇنى ئىككى قېتىم قۇچىقىمغا ئېلىپ چۈشۈرگەن... ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بولۇپ قوللىرىمنى ئۇزاتقىنىم ئېسىمدە، جاھان - ئالەم چاقپەلەكتەك چۆرگىلەپ، قۇياش ئاسماندىن ساقىپ چۈشكەندەك، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ كەتتى...كۆزۈمنى ئاچسام ئىككى كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، مەن دوختۇرخانىنىڭ كا-

رىۋىتىدا... ئاھ، ئۆلۈپلا بۇ ئازابتىن قۇتۇلسامچۇ؟!... «ئوغلۇم! مىركايىل! مىركايىل قېنى؟! ئۇ قېنى؟!!! دەپ دەھشەتلىك چىر-قىرىدىم، ئىككى سېستىرا يۈگۈرۈپ كېلىپ بىرنېمىلەرنى كالدىرلاپ كەتتى. ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولدۇم، قىمىر قىلالمىدىم. شۇ چاغدىلا پۈت قوللىرىمنىڭ گېپىسلىنىپ كارىۋاتقا باغلانغىنىمنى بىلدىم. «خۇدا ھەققىدە سىلەرنىڭ بالاڭلار يوقمۇ خانىملار؟ ئۆتۈنەي بالام نەدە؟ ئۇ مېنىڭ بالام... مىركايىل بىچارە قوزام!!!»

فورما كىيگەن ئىككى ساقچى ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى، ئاندىن ماڭا ئېگىشىپ تۇرۇپ پىچىرلىدى ئۇلار:

— سەۋرلىك بولۇڭ خانىم، بۇ بىر ھادىسە.

— ماقۇل، ھادىسە بولسۇن! مېنىڭ بالام مىركايىل قېنى؟ ئۇنى ماڭا كۆرسىتىڭلار.

— سىز ئولتۇرغان مىنىبۇسنىڭ تورمۇز ھالىتى ياخشى ئەمەس، يەنە بىر ماشىنىنى يانداپ ئۆتۈش جەريانىدا جىددىي تەدبىر قوللىنالماي مىنىبۇس ئۆرۈلۈپ، 16 مېتىر ئارىلىقتا يۇمىلىنىپ بېرىپ يول ياقىسىدىكى كاتاڭغا چۈشۈپ كەتكەن، نەتىجىدە مەزكۇر ھادىسىدە ئالتە ئادەم ئۆلۈپ، ئىككى ئادەم ئېغىر زەخىملەنگەن، تەلىيىڭىز بار ئىكەن خانىم.

— تەلەي ـ پەلەينى قوي! ئوغلۇم قايسى ئۆيدە؟ ئۇ ھاياتمۇ؟ مىركايىلنى ماڭا كۆرسەت! ئۇ بۇ يىل يەتتە ياش، ئارانلا يەتتە...

— ئەپسۇس... ئۇ...

— ئۇنى ئۆلدى دېيىشمەكچىمۇ؟ ئۆلسە بولاتتىمۇ؟ شۇ بىرلا يېرى قالغان! ئۇنىڭغا تەۋە شۇ بىرلا يېرى — ئۇنىڭ ئىسسىق جېنى ئىدى! ئەمدى ئۇنىمۇ تارتىۋېلىشتىڭ! دەردىڭ چىقتىمۇ؟ چىقتىمۇ؟!

— خانىم سەۋر قىلىڭ، بىزمۇ ئېچىنىۋاتىمىز، بۇ دېگەن دوختۇرخانا.

— مېنىڭ ئىسمىم خانىم ئەمەس، ھۆرىيەت! ئىسمائىلنىڭ خوتۇنى ھۆرىيەت! مېنى ئۆلتۈرۈۋەت! بۇ جاننىڭ ئەمدى ماڭا لازىمى يوق، ئاھ بىچارە ئوغلۇم... مىركايىل!

كۆزلىرىمنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ قۇلىقىمدا يەنە ئاسمان گۈمبۈرلىدى، دەھشەتلىك يامغۇر ياغارمىش، ئارقىدىن تاغلار گۈمۈرۈلۈپ توپان بالاسى يوپۇرۇلۇپ كېلەرمىش... كەلكۈن مەھەللىنى يۇتۇپ كېتەرمىش... مەن ئوغلۇمنىڭ ياغاچ بۆشۈكىگە ئېسىلىپ لەيلەپ كېتىپ بارارمىشمەن، مىركايىل تېڭىلغان بۆشۈكىدە تىپىرلاپ «قولۇمنى چىقىرىپ قوي ئاپا، يۈزلىرىڭنى سىلىۋالايچۇ» دەپ يىغلىنىپ، يالۋۇرارمىش، ھەرقانچە قىلىپمۇ قوللىرىمنى مىدىرلىتالمىغۇدەكمەن... بۆشۈك مەندىن ئۇزاپ كېتەرمىش... قايناپ تۇرغان سەل، بۆشۈكنى تەۋرىتىپ... بۆشۈك ئۇزاپ كېتەرمىش...

— ئەلھەمدۇلىللا ھۆرىيەت! — ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ يامغۇردەك تۆكۈلدۈم، — ئوغلىڭىزنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە سىڭلىم!

شۇ ھالدىكى قەلبىمنىڭ ئېچىشىشلىرىنى بىرنېمىگە سېلىشتۇرۇپ، تەققاسلاپ بولالمايتتىم، ئۆزۈمنى سۆزلەۋاتقان ھۆرىيەتنىڭ ئالدىدا شۇنچىلىك يارىماس، چۈپرەندە، قەدىرسىز ھېسابلاپ كەتتىمكى، ۋاي ئىلاھىم، شۇنچىلىك ناشۈكۈرمەنكى، شۇنچىلىك چىدىماس، قانائەتسىز...

— شۇ ياتقانچە ئون كۈن ھوشۇمنى يوقىتىپتىمىشمەن، كۆزۈمنى ئاچسام ئۆلمەپتىمەن، تىرىككەنمەن، — ھۆرىيەت سۆزلەۋاتاتتى، — مەن ج خ ساقچىسى ۋەلى، ماۋۇ جەدۋەلگە قول قويۇپ بەرسىڭىز، ئوغلىڭىزنىڭ جەسىتىنى توڭلىتىش ئىسكىلاتىدا ساقلاۋاتىمىز، ئاھالىلەر كومىتېتىدىن نەچچە قېتىم ئادەم كەلدى، قولۇم ـ قوشنىلىرىڭىز، يۇرت ـ مەھەللىدىكىلەر سىزنى كۆپ يوقلىدى، ئوغلىڭىزنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ ئۇنى يەرلىكىگە قويۇۋېتەيلى ھەدە، — دېدى ۋەلى ساقچى كۆزلىرىگە

لىقىدە ياش ئىلىپ، ــ قازاغا رىزا بولۇڭ، بىزدە جەسەتنى ئۇ-زۇن ساقلاشنى يامان كۆرىدىغان ئادەت بارغۇ بىلىسىز، مەن ئۇ-نىڭ ئۇچۇن باش بولۇپ يەتتە كەتمەن توپا تاشلاشنى خالايمەن! ئىشىنىڭ، ماڭا ئوخشاش ساقچىلار كۆپ! بۇ دېلو ھەممىگە بىر ئىبرەتلىك ساۋاق بولدى، سىدىقتىن ھەممە يىرگەندى، ئوغلى-ڭىزنىڭ دادىسى تۈرمىدە، لېكىن بىزنىڭكىلەر نامازغا تولۇق كېلىدۇ، ئىشىنەمسىز؟ ھېچكىم ئىسمائىلغا ئۆچ ئەمەس! ــ بېشىمنى لىڭشىتتىم، چاناقلىرىمدىن ئاققان ياش چېكىلىرىم-گە سىڭىپ كەتتى.، ــ ئېرىڭىز بولمىدىغان، نوچى ئادەم. ئاڭ-لىسام ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەش مەيدانىدىكى ئۆزگىرىش ئىپا-دىسىمۇ شۇنداق ياخشىكەن، ئەمدى ئاشۇنداق ئاتايمىزغۇ؟ ئەمە-لىيەتتە شۇ بىر ئىشنى دېمىسە، ئۆزگىرىدىغان يېرىمۇ يوق، راۋرۇس ئوغۇل بالا ئۇ! جازا مۇددىتى توشقىلى ئاز قالدىغۇ دەي-مەن؟

ــ بەش يىل، يەنە بەش يىل بار.

ــ بەلكىم ئىككى ـ ئۈچ يىلغىمۇ قالماس، جازا كېمەيتى-دىغان ئىش بارغۇ؟ ــ ساقچى قولىدىكى جەدۋەلنى ماڭا كۆرسى-تىپ چۈشەندۈردى، ــ بۇ جەدۋەلدىكى جەسەت تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئائىت ماتېرىياللار. ئوغلىڭىزنىڭ شۇ قېتىمقى ھادى-سىدە قازا قىلغانلىقى ۋە سىزنىڭ ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن ئۇ-نىڭ دەپنە ئىشلىرىغا قوشۇلۇش پىكرىڭىز. بەلكىم بۇ قوللىرى-ڭىز بىلەن ئىمزامۇ قويالمىغۇدەكسىز، ئەڭ ياخشىسى بارماق ئىزىڭىزنى بېسىپ بېرىڭ، قوشۇلمىسىڭىز يەنە ساقلايمىز!

ــ نېمىمۇ دېيەلەيتتىم؟! ئۆلدى كەتتى، ئىنسان ھاياتىدى-كى قىسمەتنىڭ بالا ـ قازادىكى شەكىللىك ھىجرانى ئۆلۈم.

ئىسمائىلنىڭ خوتۇنى مۇشۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا ئىڭىرىم قىيسىيىپ قالدى، ئاجايىپ ـ ھە؟ ئاجايىپ پاساھەتلىك سۆز-لەيدىغان خېنىمكەنە؟ گەپنى مەنلا قىلىمەن دەپ ئويلىغانمىدىڭ

لەيلى؟ ئۆزۈڭنى خىيالىڭچە ئۇنىڭدىن چىرايلىق، ئۇنىڭدىن ۋاپادار، گۈزەل، ئەقىللىق چاغلاپ، چۆچۈرىنى خام سانىغانمىدىڭ ئەخمەق؟ يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى تۇز قۇيغاندەك پىژىلداپ ئېچىشىپ تۇراتتى، بەلكىم بىچارە مىركايىلنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى ئۈچۈن، بەلكىم ئوغلى ئۈچۈن يۈرەك باغرى تىتىلىپ لەختە بولغان ئىسمائىلنىڭ قىسمەتلىرى ئۈچۈن ئېچىشىۋاتقاندۇ ۋە بەلكى ئۆتنىڭ ئىچىدە كۆيۈۋاتقان تىرىك جان ھۆرىيەت خېنىم ئۈچۈن... كىم بىلىدۇ، ئۆزۈمنىڭ شۇ قەدەر چىدىماس، شۇ قەدەر ئەخمەقلىقى ئۈچۈن ئېچىشىۋاتامدىم تېخى؟ ئېچىشىشلار قوشۇلۇپ يالىلداپ، ئوتتا كۆيدۈرۈپ، تۆمۈردە داغلىغاندەك پىژىلداپ كېتىۋاتاتتىم، — ئۇنى ئاخىرقى قېتىم بىر قېتىم كۆرۈۋالاي، ماقۇلمۇ ساقچى ئىنىم؟! — ۋەلى ساقچىغا قاراپ يالۋۇردۇم، — ھۆرىيەت ھەسرەتلىك تىنىپ سۆزلەۋاتاتتى، — لېكىن شۇنچىلىك ھالسىزلىنىپ كەتكەن ئىدىمكى، پۈتۈن ماغدۇرۇمنى شۇ يالۋۇرۇشلارغا يىغقانىدىم.

— ئەڭ ياخشىسى كۆرمەن دېمەڭ، قاتناش ھادىسىسىنىڭ ئۆلۈمى يامان دەھشەتلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى توڭلىتىش ئىسكىلاتىدا ساقلاۋاتقىنىمىزغا خېلى كۈن بولدى، رەڭگى ئۆزگەردى، يۈرىكىڭىز ئېزىلىپ كېتىدۇ ھەدە، كۆز ئالدىڭىزدا ئۇنىڭ ئاشۇ غەمسىز، ئويناق چاغلىرىلا قالسۇن.

— لېكىن، ئۇنىڭ ئۇنداق چاغلىرى بولمىغان، ئىككى ياشتىن كېيىن غەمسىز، ئويناق چاغلىرى ئەسلا... بالىلىقنىڭ بەختىدە ئوغلۇمنىڭ جىق ھەققى بار ئەمەسمىدى؟ بەك جىق ھەققى!... شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ گەپ قىلالماس بولدى... روھى چىقىپ كەتتى، — ئېغىزىمنى يوغان ئېچىپ، كانىيىمنى قويۇۋېتىپ چىرقىراپ يىغلىدىم.

بالنىستقا كىرمەك بولۇپ ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئىككى سېستىرانى ۋەلى قولى بىلەن توسقاندەك ئىشارە قىلدى، بەلكىم

ئۇ مېنى يىغلاپ بوشۇۋالسۇن دېگەندۇ، بەلكىم ئاشۇنداق ئۇنىمىز ئولتۇرۇپ يۈرىكى مەن بىلەن بىرگە ياش تۆكۈۋاتقاندۇ، چۈنكى، ئۇمۇ بىر زامانلاردا مېنىڭ مىركايىلىمدەك بەش ياشلىق ئوغۇل، يەتتە ياشلىق بالا ئەمەسمىدى؟! بەلكىم ئۇنىڭ ئوغلۇمغا ئوخشاش ئوغلى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا ئوخشاش قېرىندىشى، ئامراقلىرى باردۇ.

— ماقۇل! — دېدىم، يۈرىكىمدىن چىققان شۇ سادا بىلەن تەڭ كۆكسۈم پىچاق ئۇرغاندەك ئاغرىپ كەتتى، — ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۇچۇن بۇ دۇنيانىڭ تارتىشقۇدەك يېرىمۇ قالمىغان، تەڭ-رىمنىڭ بىخەتەر ھۇزۇرىدا تۇرسۇن.

— توغرا دەيسىز، بىر ھېسابتا مۇشۇنداق دەپ ئۆزىمىزگە تەسكىن بەرگەن ياخشى ھەدە! ۋەلى ساقچىنىڭ ياردىمىدە كۆر-سەتكۈچ بارمىقىمنى قىزىل سۇرۇخقا تەگكۈزۈپ جەدۋەلگە قول بېسىپ بەردىم. ئوغلۇم ھاياتلىقىدا قورقۇپ، تىترەپ، ئەنسىز-لىكتە ياشىدى، ئەمدى ئۇنى توڭلىتىش ئىسكىلاتىنىڭ جەسەت ساقلاش ساندۇقىدا بۇنىڭدىن ئارتۇق ياتقىن دېيەلمەيتتىم، چۈنكى، ئۇ سوغۇقتىن، يالغۇزلۇقتىن بەك قورقاتتى... ۋەلى ساقچى ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىنى بىر نەچچىنى لىڭشىتىۋەتتى، جىق گەپ قىلمىدى، ئەمما چاناقلىرى ياشقا تولغانىدى، — ئىسە-مىسە مەن قايتاي.

— تاغنىڭ جەنۇبىدىكى «ئاقلەي» قەبرىستانلىقىدا ئىسمائىل-نىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ قەبرىسى بار، بۇنى ھەممە بىلىدۇ، مىركايىلنى شۇلارنىڭ قەبرىسى يېنىغا قويۇڭلار! — دېدىم.

— بىلدىم، خاتىرجەم بولۇڭ! — دېدى ۋەلى ساقچى بېشى-نى لىڭشىتىپ.

# ئون بىرىنچى باب

«.. ھاياتىم قىسمەتكە تولغان، كەچمىشلىرىم مەنىگە باي، چىداملىق، كۆتۈرۈشلۈك، سەۋرلىك ئايالمەن» دەپ قانائەتلىنىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، ھۆرىيەتنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى قايتىدىن دەڭسەپ كۆردۈم. نىھايەت، مەن يەنە شۇ لەيلى خېنىم، ئۆزۈمنى يېڭىباشتىن قۇرۇپ چىقىشقا ناقادىر ئىدىم، كىم نېمە دېسە دېسۇنكى، ھەركىمدە ئۆزى ئۇچۇن سۆزلەش ھوقۇقى بولىدۇ! قىلىش ھوقۇقىدىن مۇستەسنا ئايال بولسامۇ، سۆزلەش ھوقۇقۇمنى ھېچكىم تىلىمدىن يۇلۇۋالالمايدۇ. «ئېسىل پەزىلەتلىك»، «ۋاپادار» دېيىشكە توغرا كەلسە ماقۇل، ئىسمائىلنىڭ خوتۇنى ھۆرىيەت خېنىمنى دېيىشكە ئەڭ لايىق بولسۇن، لېكىن «چىداملىق» ۋە «سەۋرلىك» دېيىشكە توغرا كەلسە، ھېچكىممۇ مېنىڭ ئالدىمدا تۇرمەن دېمىسۇن! چۈنكى، ئازابلىرىم ئىچىمنىڭ ئىچىدە بىخسىپ تۇرۇپتۇ. ئەمما، ئۇ مۇشۇ ئۆمرىدە ئۆزى سۆيگەن ئەرگە ياتلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ھىدىنى پۇراپ ھېلىغىچە بىرگە ياشاپ كەپتۇ. مۇنداق دېسەم شاكىلىنى يالاپ، مېغىزىنى تېتىيالمايدىغان بىر قىسىم كىشىلەر ئۈچۈن دەستەك بولىدۇ، جىسمانىي جەھەتتىكى نەرسىلەر ۋاقتى كەلگەندە نېمىگە ھېساب؟! مېنىڭ نەزەرىمدە ھېچنېمىگە. نېمىشقا باشقىلارغا قايىل بولۇپ تۇرۇپ يەنە ئۆزۈمنى ماختايدىغاندىمەن؟ بىلمىدىم، بىلىدىغىنىم ھۆرىيەت خېنىم نېمىلا قىلسا ھەقلىق! ھەتتا ئىسمائىل ئۈچۈن جېنىنى سىلىپ بەرسىمۇ ئەرزىيتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا شۇنىڭغا يېتەرلىك ئېنېرگىيەسى بار. مەنچۇ؟

سۆيمىسەممۇ سۆيگەن سىياق، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئارتۇق سەكپارە بولۇپ يالغان ياشىدىم، غوجام ئۇچۇن شامدەك كۆيۈپ ئاقتىم، يەنە يېگىباشتىن ئۆيۈپ شام بولدۇم. ھادىسىدىن ماھىيەتكە ئۆتمىكىم مۇشۇنداق قىيىن، گەپنىڭ قىسقىسى، ئىسمائىلغا بولغان قايىللىقىم، ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ كۆچىيىپ، ئۇنىڭغا بولغان ئاشىق قەلبىم لاۋۇلداپ گۈلخاندەك يېلىنجاپ تۇرغىنى تۇرغان. بىراق، ئەمدى ئۇلارغا كىرىشىۋالماسلىق، ئۇنى كۆرۈشكە قەستەن باھانە ئىزدىمەسلىك ھەم ئىسمائىلنى «قاتتىق ئۆتۈك» دەپ تىللىماسلىق قارارىغا كەلدىم! تۇرمۇش ئۇنىڭ گۈزەل باھارىنى يۇتۇپ كەتتى، جۇت ئۇنىڭ يازلىرىنى قەھرىتان قىشقا ئايلاندۇرۇپ، قەلبىنى قېلىن مۇزدەك قاتۇرۇپ قويدى، ۋاپاسىزلىق بىلەن ئاسىيلىق ئۇنىڭ يۈرىكىگە قانلىق جاراھەتنى قالدۇردى، رەھىمسىز تەقدىر ئۇنىڭ قۇچىقىدىن ئوغلىنى يۇلۇۋالدى، ئۇنى دۇنيادىن، ئادەملەردىن يىرگەندۈردى، ھۆرىيەت شۇ قېتىمقى ھادىسىدىن كېيىن پالەچ بولۇپ مۇشۇ كۈنگە قالدى، ئۇلارغا تىنچلىق بېرىش كېرەك! ئەمدى ئۇلارنىڭ ئارتۇقچە بېسىمنى كۆتۈرگۈدەك مادارى قالمىدى...

جۇتنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى، نورۇزغا سېزىلەك تەبىئەتنىڭ چۈچۈمەل تىنىقلىرى نەمخۇش ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، توڭلار ئېرىشكە باشلىغان، رۇس قويىنىڭ يۇڭىدىن توقۇلغان قېلىن تالالىق قارا پەلتويۇمنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، شامال ئۇرۇپ تۇرغان چىم ئېتىزنىڭ گىرۋىكىدىكى يۆلەنگۈچلۈك ياغاچ ئورۇندۇقتا ئاپپىلسىن سويۇپ ئولتۇرغاچ مۇشۇ خىياللارنى قىلدىم. ئەسلىدە ھازىرنىڭ ئۆزىدىكى مۇھىم ئىش، مۇھىم خىيالىم، ھايات ـ ماماتىمىز ئەبەدىيلىك باغلانغان، جانىجان مەنپەئەتىمىز قان بىلەن گۆشتەك بىرىكىپ كەتكەن سۆيۈملۈك غوجام ھەققىدە بولۇشى كېرەك ئىدى، چۈنكى، ئۇ مېنىڭ ئېرىم، ئىككى بالامنىڭ دادىسى، مەن ئېتىراپ قىلاي ياكى

قىلماي، ماھىيەتتە تەڭرىمدىن قالسا ئۇ مېنىڭ ئىگەم. مەن بىرسىگە ئاشىق بولۇپ قالاي دېگەننى ئەسلا مەقسەت قىلىپ ئۆيدىن چىقمىغان، بەلكى كىشى يۇرتىدا غېرىب بولۇپ بەندىنىڭ قولىغا قالغان ئېرىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، «سەۋەب قىل-سام سېۋەتتە سۇ توختار» دەپ، مۇشۇ دۇنيادىكى خوتۇنلۇق بۇرچۇمنى ئادا قىلغىلى بۇ يەرگە كەلگەن. نەۋقىران قىز ئە-مەسمەن، يا نازىنىن ساھىبجامال، ئىشق تۇيغۇلىرى لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرىدىغان مېھرى ئاتەش چوكانمۇ ئەمەس، زىمىستاننىڭ سوغۇقى، باھارنىڭ ئىزغىرىنى، يازنىڭ پىژغىرىمى، كۈزنىڭ جۇدۇنلىرىدا جانانە ئۆرۈكنىڭ قېقىدەك پىشقان ئوتتۇرا ياشلىق ئايالمەن. بەش ـ ئالتە كۈندىن كېيىن نەۋرە كۆرىدىغان موماي-مەن، خوتۇنلۇق شەنىمگە ئەزەلدىن داغ چۈشۈرمىگەن، ئۆز نې-سىۋەمدىن ئۆزگىگە لوقما سالمىغان، نەپسى توق بىر ئايال ئە-مەسمىدىم؟! مۇشۇنداق كەچكىچە ئۆزۈمنى ماختاپ، ئۆزۈمنى ئاقلاپ نېمە قىلماقچى؟ بەلكىم ئۇدارىدىن چىقىپ كەتكەن ھايات ئاھاڭلىرىمنى پەدىگە سالماقچى، ئۆزۈمنى ئۆزۈم تەسىرلەندۇ-رۇپ، روھىمنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، تۇيغۇلىرىمغا يۇگەن سال-ماقچى، خىرەلىشىپ قالغان پاراسىتىمنى پارقىرىتىپ، ھېس-لىرىمنىڭ يولىدىن چىقىپ كەتكەن قەدەملىرىگە چىتە سالماق-چى... ئۇنى ئۇچراتقىنىمغا يېرىم يىل بولاي دېدى، شۇ يېرىم يىل، يېرىم ئەسىرلىك ھاياتىمنى يۇتۇپ كەتكىلىۋاتاتتى، قانچە قېتىملاپ ئۆز ـ ئۆزۈمنى تىتما ـ تالاڭ قىلىپ، تەھلىل ـ تەھقىق يۇرگۇزۇپ، تىنتىپ تىڭشاپ، قارغاپ ـ قاقشاپ ۋەتۋە-رىكىمنى چىقىرىپ، چېچىلغان توزغاقتەك توزۇپ چىقتىم، سا-ناپ بېرەلمەيتتىم. لەنەت بولسۇن ماڭا! «ئۆچكە جان قايغۇسىدا ياتسا، قاسساپ ياغ قايغۇسىدا» دەپ، غوجامنىڭ ئىشتىھاسى تۇ-تۇلۇپ، ئۇيقۇسى ئازلاپ، تېنى كۈندىن ـ كۈنگە زەئىپلىشىۋات-قىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنە نېمىدەپ ساقلايمەن؟ مەن نېمە

ئويدا؟! بەش ئايدىن بېرى ئاشۇ پىروفېسسور دوختۇرنى كۈتۈۋا-تىمەنمۇ؟ يالغان، بىر چىشلىمەس باھانە! ئەمەلىيەتتە ئىچىدە مۇشۇ ۋاقىتنى، «ھاياتلىق كەچمىشىدىكى تىرىك ياشاۋاتقان دە-قىقىلەر»نى ساناۋاتقان كىم؟ كۈتۈۋاتقىنىم زادى نېمە؟ ئۈچ ئاي ئامېرىكىدا ئوقۇپ، ئىككى ئاي كۆچۈرگەن سامساق نەيزىسىدەك يۇرتىدا ئۇنۇپ قالغان دوختۇر جانابمۇ؟! ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ بەزلە-مە لەيلى، ئېرىڭنى ئالدىما خوتۇن! دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ پى-روفېسسورنى ئۆگۈنلۈككە كېلىدۇ، دېگىنى ۋاي ـ تاڭ. «يېپيې-ڭى داۋالاش لايىھەسىنى ئېلىپ كېلىدۇ» دېگىنىچۇ تېخى. ئىلا-ھىم ئايروپىلان ئاسماندىن چۈشۈپ كەتمىسىلا بولاتتىغۇ... نې-مىشقا ئېرىمگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئويلىسامىلا بىر ئەنسىز خاتىرجەمسىزلىك ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالىدىغاندۇ؟ ئۇمىد ـ ئى-شەنچىمنى تىترەك بېسىپ، غەيرەت ـ شىجائىتىمنى يەر يۇتۇپ كېتىدىغاندۇ؟ غوجام ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان، سېخىي، تەقۋا بىر ئادەم، مىڭ مەرتەم شۇنداق ئادەم! ئۇنىڭ سېرىق چۈمۈلە چاغلىق جانداردەتكە زىيىنى تېگىپ باقمىغان. ئۇنىڭغا ئۇۋال بولدى، ئۇ-نىڭ ئاياغلىرىنى قايتۇرۇپ بەر ئىلاھىم، قايتۇرۇپ بەرگۈڭ بولمىسا مەيلى، ئۇنىڭ بىر يەرلىرىنىڭ بىر يېرىنى مۇشۇ ئىس-مائىلغا ئۆتكۈزۈپ بەر...

— ئولتۇرسام بولامدۇ؟

بېشىمنى ئىتتىك كۆتۈردۈم ـ يۇ، چۆچۈدۈم:

— كېلىڭ... سىز... سىزمىدىڭىز، — دۇدۇقلاپ ئورنۇم-دىن تۇرۇپ كەتتىم.

— ئارامىڭنى بۇزدۇم. چۆچۈمە، يېنىڭدا بىردەم تۇرسام بولامدۇ؟

«ئارامىڭنى... يېنىڭدا...» قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي قالدىم، بىر ئايال بولۇپ تۇغۇلۇپ رەسمىدە بولغاندىن بېرى ماڭا راۋا كې-لىدىغان ھېچ بىر ئەر زاتى مېنى مۇشۇ يېشىمغىچە ئىككى كۆ-

زىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ، پېتىنىپ «سەن» دەپ ئاتاپ باقمىغىنى ئۇچۇنمۇ، ئۇنىڭ سەنلەشلىرىدىن تېگىرقاپ قالدىم. ئارىمىزنى توسۇپ تۇرغان سېپىلدەك قېلىن مۇستەھكەم تام ـ توساقلار گۇمبۇرلەپ پاچاقلىنىپ، تۇتاشقان، قوشۇلغان بىر ئۇزۇكلۇكنىڭ ئاجايىپ ئۇلۇغ بىرىكىشىدىن ۋۇجۇدۇم يەنە بىر قېتىم قاتتىق لەرزىگە كەلدى.

ــــ ئىختىيارىڭ، نەدە تۇرىمەن دېسەڭ ئۆزۈڭنىڭ ئەركى، ــــ ئۇنىڭغا تىك قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم، لېكىن ئۆزۈمنىڭمۇ ئۇنى ئىختىيارسىز «سەن»لەشلىرىمنى ھېس قىلغاندا، تاۋۇشلىرىمنى يۇتۇۋېلىشقا ئۇلگۇرمىدىم، ــــ كەچۈرۈڭ...

ــــ نېمىنى كەچۈرەي؟ گۇناھىڭ بولمىسا.

بېشىمنى كۆتۈرۈپ لاپ قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدىم. كۆزلىرىمىزنىڭ قارىچۇقلىرى نەچچە دەقىقە قېتىپ قېلىشتى.

ــــ ئەڭ ياخشىسى، گۇناھلاردىن تېخىمۇ يىراق تۇراي دېسەڭ كۆزلىرىڭگە قارا كۆزەينەكنى تاقىۋال! ــــ ئىسمائىل نەزەرىنى دەرھال ئاغدۇردى، ــــ ھاجى خېنىممۇ ياكى باي خېنىممۇ، يەنە بىرنېمە ئاغىچا... مەن ئۇچۇن بەرىبىر، كۆڭلۈڭ ياخشى، نىيىتىڭ دۇرۇس، چىدامىلىق خوتۇنكەنسەن، بۇ تەردىنى ياقتۇرۇپ قالدىم، ــــ ئۇ شىمىنىڭ يانچۇقىدىكى قوللىرىنى ئىختىيارسىز سۇغۇرۇپ، بېشىدىكى تۇمىقىنى ئالدىغىراق قىڭغايتىپ قويدى، ــــ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىمنى «سەن» دەپ ئاتايمەن، سېنى شۇنداق ئاتىغۇم كەلدىغۇ، ساڭا توغرا كەلسە. سەنمۇ مېنى شۇنداق ئاتا، بەك ئاز قالدى، ۋاقىت توشاي دېدى... ھامان كېتىسەن، مەنمۇ شۇ! دەرقەمدىكى ۋاقتىمىز بەك ئاز قالدى.

ئۇنىڭغا قارىماستىن بېشىمنى ئۇنسىز لىڭشىتتىم، يۈرىكىم كۆۋەجەپ، ئىچ ـ ئىچىمدىن بىر ھەسرەتلىك يىغا دەۋرەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ جاھان ئۆكتۈرۈلۈپ كې-

تىدىغان ئىش بولسىمۇ، مۇشۇ قۇياش پارلاپ تۇرغان ئوچۇقچىـ
لىقتا بىر مەرتەم ئۇنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ بوغۇلۇپ
يىغلىۋالغۇم كېلىپ كەتتى.
— نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلگىلى بولىدىكەن، لېكىن دېگىـ
لى بولمايدۇ، شۇنداقمۇ لەيلى؟
يەنە بېشىمنى لىڭشىتتىم، قولىقىمغا ئۇنىڭ ئىسمىمنى
ھەشەم ـ دەرەمسىز، ئاددىي ـ ساددا، ئۆز پېتى ئاتىشى شۇنچىـ
لىك يېقىشلىق، چىرايلىق ئاڭلىنىپ كەتتى. بېشىم ھېلىھەم
لىڭشىپ تۇراتتى، گەپ قىلالمىدىم، مارجاندەك ياشلىرىم تۆكۈـ
لۈپ چۈشتى.
— يىغلىغان ھالىتىڭمۇ شۇنچىلىك چىرايلىق ئىكەن قارا
قۇمچاق خوتۇن! تىللىۋالغۇڭ بولسا تىللىۋال، ئالدىڭغا ئۆزۈم
كەلدىم.
— سېنى قانداق تىللاي؟ نېمە ھوقۇقۇم؟
— ھوقۇقۇم بولسا ئىدى... يا سېنىڭ ھوقۇقۇڭ... ھەر
ئىككىمىز ھوقۇقسىز. بۇ گېپىم تازا جايىغا چۈشمىدىغۇ دەيـ
مەن؟ خوتۇنۇمدىن ئاڭلايدىغاننى ئاڭلاپمۇ بوپسەن، بىر ھېسابتا
بۇمۇ بولغىنى. ساۋاتسىز، قارا تۇرۇكمەن، يا يېزىشنى، يا ئوـ
قۇشنى بىلمەيمەن، گەپكە ئوسما قويۇشنى تېخى. ساڭا دەيدىغىـ
نىم، بىرسىگە قايىل بولمىقىم تەس ئادەممەن، لېكىن نېمىشـ
قىكىن ساڭا قايىل بولۇپ قالدىم، ئېسىل ئايالكەنسەن.
— مېنى ماختاپ نېمە قىلماقچى؟
— نېمە قىلالايتتىم؟ ئايرودرومنىڭ كۈتۈش زالىدا سېنى
كۆرگەندىن بېرى جىق ئويلىدىم، قىزىق، يۈرىكىم سېنى بۇـ
رۇندىنلا تونۇيدىغاندەك، سەن بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالدۇق،
ئەمما سەن باشقىنىڭ، مەن باشقىنىڭ.
— بۇنى بىلىمەن.
— بىلگىنىڭ ياخشى! ئاپېلسىن يەۋاتامتىڭ؟ ئوچۇقچىلىقـ

تا بىرنەرسە يېيەلمەيتتىڭغۇ ھاجى خېنىم؟

— قانداق قىلاتتىڭ؟ يېسەم يەپتىمەنغۇ! — قولۇمدىكى پوستى سويۇلغان ئاپېلسىننى ئاجراتمايلا ئېغىزىمغا پۈتۈن سې-لىپ، ئۇنىڭ كۆزىچە ماچىلدىتىپ چاينىدىم، خۇددى مۇشۇ چاي-ناشلىرىمدا پۈتۈن دەرد - ھەسرىتىمنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغان-دەك كۆزلىرىمدىن ئاققان ياش بىلەن زاڭىقىمدىن سىرغىغان ئاپېلسىن شىرنىسى قوشۇلۇپ كەتتى.

— ئا... قارا، كىچىك بالىغۇ سەن، — ئۇ يانچۇقىدىن پۇر-لەشكەن قەغىزىنى ئېلىپ ئالدىراپ ماڭا تەڭلىدى، — يىغلاڭغۇ قارا قۇمچاق، پوتلاڭنى ئېيت...

— ئىشىڭنى قىل، نېرى كەت! — ئۇنىڭ قولىنى چۆرۈ-ۋەتتىم.

ئۇ ئالدىغا ئىككى قەدەم سۈرۈلۈپ، بىلىكىمدىن كاپپىدە تۇتتى - دە، كىملىكلەر، سالاھىيەت، تەۋەلىك، ھوقۇق دېگەن-لەرنى تامامەن ئېسىدىن چىقىرىپ، قولىدىكى قەغىزى بىلەن زاڭىقىمنى شاپۇر - شۇپۇر سۈرتۈۋەتتى، ئاندىن تۇتۇپ تۇرغان جەينىكىمنى تېزلا قويۇۋەتتى.

— كەچۈر، قوپاللىق قىلىپ قويدۇم...

ئىسمائىلنىڭ سەل پۈتۈك ئاۋازلىرى تىترىدى.

— رەھمەت ساڭا!

— ماقۇل، ئېرىڭنى ياخشى كۈت! — ئەمدى ئۇ كەينىگە ئىككى قەدەم داجىدى.

— سەنمۇ خوتۇنۇڭنى ياخشى كۈت! — ئۇ لەۋلىرىنى چىڭ جۈپلەپ، بېشىنى توختىماي لىڭشىتتى.

— كېتەمسەن؟ — يۈرىكىم ئۇنىڭغا تارتىشىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىۋېلىپ «گۇناھى ماڭا بولسۇن! ساۋاب تاپاي دېسەڭ يەنە بىردەم تۇر باغرى تاش» دەپ يالۋۇرغۇم كېلىپ كەتتى. ئىچىمدە ئۇنىڭغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم قىياندەك

دەۋرەپ تۇراتتى، نەپسىمدىن ئوت پۈركىلەتتى، بەلكىم ئۇنىڭمۇ ماڭا دەيدىغانلىرى باردۇر، لېكىن ئۇمۇ زور چىدام بىلەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئىچىگە يۇتۇۋاتقاندەك قىلاتتى، ـــ كەتسەڭ كەت! ئەمەلىيەتتە ساڭا دەيدىغان گېپىممۇ يوق، ـــ لەۋلىرىم ئۇمچىدە-يىپ كېتىۋاتاتتى.

ـــ تېشىڭغا چىققىنى ئۇنچە بولسا، ئىچىڭدىكىسى گۆھەر، قارا قۇمچاق!

ـــ بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقان سەنمۇ؟ نەدىن بىلدىڭ؟

ـــ ساۋاتسىزمەن دېسەم، گاچا كۆرۈپ قالغانمىدىڭ؟ ـــ شۇ گەپتىن كېيىن ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپلا ماڭدى، كېتىۋېتىپ قىيا بۇرۇلۇپ كۈلۈمسىرىگەندەك بىر ئىپادە بىلەن ماڭا قاراپ بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى، ـــ ياخشى ئايال ئىكەنسەن لەيلى، سېنى چوڭ كۆرىمەن!

ـــ سەنمۇ ئوبدان ئەر!

353 جۇتنىڭ ئىزغىرىنى قەمرۇت ياغلىقىمنى ئۇچۇرۇپ تۇراتـ-تى... ئۇنىڭ بىناغا كىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ تۇردۇم، ئارىدا ئۇ قەدەملىرىنى ئاستىلاتقاندەك قىلدى ـ يۇ، كەينىگە ئىككىنـ-چى قېتىم قاراپ قويمىدى.

«سىرىڭ ئىچىڭدە چاغدا ئۇ سېنىڭ ئەسىرىڭ، ئەگەر تاشـ-قىرىغا چىقسا سەن ئۇنىڭ ئەسىرى»، نېمىشقا ھە دېسىلا مۇشۇ گەپ ئېسىمگە كېلىۋالىدىغاندۇ دەيمەن. كىم نېمىلەرگە ئەسىر بولمىغان، كىم كىملەرگە قۇل. ئاللاھنىڭ قۇلىمەن، سېنىڭ ئەسىرىڭ. تۇرۇپلا شائىر بولۇپ قالىمەنمۇ ـ قانداق؟ نېمە بولـ-سام بولاي، ئەمما ئەسىر بولۇش 44 يېشىمدا پېشانەمگە پۈتۈـ-لۈپتۇ، تەقدىرىمنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ قاچالمايمەن، ھەم بۇ كەبى شېرىن ھەم ئازابلىق تۇتقۇنلۇقتىن قاچقۇممۇ يوق، چۈنـ-كى ئىسمائىلدا مەن ئۆمۈر بويى تەلپۈنگەن سىياق، ئىزدىگەن مەزمۇن بار ئىدى. يېرىم ئەسىرگە يېقىن غېرىبلىق، مىسكىنلىك

ئىچىدە قاغجىراپ ئاچ ياشىدىم، ماددىي جەھەتتىن توققۇزۇم تەل بولسىمۇ، مەنىۋىيىتىم زارىقىشتا ئۆتتى. ئېرىشكەنلىرىمگە نا-شۈكۈرلۈك قىلىش ئويۇم يوق، ئېرىمگە ئاسىيلىق قىلىپ ھەر ئىككىلى دۇنيا قارا يۈز بولۇش غەرىزىم تېخىمۇ يوق. ئاتا - ئا-نامنىڭ سۆيۈشىگە ئېرىشتىم، قېيىنئانام شەرۋانە خېنىم ئانام-دىن يۈز ھەسسە ئارتۇق كۆيدى، ئەل سۆيدى، دوستلىرىم سۆي-دى، ئاللاھ بىر ئوغۇل، بىر قىز بېرىپ ئانىلىق شەرىپىگە نائىل قىلدى، نېمەت بەردى، رىزىق بەردى، نەسەب - نام بەردى. ھايا-تىمنىڭ تىك داۋانلىرىدىن ھالقىپ سالقىن، سىپايە، توغرا قە-دەم ئالدىغان بىر دەۋرگە دەخلىسىز ئۇلاشتىم، لېكىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ سوغۇققان قەدەم باسىدىغان چاغدا، قان - قېنىمنى جەھەننەمنىڭ قازىنىدا قايناۋاتقان ياغدەك قىزىتىۋاتقان بۇ كۆچكە ھەيران قېلىۋاتاتتىم. قەغەز ئوراقتىكى ساپسېرىق ئا-پېلسىن پوستى ئېتەكلىرىمگە تۆكۈلگەندىلا ئېسىمگە كەلدىم. ئۇنى خىيال قىلىپ ئولتۇرۇپ، ئوراقلىرى بىلەن قوشۇپ گازىر شۆپۈكىدەك تىتىپ تاشلىغىنىمنى بىلدىم، ناۋادا قەلبىمدىكى ئاشۇ ئېغىر، ئاشۇ كۈچلۈك تۇيغۇلارنىمۇ مۇشۇ ئاپېلسىن پوس-تىدەك پارچىلىغىلى بولسا ئىدى... نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم - ھە؟ ئىچىم ۋال - ۋال كۆيۈۋاتسىمۇ تېشىم تونۇلاپ كەتكەنىدى، مۇسكۇلۇمدىن ئۇستىخىنىمغا ئۆتكەن سوغۇق ۋۇجۇدۇمنى خې-لىلا قورىغاندەك قىلدى. سائىتىمگە قارىدىم، ئىككى سائەتتىن بېرى مۇشۇ سوغۇقتا ئۇيۇپ قويغان تاش ھەيكەلدەك قېتىپ خىيال سۈرۈپتىمەن، يا خىيالىمنىڭ ئاخىرى چىقماپتۇ. ئور-نۇمدىن تۇرۇپ، قولۇمدىكى ئاپېلسىن پوستىنى ئەخلەت ساندۇ-قىغا تاشلىدىم، ئاندىن ئىسمائىللار تۇرۇۋاتقان بىنانىڭ كۆن يانتۇ چۈشكەن دېرىزىسىگە قاراپ ئويلىدىم: «بەلكىم ئۇمۇ جىق نەرسىلەرنى ئويلىدى، نۇرغۇن نەرسىلەر تەقدىرنىڭ پۈتمىسىدە پېشانىگە يېزىلغان، ئۇنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس، دەپ

ئويلىدى،» بەلكىم شېرىن ۋە ئازابلىق خىياللارنىڭ ئايغى چىقماس... مەيلى ئايغى چىقسۇن يا چىقمىسۇن، مۇشۇ ئۆمرۈمدە گەرچە بەك كېچىكسەممۇ بۇ خىل تۇيغۇ ئېلىپ كېلىدىغان لەززەت ۋە ئازابنى تېتىپ بېقىش ھەققىم يوقمىدى؟... ھەركىم تېتار، مەنچىلىك تېتىماس.

قارا پەلتويۇمنىڭ ياقىسىنى قايرىۋەتتىم، لىفىت بوش دوقۇراپ كۆتۈرۈلدى، ئىشىك تاراقشىپ ئېچىلغاندا بۇرنۇمغا قاينىتىلغان دورا پۇراقلىرى ئۇرۇلدى. «غوجامنىڭ ھورداقتىن چىقىشىغا ئاز قالغان، سالامەت خېنىم قوي گۆشى شورپىسى قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭغىچە بىردەم كۇتۇشۇمگە توغرا كېلەتتى، ئاندىن غوجامنىڭ پۇتلىرىنى ھىلىقى پۇرىقى قاڭسىق ئېيىق تاپىنىدا ئۆز قولۇم بىلەن مايلاپ قوياتتىم. بەتبۇي پۇراقتىن كۆڭلۈم ئېلىشىپ قەي قىلىۋەتكىلى تاس قالسامۇ، گۈل چېچەكى پۇراۋاتقاندەك كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپ، غوجامنىڭ تاپانلىرىنى غىدىقلاپ قويۇپ، سۈركەپ قويۇشۇم كېرەك ئىدى. ئۆزۈمچە مۇشۇ قىيىنلىشلىرىمنى ئۇنىڭغا قىلغان ئاسىي خىياللىرىم ئۈچۈن بېرىلگەن جازا، تۆلەنگەن بەدەل دەپ، يېنىكلەپ قالاتتىم، بەلكى ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچە قىينالسام، شۇنچە يېنىكلەيتتىم.

— ئۇنداق قىلمىسىلا چىرايلىق غوجام.

— كىرمەيمەن دېدىمغۇ كىرمەيمەن، كېتىمەن...

— بىلىمەن، بەك قىينىلىپ كەتتىلە، لېكىن مەندە نىمە ئامال؟

— پېشانەم شۇ، ھېچكىمدىن كۆرمەيمەن.

ياتاق ئىشىكىنى ئالدىراپ ئىتتەردىم، غوجام بىلەن سالامەت خېنىم تالىشىۋاتاتتى.

— نېمە بولدى غوجام؟ ھورداقتا چۈشەپسىلىغۇ؟ — ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئېڭىشتىم، — كۆڭۈللىرى بەك يېرىمغۇ؟

— غوجامنىڭ كىرگۈسى كەلمىدى، ئەتىگەندىن بېرى يال-ۋۇرۇپ ھېرىپ كەتتىم، — سالامەت خېنىم بېشىنى مەيۈس چايقاپ ماڭا ئورۇن بوشاتتى.

— كىرگۈسى بولمىسا قىينىمايلى، بوپتۇ كىرمىسە كىر-مەپتىغۇ، شۇنداقمۇ غوجام؟ — گويا بالامنى بەزلىگەندەك ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىلىدىم، — سىرتقا چىققۇلىرى بارمۇ - يا؟ ئايلان-دۇرۇپ ئەكېلەي، بولمىسا ھېلىقى تۈرك ئاشپۇزۇلىغا بېرىپ قۇلۇلە شورپىسى ئىچىپ كېلەمدۇق؟ تۇزلىغان ئۆردەك تۇخۇمى يېگۈلىرى بولسا...

— كېتىمەن، مېنى خۇدا ئۇرغان بۇ يەردىن ئېلىپ كەتسىلە ئالتۇن خېنىم، سىلىدىن ئۆتۈنەي، مېنى ئېلىپ كەتسىلە! — غوجام كۆكسۈمگە يۈزىنى سۈركەپ كىچىك بالىدەك ھېق تۇتۇپ خىتىلدىدى، — ئۆيۈمنى بەك سېغىنىپ كەتتىم، ئۆزىمىزنىڭ ھېلىقى سەندەل ياغىچى كارىۋىتىمدا پۇت - قولۇمنى ئۇزۇن سۇنۇپ، بىر كېچە يېتىپ ئۆلۈپ قالاي.

— غوجام...، — يۈرىكىم ياغقا تاشلانغان گۆشتەك قورۇ-لۇپ، ئېچىشىپ كەتتى، — 30 كۈن روزا تۇتۇپ، مەرەزدە ئىپ-تار قىلغاندەك ئىش قىلمايلى، پىروفېسسور ئۆگۈنلۈككە كې-لەرمىش، يىگى داۋالاش لايىھەسى...

— قۇرۇسۇن! بەندىنىڭ قولىدىن نىجاتلىق كۈتۈپ 15 يىل ئۆتۈپ كەتتى، يېمىگەن پىشەپ، كىرمىگەن گۆر قالمىدى، سا-قايدىممۇ؟ ئەمدى مېنى قىيناشماڭلار، كېتىمەن، كېتىمەن! — غوجام ئۇنىنى قويۇۋېتىپ پىچاق سۈرگەن بۇقىدەك ھۆركىرەپ، بوغۇلۇپ ئۆكسىدى.

— ماقۇل ئەكېتەيلى، يىغلىۋالسىلا، ئۇنلىرىنى قويۇپ يىغلىۋالسىلا چىرايلىق غوجام، — ئۇنىڭ مۇرىسىگە قولۇمنى قويۇپ ئۇنى باغرىمغا چىڭ بېسىپ ئېسەنگىرىدىم، — كېسەل-لىرىنى تەڭ تارتىشىپ بەرگىلى بولسا يېرىمىنى مەن ئالار ئى-

دىم، ھەتتا ھەممىسىنى...

*　　　*　　　*

ئەتىگەندىن بېرى ئۈچرەت كۈتۈپ چۈشكە يېقىن نۆۋىتىم كەلدى، ئىشىكنى ئاستا ئىتتىرىپ پىروفېسسور ئىشخانىسىغا كىردىم.

— سىز ئەرەبمۇ، — دېدى پىروفېسسور قويۇق بېيجىڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلەپ، قىزىللىق دېغى چۈشكەن قوللىرىنى جۈپ-لەپ سالام بېرىپ.

— ياق، مەن ئۇيغۇر، ئىسمىم لەيلى، ھېلىقى 509 ـ نومۇرلۇق ياتاقتىكى شىنجاڭلىق ئابدۇللا ھاجىمنىڭ ئايالى.

— ياخشىمۇ خانىم؟ ئابدۇللا... ئاجى... ھە، ئېسىمگە كەل-دى، بىز ئىلگىرىمۇ بىر قېتىم كۆرۈشكەنغۇ؟ ئارىدا تېلېفون قىلىپ قاچان كېلىدىغىنىمنى ئاتايىتەن سورىغان سىزغۇ دەي-مەن؟ خەنزۇچىنى ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز. ياخشى، ياخشى... سىلەرنىڭ قوي گۆشى كاۋىپىڭلار بەك تەملىك.

— تەملىك نەرسىلىرىمىز تولا.

— مەن شىنجاڭغا ياش ۋاقتىمدا بىر قېتىم بارغان، ئۇ ئاجايىپ گۈزەل بىر ماكان! قاناس كۆلى، ئىسسىق ئارىشاڭ، يەنە بوغدا كۆلى، — پىروفېسسور 60 ياشلاردىكى ئاق پىشماق، ۋىجىككىنە كىشى ئىدى، گەپ ئارىلىقىدا پات ـ پات گىرادۇسلۇق ئەينىكىنى كۆتۈرۈپ قوياتتى، ئۇنىڭ يەنە بىرنەچچە جايىنى ساناپ بېرىش ئويى باردەك قىلاتتى، لېكىن دەماللىققا ئېسىگە ئالالمىدى.

— يولدىشىمنىڭ ئەھۋالىنى بىلەي دېگەن، سىزنى بەك ئۇزاق ساقلىدۇق پىروفېسسور، تۇنۇگۈنكى تەكشۈرۈشنىڭ نە-تىجىسى چىقىپتۇدەك دەپ ئاڭلاپ، داۋالاش لايىھەيىڭىزنى بى-

لىشكە ئالدىرىدىم.
پىروفېسسورنىڭ كۆلگۈن چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈس ئالدى، ئاندىن ئەينىكىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ قاڭشىرىنى قاشلى-غاچ، تارتمىسىدىن بىر ۋاراق سىپىرلىق قەغەزنى ئېلىپ ماڭا كۆرسەتتى:
— كەچۈرۈڭ... پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تىرىشتۇق، ئۇنىڭ كېسەللىك دوكلاتىنى ئامېرىكىغا ئېلىپ بېرىپ كەسىپداشلارغا كۆرسىتىپ، بېڭىچە داۋالاش لايىھەسىگە ئېرىشەرمەن دېگەن ئۈ-مىدىمۇ يوققا چىقتى، ئۇلارنىڭمۇ ئامالى يوقكەن...، — مۇرد-سىنى قىسىپ، بېشىنى چايقىدى ئۇ، — سىزنى قۇرۇقتىن قۇ-رۇق ئۈمىدلەندۈرگۈم يوق، قارىسام غەرەز ئۇقمىدىغان، ئەقىللىق ئايالكەنسىز، ياخشى ئايال، چىرايلىق ئايال! — ئۇ باشمالتىقىنى چىقىرىپ مېنى ماختىغانمۇ بولدى، — ئېرىڭىزنىڭ يۈلۈنى زەخىملەنگەن، جاراھىتى كونىراپ كەتكەن، بىز قولىمىزدىن كېلىدىغانلىكى بارلىق ياخشى ئاماللارنى قىلدۇق، ياخشى دو-رىلارنى ئىشلەتتۇق، كەچۈرۈڭ...، — كەمتەر پىروفېسسور كە-چۈرۈڭ، دېگەندە بېشىنى گۇناھكارلاردەك ئېگىپ تۇرۇپ، كۆز-لىرىمگە تىك قارىيالمايتتى، — بەلكىم ئۇ ئەمدى بىر ئۆمۈر ئورنىدىن تۇرالماسلىقى مۇمكىن... بەلكىم بۇ يەنىلا بىر پەرەز بولۇشىمۇ مۇمكىن، — سۆز جىلمىيىپ، تىترەپ تۇرغان قو-لۇمنىڭ دۈمبىسىگە بىر ئىككىنى يۇمشاق ئۇرۇپ، پەپىلەپ قويدى ئۇ.
— پەن - تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، ئەتە قانداق مۆجىزە يۈز بېرىدۇ بىلمەيمىز. بەلكىم ئۈمىد يوقمۇ ئە-مەستۇ، قانداق دېدىم سىڭلىم؟ ھازىرقى مەسىلە ئۇنىڭ مې-ڭىش - ماڭالماسلىقىدىكى مەسىلە ئەمەس، مۇھىمى ئۇنىڭ ھا-يات - ماماتى...
— دوختۇر! — مېڭەمدىن كىرگەن بىر نەشتەر تاپىنىمدىن

تېشىپ چىققاندەك چاچراپلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتكىنىمنى ئۆ-زۈممۇ سەزمەي قالدىم، — سىزدىن ئۆتۈنەي پىروفېسسور، ئۇ تېخى ياش... بىزنىڭ داۋالىغۇدەك پۇلىمىز بار... ئۇنىڭ ئىككى بالىسى چەت ئەلدە ئوقۇۋاتىدۇ...، — ھەرقانچە ئەقىللىق ئادەم-نىڭمۇ تۇيۇقسىز كەلگەن زەربىدىن ئەقلى خىرەلىشىپ، مۇش-ۇنداق پەلىپەتىش سۆزلەيدىغان چاغلىرى بولىدىكەن دېسە، با-لىلىرىمنىڭ چەت ئەلدە ئوقۇشى بىلەن غوجامنىڭ كېسىلىنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى؟... ئىشقىلىپ شۇنداق دېدىم... مۇقەددەس پۇتۇلمىشلەرنى ئۆچۈرۈپ قايتىدىن پۈتۈش بەندىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەسلىكىنى بىلمىسەم ئىدىم، يەنە نېمە-لەرنى دەپ يالۋۇرغان بولار ئىدىم، سەۋەب ئالىمى ئە-مەسمىدى...

ئىشىك تەكەللۇپسىز ئېچىلدى.

— ئىسمائىل! — ئېغىزىمنى ئالىقىنىم بىلەن تۇتۇپ، كەينىمگە داجىپ كەتتىم، — سىز... سەن... — مىشىلداپ يىغلىۋەتتىم، — كىم ساڭا كىرگىن دېدى؟

— قانداق قىلاتتىڭ؟... يىغلىما لەيلى، ھازىرقى چاغ سېنىڭ ياش تۆكىدىغان ۋاقتىڭ ئەمەس، قورقما، مانا مەن يې-نىڭدا! — ئىسمائىل گەپ قىلغاچ ئىشىكنى ئارقىچىلاپ يېپىپ ئالدىمىزغا كەلدى.

— بۇ، بۇ ئەپەندىم كىم؟

پىروفېسسورنىڭ سوئالى جاۋابسىز قالدى.

— سەن ئىشىك تۈۋىدە بارمىدىڭ؟

— پىروفېسسور بىلەن قىلىشىدىغان نېمە مەخپىيىتىڭ بار ئىدى؟

— يوق، شۇ غوجامنىڭ كېسىلى...

— ئۇ سېنىڭ ئېرىڭ بولسا مېنىڭ ئاكام، ئاغىنەم، قې-رىندىشىم، يۇرتدىشىم. خوتۇن كىشى تۇرساڭ ھەممە ئېغىرلىق-

نى ساڭا تاشلاپ قويغىلى بولاتتىمۇ؟ ــ ئىسمائىل مەڭدەپ قال-
غان پىروفېسسورغا قولىنى سۇندى، ــ كۆرۈشۈپ قويايلى پى-
روفېسسور، مەن ئۇلارنىڭ تۇغقىنى، شىنجاڭلىق ئىسمائىل!
قانداقلا گەپ بولسا مانا ماڭا دەڭ!

ــ بۇ... بۇ، ــ پىروفېسسور دۇدۇقلاپ ئىسمائىلغا قولىنى
بەردى، ــ بۇ يىگىت ئېرىڭىزنىڭ ئىنىسىمۇ؟ ئوخشىمايدى-
كەن، ــ ماڭا بۇرۇلۇپ قارىدى پىروفېسسور سەل ھەيرانلىق
بىلەن، ــ زادى ئوخشىمايدۇ.

ــ دىققىتىڭىزنى چاچما لەيلى، ئۇ مېنى سەندىن سوراۋاتى-
دۇ، گۇۋاھلىقتىن ئۆتمىسەڭ بولمىغۇدەك.

ئىسمائىلنىڭ چىرايى تۇرگۈن، سۆزلىرى كەسكىن ئىدى.

ــ شۇ، شۇ، بىز تۇغقان، بىر يۇرتلۇق...، ــ دۇدۇقلاپ
كەتتىم، يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇراتتى. «خۇدايا تۇۋا»
دەيتتىم ئىچىمدە، ئاجايىپلا ئادەمكەنغۇ ـ بۇ؟ ھەمىشە مۇشۇنداق
قاچان كېلىپ، قاچان كېتىشىنى يا بىلگىلى بولمايدۇ، تەكەل-
لۇپسىزلا كىرىپ، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ... ئاجا-
يىپلا.. ساۋاتسىزمەن دەۋاتاتتى، خەنزۇچىسى مېنىڭدىن قېلىشى-
مايدىكەنغۇ؟ ئىچكىرىدە ئوقەتچىلىك قىلغان تۇرسا، خەت بىل-
مىگەن بىلەن گەپ بىلىدىكەن، ــ گېپىڭىزنى دەۋېرىڭ دوخ-
تۇر، ئۇنىڭدىن يوشۇرساق بولمايدۇ، ــ ئېسىمنى يىغىپ پىرو-
فېسسورغا بۇرۇلدۇم.

ــ ئەمەلىيەتتە يوشۇرغۇدەك يېرىمىغۇ يوق، ئېرىڭىزنىڭ
بۆرىكى زەئىپلىشىپ كاردىن چىققان، تېزدىن بۆرەك ئالماشتۇ-
رۇش ئوپېراتسىيەسى قىلمىساق ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشتىن
ئۇمىد يوق.

ــ بۆرەك؟

پىروفېسسور تامغا چاپلانغان يالىڭاچ ئەرنىڭ ئىچ ئەزاسى
كۆرۈنۈپ تۇرغان رەڭلىك سۈرىتىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ،

پولات تاياقچىسىنى ئېلىپ، قارنى يېرىلغان بىر جۈپ بۆرەككە تەگكۈزدى، — مۇشۇ ئەزاسى چاتاق، گېپىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟
تولۇق چۈشەنگەنىدىم، بېشىمنى توختىماي لىڭشىتتىم، دەماللىققا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي ئىسمائىلغا قارىدىم، ئۇ-نىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن بولۇپ، ئىششىق قاپاقلىرى يېپىپ تۇرغان قارا كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى.
— بۆرەك ئالماشتۇرىمىز دېمەكچىمۇ سىز؟ شۇنداق بول-غاندا ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىنمۇ؟ ياخشى!... ئە-مىسە ئۇنىڭغا چۈشىدىغان بۆرەك تاپساقلا ئاكام ھايات قالىدۇ، شۇنداقمۇ؟ بىر بۆرەكمۇ، يا ھەر ئىككىسىنىمۇ؟ — ئىسمائىل-نىڭ ئاۋازى ئاۋۋالقىدىن ئۈرغۈلۈق جاراڭلىدى.
— چۈشۈش - چۈشمەسلىك مەسىلىسى ئەسلا مەۋجۇت ئە-مەس، سىز بۆرەك ماس كېلەمدۇ - كەلمەمدۇ دېگەن مەسىلىنى سوراۋاتىسىزغۇ دەيمەن، ئۇ يىلىك كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسىگە ئوخشىمايدۇ، يىلىك ماس كەلمىسە ئامال يوق، لېكىن ساغلام بۆرەك بولسىلا بولاتتى. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلار ئىچىدە بۆرە-كىنى تەقدىم قىلىدىغانلار بولسا ئوبدان، بولمىسا گېزىتكە ئېلان بېرىپ باھا قويساق، بۆرىكىنى ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىدى-غانلار چىقىپ قالىدۇ، ھازىرقى ئەركىن بازاردا ئادەم بۆرىكىنىڭ باھاسى ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ بىر مىليون خەلق پۇلىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، بەزىدە ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىدىغان جىنايەتچى-لەردىن دوختۇرخانىمىزغا ئىچكى ئەزاسىنى ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىدىغانلار، ئالدىن تىزىمغا ئالدۇرىدىغان ئىشلار بولىدۇ. ئەن-سىرەپ كەتمەڭلار، مەن كەسپىي بۆلۈم بىلەن ئالاقىلىشىپ با-قاي، — پىروفېسسور يانچۇقىدىن قاتلانغان ئاق بېنتىنى چى-قىرىپ پارقىراپ تۇرغان پېشانىسىنى سۈرتتى.
— ساغلام بۆرەك بولسىلا بولىدىكەنغۇ! ياخشى گەپ! — ئىسمائىلنىڭ چىرايىدا كۈلكە پەيدا بولغاندا قىسقا قاشلىرى

يىراقلاشتى، ـــ چاتاق يوق، بىز ئالدى بىلەن ئۆز ئىچىمىزدىن ئىزدەپ باقايلى، ئاكىمىزغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان ئادەم-نىڭ بۆرىكىنى سېلىشقا مەن قوشۇلمايمەن! ـــ ئىسمائىل مېنىڭ ماقۇللۇقۇمنى ئالمايلا كېسىپ پىچىۋەتتى، ـــ يۇر لەيلى، بىز چىقىپ بۇ ئىشنىڭ كويىغا چۈشەيلى، ـــ ئۇ مېنىڭ مۈرەمنى يېنىك ئىتتىرىپ بېشى بىلەن ئىشارە قىلدى، ئاندىن ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ كەينىگە بۇرۇلدى، ـــ دوختۇر، ئۇنىڭ ھەر ئىككى بۆرىكىنى ئالماشتۇرىمىزمۇ؟

ـــ ئەڭ بولمىغاندا بىر بۆرىكىنى.

ـــ ئۇنداقتا ئادەم بىر بۆرەك بىلەنمۇ ياشىغىلى بولىدىكەنغۇ؟

ـــ مېدىتسىنادا شۇنداق.

ـــ پىروفېسسوردەك گەپ قىلدىڭىز!

دوختۇرنىڭ كاۋسا يالتىلىغان چىشلىرى پارقىراپ كەتتى.

ـــ ئاتىكارچىلىق قىلىۋاتىدۇ دېمە، كىمنىڭ توغرا بولسا شۇنىڭكىنى ئاڭلايدىغان گەپقۇ، بولۇپمۇ بۇنداق چوڭ ئىشلاردا ئەرنىڭ دېگىنى ھېساب! يا سېنىڭ باشقىچە ئويۇڭ بارمىدى؟

ـــ يا... ياق، سەن نېمە دېسەڭ شۇ... رەھمەت ئىسمائىل! خۇدا ساڭا رەھمەت قىلسۇن.

ـــ رەھمىتىڭنى قوي، ئاۋۋال ئېرىڭ ساقايسۇن! ئۇ ياشىشى كېرەك.

ئۇنىڭغا يۆلىنىپ ئىشىكتىن چىقتىم، پۇتلىرىمدىن ماغدۇر قاچقان، بېشىم قېيىپ، ئەلەڭلەپ تۇراتتىم.

ـــ نېمە، ماغدۇرۇڭ يوقمۇ؟

ـــ ياق، بەك جىددىيلىشىپ كېتىپتىمەن.

ـــ ئولتۇرۇۋالامسەن، ـــ ئىسمائىل مېنى يۆلەپ كارىدوردىكى كاۋچۇك ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن چاققانلىق بىلەن بېرىپ بۇلۇڭدىكى تىكلىمە چايداندىن قەغەز ئىستاكاندا

قايناق سۇ ئىلىپ كېلىپ قولۇمغا تۇتقۇزدى، — قىزىق، پۈۋلەپ ئىچ جۇمۇ. يىقىلما ھاجى خېنىم، بۇ سىنىڭ تىلك تۇرىدىغان ۋاقتىڭ! قەيسەر ئايال ئەمەسمىدىڭ قارا قۇمچاق، — كۈلدى ئۇ ئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، ئاندىن كانىيىنى قىرىپ يۆتىلىپ قويىدى، — مۇشۇ دوختۇرخانا دېگەننىڭزە قائىدىسى ئەجەب تو-لىكەن، بەكلا چەككۈم كېلىپ كەتتا.

— خۇمارىڭ كۈچلۈككەن ـ ھە؟ — ئۇنى «سەن»لىگەنچە سەنلىگۈم كېلىۋاتاتتى، — ئەجەب سەنلىشىپ سەت بولدى، مەن بۇ ئۆمرۈمدە ئۆزۈم بىلەن دېمەتلىك ماڭا راۋا كېلىدىغان ئەر خەقنى ساڭا ئوخشاش سەنلەپ باقمىغان.

— نەرى سەت؟ راست نەرسىلەر چىرايلىق بولىدىكەن، — ئىسمائىل گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە قەستەن يۇتۇۋاتقاندەك قىلاتتى، — مەن سەن بىلەن دېمەتلىك ئەمەس، سەن ئەمەلىيەت-تە مەندىن بىر ياش كىچىك، سىڭلىم دېمەتلىك.

— قانداق بىلىسەن؟

— ھەممىنى مەنلا بىلمەن دەپ قالغانمىدىڭ؟

— ياق...، — ۋۇجۇدۇم تاتلىق جۇغۇلداپ كەتتى.

— راۋا دېگىنىڭنى چۈشەنمىدىم، بىلىسەن، مەن ئوقۇش-نى، يا يېزىشنى بىلمەيمەن.

— لېكىن، ماڭا بىلىدىغانلىرىڭ بەك جىق بىلىنىدۇ.

— «راۋا»يىڭنى سوراۋاتىمەن، نېمە گېپىڭ بۇ؟ سىنىڭ مەھەللەڭنىڭ گېپىما؟

— راۋا دېگىنىما؟... نېمە دېسەم بولار؟ ماس كېلىش ياكى نىكاھ جەھەتتىكى ماس كېلىش...

دۇدۇقلاپ، قورۇنۇپ، تەمتىرەپ ئېغىر كىرىپىكلىرىم لى-پىلدىدى.

— شۇنچىلىك ماس... كاشكى ئۆزۈمنىڭ بولغان بول-ساڭ...، — ئىسمائىل بۇ گەپنى ئۆزىگە دەۋاتقاندەك شۇنچىلىك

پەس تەلەپپۇز قىلدى، — «كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمىدى» دەپ، نەدە قالغانتىڭ؟... سەن دېگەن خەقنىڭ ئىلكىدىكى ئادەم تۇرسالڭ، ئەمدى شۇ بىرىگىلا ماس...

— بىلىمەن، ئەسكەرتمىسەڭمۇ، — دومسايدىمىكىن تۇمشۇقۇم ئۇمچەيگەندەك قىلدى، — «كاشكى» دېيىشلىرىڭ ماڭا ئوخشايدىكەن، مەنمۇ مۇشۇ گەپنى دېيىشكە ئامراق.

— بۇنىمۇ بىلىمەن، — ئىسمائىل كۆزلىرىنى دېرىزىگە تىكىپ خورسىنىپ قويدى.

ئۇنى مۇشۇ پېتىم تۇتۇپ قالالمايتتىم، ئۇ يېنىمدىن ناھايىتى تېزلا كېتەتتى... قۇياش پاتسا جاھاننى زۇلمەت باساتتى، ھەر سەھەر يەنە تەكرار قۇياش چىقاتتى ۋە لېكىن مۇشۇنداق بىر چاغنىڭ ماڭا نېسىپ بولۇشى قايتا تەكرارلانمايتتى... ئۇنى مۇشۇ ئۆمرۈمدە يەنە قايتا كۆرەلىشىم ئۆزۈمنىڭ ئىلكىدە ئەمەس، تەقدىرىمنىڭ ئىلتىپاتىدا بولاتتى. زارىقىشلىرىم ئۇنىڭ بىلەن بولغان قىسقا دەملەرنى ئېچىرقاشتا يالماپ تۇراتتى، ھەر يۇتۇشتا دىدار تىنىقلىرى قىسقىراپ، يوقىتىش جېنىمغا پاتاتتى، ۋىسالنىڭ ماڭا بەرگەن پۇرسىتى ياسىن سۈيدەك ئاز، قىسقا، قىممەتلىك ئىدى.. ئۇنىڭغا ھالسىز يۆلەنگۈم، ھەتتا ھاپاش بولۇۋالغۇم كېلەتتى... ئەزەلدىن ئۆزۈمنىڭ پۇتى بىلەن مېڭىپ، ئەسلا بىراۋغا ئېغىرلىقىمنى سېلىشنى ئويلاپ باقمىدىم، ھالسىزلىنىپ يىقىلاي دېسەممۇ، يۆلەنگۈدەك تىرەك ئىسزدىمىدىم. ئىسمائىل يېنىمدا يانمۇيان، مۈرىلىرى يەلكەمگە يېقىن تۇراتتى، سەللا قىمىرلىسام ئۇنىڭغا تېگىپ كېتەتتىم، پىلتىسى تارتىلغان گىراناتتەك پارتلاپ كېتەرمەنمۇ؟ ھاي، لەيلى خېنىم، ھاي... ئۆلىدىغان يېرىڭ بولسىمۇ قەددىڭنى تىك تۇتۇپ، ئىززىتىڭنى ساقلا! سەن دېگەن ئۇنىڭ ئەمەس، باشقىنىڭ خوتۇنى! ئەتەي سۈركىشىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ نەزەرىدىن چۈشمە...

— رەھمەت ساڭا ئىسمائىل.

— ئاڭلىدىم! لېكىن، بۇ گېپىڭ بىلەن خۇشۇم يوق.
— نېمە بىلەن خۇشۇڭ بار؟
— مەن بىلەن تالاشما، ئېرىڭگە بۆرەك ئالماشتۇرىدىغانلىڭ مەسىلىسىگە كېلەيلى، مېنىڭكىنى ئاڭلامسەن، ئۆزۈڭ قارار قىلامسەن؟
— سېنىڭكىنى... سېنىڭكىنى ئاڭلايمەن ئىسمائىل! — ئەقلىمنىڭ تىزگىنىنى ئۇ تۇتۇپ تۇرغاندەك، تەقدىرىمنىڭ نۇقتىسىنى ئۇ باغلاپ تۇرغاندەك يۇكسەك بېقىندىلىق ئىچىدە ئۇنىڭغا بارلىق ھوقۇقۇمنى جان دەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىۋاتقىنىمنى سېزىپ تۇراتتىم.
— ما گېپىڭ بولىدۇ، «خوتۇن كىشى دېگەن ئەرنىڭ يېتىم قوۋۇرغىسى» دەپتۇ... ئەلۋەتتە مېنىڭكىنى ئاڭلايسەن ـ دە!
«ھەق گەپ» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، يېتىم قوۋۇرغا ئىكەن-لىكىمگە تەن مەن، لېكىن سېنىڭ يېتىم قوۋۇرغاڭ ئىكەنلىكىمگىلا... پەقەت سېنىڭ... لېكىن كېچە كۆرگەن قاباھەتلىك چۈشتەك ھەممە ئالىمشىپ كەتكەن، تەقدىر ھامان ئۆز خاتاسىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئىكەن، بولمىسا بۇ تاسادىپىيلىقلارغا كىم بۇنچە توغرا قوماندانلىق قىلالار ئىدى؟! ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى... ئەسلا...
— بۇگۇن پىروفېسسور بىلەن كۆرۈشىدىغىنىمنى قانداق بىلدىڭ؟ — قولۇمدىكى قەغەز ئىستاكان تىترەپ تۇراتتى، — كەينىمدىن ئىز بېسىپ كەلگەنمىدىڭ ـ يە؟
— كۆزۈڭ دەپ بەردى... ئىز بېسىپ كەلسەم قانداق قىلاتتىڭ؟
سوئالىمغا قويۇلغان سوئال بىلەن دىمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى، ھەر ئىككىلىمىز بىرپەس جىمىپ كەتتۇق، يەنە كو-چىلاپ سورىشىمنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى.
— ئەرتېكىن بىلەن ئايتۇرككە خەۋەر قىلايمىكىن، ئەخمەت

ئۆگۈنلۈككە گۇاڭجۇدىن كېلىدۇ، يا ئۇنى ساقلايدىغان گەپمۇ؟
— ئۆزىمىزنىڭ قورىبى يېتىدۇ، باللارنى ئاۋارە قىلما، ئۇلار يىراقتا، ئوقۇشىنى خاتىرجەم ئوقۇسۇن. ئەخمەت بالاڭ تېخى توي قىلمىغانمۇ؟
— نېمە دېمەكچى سەن؟
— مېنىڭ بۆرىكىم بولىدۇ، دوختۇر «ساغلام بۆرەك بولسىلا بولىدۇ» دېمىدىمۇ؟
— سېنىڭ؟ سېنىڭما؟!
قولۇمدىكى قەغەز ئىستاكان چۈشۈپ كەتتى.
— نېمىگە چۆچۈيسەن؟
— ياق... مەن بۇنىڭغا قوشۇلالمايمەن!
— نېمىشقا؟
— نېمىشقا؟ نېمىشقا دەپ تولا سوراۋەرمە! ئىشقىلىپ نېمىشقا بولسا، شۇنداق ئىشقا. ئۆزۈمنىڭ ئىشى، سېنىڭكى ئەمەس.

— ياراتمامسەن؟
— ئۇنداق ئەمەس... سەن شۇنداق نوچى تۇرسالڭ.
— نوچى دەمسەن، گېپىڭ راستمۇ؟! ئەمىسە ماڭا بىر مەرتەم نوچىلىق قىلىشقا يول بەر!
— مېنى قىستىما ئىسمائىل، مېنىڭ پۇلۇم بار، سېنىڭكىنى ئالمىسام بولمامدۇ تاپالايمىز.
— شۇ پۇلۇڭغا ئەجەب ئىشىنىسەن ـ ھە! ئويلىمايتىكەنمەن... چاكىنا تەرەپلىرىڭ بار ئىكەن لەيلى خېنىم، سېنى پەرىشتىمىكىن دەپ قالغىلى تاس قاپتىمەن تېخى...
— ھە مەن شۇ ئەسكى، چاكىنا، قانداق قىلاتتىڭ؟! — مىشىلداپ يىغلىۋەتتىم، — ئەسكى بولسام بولاي، سەن ياشىشىڭ كېرەك. سەن... سەن... ھۆرىيەت ئۈچۈن!
— ئەلۋەتتە ئېرىڭمۇ سەن ئۈچۈن ياشىشى كېرەك ئەمەس-

مىدى؟ كىم مېنى ئۆلىدۇ دەيدۇ؟ ئۆلۈم پېشانىدە بولىدۇ لەيلى. ئەجەل كەلگەندە قېچىشقا ھەددىڭ ئەمەس! بىر بۆرەك بىلەنمۇ ساغلام ياشىغىلى بولىدۇ دېمىدىمۇ دوختۇر!

— ئۇ نېمىنى بىلەتتى؟

— بىلگەن نوچى، نوچى بولمىسا ئۆيۈڭنى تاشلاپ نېمە بار بۇ يەردە؟ بىلمىگەننىڭ جازاسىنى بۈگۈنگىچە تارتىۋاتامدۇق؟

— سەن يا خىزىر بولمىساڭ، ماڭا نوچىلىق كۆرسەتمىسەڭمۇ مەن بىلمەتتىم سېنى! بۈنىڭغا تەن مەن، مىڭ مەرتەم تەن ئىسمائىل...

— ماقۇل، باشقا ئادەمدىن ئالساڭمۇ شۇ پۇلغا ئالىسەنغۇ باي خېنىم! مېنى بۆرىكىنى بىكارغىلا بېرىۋېتىدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ ساراڭ بولمىسام يا مەن، — كۈلدى ئىسمائىل ئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ.

ئۇنىڭ كۆزلىرىگە چۆچۈپ قارىدىم، يېنىپ تۇرغان قاراقلىرىدىن شۈبھى بىلەن نېمىنىدۇر ئىزدىدىم... ئىزدەۋاتقىنىم ھەقىقەت بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرى ئادەمنى گۇمانغا سالاتتى.

— ئويۇن ئوينىما ئىسمائىل، مېنى كالۋا كۆرۈپ قېلىۋاتامسەن؟ بىردەمدىلا ئەقىل تاپتىڭ، شۇنداقمۇ؟

— گۇمانخورلۇق قىلما لەيلى، كۆرۈپ تۇرۇپسەن، خوتۇنۇم شۇ ھالدا تۇرسا، مەن يا سەندەك باي بولمىسام... ئەلۋەتتە باي بولغانىنىڭغۇ يامىنى يوق، ئۇنى داۋالىتىشقا پۇل كېرەك ئەمەسمۇ؟

— لازىم دېسەڭ بەرمەسمىدىم؟

— سەدىقە ئالامتىم؟

— ئۆتنە بېرەتتىم، — ئىچىمدە: «ھېلىغۇ مېلىمكەن، جېنىمنى سورىساڭمۇ جان دەپ بېرەتتىم ساڭا» دېگۈم كېلىپ ئىچ ـ ئىچىمدىن يىغا ئۆرلەپ، كۆكرەكلىرىم چىڭقالدى، —

بوينوڭ شۇنداق قاتتىق تۇرسا ئالامتىڭ؟
— ھەرھالدا شۇنچىلىك چۈشەنگىنىڭگە رەھمەت، سەن بى-لەن جىق تالاشقۇم يوق، مەقسىتىمنى ئوچۇق دېدىم، دېمىسەمۇ ئەھۋالىمنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن، خوتۇنۇمنى تاشلاپ قويۇپ ئوقەت قىلالمايمەن، داۋالىتىشقا پۇل بولمىسا بولمايدۇ، باشقىلاردىن ئالساڭمۇ ئالاتتىڭغۇ شۇ بۆرەكنى، بىزگە ياخشىلىق قىلىپ بىر قېتىم پۇرسەت بەرگەن بول، بۇ بىر ئادىل سودا...

كاللام قوچۇلۇپ كېتىۋاتاتتى، ئىسمائىلنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتكەن، ئاق سانجىشقا باشلىغان شالاڭ چاچلىرى دولقۇنلىنىپ تۇراتتى. توۋا دەيتتىم ئىچىمدە، چۈنكى دەۋاتقانلىرى ئىسمائىل-نىڭ خاراكتېرىگە ياتمايتتى، ئۇ ئىچىدە بىر پىلان سوقۇپ ھىيلە قىلىۋاتقان بولمىسۇن يەنە... ياق، ئۇ ھەرگىز ئالدىماي-دۇ... ئۇ دېگەن ھەقىقىي ئەركەك... بوينى قاتتىق ئۆ-توك. نۆۋەتتى كەلگەندە شۇنداق دەپ تىللىسام تىللايتتىمەن... نېمە ھەققىم؟ چۈنكى ئۇ ئۆزۈمنىڭ... نومۇسسىز... يۈزى قېلىن خوتۇن! يۈزلىرىم تارتىشىپ بويۇنلىرىمغىچە ئوت ئالدى. ناۋادا ئويلاۋاتقىنىمنى ئۇ بىلىپ قالىدىغان بولسا نومۇستىن ئادەم ئۆلگەنگە مەن دەلىل بولۇپ قالاتتىم. ماقۇل... بۇمۇ بىر ھېساب-تا نوچىلىق! ئوغۇل بالا ئەركەكنىڭ ئىشى، ئۇ ئوغرىلىق قىل-مىدى، زەھەر ساتمىدى، بۇلىمىدى يا يۇلمىدى، شۇ ئۆز بەدىنى-دىكى ئاللاھ ياراتقان ئۇلۇغ ئەزاسىنى سېتىپ، خوتۇنىنى داۋا-لىتىمەن دېدى. خاراكتېر ـ پاراكتېرلا دەيمەن، قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرامتى؟ داۋاملىق قۇرۇق ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلىپ، راستلىقتىن تېيىپ كېتىمەن... ئۇنىڭدىن گۇمان قىلىپ قۇ-سۇر ئىزدىگىنىمگە لەنەت! خاراكتېر بولار، ئۇنىڭكىچە گۈزەل، مەردانە بولماس... مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ئاسماننىڭ ئاس-تى، يەرنىڭ ئۈستىدە مۇشۇنداق ئوغۇل بالا ئەردىن يەنە نەچچى-سى تېپىلار؟ سەن شۇنچە، ئاندىن مەن شۇنچە ئىسمائىل... قاز-

چە يۇقىرى باھا قويساڭ، ئىككى ھەسسىنى بېرىمەن ساڭا!
كاللام ۋاللىدە يورۇپ كەتتى.
— بوپتۇ، دېگىنىڭدەك بولسۇن!
ئىسمائىلنىڭ بېشى لەڭگىدە كۆتۈرۈلدى، قاپاقلىرى يېپىپ تۇرغان قارا كۆزلىرى ئۈمىد بىلەن چاقناپ، مىيىقىغا سۇس كۈلكە يامىرىدى.
— «بىرنى بىر دەيدىغان» سەن خەقنى بەك جاھىل دەپ ئاڭلىغانتىم، راستتىنلا جاھىل ئىكەنسەن، لېكىن ئاخىرى ئەقلىڭنى تاپتىڭ، رەھمەت ساڭا! — بېشىنى توختىماي لىڭشى-تىپ، بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ قويدى ئۇ، — بۇ پۇرسەتنى ماڭا بەرگىنىڭگە رەھمەت!
— قۇرۇق رەھمىتىڭ بىلەن مېنىڭمۇ خۇشۇم يوق! باھا-سىنى قوي! — دېدىم ئۇنىڭغا تىك قارىماستىن كۆزلىرىمنى قاچۇرۇپ، — لېكىن، ساڭا ئەمەس، خوتۇنۇڭغا ياردەم قىلىشىم ئۈچۈن ماڭىمۇ بىر مەرتەم پۇرسەت بەر.
— نېمە دېمەكچى سەن؟
— بىلىپ تۇرۇپ سورىما، سەندىن سوراۋاتقىنىم مال ئە-مەس جان، باھاسى ئادىل بولسۇن! غوجامغا سىڭمىسە بىكار...
كۈلدى ئىسمائىل ئۈن چىقىرىپ.
— كارامەت خوتۇنسەنەي لەيلى! مۇشۇ ئۆمرۈمدە سەندەك خوتۇننى تۇنجى قېتىم ئۇچرىتىشىم.
— لېكىن، ئىسمائىل، سەن ماڭا بۇرۇندىنلا تونۇشتەك، مەن سېنى ئەۋۋەل - ئەزەلدىن باشلاپ بىلىدىغاندەك...
— ماڭىمۇ شۇنداق تۇيۇلىدىغۇ...
— شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق چۈشىدىكەنسەن ماڭا، — يۈرىكىم شامال ئۇر-غان دېڭىز يۈزىدەك دولقۇنلاپ، كۆكرەكلىرىم كۆۋەجىدى، — خۇي - پەيلىڭنى دېمەكچى لەيلى، ئاندىن ھەممە يېرىڭنى...، —

يەنە كۆزلىرىمىز تىكىلىپ قېلىشتى، ــ ماڭا بۇنداق قارىما! ــ ئىسمائىلنىڭ چاناقلىرى ياشقا تولغاندى، ــ ئەڭ ياخشىسى قارا كۆزەينىكىڭنى تاقىۋال.
ــ ئەمدى پۇرسەت يوق... كېتىسەن.
ــ سەنمۇ شۇ... ئىمكانمۇ ھەم...
ئارىمىزنى يەنە سۈكۈت باستى...
ــ ئىككى مىليون يېتەمدۇ؟ ئۈچ مىليون... تۆت...
ــ بولدى قىل! ھايانكەش كۆرۈپ قېلىۋاتامسەن مېنى؟ ــ ئىسمائىل ئورنىدىن چاچراپلا تۇرۇپ كەتتى، ــ سەن سودا قىلىساڭ مۇشۇنداق قىلامسەن؟
ــ ئوخشىمايدۇ، بۇ ئۆمرۈمدە ئېرىشكەن ئەڭ كاتتا سودا!
ــ «سودا» دېگىن؟!
ــ سودىغا ئايلاندۇرۇۋاتقان ئۆزۈڭ!
ــ ئەمىسە بىكارغىلا بېرىمەن دېسەم ئالامتىڭ؟
ــ سەنمۇ ئۇبدان ئويلا... مەنمۇ شۇ...
ــ سودىمىز پۈتەي دېگەندە چىچىۋالدىڭغۇ چىدىماس؟ بەـ رىبىر خوتۇن كىشىلىكىڭنى قىلىسەن ـ ھە!
ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.
ــ نەگە قاچىسەن قاچقۇن؟! ــ ئىسمائىل سەل چۆچىدى.
ــ ئېرىمنىڭ قېشىغا! گېپىڭ بارمۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن مەسـ لىھەت قىلىشمەن قانداق؟ چۈنكى، مەن ئۇنىڭ بىرتاللا يېتىم قوۋۇرغىسى!...
ــ ياخشى! كەتسەڭ كەت يېتىم قوۋۇرغا! بەرىبىر كېتىـ سەنغۇ... كەت... كەت! ــ ئىسمائىل ۋارقىرىۋەتتى، كارىدور تىنچ ئىدى، كۆچلۈك بىر سادا چاقچۇق تاملارغا ئۇرۇلغاندا ئەكس سادا قايتقاندەك زاھىر بولدى. ئىسمائىل بىر قولى بىلەن كۆزىنى يېپىپ، مەندىن شاق قىلىپ يۈزىنى ئۆرىدى.
ئىتتىك تاقلاپ يۈرۈپ كەتتىم، كېيىن يورغىلاپ يۈگۈر-

دۇم... ئارقامغا قارىماسلىققا تىرىشىۋاتاتتىم، لېكىن بوينۇم قىلدا باغلانغاندەك كەينىمگە تارتىشاتتى، كۆزلىرىمدىن يامغۇر- دەك ياش تۆكۈلەتتى، ئۇ خۇددى كەينىمدىن ئىككى تاقلاپلا يې- تىشىۋالىدىغاندەك، بىلەكلىرىمنى قايرىپ تۇرۇپ «كەتمە لەي- لى... ئۆزگىلەرنىڭ بېغىدا ئېچىلىپ قالغان لەيلى گۈلۈم» دەپ باغرىغا باسسا، مەن ئۇنىڭغا سىڭىپ كېتىدىغاندەك...

چاقچۇق پەلەمپەيلەردىن چۈشتۇم... ئاياغ ئاۋازىم كارىدور- نى ھېلىغىچە زىڭىلدىتىپ تۇردىمىكىن...

# ئون ئىككىنچى باب

— ئەخمەتنىڭ كېلىدىغان چېغى بولدى، — دېدى غوجام دېرىزىدىن چۈشۈۋاتقان قىيپاش نۇرغا قاراپ، — كۆن ئەسىرگە ئۇلاشتى، بىردەمدىن كېيىن زاۋال چۈشىدۇ، مېنىڭ ئۆمرۈمگە ئوخشاش قاراڭغۇلۇق قاپلايدۇ جاھاننى.

— غوجام! ئەخمەتنى سېغىنغان ئوخشايدىلا... ئۇ گۇاڭجۇدىن كېلىپ بولدى، ماشىنىسىدا ئۇدۇل بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدىم غوجامنىڭ تۈكلۈك قوللىرىنى تۇتۇپ.

— ئەرتېكىن بىلەن ئايتۇركۈم، — غوجامنىڭ غاراڭ - غۇرۇڭ ئۈنلىرىنى يىغا بوغۇۋالدى، — سىلەرنى كۆرۈۋالسام بولاتتى بالىلىرىم، نە ئامالىم، بىچارىمەن، ئاجىزمەن.

— ئېزىلمىسىلە ئۇز غوجام، چارىسىز ئەمەسمىز، مانا مەن يانلىرىدا، مانا مەن سىلىنىڭ پۇتلىرى - قاناتلىرى بولاي، — غوجامنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق، ئۇخلاپ قالمىغىنى ئېنىق ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم ئېزىلگەندە، مۇشۇنداق گەپلەرنى تولا دەۋېرىپ بەزىدە تەسەللىگە ئىككى ئېغىز گەپمۇ تاپالماي قىينىلاتتىم. ئادەم ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەندە چۈشكۈنلۈك قەلبىنى قاساپ، مۇشۇنداق ئويغاق يېتىپمۇ جۆيلۈيدىغان گەپمىدۇ؟ ئۇنىڭغا قاراپ يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى شۇررىدە ئېچىشىپ، قاڭشىرىمغا شاكىراپ يىغىلدى، ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھكاردەك ھېس قىلىپ قالدىم. ھېس قىلىپ قېلىش — شۇنداق ياكى شۇنداق ئەمەسلىكىگە شۇبھە پەيدا بولغاندا قىلىدىغان گۇمان، دېمەك مەن يەنىلا ئۆزۈمنى ئاقلاۋاتىمەن، مورا قۇيۇندەك قارا ئەمەسمەن،

قاردا ئېچىلغان قار لەيلىسىدەك ئاپپاق دېمەكچى... قارا بولۇپ نېمە قىلدىم، ئاق بولۇپ نېمە؟... «نېمە قىلغىنىم مۇھىم ئەمەس، نېمە ئويلىغىنىم مۇھىم» دەپ تالاي قېتىم ئۆزۈمگە تەكرارلىدىم، ئويلار ئىچىمنىڭ ئىچىدە! ئويلار ھەرىكەتكە ئايلىنىپ تېشىمغا يامراپ چىقىشتىن بۇرۇن ئۇنى قۇتراپ تۇرغان ھۇجەيرىلىرىمدە بىخسىتىپ ئۆلتۈرمەكچى بولدۇم، لېكىن قۇدرىتىم يەتمىدى، راستلىقىم بىلەن يالغانلىقىم، مۇددىئايىم بىلەن تۇيغۇم ئوتتۇرىسىدا قانلىق قىرغىنچىلىقلار بولۇپ تۇردى، ھېچقايسىسى يېڭىپ چىقالمىدى، خەيرىسىز جەڭ بەك ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ، روھىم ئىس ـ تۈتەككە قاپلانغان خارابىگە ئايلىنىپ كەتتى. ئەمما، ئېرىشمەكچى بولغىنىم ئۆزۈم ئۈچۈن بەك ئۇلۇغ، بەك قۇدرەتلىك بولغاچقا ۋاز كېچەلمىدىم، «كەچسەڭ غەلىبە، كېچەلمىسەڭ مەغلۇبىيەت، كەچسەڭ كۆڭۈلدەك ئاق سەن، كېچەلمىسەڭ زۇلمەت كېچە» دېگەن بىر ئاۋاز قۇلاقلىرىمغا ئۈزلۈكسىز توۋلاپ تۇردى، كېچەلمىدىم! مېنى ئەمرىگە ئېلىپ 25 يىل ئۇلۇغ نىكاھىدا تۇتۇپ، پاكىز ۋۇجۇدىدىن ئىككى جانغا ئۇرۇق بەرگەن سۆيۈملۈك ئېرىم شۇ ھالدا جان تالىشىپ ياتقىلى 15 يىل بولدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمە قىلىپ بېرەلىدىم؟ ئۇنىڭ ئازابىنى قانچىلىك دەرىجىدە يېنىكلىتەلىدىم؟ ئۇ ۋاي ـ ۋايلاپ ئاغرىق ئازابىدا ئوق تەگكەن يىلپىزدەك يارىسىنى يالاپ ياتسا، مەن كىم ئۈچۈن ئاھ ـ پاھ چېكىپ پۇچىلاندىم؟! تېشىمدا «جېنىمنى جان ئەت غوجام» دەپ مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ بىر تىرىلىپ مايىل بولغىنىم بىلەن، ئىچىمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن قانچىلىك قايىل بولالىدىم؟ توۋا، مايىللىق باشقا گەپكەن، قايىللىق باشقا... نېمىشقا جاھاننىڭ ئىشلىرى مۇشۇنداق؟!... چۆچۈپ غوجامغا قارىدىم، ئۇنىڭ چىرايىدا زارلىنىشقا ئوخشاش ئىپادە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، ھېلىدىن ـ ھېلىغا چىشلىرى كىرىشىپ، قۇم چاينىغاندەك گىد-

ـرىچلايتتى، ــــ بەك ئاغرىۋاتامدۇ؟
ــــ يامان بەك... ئىت چىشلەپ، مۇشۇك تاتىلىغاندەك.
غوجامنىڭ ئىت ـ مۇشۇكلەردىن قانچىلىك قورقىدىغىنىـ
نى بىلگەچكىمۇ، ئاغرىقىنىڭ شۇنچىلىك دەھشەتلىك ئىكەنلىـ
كىنى شۇ قەدەر ھېس قىلدىم، ــــ ئەمىسە تۇتۇپ قويايمۇ، سۇرە
ياسىنى ئوقۇپ سۇپكۈچلەپ قوياي.
غوجامنىڭ ياستۇقتىكى بېشى ئىككى ياققا چايقالدى.
ــــ باشلىرىنى ئېگىزرەك كۆتۈرۈپ بېرەي، دورا پۇراقلىـ
ـرىدىن كۆڭۈللىرى ئايىنىغان بولسا، يانچۇقلىرىغا يېڭى ئەنبەر
سېلىپ قوياي.
ئىشىك يېنىك چېكىلدى، ئاندىن شەپىسىز ئېچىلىپ كۈلـ
گۈنچەك ئەخمەت كىرىپ كەلدى.
ــــ ئۇ كەلدى غوجام! قارىسىلا. خۇش كەپسەن ئەخمەت!
ــــ سالام ھاجىمكا... ھەممىلىرىگە سالام...
كارىۋات ئالدىدىن تۇرۇپ كەتتىم، غوجام كۆزلىرىنى ماـ
دارسىز ئېچىپ، قوللىرىنى ئەخمەتكە سۇندى، ــــ كەل ئوغلۇم،
سېنى بولسىمۇ كۆرۈۋالاي، سەندىن رازىلىق ئېلىۋالاي.
ــــ ئاللاھ سىلىگە شىپالىق بېرىدۇ ھاجىمكا، ــــ چاناقلىـ
ـرى ياشقا تولغان ئەخمەت ئېڭىشىپ تۇرۇپ غوجامنىڭ قوللىرىـ
غا سۆيدى. «ئۇنىڭ مىجەزى يامان پەسلەپ كېتىپتىغۇ» دېگەنـ
دەك ھەيرانلىقتا ماڭا قارىدى، ئەمما ئۈندىمىدى. يېقىن كەلگەنـ
دە ئەخمەتنىڭ چىرايىغا قاراپ ھەيران قالدىم، قۇلاقلىرىنى يېـ
پىپ تۇرىدىغان قېلىن چاچلىرى قىسقا ئالدۇرۇلغان، چاناقلىرى
ئولتۇرۇشۇپ، يۈزلىرىنىڭ قېنى قاچقان، خېلىلا جۈدەپ كەتـ
كەندەك كۆرۈنەتتى.
ــــ نېمە بولدى ساڭا ئەخمەت؟ ــــ ئۇنىڭغا قاراپ يۈرىكىم
ئېچىشتى.
ــــ ھېچ... ھېچ ئىش يوق... شۇ... شۇ...

ئەخمەت تىلىنى چاينىدى.
— ئاتا ـ ئاناڭدىنمۇ يوشۇرىدىغان يېرى بارمۇ؟ — ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتتۇم.
— شۇ... شۇ، ئازراق تالاپەتكە ئۇچرىدىم، دوختۇردا يېتىپ چىقتىم، بىرھېساپتا ئۆلۈمدىن ئارتىپ قالدىم... ئىككى مىليون يۈەنلىك تاشنى بۇلاڭچىغا تارتقۇزۇپ قويدۇم.
— شۈكۈر ئاللاھ، جېنىڭ ھايات قاپتۇ ئەخمەت! پۇل دېگەن ئوغۇل بالىنىڭ تىرناق كىرى، غوجامغا يېقىن بارە... ئۇ سېنى شۇنداق سېغىنغانتى، — ئۇنىڭ مۈرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويدۇم.
— ھاجىمكا!... نېمە بولغانسىز ئۇز ئاكا... بىر ئوبدانلا تۇراتتىڭىز بولمىسا، — ئەخمەت غوجامنىڭ قوللىرىنى يۈزلىـ ـرىگە سۈركەپ خىتىلدىدى، — ئائىلىمىزگە كۆز تەگدى.
— ياق، ئۇنداق دېمە ئەخمەت، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىـ ـدۇ، بىزدىنمۇ ئېغىر كۈنلەرگە قالغانلار بار، ناھايىتى بۆرەك ئالماشتۇرساقلا...، — ئېغىزىمنى تۇتۇپ ئۈلگۈرمىدىم، تۆشۈك ئېغىزىم ھامان تۆشۈكلۈكىنى قىلدى، ئېشىلمەيمۇ ئامال يوقـ ـتى.
غوجامنىڭ چىرايى شېشىدەك ئاقىرىپ كەتتى.
— كىم، كىم دېدى بۇ قاملاشمىغان گەپنى؟ مېنى ئەمدى قىيناشماڭلار! يارالغاندا قانداق بولسام شۇنداق كېتەي، ئەمدى سىلەرگە يۈك بولغۇم يوق.
غوجامنى ئۈزۈك يۆتەل تۇتتى.
— غوجام!... — ئالاقزەدە بولۇپ پۇت ـ قولۇم لەقـ ـۋالاشتى.
— ئۇنىڭ دۈمبىسىگە مۇشتلاپ بەرسىلە خېنىم، — دېدى سالامەت خېنىم چايدانىدىن قايناق سۇ قۇيۇشقا ئالدىراپ، — بېشىنى سەل ئۆرە قىلايلى، ئەخمەت سەن دېرىزىنى ئۇلۇغ ئېـ

چىۋەت، كارىۋاتقا ئولىشىۋالمايلى.
سالامەت خېنىمنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن قول ـ قولغا تۇ ـ
تىشىپ، غوجامنىڭ قىسقا يۆتىلىنى توختاتتۇق. ئۇنىڭ چاناق ـ
لىرىدىكى ياش كاتەكتىكى جىممىماي قالغان تۇرغۇن سۇدەك
توختاپ قالغان، قارا مەڭلىرى ئاپتاپقا سالغان قارا ئۆرۈكتەك
سولاشقان بولۇپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ جىممىدە ياتاتتى. ئايەت
ئوقۇۋاتامدىكىن، كالپۇكلىرى مىدىرلىغاندەك قىلدى، ھۆل قە ـ
غەزنى ئېلىپ ئۇنىڭ چاناقلىرىغا ئاۋايلاپ تەگكۈزدۈم، غوجامنىڭ
كىرپىكلىرى بوشراق لىپىلدىدى.
شۇ كۈنى كەچكىچە ھېچكىم چىش يېرىپ بىر ئېغىز گەپ ـ
لەشمىدۇق، ئەخمەت ئارىدا قانداقتۇر بىر گېپى باردەك ماڭا قا ـ
راپ ئېغىزىنى ئۆمەللىدى ـ يۇ، جىم بولۇپ بېشىنى ئىچىگە
تىقىۋالدى. شۇ ھالدا ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوراشقا تېگىشلىك
بولسىمۇ ھەپسىلەم يوق ئىدى، ئىچىم سىقىلىپ تۇراتتى، نائې ـ
نىق بىر خاتىرجەمسىزلىك، ئەنسىزچىلىك، يالغۇزلۇق جېنىم ـ
غا پېتىپ ئۇنى سېغىنىدۇراتتى، جېنىمغا جان قوشىدىغان، ئاچ ـ
قان يېرىمگە بېرىپ، بېشىمغا كۈن چۈشكەندە ئەرشتىن چۈش ـ
كەن خىزىردەك يېنىمدا پەيدا بولۇپ قالىدىغان ئىسمائىلغا زا ـ
رىقىپ تۇراتتىم. گويا ئۇ مەزمۇت توغان بولۇپ ماڭا يامراپ كې ـ
لىۋاتقان بىقارار غەم توپانلىرىنى توسۇپ قالالايدىغاندەك، مەن
تامان يا قاترىماي، يا مۆكۈرمەي كېلىۋاتقان غايىب بالايى ـ قا ـ
زانى كۆكسى بىلەن توسۇپ ماڭا نىجاتلىق بېرەلەيدىغاندەك
يۈكسەك ئىشەنچ قەلبىمنى قوچۇپ تۇراتتى... نەگە يوقالدىڭ
ئىسمائىل؟ ئاللاھ بەرگەن ئۇلۇغ پۈتۈنلۈكۈڭنى پارچىلاپ، بىر
ئەزايىڭنى تېنىڭدىن ئۈزۈۋېلىشقا يۈرىكىم قانداق چىدايتتى؟
رەنجىمە جېنىم... سېنى ناكا قىلغىنىم، ئۆزۈمنى مەجرۇھ
قىلغىنىم ئەمەسمىدى؟ نېمە ھەققىم؟ بېرىدىغانىنى بېرىشكە
ھەققىم يوق، ئېلىشقا تېگىشلىك بولمىغانىنى، تېنىڭنى كېسىپ

تۇرۇپ ئېلىشۋالغۇم يوق، يېتەر تارتقان ئازابلىرىڭ، خورلۇقلى-رىڭ!... ئىچ ـ باغرىڭنى يۇلۇۋالغۇم يوق... ئىچىمدە ئەزگۈ بىر يىغا توپاندەك غەلىيان كۆتۈردى، قەلبىم يوپۇرۇلدى... بوغۇ-زۇمدىن ئۆرلىگەن كەكرىدەك ئاشۇ ئاچچىقنى ھەسەل يۇتقان سىياق يۇتۇشقا توغرا كېلەتتى. چۈنكى ھازىرقى چاغ، ئىسمائىل دېگەندەك مىشىلداپ يىغلايدىغان پەيت ئەمەس ئىدى، قارار قى-لىشىم كېرەك! چوقۇم بىر قارارغا كېلىشىڭ كېرەك لەيلى... ئېرىڭ شۇ ھالدا ئىگراپ ياتسا، ئىمكانىڭ تۇرۇپ قۇتقۇ-زۇمىساڭ قارا يۈزۈڭغۇ قاپقارا، ئاق يۈزۈڭمۇ قارا بولمامدۇ سېنىڭ...

ئاردىن بىر كۈن جىمجىتقىنا ئۆتۈپ كەتتى.

— ھاجىم ئاچا! كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ئىگەم سىز-دەك پەرىشتە ئايالنىڭ بېشىنى ئوڭشايدۇ، ھاجىمكامنى پاناھىدا ساقلايدۇ.

ئەخمەتنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئەكسىمنى باشقا سىياقتا كۆرۈۋاتقاندەك چۆچۈدۈم. «پەرىشتە»مىشمەن... كاشكى ئىچىمدىكىنى بىلسەڭ ئىدىڭ، ئاق كۆڭۈل ئەخمەت... كۆرۈپ ـ كۆرمەي نېمە؟ شۈنچىلىك يىرگەنگۈدەك ئىچىمدە نې-مە بار ئىدى؟ «كېلە ئوغلۇم!» ئاۋازىم ئۆز قۇلىقىمغا شۇنچىلىك مىسكىن ئاڭلىنىپ كەتتى، راست ئۇنى ئەزەلدىن ئوغلۇم دەپ باقماپتىمەن... ياق، دەپ بېقىشقا نەچچە قېتىم ئۇرۇنۇپ باق-تىم، لېكىن ئۇنىڭ مېنى «ئانا» دېگۈسى كەلمىدى... ياق... ئۇ ئەزەلدىن ئانا دەپ چاقىرىپ باقمىغان، گەرچە چاقىرغۇسى بول-سىمۇ چاقىرىشقا بىر مەرتەم نېسىپ بولمىغان...

— يېنىمدا ئولتۇر، — سوقۇپ تۇرغان ئىزغىرىن شامال باھارنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كېلەتتى، قەمرۇت ياغلىقىمنىڭ بۇر-جىكى شامالدا ئۈچۈپ تۇراتتى، — بېيجىڭنىڭ شامىلى ئەجەب كۈچلۈككەن، شۇنداقمۇ ئەخمەت؟ دېگىنە، مەندىن يوشۇرما، بې-

شىڭغا نېمە قىسمەتلەر كەلدى؟
— مەن جىق ئويلىدىم ھاجىم ئاچا، مەن... مەن غوجامغا بۆرىكىمنى بېرەي دېگەنتىم، لېكىن...
ئۇنى سورىسام، بۇنىڭغا جاۋاب بېرىۋاتقان ئەخمەتكە لەپپىدە بۇرۇلدۇم، ئۇ بىئارام بولغاندەك قىسىلىپ ئورنىدا قىمىرلاپ قويدى. بېشىمنى لىڭشىتىپ، ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆز چاناقلىرىغا ئانىلىق مېھرىم بىلەن قارىدىم.
— شۇنداق ئويلىغىنىڭغا رەھمەت!
— لېكىن دوختۇر «بولمايدۇ» دەيدۇ.
— تالاپەتكە ئۇچراپ دوختۇردىن يىغلا چىقتىڭ، ئېھتىمال سەندىن جىق قان ئېقىپ كەتتى.
— كارايىتى چاغلىق ئىدى، يۇرىكىمنى بېرىدىغان، قاردىچۇقۇمنى ئالىدىغان ئىش بولىسمۇ بېرەتتىم ھاجىمكامغا. خۇدا ئۇرغاندەك يامان چاغدا گۇاڭجۇدىكى بۇلاڭ - تالاڭدا تىلىڭ يېرىلىپتۇ دەپ، ئوپېراتسىيەگە چۈشتۇم، بۆرەك تەقدىم قىلىشقا ئەتىگەندىلا تىزىمغا ئالدۇرغان، تەكشۈرتۈشتە نەتىجە ياخشى چىقمىدى.
— رەھمەت ساڭا ئەخمەت! كۆڭلۈڭ بىزگە تېگىل بولدى...
— مېنى يات كۆرۈۋاتىسىز ھاجىم ئاچا، تېگىل بولۇپ - بولماي مەن سىلەرنىڭ بالاڭلار ئەمەسمىدىم؟ خۇدا ئۇرغاندەك تالنى ئېلىۋەتكەچكە، دوختۇرلار، ھازىر ئەزا كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسىگە چۈشسىڭىز بولمايدۇ دەيدۇ... قانداق قىلارمىز ئەمدى؟
— ئەنسىرىمە، — ئامالىنى قىلارمىز.
— قانداق ئامالىنى؟ ئالدىرىمىساق بولماس... ئىچىم ئەجەب پۇشۇپ كەتتا، يۇرتتىكىلەرگە خەۋەر بەرسەكقۇ نەچچەيلەن خۇش بولۇپ بېرەتتى بۆرىكىنى.
— ھاجىتى يوق، ئەتىلىككە غوجامنى تاشقى بۆلۈمگە يۆت-

كەيدىكەنمىز، پۈتۈن بەدەن تەكشۈرتۈش ئۈچۈن ئون كۈن كېتى-كۈدەك، ئۇنىڭغىچە ئۆلگۈرمىز، بۇ جەھەتتىن سەن غەم قىلما. ئېسىڭدە بولسۇن، ئەرتېكىن بىلەن ئايتۇركلەردىن تېلېفون كەلگۈدەك بولسا بۇلارنى سىر تۇت، ئەنسىزچىلىكتە قالمىسۇن.
— بىلىمەن ھاجىم ئاچا.
— ئەمدى دېگىنە، ئەھۋالىڭ نەدىن نەگىچە؟
— بىر زەھەر ئەتكەسچىسى بىلەن قاپ بەلدىن تۇتىشىپ قالدۇق، شىنجاڭلىق بالا شايكىسى بار ئاقچى، ئاشۇلار تەرىپىدىن بۇلاندىم. ئەسلىدە ئىشىمنى قىلاي دېگەن، ئويلىسام بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ئىشىم يوقتەك بىلىندى، چۈنكى، خىروئىن شىنجاڭلىق باللارنىڭ ئىچىگە قاچىلىنىپ، چوڭ ئۈچىيى ئارقىلىق شىنجاڭغا يۆتكىلەتتىكەن، مەيلى نەگە يۆتكەلسۇن قاراپ تۇرالمايتتىم.
— قانداق تۇتىشىپ قالدىڭ؟
— گۇاڭجۇدا ئاشخانا ئاچىدىغان شىنجاڭلىق بىر ئۇيغۇر قىز بار، ياق، ئۆزغىنا بىر سېكىلەك، مېھرى يامان بەك ئىسسىق، دىيانىتى بار، ئېتى ئايىسمە، — ئەخمەتنىڭ كۆزلىرى باشقىچە نۇرلىنىپ كەتتى، — بوي بېشىغا ئالتە ئاي بولغاندا، ئېرى دېگەن لاتا غىلاپ ئىلكىدىكى بار - يوقنى جايلاپ، بىر كېچىدىلا چەت ئەلگە قېچىۋالغانىكەن، ئايىسمە بىر ئاشخانىدا كۆتكۈچىلىك قىلىۋاتقاندا بىز تونۇشۇپ قالدۇق. مەزلۇمچىلىك يامان، ئۇنىڭغا ئىچىم بەك ئاغرىدى، شۇڭا 100 مىڭ يۈەن ئۆتنە بېرىپ تۇرۇش قارارىغا كەلدىم، بۇنى ھاجىمكام بىلىدۇ، كېيىن ئۇ ئاشخانا ئېچىپ كالا گۆشى ئۇگرىسى سېتىپ راۋرۇس پۇل تاپتى، قەرزلەرنىمۇ قايتۇردى، ئۆزىگە ئوخشاش ئاق پىشماققىنە بىر قىز تۇغدى تېخى، ئىسمىنى مەن قويۇپ بەردىم، نۇرئىمان بولدى، مېنى «دادا» دەپ چاقىرىدۇ ئۇ سوقچى، يامان بەك شوخ بالا بولدى، كۆلۈپلا تۇرىدۇ. شۇ ئايىسمەدىن يىپ ئۇچىغا ئېرىد-

شىپ، ساقچىغا مەلۇم قىلغۇچە تالاپەت يۈز بەردى، بىر كىلو-
گىرامغا يېقىن خىروئىننى پاش قىلىمەن دەپ، ئىككى مىل-
يون يۈەنلىك قاشتېشىدىن ئايرىلدىم شۇ، يەنە تېخى بىر
ئەزايىمدىنمۇ.

— يارايسەن ئوغۇل بالا! كاتتا سودا بوپتۇ! ساڭا مېھىر
بەرگىنىم، تۈز بەرگىنىم بىكارغا كەتمەپتۇ، ناۋادا شۇ خىروئىن
شىنجاڭغا كىرسە نەچچە قېرىندىشىڭنىڭ جېنىنى ئالار ئىدى؟!
ھەقىقىي ئىبادەت دېگەن لەۋزىدىلا ئەمەس، مۇشۇنداق ئەمەلدە
بولىدۇ.

— قەھرىمان بولۇش ئويۇمغۇ يوق ئىدى، تۇرۇپلا قەھرىمان
بولۇپ قالدىم دېسە. ساقچى ئىدارىسى مەيدەمگە گۈل تاقاپ، 30
مىڭ يۈەن نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى، گۈلىنى قوبۇل قىلدىم،
كۆڭۈل ئەمەسمۇ؟ لېكىن پۇلىنى رەت قىلدىم، ھۆددەسكە ئالغى-
لى ئۇنىمىدىم.

— نېمىشقا؟

— مېنى سىناۋاتىسىز - ھە، ھاجىم ئاچا؟ ساۋابىمنى پۇل-
غا تېگىشكۈم كەلمىدى، شۇ پۇلنى ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ئىشلارغا
ئىشلەتسۇن دەپ ئويلىدىم، ئۇلار ماڭا تېخىمۇ قايىل بولۇپ قې-
لىشتى... زەھەرچىلەرنىڭ شايكىسىغۇ تۇتۇلدى، لېكىن تاش،
كاتتىبېشىنىڭ قولىدا...

— خاتىرجەم بول، تېپىلسا تېپىلار، تېپىلمىسا ھېچقىسى
يوق. زېمىن رىزقىمىزنى بېرىدۇ ئەخمەت!

ھەر ئىككىلىمىز بىرپەس جىمىپ كېتىشتۇق، ئەخمەتنىڭ
ماڭا دەيدىغان بىر مۇھىم گېپى باردەك قىلاتتى، لېكىن گەپنى
نەدىن باشلاشنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇراتتى.

— ھېلىقى سىڭىلەككە كۆڭلۈڭ بارمۇ؟

ئەخمەتنىڭ يۈزلىرى ھۆپپىدە قىزاردى.

— يامان ئەمەس چوكانتى، شۇغىنىسى بىر ئەردىن چىققان...

— ئۇنىڭمۇ ساڭا مەيلى بارمۇ؟
— قارىسامغۇ شۇنداقتەك...
— قاراپ بىلگىلى بولاتتىمۇ ئەخمەت؟ ئۇنى تۇيغۇڭ ھېس قىلمىسا، قەلبىڭ تۇيمىسا، يۈرىكىڭ بىلمىسە نېمىگە ھېساب؟
ئەخمەتنىڭ ئوت ئالغان قارىچۇقلىرى يوغىناپ، چاناقلىرى كېرىلدى، گويا مېنى يېڭىباشتىن تونۇماقچى بولغاندەك ھەي-رانلىق نەزەرى بىلەن چىرايىمغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.
— نېمىگە قارايسەن بۇنداق؟
ئەخمەتتىن كۆزۈمنى قاچۇرۇپ، نەزەرىمنى يىراققا ئاغدۇردۇم.
— مەن ئويلىغاندىنمۇ جىق گەپلەرنى بىلىدىكەنسىز ھا-جىم ئاچا، كاللىڭىز راستىنلا ئوچۇقكەن، كىتابنى جىق ئو-قۇغاننىڭ پايدىسى - دە بۇ.
«ساددا بالا» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، «كىتاب ئاجايىپ بىر دۇنيا، لېكىن تۇيغۇغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنى خەق يازغان كىتابتىن ئوقۇپ ئۆگەنگىلى بولىدۇ دەپ ئويلىغان بولساڭ، خا-تالاشتىڭ».
— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟
— بىلمىدىم، كاللام بەك قېتىپ كەتتى شۇ. مەن تېخى توي قىلمىغان يىگىت، ئۇ بىر باللىق چوكان. خەق كەينىمدىن كۈلۈپ نېمە دەر؟ مۇھىمى ھاجىمكام قوشۇلارمۇ؟
— مۇشۇ تەرىپىڭ بىلەن راستىنلا خۇشۇم يوق ئەخمەت، — مېڭەم مىژژىدە قورۇلدى، — ئوغۇل بالا ئەركەكسەن، كې-سىپ پىچىپ ئىش قىل! ئەپەندىم نەۋرىسى بىلەن ئېشەك يېتە-لەپ ماڭسا، دۆتكەن دېدۇق؛ ئېشەككە ئۆزى مىنىپ، نەۋرىسى يېتىلەپ ماڭسا، باغرى تاشكەن دېدۇق؛ ئېشەككە نەۋرىسى مى-نىپ، ئۆزى يېتىلەپ مېڭىۋىدى، ئەخمەقكەن دېدۇق؛ ھەر ئىك-كىسى ئېشەككە تەڭ مىنىپ مېڭىۋىدى، ئىنسابسىزكەن، تىل-سىز جانۋارغا زۇلۇم قىلدى دېدۇق؛ ئاندىن ئەپەندىم ئېشەكنى

گەدىنىگە ئېلىپ، يۇدۇپ مېڭىۋىدى، ئەپەندىم ساراڭكەن دې-
دۇق... ئەپەندىم ئاخىرى ئېشىكىنى تاغدىن غۇلىتىۋەتتى...
ھەركىم ئۆزى توغرا دەپ تاللىغان يولدا مېڭىشقا ھوقۇقلۇق!
تەڭرىنىڭ دۇنيا ھەققىدە قىلغان تۇنجى خىيالى مۇھەببەت. مۇ-
ھەببەت ـ ئاشىقلىق دېگەن ئاجايىپ قۇدرەتلىك، گۈزەل بىر
تۇيغۇ ئەخمەت، ئۇنى يوق چاغدا بار قىلىپ كۆرسەتكىلى، بار
چاغدا يوق قىلىپ كۆرسەتكىلىمۇ بولمايدۇ، مۇھەببەتسىزلىك
ئازابىدىن پۇچۇلانغان دەملىرىڭ ئۇنى ئىشپىرىستا ئوكۇل قى-
لىپ تومۇرۇڭغا ئۇرۇۋالغىلى، يا كومىلاچ دورا ئورنىدا يەۋېلىپ
قەلبىڭنى قوزغاتقىلى ھەم بولمايدۇ، قەلبىڭنى مۇھەببەت ئىس-
كەنجىسىگە ئالغاندا ئۇنى يۇيۇپمۇ، قىرىپمۇ، يونۇپمۇ چىقىرىۋې-
تەلمەيسەن... ئۆز تۇيغۇڭغا ئىشەن، شەكلەن نىكاھ، مۇھەببەت-
سىز ھاياتتا ھېچنېمىنىڭ لەززىتى يوق... يىگىت بولساڭ ئىمە-
كانىڭ قولۇڭدا چاغدا كۆڭلۈڭ چۈشكەن ئايال بىلەن توي قىل!
قىزلارنىڭ ئىپپىتى بىر تال سەرەڭگە مارجىنى! لېكىن ھالالدىن
نىكاھلىنىپ ئايال بولغان قىز بىلەن، ئىپپىتى بۇزۇلغان ئايال-
نىڭ ئوتتۇرىغا تەڭلىك بەلگىسى قويغىلى بولمايدۇ، چۈنكى قىز
ھامان بىر كۈنى خوتۇن بولىدۇ، ئۇ ئايال يەنە ھامان بىر كۈن
ئانا بولىدۇ. مۇھەببەت ھىماتىڭ بىلەن ئىككى مەزلۇمەنى ھەق
يولغا باشلا! «ئېرى تەرىپىدىن ئۇچى تېشىلگەن پايپاقتەك تاش-
لىۋېتىلگەن بىر مەزلۇمە بىلەن بىر نارەسىدە يېتىم قىزنىڭ
نالىسىگە زېمىنىنىڭ تۈۋرۈكى تىترەيدۇ» دەيدۇ، كۆڭلۈڭ بولسا،
ناۋادا ئۇنىڭمۇ ساڭا مەيلى بولسا شۇ سىڭىلەكنى ئەمرىڭگە ئال!
گۈلدەك تويۇڭنى قىلىپ قويغىلى مانا بىز بار.

ــ جېنىم ئاچا! ئالتۇن ئاچا! ــ ئەخمەتنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىدى، ــ سىزنى... سىزنى بىر قېتىم ئانا دېيىشىمگە رۇخسەت قىلىڭ!

ــ ئەخمەت، جېنىم ئوغلۇم!

# ئون ئۈچىنچى باب

ئۆزىنى «بەختسىز» دېگۈچىلەر، زىمىستان قىشىنىڭ كەي-
ىنىدىن ئىللىق باھارنىڭ كېلىشىگە ئىشەنمىگۈچىلەر... بۇ گەپ-
نى كىم دېدى، قايسى كىتابتىن ئوقۇدۇم ياكى مۇشۇ تاپنىڭ
ئىچىدە ئىچىمدىن توقۇپ چىقتىممۇ؟ ئايرىيالمىدىم. بەزىدە ئۆ-
زۈمگە - ئۆزۈم سۆزلەيمەن، بەزىدە شىۋىرلاپ، بەزىدە ئۈنسىز،
بەزىدە غايىبتىن كەلگەن ۋەھىيدەك قۇلىقىمغا بىرى سۆزلەيدۇ،
ئىلاھىي ئاۋازنى ئۆزۈملا ئاڭلىيالايمەن. تۇرۇپلا ئۆزۈمدىن گۇمان
قىلىپ قالىمەن، مەن قانداق ئايال؟ ئاقمۇ، قارا؟ بەلكىم ئاق-
تۇرمەن بەلكى قارا... ئىشقىلىپ بەندىگە مۇكەممەللىك تالىق
ئەمەس! ئىنسانلار يارالمىشىدا ياخشى - يامان دەپ ئەزەلدىن
ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلغانمۇ ئەمەس... ھايات ۋە تەقدىر مېنى
قىسمەت غەلۋىرىدە شۇ قەدەر تاسقىمىغان بولسا، مەن ھەقىقەتكە
مۇنچە يېقىنلىشالارمىدىم؟ توۋا، نېمانداق تاققا - تۇققا ئويلار
ئىچىدە تۈنجۇقۇپ قالىدىغاندىمەن؟... كاللامنىڭ سۇيى بارمىكىن
دېسەم تېخى - يە، مەن بىر ھەممىنى تەھلىل قىلىپ ئولتۇرى-
دىغان پەيلاسوپ بولمىسام... غوجامنىڭ قوللىرى قولۇمدا ئى-
دى، نەچچە مىنۇتنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ تىرنىقىنى ئېلىپ ئولتۇر-
غان، ئۇ چاغدا پۈتۈن زېھنىمنى ئۇنىڭ ئاشۇ تۈكلۈك بارماقلى-
رىغا يىغقاندەك قىلغان، ئاندىن كىچىككىنە ئىكەك بىلەن تىر-
ناقلىرىنى ئاغرىتماي، ئاۋايلاپ سىلىقلاپ قويغان... بوينۇمنى
سوزۇپ ياستۇقتىكى ئۆرە غوجامغا قارىدىم، بۇگۈن ئۇنى تاشقى
كېسەللەر بۆلۈمىگە يۆتكىگەننىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئىدى، تەبى-

ئىتى سوغۇق تابلىتكىلىق دورا ـ ئوكۇل غوجامنى خېلى ئەز ـ گەندەك قىلاتتى، ئىلاھىم! چالمىغا جان بەرگەن ئۆزۈڭ، ئۇنى پاناھىڭدا ساقلاپ قال... ماڭالمىسىمۇ، ئۆمۈرۋايەت ئۆرە بولال ـ مىسىمۇ كۆزلىرىنى ئوچۇق قىل، بالىلىرىمنى يېتىم قىلما!...

— غوجام...

بوشقىنا چاقىردىم، ئۇنۇم تىترەپ كەتتى.

غوجامنىڭ سۇ تولۇپ قالغان نېپىز قاپاقلىرى لىپىلدىدى، ئاندىن ئۇ كۆزلىرىنى مادارسىز ئېچىپ ماڭا كۈلۈمسىرىگەندەك قىلدى:

— سىلىگە ئىشىنىمەن... ئاللاھتىن قالسا سىلىگە، ئالتۇن خېنىم... ئۇلارغا دېسىلە، ئىچ ـ قارنىمنى يېرىپ ئەمدى مېنى ئاۋارە قىلىشمىسۇن.

— سەۋەب ئالىمى بۇ چىرايلىق غوجام، مېنى دېمىسىلىمۇ ئەرتېكىن بىلەن ئايتۇركىلىرىنى دېسىلە، بۇ دۇنيادىكى ۋەزىپىـ ـ مىز تېخى تۈگىمىدى، پەرزلەرنى ئادا قىلىپ بولالمىدۇق.

— ئۆلۈپ قېلىشىمغا چىدايمەنكى، سىلىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا چىدىغۇچىلىكىم يوق، — غوجامنىڭ ئاق يوتقان ئىچىـ ـ دىكى جۇدىگەن بەدىنى سىلكىنىپ كەتتى، — كىم مەن بىچارە ئۈچۈن ئىچ ـ باغرىنى يېرىپ، بۆرىكىنى يۇلۇپ بېرەر؟! ئۆزۈم ئۈچۈن باشقىلارنى جان ئازابىغا قويغۇم يوق، بۇ ئۆتۈپ كەتكەن شەخسىيەتچىلىك بولماسمۇ؟

— بىر قارىسا شۇنداقتەك، يەنە بىر قارىسا ئۇنداقمۇ ئەـ ـ مەس، چۈنكى پىروفېسسور بىر بۆرەك بىلەنمۇ ياشىغىلى بولىـ ـ دۇ، دەيدۇ، — مۇشۇ گەپنى غوجامغا دەۋاتقان بولساممۇ شۇ سۆزدىن ئۆزۈمگە تەسكىن ئىزدەيتتىم، ئىچىمدە مۇشۇ گەپنى قانچە قېتىملاپ تەكرارلاپ چىققىنىمنى بىلمەيتتىم، — ئامالى بولۇپ قالار، — يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى پىچاق بىلەن تىلغانـ ـ دەك ئېچىشىپ كەتتى، ئىسمائىلنىڭ يېنىپ تۇرغان قاراقلىرى

كۆز ئالدىمدا يۈلتۈزدەك چاقناپ تۇراتتى، ئۇنىڭ پۇلغا شۇ قە-
دەر ئېھتىياجى بارلىقىنى بىلىپ تۇرسامۇ، ئۇنىڭغا قايسى يول
بىلەن ياردەم قىلىشنى بىلەلمەي رەللە بولاتتىم. غەزىنىمىزنىڭ
ئاچقۇچى ئۆزۈمنىڭ قولىدا ئىدى، ئۇنىڭ سورىغىنىنىڭ قانچە
ھەسسىسىنى بېرىۋەتسەممۇ بەرىكىتى بار بىساتىمىز تۈگەپ
قالمايتتى، ئەمما ئىسمائىل ئۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ تىپىغا
كىرمەيتتى، ئەجىرسىز ساخاۋىتىمنى، «ياخشى كۆڭلۈم»نى
مېھنەتسىز قوبۇل قىلالمايتتى. قانداق قىلاي؟ — «غوجام، سى-
لىگە دەيدىغان بىر مەسلىھەتىم بار» دېسەم بولارمۇ؟ ئاخىرى
بىر قارارغا كېلىدىغاندەك تۇراتتىم، لېكىن كېلىش - كېلەل-
مەسلىككە يەنە ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيتتىم. ئىچىمنىڭ بىر
يەرلىرىدە غوجامنىڭ رەت قىلىشىنى، قوشۇلماسلىقىنى ئۈمىد
قىلاتتىمۇ، يەنە بىر يەرلىرىدە ماقۇل دەپ قوشۇلۇشىنى كۈتەت-
تىم... شۇڭا دەيمەنغۇ ئۆزۈمنى «سارالڭ» دەپ، مۇشۇنداق سارالڭ
قېتىش بولمىسام ئۆزۈمنى شۇ قەدەر قىيناپ، بىر - بىرىگە قا-
رىمۇقارشى كېڭەش قىلىپ ئاۋارە بولارمىدىم... ئىسمائىل...

ئىشىك تۇك - تۇك چېكىلدى، يۈرىكىمنىڭ رىتىمى بۇ-
زۇلدى، چۈنكى ئىشىكنى چەككەن ئۇ... ئۇ ئەزەلدىن ئىشىكنى
شۇنداق ۋەزىن بىلەن چېكەتتى، ئاشۇنداق چېكىشلىرى ھېچ-
كىمگە ئوخشىمايتتى، ھەتتا ھېچ بىر يېرى ھېچكىمگە... شۇڭا
ئۇ كۆزۈمگە ئوت بولۇپ چېلىقاتتى، يالقۇن بولۇپ كۆرۈنەتتى.
ئۇنى شۇنچىلىك مۇستەقىل، شۇنچىلىك ئۆزلۈكى بىلەن يېگانە
بىلەتتىم، ھېچكىم بىلەن ھېچنېمىگە سېھىرىي كۈچىنى تەڭ
قىلالمايتتىم... ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم، گېپىم كېسىلگەن
يېرىدە ئۈزۈك پېتى قالدى.

— خېلى ياخشىمۇ؟ — ئىسمائىل خوتۇنى ئۇلتۇرغان چاق-
لىق ھارۋىنى بىر قولى بىلەن ئايلاندۇرۇپ، كەينىچە تۇرۇپ ئى-
شىكنى ياپتى.

— كېلىنىڭ ھۆرىيەت خېنىم، خېلى ئوبدانمۇ؟ — ئىسما-ئىلغا قارىماسلىققا تىرىشىپ، ھۆرىيەتكە قوللىرىنى ئۇزاتتىم.
ئىچىمدە، نەچچە كۈننىڭ ياقى ئىز - دېرەكسىز يوقالغان ئىسمائىلغا خاپا بولۇپ تۇراتتىم، «سەن ياخشىمۇ؟ ھە، مەن ياخشى...» دەپ قويغىنىڭغا ئىككى چىشىڭ مىدىرلاپ قالارمىدى قاتتىق ئۆتۈك، دەپ قېيدايتتىم.
— يوقاپ كەتتىڭغۇ ئىنىم؟ — غوجام مادارسىز قوللىرىنى ئۇنىڭغا بەردى.
— سىزنى ۋاقتىدا يوقلىيالمىدىم، خىجىلمەن، — ئىسما-ئىل بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، — قانداقراق تۇرىسىز ھاجى-كا؟ چىرايىڭىز خېلىلا ئۆڭشىلىپ قالغاندەك.
— بەك تۈگىشىپ كەتتىم ئىسمائىل.
غوجامنىڭ چاناقلىرى يەنە ياشقا تولدى...
— ياشايدىغانغا رىزقىڭىز بار ئىكەن، تاغنىڭ ئاستىدىن پۈتۈن چىققان ئادەمسىز جۇمۇ، يوغان تاشلارمۇ ئېزەلمىگەن يەردە، ئاغرىق ئېزەلمەيدۇ ئاكا! — ئىسمائىل ئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى، — تەن بىر پارچە گۆش دەپتۇ، مۇھىمى روھ... نېمە سۇنسا سۇنسۇن، لېكىن روھىڭىزنى سۇندۇرماڭ! — ئىسمائىل ئالقىنىدىكى غوجامنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقتى.
— رەھمەت ئىنىم! — غوجامنىڭ بوز قارىچۇقلىرىغا نۇر تاردى.
— سىز بىلەن مەسلىھەت قىلىشىدىغان گېپىم بار، «ئۇ-سۇل تۈزدە ياخشى، گەپ يۈزدە» دەپ دەۋېرەي دېدىمغۇ.
— نېمە ئىش ئۇكام؟
ئىسمائىل قىيا بۇرۇلۇپ مەن تەرەپكە قاراپ مىيىقىدا كۈ-لۈپ قويدى.
— سودا بولغاندىكىن خوتۇن كىشىنىڭ ئارىلاشمىغىنى ياخشى، سىزگە بۆرىكىمنى بېرەيمىكىن دەيمەن، ئېنىقراق دې-

سەم، مەن هازىر پۇلغا بىرئاز ئېھتىياجلىق.
يۈرىكىمنىڭ تارىلىرىغا يەنە زەخمەك ئۇرۇلدى، هاياجىنىمـ-
نىڭ چىرايىمغا بالقىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، ئەتـەي هېچ ئىش
بولمىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىشقا زورۇقۇپ، مۈرىلىرىمنى بىد-
پەرۋا قىسىپ قويدۇم. لېكىن كۆزلىرىم هۆرىيەت خېنىمنىڭكى
بىلەن ئۇچراشقاندا سەل چۆچۈپ كەتتىم، ئۇنىڭ مەيۈس قارد-
چۇقلىرىدا بىر ئەلەم ئەلەڭلەپ تۇراتتى.
— بىلىسىز، — هۆرىيەت بىردىنلا سۆز قاتتى، — مەن
مۇشۇ هالدا، ئىسمائىل ئوقەت قىلالمايدۇ، داۋالىتىشقا پۇل كېر-
رەك، شۇڭا بىز شۇنداق قا... قارارغا كەلدۇق... — ئاۋۋال سو-
زۇلۇپ، ئاندىن ئۈزۈلۈپ چىققان ئەزگۈ تاۋۇش ئۇنىڭ يۈرىكىد-
نىڭ تېگىدىن ئەمەس، بوغۇزىنىڭ ئۇچىدىنلا چىقىۋاتقاندەك
قىلاتتى، شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر ئەزاسى
تۇيۇقسىز قاناپ كەتكەندەك، بۇرنىنىڭ ئۇچىدىن تەر تەپچىرەپ،
تاتارغان يۈزىدىكى سەپكۈنلىرى قېنىقلاپ كەتتى. قاتتىق قول
ئۇستازى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەتكەن سۇرىلەرنى يادلاۋېتىپ،
ئۇنتۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن بالىدەك پات - پات ئىسمائىلد-
نىڭ كۆزلىرىگە ئەيمىنىپ قارىدى، — بىزگە ياردەم قىلغىد-
نىڭلار بولسۇن، ياخشىلىقىڭلار يەردە قالمايدۇ.
غوجامنىڭ نەزەرى ئاۋۋال ئىسمائىلغا، ئاندىن ماڭا
يۆتكەلدى.
— ئەگەر سىلەرگە راستتىنلا پۇل كېرەك بولسا بۇنداق
قىلىشىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟
— ياق، — دېدى ئىسمائىل كەسكىنلىك بىلەن بېشىنى
چايقاپ، — ئېھسانىڭىزنى ئېلىشقا توغرا كەلمەيمىز، قەرزدار
تېخى بولغۇم يوق، ماقۇل دەڭ هاجىكا، ئەگەر كۆڭلىڭىزدە ماڭا
نىسبەتەن شەك بولمىسىلا مېنىڭكىنى ئېلىڭ!
... نېمىشقا بۇنچىلىك ئىچى قارا، باغرى قاتتىق خوتۇن-

دۇرمەن، ھەقىنىڭ كۆزى جامدەك ھاڭقىيىپ تۇرسا يەنە نېمىنى نېمىگە دۆڭگەيمەن؟ نېمىشقا قارىغۇنى تاردا قىستىغاندەك ئۇنى بۇنچىۋالا تەڭلىكتە قويۇپ، تۇزسىز خېمىرنىڭ پىلتىسىدەك سوزۇلۇپ، ئۇزۇلۇپ تۇرىدىغاندىمەن؟ «گۇمان ئىمانىنى يوق قىلىدۇ» دەپ، باشقىچە ئويلاشقا نېمە ھەققىم! تەڭلىك يامان... يوقسۇزلۇق ئاندىن...

— مەن قوشۇلىمەن! ئەمىسە باھا قويۇڭ ئىسمائىل! — دېدىم بىردىنلا قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، — لېكىن، سىزگە لازىم بولمىغان خەيرخاھلىق بىزگىمۇ لازىم ئەمەس، سودىمىز ئادىل بولسۇن!

— سىز بىلەن ئەمەس، ھاجىكام بىلەن دېيىشىۋاتىمەن ھاجى خېنىم، — ئۇنىڭ جاھىللىقى، قاتتىق ئۆتۈكلۈكى تۇم قارا كۆزلىرىگە بالقىپ چىقتى.

— ماقۇل، بىز ئىشىمىزنى قىلايلى، شۇنداقمۇ ھۆرىيەت خېنىم؟ كاتتا ئەركەكلەر باھادا كېلىشسۇن، — ھۆرىيەتنىڭ مۈرىسىگە ئىككى قولۇمنى قويۇپ، ئۇنىڭ ئورۇق مۈرىلىرىدىن بوشقىنا سىقىپ قويدۇم، ئىچىمدە قانداقتۇر بىر ھەسرەت، ياق! ئۇنىڭغىمۇ ئوخشىمىغۇدەك... ئەمىسە ئىچىمنى قېزىپ تىلغاۋاتقان، ئېچىشتۇرۇپ كۆيدۈرۈۋاتقان نېمىدۇ؟... ھۆرىيەت مەندىن، مەن ھۆرىيەتتىن مەدەت تىلەۋاتقاندەك بىر ـ بىرىمىزگە ئۇنسىز تىكىلىپ قېلىشتۇق. ئۇنىڭ لەۋلىرى ھېلىدىن ـ ھېلىغا كىدىك بالىنىڭكىدەك ئۇمچەيگەندە مېنىڭ چاناقلىرىمۇ لىققىدە ياشقا تولدى. ئويلىرىم ئۇنىڭغا نائېنىق، شۇ تاپ ئۇ نېمىنى ئويلىدىكىن؟ ئەۋلىيا بولغان بولسام بىلەر ئىدىم...

— مەن... مەن يا بىلمىسەم، 15 يىل بولدى، چوت سوقىغا ئارىلاشمىدىم، مېنى تەڭقىسلىقتا قويما ئىسمائىل ئىنىم، سورىغىنىڭنى بېرەي.

— 850 مىڭ بولسۇن!

— كەچۈرۈڭ ئىسمائىل ئاخۇن! — مەھەللەمچە ئاتاپ سالدىم ئۇنىڭ ئىسمىنى، — بىز مال سودىسى ئەمەس، جان سودىسى قىلىۋاتىمىز، سىزگە لازىم ئەمەس خەيرخاھلىق بىزگىمۇ لازىم ئەمەس!

— سىز بىلەن ئەمەس ئىرىڭىز — غوجىڭىز بىلەن دېيىشىۋاتىمەن ئالتۇن خېنىم، — ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ سالدى ئىسمائىلمۇ بوش كەلمەي. ئۇنىڭ ئىنكاسىنىڭ شۇ قەدەر ئىتتىكلىكىگە ئەقلىم يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدى، ئۇنىڭ چىرايىدا قەتئىيلىككە مايىل، كۈچلۈك جاھىللىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

غوجام چىش يېرىپ يا ئۇ، يا بۇ دېمىدى.

— مەن بىر ئېغىز گەپ قىلسام بولامدۇ ئىسمائىل؟

ھۆرىيەت خېنىم ئوڭايسىز ھالەتنى ئوڭشاشقا ئالدىرىغاندەك جىددىيلىشىپ قېلىۋاتاتتى.

— ئەڭ ياخشىسى سەن جىم تۇر، — قولىنى بوشقىنا شىلتىدى ئۇ خوتۇنىغا.

— ئۆتۈنەي ئىسمائىل، ھېچكىمنىڭ يامان نىيىتى يوققۇ، جاھىللىق قىلمايلى... نېمە پايدىسى؟

تالىشىپ قالدۇق... نېمىنى تالىشىۋاتقىنىمىز ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىگە كۈندۈزدەك ئايدىڭ ئىدى، ئۇنچىۋالا ئېنىق ئەمەس دېگەندىمۇ ئىسمائىل بىلەن ئىككىمىزنىڭ كۆڭلىگە... ئەرزان ئالىمەن، قىممەت ساتىمەن دەپ قىرغىنچىلىق، تالاپەت، جەڭگى - جېدەلگە تولغان قايناق بازارغا لەنەت. مەن جىق بەرسەم، سەن ئاز بەردىڭ دەپ تالاپ - تارتىشىۋاتقان مېھرىسىز ھاياتقا ئىسىت!...

— تالىشىپ قالدۇق، غوجامنىڭ ئەھۋالى شۇ ھالدا، بىر قېتىم ئارىلاشقىنىمغا جاھان ئۆڭتۈرۈلۈپمۇ كەتمەس ئىسمائىل، ئەركىن بازاردىكى باھا بويىچە بېكىتەيلى ئەمىسە... بىر

مىليون! بۇ باھاغا ئىشەنمىسىڭىز پىروفېسسوردىن سوراڭ، — ئاۋازىم بىردىنلا پەسلەپ كەتتى.

— ماقۇل، — ئىسمائىلمۇ كۆزۈمگە تىك قارىماستىن بېر-شىنى توختىماي لىڭشىتتى، — ئەمدى تالاشقۇدەك يېرىمۇ قال-مىدى، تالاشقاننىڭ پايدىسى يوق! بەربىر...

غوجام خىتىلداپ يىغلىۋەتتى، ئۇنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى تالاش - تارتىشنى چۈشەنگۈچىلىكى بار ئىدى ئەلۋەتتە.

— ھەممىڭلارنى بىسەرەمجان قىلدىم... مەندىن يانمىسا ئىگەمدىن يانار، لېكىن توكۇر ئاتنى دەپ دۇلدۇلنىڭ قانىتىنى سۇندۇرغاننىڭ نېمە پايدىسى...

— بۇنداق دېمە ھاجىكا، بىرىمىز ئارغىماق، بىرىمىز دۇل-دۇل بولۇپ ياشايمىز تېخى، — ئىسمائىل ئۇن چىقىرىپ، دو-لىسىنى قېقىپ كۈلدى. «توۋا، ما قاتتىق ئۆتۈكنى» دەپ ئويلاپ قالدىم ئىچىمدە، — ماقۇل، گېپىمىز گەپ، بېكىتتۇق ئەمىسە، بىر مىليون! مالال قىلدۇق، ئارام ئېلىشسىلا... يۇر خوتۇن، سودا پۈتتى... ئۆۋىمىزغا كىرىپ كېتەيلى بىزمۇ، — ئىسمائىل قويۇق قەھۋە ئىچكەندەك بىردىنلا روھلىنىپ كەتكەندى، — ئەمدى سېنى داۋالىتىدىغان پۇلدىنمۇ غەم قىلمايدىغان بولدۇق، — ئۇ خوتۇنىنىڭ هارۋىسىنى ئىتتىرىپ، ئىشىككە قاراپ ماڭغاچ يەنە كەينىگە بۇرۇلدى، — رەھمەت ھاجىكا، ھەركىمدىن ئالسا-ڭىز ئالار ئىدىڭىز، لېكىن بۇ پۇرسەتنى ماڭا بەرگىنىڭىزگە رەھمەت!

ئۇلارنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىقتىم، ئۇ چاقچۇق كارد-ىوردا خوتۇنىنىڭ ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ كېتىۋېتىپ كەينىگە لاپپىدە ئۆرۈلدى، ئاندىن بىر كۆزىنى بوشقىنا قىسىپ، ئېغىزد-نى قىيسايتىپ كۈلۈپ قويدى... ھۆرىيەت خېنىم قاتتىق ئۆتۈك ئېرىنىڭ ماڭا شۇ قەدەر يېقىنچىلىق بىلەن ئىشارە قىلىپ، كۆز قىسىپ قويۇشلىرىنى كۆرۈپ قالغان بولسا يۈرىكى قانچىلىك

ئاغرار ئىدى... شۈكۈر خۇدا!... زىنىخلىرىمغا تاتلىق بىر كۈلكە ياماشقىنىنى يۈزلىرىمنىڭ ئوت ئېلىشىدىن بىلدىم...

* * *

مەن ئۇنىڭ، ئۇ مېنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ مەخپىيىتىمىز بولۇپ قېلىشتۇق.

ئەمەلىيەتتە ئىشەندۇرمەك قىيىن بولغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ... لېكىن، ئىسمائىل بىلەن ئوتتۇرىمىزدىكى كەچمىشلەرگە ئىشىنىدىغانلار ناھايىتى ئاز. بەلكى ھېچكىمنىڭ ئىشەنمىگىنى ياخشى... پەقەت ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىزلا ئىشىنەتتۇق... ۋەقەلەرگە باغلانغان كەچمىشلەرنى خەدىچەنىڭ يىپقا تىزغان چار مېغىزىدەك قاتىرىسىغا بايان قىلغىلى بولغان بىلەن، تۇيغۇغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنى ئىپادە قىلىش ئاجايىپ تەس، ئاجايىپ قىيىن بولىدىكەن... ئۇ ھەققىدە ئويلايدىغىنىم قانچىلىك شېرىن، قانچىلىك گۈزەل بولسا، يەنە شۇنچىلىك ئازابلىق ۋە ھەسرەتلىك ئىدى. ئۇنى كۆرگىنىمگە، ئۇنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى مەۋجۇتلۇقىنى بىلگىنىمگە 200 كۈندىن ئاشتى، پۈتۈن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمنىڭ مەقسىتى، دەرد ـ ھەسرىتىمنىڭ مەزمۇنى پەقەت ئۇ بولۇپ قالدى... ئۆمرۈمدە ئاشۇنداق بىر ئەرگە غايىبانە زارىقىپ ياشىدىم، چۈشلىرىمدە بولسىمۇ شۇنداق بىر ئەرنىڭ بىر كۈنلۈك ھالال خوتۇنى بولۇپ بېقىشنى ئارمانلىق چۈشەكىدىم. پۇلىمىز، مېلىمىز، بىساتىمىز، داڭقىمىز بولسا دېمىدىم، پەقەت خام كېسەكتىن ئىككى ئېغىز پاناھلانغۇدەك كاللەك تام ئۆيىمىز بولسىمۇ، ئەسكى تۆشەكىمىزدە ئېغىناپ ياتساقمۇ، پاسار قالاپ، مەدەك چوغىدا كۆكباش پىشۇرۇپ يېسەكمۇ، ئېرىم ئەردەك، مەن خوتۇندەك ياشىساق، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلالىسام، ئۆزۈمنى ئۇنىڭ غوجىسى ئەمەس،

ئۇنىڭ بىر تال يېتىم قوۋۇرغىسى ھېس قىلالىسام، ئۇ ئىشىك-تىن كىرگۈچە كۆزلىرىم يولىغا تەلمۈرسە، ئۇ قولۇمدىن تۇت-قاندا يۈرەكلىرىم جىغ قىلسا، كۆزلىرىمگە باققاندا قەلبىم كۆيسە، دېدىم... بەلكىم مەن يارالمىشىمدا ئىچىمگە مۇشۇنداق بىر ئارمان، تۈيغۇ قاچىلانغان «ساراڭ قېتىش» ئايال بولۇشۇم مۇم-كىن... مەن قايتىدىن تۇغۇلالمايمەن، ناۋادا شۇنداق بولسا ئىدى، كىملەر كىم ئۈچۈن تەقدىر ـ بەختىمنى دوغا تىكىپ قە-سەم ئىچكەن بولسۇن، جېنىمنى ئالىقىنىمغا ئېلىپ قويۇپ ئۇ-نىڭ خوتۇنى بولۇشنى تاللار ئىدىم... لېكىن، ئۇ چاغدا مەن مۇشۇ دۇنيادا ئۇنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئەسلا بىلمەيتتىم... يەنە نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم؟ ئويلىماي دەيمەنۇ، ئويلار ئىد-چىمدە قوزغىلىپ سەلدەك يامراپ تۇرىدۇ... دىققىتىمنى يىغسام، ياق ئۇنى پارچىلىسام بولاتتى، قايسىسى توغرا؟ يىغسام ئۇنىڭ-غىلا يىغارمەن، ئەڭ ياخشىسى پارچىلاي...

غوجامنىڭ پۈتۈن بەدەن تەكشۈرۈتۈشى ئاخىرلاشاي دېدى، دېمەك بۇ مېنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ قەدىرلىك بولۇشقا لايىق ئاد-مىمنىڭ بەدىنىگە، ئەڭ قەدىرلىك بولۇۋاتقان ئادىمىمنىڭ ئىچ ـ قارنىنى يېرىپ، تىرىك ئەزاسىنى يۇلۇپ بۆرەك كۆچۈرۈش ئو-پېراتسىيەسى قىلىشقا ئاز قالغىنىدىن دېرەك بېرەتتى... ئىد-چىمدە بىر دەريانىڭ غېمى قايناپتتى، باغرىمدا بىر تونۇرنىڭ ئوتى گۈرۈلدەيتتى، ئەندىشە قىلاتتىم، بىرى ئېرىم — ئىككى بالامنىڭ دادىسى، بىرى مەن ئاشىق بولغان ئەر، ھەر ئىككىلد-سىدىن ئەنسىرەيتتىم، ئەنسىرەشلىرىم ئارىلىشىپ كېتەتتى... ئەمما، ئۇ ئىككىسىنى مۇتلەق ئارىلاشتۇرغىلى بولمايتتى، بىر ـ بىرىدىن مەنلىك تالىشاتتى، ئۇستۇنلۇك تالىشىپ تالاشلىرىم-نى غوۋغاغا سالاتتى، لېكىن يېڭىش ـ يېڭىلىشلەرنى زىنھار ئايرىۋالالمايتتىم... كىمدىن بەكرەك ئەنسىرىشىمنى قارار قىلالمايتتىم... پۇل بىر ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى، ئۇ نۇرغۇن

نەرسىلەرنى ئالماشتۇرۇپ يەر جاھاننى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكىلى تاس قالدۇ، بىراق نېمىنى نېمىگە ئالماشتۇرسۇن، ئالماشقان نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى دەڭسەشنى بىلگۈچىلىكىم يوق ئەمەس ئىدى... ئىسمائىل بىلەن شۇنچىلىكلا پاراڭلاشتۇق. لېكىن بىر تامچە سۇدىن قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ھەقىقەتكە شاھىت تەلەپ قىلىشنىڭ ئۆزى بىر كۈلكىلىك ئىش... بىز بىر - بىرىمىزنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ئاخىرى تىڭشىيالىدۇق! مۇشۇنىڭ ئۆزىلا مەن ئۈچۈن كۇپايە ئىدى... ئېرىشىش شەكىللەشسە بەلكىم ئاجايىپ گۈزەل بولار، ئەمما «سەن بىر - بىرىڭگە ئېرىشمىدىڭ» دەپ بىزنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايتتى، ئۇنداق دېگۈچىلەر مۇھەببەتنى روھتىن ئايرىپ قوياتتى، ئەمەلىيەتتە ئېرىشكەنلەرنىڭ بېشىدىنمۇ ئالتۇن چېچەكلەپ چىقمىدى... نېمىگە ئېرىشتى؟! مانا بۇ مېنىڭ ساراڭلىقىمنىڭ بىرىنچى دەلىلى ئىدى، ئۆزۈمگە مۇشۇنداق تەسكىن بېرىپ، قەلبىمنى مۇشۇنداق ئاۋۇندۇرۇپ تۇرمىسام، تۇيغۇلىرىم ئۇداردىن چىقىپ كەتكەن كەبى، قەدەملىرىممۇ يولىدىن چىقىپ كەتسە، ئۈمۈر پاراۋۇزۇم رېلىستىن چىقىپ، سۆرەپ ماڭغان ۋاگونلىرىم پاچاقلىنىپ كەتسە...ئىللا - ھىم ماڭا ئىنساب بەر! سەۋر - قانائەت، چىدام بەر! خوتۇنى تەرىپىدىن ئىزنىتى پايخان بولغان ئەرنىڭ يۈرىكى ئۆلىدۇ! ئانىسى بۇزۇلغان بالا سۇپۇرۇندىدىن ئۆتە خار - زەبۇن... ھېچكىمنىڭ ھېچقانداق گۇناھى يوق! گۇناھسىزلارنى پايخان قىلىشقا قىلچىلىك ھەققىم... خىياللىرىمنىڭ ۋەزنىدىن تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى...

— يىلنىڭ كېيىنىپسەن پەرىشتە ئايال، سوغۇق ئۆتكۈزۈۋالما.

خىياللىرىم شەمشەر بىلەن كەسكەن مەشۇت يىپتەك ئۈزۈلدى.

ــ ئاسماندىن چۈشكىنىڭنى بىلمەي قاپتىمەن خىزىرىم!
ــ گەپلەر ئېغىزىڭغا شۇنداق كېلىدۇ ـ ھە سېنىڭ؟ ــ ئىسمائىل ئايىغىدىكى كىچىككىنە شېغىلنى يۇمشاق چەملىك بوغۇچلۇق ئايىغىنىڭ ئۇچى بىلەن مىجىپ قويدى، ــ ئاناڭ نېمىدە ئېغىزلاندۇرغان سېنى؟
ــ ھازازۇل دېمەكچىمۇ سەن مېنى؟
ــ بىرئاز ئۇششۇق، لېكىن ئۆزۈڭگە شۇنداق ياراشقان. ئايلىنىۋاتقانمىدىڭ؟
ــ بىردەمدە باھار كەپتۇ تۇيماي قاپتۇق، بۇ يەردە چېچەك-لەر ئاز ئىكەن.
پارلاپ تۇرغان قۇياشقا تىك قارىيالمىغاندەك، قارىچۇقلىد-رىم چېقىلىپ، ئۇنىڭدىن كۆزلىرىمنى ئېلىپ قاچتىم.
ــ گۈلگە ئامراقمىدىڭ؟ مەنمۇ شۇ، مەھەللەمدە بىر ئېتىز پارنىك گۈللۈكۈم بار، قوشنىلارغا قارىتىپ قويغان، ھەممىسى سورتلۇق گۈللەر دېگىنە، ــ ئىسمائىل مىيىقىدا كۈلدى.
ــ سەن باققان گۈللەر تۇرسا، يىلتىزى چوڭقۇر، قۇۋۋىتى بار... ماڭا بىر تال بېرەمسەن؟
ــ ئالساڭ تۇپرىقى بىلەن ئال، گۈللەر بەرگىسىدە تۇرسا چىرايلىق، ئۈزۈلگەن گۈللەرنى كۆرسەم يۈرىكىم ئېچىشىدۇ.
ــ باغرىڭ شۇنداق يۇمشاقمىدى؟
ــ تېشىم قاتتىق بولغىنى بىلەن كۆڭلۈم يۇمشاق.
ــ خوتۇنۇڭمۇ شۇنداق دېگەن.
ــ تولا خۇپسەنلىك قىلما، ئۇ دەپ بەرمىسە ئۆزۈڭ ھېس قىلالمامتىڭ؟
دوختۇرخانىنىڭ ياۋا چېچەكلەر تۈكۈلۈپ تۇرغان چىغىر يولىدا پەلتويۇمنىڭ يانچۇقىغا قولۇمنى سېلىپ كېلىۋاتاتتىم، ئىسمائىل مەن بىلەن ئارىلىق تاشلاپ يانمۇيان مېڭىپ كېلىۋا-تاتتى. ئۇنىڭدىن ئاچچىق تاماكىنىڭ پۇراقلىرى سۈس ئۇرۇلات-

تى، باهار قۇشلىرى ۋىچىرلاپ سايرىغان سەھەردە، مەغرىبتە قۇياش پارلاپ تۇراتتى.
— ھەر كۈنى مۇشۇنداق چىنىقىپ تۇرامسەن؟
— ئارتۇق گۆشلەر بىلەن خۇشۇم يوق، بۇرۇندىن چېنىقىشقا ئامراق، پۇرسەت بولسىلا ئاز - پاز ھەرىكەت قىلىمەن شۇ، — ئىسمائىلنىڭ قەدەملىرى ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. قىيپاش بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇ زەن قويۇپ قۇشلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتقاندەك قىلاتتى، — بۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇمۇچۇق بىلەن بوزتورغايمۇ بار ئىكەن.
— سەن تۇمۇچۇققا ئامراقمۇ؟
— چىرايلىق سايرايدۇ.
— بىز تەرەپتە چىرايلىقنى تۇمۇچۇققا ئوخشىتىمىز.
— ئەمىسە سەن تۇمۇچۇق بول!
يۈزلىرىم لاپ قىلىپ ئوت ئالدى.
— گۈزەللىك كۆزنى مەپتۇن قىلىدۇ، خاراكتېر روھنى...
— مۇرەككەپ گەپلىرىڭنى تازا چۈشەنمەيدىكەنمەن... مەن ئاددىي ئادەم.
— چۈشەنمەس بولۇۋالما، — مىيىقىمدا كۈلۈپ قويدۇم مەنمۇ، — سەن ئۇ قۇشلارنىڭ ئاۋازىنى قانداق پەرقلەندۈردۈڭ؟
— مەن قۇشلارغا ئامراق.
— ئۆيۈڭدە قۇش باقامسەن؟
— ياق.
— نېمىشقا؟
— ئۇلارنى قەپەسكە سولىغۇم يوق... نېمە ھەققىم؟ — ئىسمائىل خورسىنىپ قويدى، — يەتتە ياش ۋاقتىمدا تاغام «ساۋۇر» دەيدىغان بىر قۇشنى سىم قەپەسكە سولاپ بەرگەن، ئۇ قۇشنى شۇنداق ياخشى كۆرەتتىم، لېكىن ئۇنى قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئۆزۈم قويۇۋېتىم... ئارقىدىن يۈرىكىم ئېچىـ

شىپ، ئۈچ كۈن دوم يېتىپ يىغلىدىم.
— ئامراقلىرىڭدىن كېچەلەيدىكەنسەن؟
ئاۋازىم شامالدەك مەيىن ئىدى، تاۋۇشلىرىمنى ئۆزۈملا ئاڭلاۋاتقاندەك سېزەتتىم.
— كېچىش شۇنچىلىك تەس، كەچمەي ئامال يوق... بىر ھېساپتا كەچتىممۇ دېيەلمەيمەن، چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئەمەس، تەبىئەتنىڭ قۇشى تۇرسا... مەيلى ئالەمنىڭ قايسى چېتىدە بولسۇن، ئۇنىڭ شادىمان سايراپ يۈرگەنلىكىنى ھېس قىلسام ھېساپ...
ئۇنىڭ گەپلىرىگە مەھلىيا بولۇپ، پاراڭلاشقانچە باغلىنىپ قېلىۋاتاتتىم. ھەر نەپەسلىرى كۆيۈۋاتقان ئوتلىرىمغا تۇتۇرۇق بولۇپ تاشلانغاندا گۇرۇلدەپ كۆيەتتىم، ياناتتىم، كۆرمىسەم تېخى ئازابلىناتتىم، كۆرسەم ئاندىن... كىم ئۇنى «ساۋاتسىز، تومپاي، قاتتىق ئۆتۈك» دېسە، ئۇنىڭدىن ئۆتە ئۆزى شۇ، شۇنداق دەپ ئۆزۈمنى ئەيىبلەيتتىم، تۇيغۇلارنى سۇغا چىلانغان پۈرچاق ئۇرۇقىدەك بىخلاندۇرۇپ يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ، گەپنى ئوقۇپ — توقۇپ دېگۈچىلەرنىڭ ھەقىقىتىدىن گۇمان قىلاتتىم. ئۇنىڭ دېگەنلىرى مېنىڭ ئىچىمدىن، مېنىڭ دېگەنلىرىم ئۇنىڭ ئىچىدىن چىقىۋاتقاندەك بىرىكىپ، ئارىلىشىپ، قوشۇلۇپ كېتەتتى... شۇ قوشۇلۇشتىن ئىككىمىزنىڭ ئەسلىدىلا بىر پۈتۈنلۈك بولۇپ، تەقدىرنىڭ پالتىسى بىلەن ئىككىگە پارچىلىنىپ كەتكىنىمىزنى ھېس قىلاتتىم.
— ئىسمائىل، — دېدىم مەن ئاستا شىۋىرلاپ، — قارارىڭنى ئۆزگەرتىشكە تېخى كېچىكمەيتتىڭ.
— مېنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭ؟ ھالاللىق ئىزدەپ ياشىدىم، لەۋزىمنى ھارام قىلما!
— لېكىن...
— شېكەرىمگە تۇز قۇيماي تۇر... بۇ ھەقتە پاراڭلاشقۇم يوق!

*    *    *

مەن كۈتمىگەن، ئەمما تەقدىرنىڭ يېزىلمىشىدا پۈتۈلگەن دەقىقىلەر ئاخىرى يېتىپ كەلدى. ناۋادا مەن ياشاۋاتقان مۇشۇ تىرىكلىك ئالىمىدە مەۋجۇدىيەت مۇشۇنداق كەچمىشلەرگە باغلىنىپ شەكىللەشكەن دېيىلسە، ئۇنىڭ ھەقىقىتىدىن گۇمان قىلىدىغان ئادەم دەل ئۆزۈم بولۇپ قالار ئىدىم، لېكىن كۆز ئالدىمدا — ئوچۇق كۆزلىرىمنىڭ كۆرۈش مەركىزىدە يۈز بېرىۋاتقان ئەمەلىيەتكە تەن بەرمەي ئامالىم يوق.

ئاق ئەدىيال يېپىلغان چاقلىق ئورۇندۇق كارىدوردا يورغىلاپ ماڭغاندا، يۈرىكىمنىڭ قىل قان تومۇرلىرى تاراسلاپ ئۈزۈلدى...

دېزىنفېكسىيەدىن چىققان غوجامنىڭ كۆزلىرى خىرە يۇمۇلغان، ئاق ناۋاتتەك سوزۇلۇپ ياتاتتى.

— غوجام، ئاللاھقا ئامانەت قىلدىم سىلىنى.

— مەندىن رازى بولسىلا، ئالتۇن خېنىم...

غوجام كۆزىنى ئاچمىدى، جىيەكلىرىدىن تۆكۈلگەن ئىككى تامچە يېشى سىرغىپ ئاق ئەدىيالغا سىڭىپ كەتتى.

— ئىسمائىل، — دېدىم ئۇنىڭ كارىۋىتىغا يۈگۈرۈپ، لەۋلىرىم تىترەپ كەتتى، يۈرىكىمنىڭ تىترىشى ئاندىن بەتتەر ئىدى، سېنىمۇ ئاللاھقا ئامانەت.

— رەھمەت، خاتىرجەم بول!

كارىۋاتلار ئۆلۈم پۇراپ تۇرغان ئوپېراتسىيە ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ كەتكەندە كۆكرەكلىرىم چىڭقىلىپ، كۆك كەپتەردەك بۇقۇلداپ، ھۆرىيەتنىڭ ھارۋىسى ئالدىغا يۈكۈلدۈم.

— يىغلىماڭ لەيلى، ئاخىرى ئۇ دېگىنىنى قىلدى، — دېدى ھۆرىيەت مۇرەمگە يۈمشاق پەپىلەپ، — ئۇنىڭ خوتۇنى بولالى-

غىنىمدىن پەخىرلىنىمەن!
— بەختلىك ئايالسىز... بەك بەختلىك...، — ئۇنىڭ ئۇ-رۇق قوللىرىنى تۇتۇپ يۈزلىرىمگە ياقتىم، ھۆرىيەت قەمرۇت ياغلىقىم تېشىدىن بېشىمغا يۈزلىرىنى ياقتى.
— بەك خۇش پۇراق پۇرايسىز لەيلى... ئۇ سىزنى «پەرىشتە ئايال» دەيدۇ... سىلەرگە ھەۋەسىم كېلىدۇ، — ئۇنىڭ ھەسەتتىن خالىي تىنىقلىرىدىن بىر نامەلۇم جۇدالىق پۇراپ تۇرغاندەك سېزىلىپ كەتتى.
— بىز سىلەرگە جان قەرز بولدۇق...
مىشىلداپ يىغلاۋاتاتتىم، ياشلىرىم باھار يامغۇرىدەك تۆ-كۈلۈۋاتاتتى.
— ئىسمائىل: دوستلۇقتا مەجبۇرىيەت بولىدۇ، ئەمما قەرز بولمايدۇ، دەيدۇ، سىز نېمىشقا بۇنداق ئويلايدىغانسىز لەيـ-لى؟ ئۇ ئۆزى توغرا دېگەننى ھامان قىلىدىغان ئادەم، شۇنىڭدىن راھەت تاپىدۇ... بىر ئەر ئۈچۈن ئۆزىنىڭ نىكاھىدىكى ئايالىنىڭ سەمىمىي تىلەكلىرى ئەڭ بۈيۈك ئىجابەت بولىدۇ دەيدۇ، ئۇ يەنە يىغىنىڭ قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيدۇ دەيدۇ، يىغلىماڭ! ھەر ئىككىلىمىز ئەرلىرىمىز ئۈچۈن ياخشىلىق تىلەيلى.
... ھەر ئىككىلىمىز ئەرلىرىمىز ئۈچۈن دېگىن! ماقۇل، ئۆز ئەرلىرىمىز ئۈچۈن... لېكىن، سۆيۈملۈك ھۆرىيەت، شۇ تاپ سېنىڭ ئېرىڭ ئۈچۈن يۈرىكىمنىڭ قانچىلىك يىغلاۋاتقىنىنى بىلسەڭ ئىدىڭ... ئىلاھىم ھېچنېمىنى بىلمەي قالغىن... سېـ-نىڭ ھالال رىزقىڭغا كۆز ئالايتسام، قارىچۇقلىرىم چاناقلىرىمـ-دىن ئېقىپ چۈشمەسمۇ؟!... ئەمما، ئېرىڭنى سۆيۈپ قالغىنىم گۇناھمۇ؟! ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەت، تۇيغۇ بىلەن رېئاللىق ئۆتكىلىدە ئۆزۈمنى يېڭىش ئۈچۈن شۇنچىلىك قىرغىنچىلىقتا ئۇچرىغىنىم ئاقلىقىمنى جۇلالىتىپ، قارىلىقىمنى يۇيماسمۇ؟ پەرىشتە دەيسەن، لېكىن ئۇ نۇردىن يارالغان، مەن لايدىن... پە-

رىشتە بولۇش ئۇچۇن ئادەملىكىم دەھشەتلىك ئىوتتا گۆرۈلىدەپ كۆيۈپ، نۇرغا ئايلانغۇچە قانچىلىك كۆيىدىغىنىمنى، قاچانغىچە كۆيىدىغىنىمنى ھېچكىم بىلمەيدۇ...

تىت ـ تىتلىق جېنىمىزغا پېتىپ، تاقەتلەر سەۋرلەردىن تاشقاندا ئوپېراتسىيە ئۆيىنىڭ قوش قاناتلىق پولات ئىشىكى تا ـ راقلاپ ئېچىلدى.

— ئوڭۇشلۇق بولدى، — دېدى دوختۇر سۇس كۈلۈمسى ـ رەپ، — خاتىرجەم بولساڭلار بولىدۇ.

ئوپېراتسىيە ئۆيىدىن ھەر ئىككىيلەننىڭ يۈزلىرى شىشى ـ دەك ئاقىرىپ، كۆزلىرى يۇمۇلغان ھالدا چىقتى، ئىككى كارىۋات ئارىسىدا قانىتى بوغۇلغان كەپتەردەك پالاقشىپ يۈگۈرۈپ كەتتىم.

# ئون تۆتىنچى باب

ئارىدىن بىر جۇمە ئۆتۇپ كەتتى. چېچەكلەر تۆكۈلۈپ، ياپ-راقلار كۆكىرىشكە باشلىغانىدى.

غوجامنىڭ ناۋات رەڭ يۈزلىرىگە قىزىللىق تەپكەن، سۇ تو-لۇپ تۇرغان قاپاقلىرى جىمىپ، قارا مەڭلىرى قايتىدىن جۇلالاشقا باشلىغانىدى.

ئىسمائىل ياندىكى ياتاقتا ئىدى. ئەخمەت يۈرتتىن ئەكەل-دۈرگەن باچكا بىلەن قارا سۆگەكلىك توخۇ گۆشىنى توڭلاتقۇدا ساقلاپ، ئادەمگىياھ يىلتىزى بىلەن ئىدىتلاپ شورپا قىلىپ، ئۆز قولۇم بىلەن ئۇلارغا ئىچۈرۈپ قوياتتىم، ئاۋۋال ئىبرىمگە ئىچۈرۈشكە توغرا كېلەتتى، ئىككى قوشۇق ئىچۈرگىچە دىققى-تىم چېچىلىپ، قولۇمدىكى قوشۇق تىترەپ، شورپىلار تۆكۈلۈپ كېتەتتى.

— چارچاپسىز... چارچاپ... سەن... خوتۇ.. ن ... سالامەت-خان ئىچىرسۇن، ئىسمائىل ئىنىمنىڭ شورپىسى سوۋۇپ قال-مىسۇن، بارغىن...

غوجامدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرگە دەسلەپ داڭ قېتىپ قالغان ئىدىم، ئۇنىڭ كۆزىنى ئېچىپ تۇنجى قىلغان گېپىنى ئويلىسام ھەيران بولاتتىم، ھەيرانلىقىم ھازىرغىچە بېسىلمايتتى.

— «نېمە قىلار ئىدىڭ ئۆزۈڭنى قىيناپ...»

— مانا بۇ ئۇنىڭ كۆزىنى ئېچىپ ماڭا قىلغان بىرىنچى ئېغىز سۆزى ئىدى...

— غوجام! بۇ مەن... مەن لەيلى... سىلىنىڭ ئالتۇن

خېنىملىرى.

غوجامنىڭ مىيىقىدا سۇس كۈلكە پەيدا بولۇپ، تېزلا يو-قالغاندى...

— چۆچۈپ كەتتىڭىزمۇ؟ ئىچىمدە بىرنېمە قۇتراپلا تۇرى-دۇ، جىن كىرىۋالغاندەك مېنى سۆزلىتىپ... مېنىڭ سىزنى سەنلىگۈم كېلىۋاتىدۇ خېنىم...

— توۋا! نېمە دەيدىغانلا؟ — ئۇنى جۆيلۈۋاتامدىكىن دەپ ئويلاپ، قولۇمنى پېشانىسىگە قويدۇم.

— نېمانچە قىلارمەنەي، سەندىن بۇنچە ئەيمىنىپ، ئۆزۈم-نىڭ خوتۇنى تۇرساڭ.

— غوجام سىلى ساقمۇ؟ دوختۇر چاقىرايمۇ؟

— قورقماڭ، قورقۇپ ياشىدىڭىز، ئەمدى ئۇنداق بولماي-دۇ... بەك ئۇزاق ئۇخلىدىممۇ؟ كىم مېنى ئويغىتىۋەتكەن؟

قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي، غوجامنى كۆزى ئوچۇق جۆيلۈۋا-تىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم، جۆيلۈش دېگەن قىزىشتىن بولىدۇ، قىزىش — ياللۇغلىنىشتىن... ئادەم بەزىدە كۆزى ئوچۇق تو-رۇپمۇ جۆيلۈيدىغان گەپ، كېچىسى بولمىسا كۈندۈزى جۆي-لۈش... ياق... سەل قارىسام بولمايدۇ...

دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىغا يۈگۈردۈم.

— ئېرىم قاتتىق جۆيلۈپ كەتتى.

— قانداقسىگە؟

دوختۇر ئاسقۇدىكى پىلاندىسكوپنى مەيدىسىگە ئېسىپ، ما-ڭا ئەگەشتى.

— بىلمىدىم، تاققا - تۇققا سۆزلەۋاتىدۇ، قارىسام كۆزى ئوچۇق.

دوختۇر غوجامنى تېزلا تەكشۈرۈپ، چىرايىدا خاتىرجەملىك پارلىدى.

— ناھايىتى نورمال، ئېرىڭىزدە قىزىش ئالامەتلىرى يوق،

جۆيلۇمىگەن... بۇ ئەزا كۆچۈرۈشتىن كېلىپ چىققان يىغىندى ئالامەت.

— قانداق ئالامەت؟ يىغىندى ئالامەت دەمسىز؟ نېمە گەپ بۇ؟

— سىزگە بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن چۈشەندۈرەلمەيمەن خانىم، چۈنكى، بۇ دېگەن مېدىتسىنا ئىلمى، ئادەم ئورگانىزمى مۇرەككەپ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۆرەك مۇھىم بىر ئەزا، ئۇنىڭ ماددىي جەھەتتىكى شەكلى، قۇرۇلمىسى، تەركىبىي قىسمىنى تەجرىبە قىلىپ، ھۈجەيرىلەرنى ئېنىقلاپ چىققىلى بولغان بىلەن، ئەمما ھاياتىي كۈچى ۋە سىر، بىز بىلمەيدىغان نۇرغۇن سېھىرلىك ئالامەتلىرىگە مەن ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، گەرچە مەن ياپونىيەدە ئوقۇغان دوكتور ئاشتى بولسامۇ، ئەۋلىيا ئەمەس ـ تە، بىزدە بۇ جەھەتتە تالاش ـ تارتىش كۆپ، ئادەم بەدىنىدە يات ماددىغا نىسبەتەن دەسلەپكى باسقۇچتا يەكلەش ئالامىتى بولىدۇ، ئاندىن كۆنۈپ كېتىدۇ، ئەنسىرىمەڭ.

غوجام بۇ سۆيۈملۈك يات ماددىسىغا كۆنۈپ بولغۇچە مەن ئۇنىڭ بىردىنلا ئۆزگىرىشكە باشلىغان بۇ خۇي ـ مىجەزىگە قانداق كۆنۈشنى بىلمەي تېڭىرقاپ يۈرەتتىم... ئەسلىيلىك بىلەن ئۆزگىرىش ئوتتۇرىسىدىكى جەريانلار ئەقلىمگە سىغمايتتى، ھەممىنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ شۇ قەدەر كۆنۈپ كەتكەن تۇرسام... سىلىق ـ سىپايە غوجام، دىراملاردا رول ئېلىۋاتقان ئاكتىيور تېكىستلەرنى يادقا ئېلىپ، دۇدۇقلاپ قىلىۋاتقاندەك تاقتا ـ تۇققا سۆزلەپ يۈرسە...

نېمە دېدىم، «شۇ قەدەر كۆنۈش»... يالغان! ئېغىزىمدىن بۇنداقلا چىقىپ كەتكەن گەپ، كۆنگەن بولسام ئىدىم... كۆنمەي نېمە ئامال؟!

— ئېرىڭنىڭ ئەھۋالى ياخشىدۇ؟

— بىلمىدىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟
— قىزىق، ئۇ مېنى ئەزەلدىن «سەن»لەپ باقمىغان... گەپ-لىرى شۇنداق تاقتا ـ تۇققا.
— ئۆتەپ بارە، — كۇلدى ئىسمائىل ئۇن چىقىرىپ.
— نەگە ئۆتىمەن؟ قايسى تەرەپكە؟
— تاللىشىڭ بولسا ئىدى، يا مېنىڭ تاللىشىم... قولۇڭ-دىن تارتىپ... ھەرگىز قويۇپ بەرمەيتتىم، ھېچكىمگە بەرمەيت-تىم، — ئىسمائىل قىسقا يۆتىلىپ بېقىنىنى تۇتتى.
— ئاغرىپ كەتتىمۇ؟
— ياق، ئەتىلىككە يېپىنى كىيسىدۇ، كارىۋاتتىن چۈشى-مەن، قېنى نېمە دەيدۇ شۇ ئېرىڭ، قېشىغا كىرىپ ئۆز قولىقىم بىلەن بىر ئاڭلاپ باقمىسام ھېساب ئەمەس.
— ئاڭلاپ نېمە قىلاتتىڭ؟
— ئاڭلىغۇم بار... ساڭا ياققان بولسىلا مەن خۇش...
— لېكىن، ئوخشىمايدۇ... سېنىڭكىگە ھېچكىمنىڭكى...
نېمىنىڭ زادى نېمىگە ئوخشىمايدىغىنىنى ئىسمائىل كۆڭلىدە پەملەپ بولدى.
— ئەمدى گەپ قىلما...
ئۇنىڭ قاپاقلىرى يېپىپ تۇرغان قارا كۆزلىرىگە قارىدىم.
— ماڭا بۇنداق قارىما، ئاغرىپ كېتىدۇ...
— مېنىڭمۇ... ئېچىشىپ... — چاناقلىرىمدىكى ياش تېشىپ كەتتى... — خوتۇنۇڭ قېنى؟ — دەررۇ گەپنى بۇرىدىم ياشلىرىمنى سۈرتۈپ، كۆزۈم يىغلىسىمۇ لەۋلىرىم كۈلۈپ تۇراتتى.
— سېستىرالار ئېلىپ چىقىپ كەتكەن، ھورداقتا چۈشۈۋات-قان بولۇشى مۇمكىن، ئۆرە بولۇشىدىن ئۈمىد يوق دېيىشىدۇ.
— ئىسىت، ئۇنىڭغىمۇ ئەزا كۆچۈرۈش كېرەك بولسا ئىدى.

— قانداق قىلاتتىڭ؟
— مەنمۇ ساڭا ئوخشاش يېرەتتىم.
— بىلىمەن لەيلى، چوقۇم يېرەتتىڭ...

*　　*　　*

ئىنسان تۇغۇم بىلەن ئۆلۈم ئوتتۇرىسىدىكى چەكلىك كەچمىشلىرىدە ئاجايىپ كۈچلۈك تاللاشلارغا دۇچ كېلىدىكەن، بۇ گېپىم ئۆزۈمگە شۇ قەدەر ئاجىز، سۈۋۈك بىلىندى. نېمىشقا مۇشۇنداق يازىمەن؟ نېمىشقا قەلبىمنى ھەرپلەردە سىزىمەن؟ لېكىن، سىزغانلىرىم ئىچىمدە قۇتراپ تۇرغان تۇيغۇلىرىمغا شەكىل بولالمايتتى، پەقەت قەلبىمنىڭ گۈڭگا، خىرە، تۇتۇق بىر قەۋەت پوستىنىلا سىزىپ بېرەلەيتتىم... ھەتتا ئۇنىمۇ ئەمەس، تەگرىمدىن قەلبىمدىكىنى سىزىپ بېرەلەيدىغان بىر ئىلاھىي رەڭنى تەلەپ قىلىش سالاھىيىتىم بولسا ئىدى، شۇنداق يۈرىكىمدىكى شۇ ساماۋى سىياقنى، شۇ پۇراق، شۇ تەم، شۇ لەززەت بىلەن ئىپادە قىلىپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلاتتىم.

نېمە دېسەم بولار؟ مۇشۇ قۇرلارنى يازغۇم يوق... يازسام باغرىم شەلۋەرەپ، يۈرىكىمدىن قان تامچىلايدۇ، چۈنكى ھەر نەرسىنىڭ مۇقەددىمىسى بولغىنىدەك، خاتىمىسىمۇ بولىدۇ... ياق، كىم ئاخىرلاشتى دەيدۇ؟! مۇقەددەس ئېرىشىشلىرىمنى شەكىللەشتۈرۈپ، قاتتىقلاشقان جەريانلارنىڭ سوغۇق تاپىنىدا ياڭجىتىشنىڭ ئۆزى نېمىگە ھېساب؟ بەلكىم بۇ ئۆمرۈمدە ئۆزۈمگە قىلغان تەسكىنلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولۇشى مۇمكىن... مەڭگۈلۈككە سوزۇلغان بىر ئېرىشىشنىڭ سەمەرىلىك تىنىقلىرى بېھىشنىڭ گۈل چاڭلىرىدەك دىماقلىرىمغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، دېمەكچى بولغىنىم نەزەرىمدىكى مەڭگۈلۈككە سوزۇلغان روھانىي دۇنيا! ئۆلۈمدىن قورقۇپ ياشىغان دەملىرىمدىكى نادانلى-

قىمغا ئىست... تىنىقلىرىم ئۈزۈلگەن دەقىقە مىڭ يىللىق مۇردىغا ئايلىنىپ، ھەممىدىن قۇتۇلمەن ھەممىدىن جۇدا بولۇپ ھېچنېمىنى تۇيمايمەن، تۇپراقتەك ئۇچۇپ، شامال ئۇچۇرغان توزغاقتەك توزىيمەن دەپمىدىم؟! تۇيغۇلارنىڭ ھەقىقەتكە ئايلانغان جەريانى، راستىلىقنىڭ بۈيۈك مۇقەددىمىسى دەل شۇ جايدىن باشلانماسمىدى؟ ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان ساماۋىلىقا يەتكۈچە سىدىناقلارغا يەنە بەرداشلىق بېرىشىم، ھاياتىمنى ياخشىلىق بىلەن زىننەتلىشىم كېرەكتۇ...

مۇشۇ كۈندىن ئۆلۈمدىن قورقىاندەك قورقاتتىم... لېكىن، ئۆلۈمدىن قورقۇپمۇ بۇ قەدەر قورقماس ئىدىم... يەنە نېمىدەپ قويدۇم؟! ئەتىدىن بېرى كىمگە يالۋۇرۇپ، كىمگە ۋەدە قىلدىم؟! ئۆزۈمگە!... بەك جىق تاققۇ ـ تۇقتا جەريانلارنى ھېكمەتنىڭ نۇسقىلىق رامكىسىغا ئېلىپ سۈرەتلىدىم، كىم ئۇچۇن؟ يەنىلا ئۆزۈم ئۇچۇن. غەيرەتلىك بول لەيلى خېنىم! سەن ماھىيەتتە كۆتكىنىڭگە ئېرىشتىڭ! بىر بۈيۈك روھىي پۈتۈنلۈككە...



*　　*　　*

— شۇنداق قىلىپ كېتەمسەن ئىسمائىل؟

— مىشىلدىما، ماڭا قاراپ بىرنى كۈلگىنە قارا قۇمچاق!

— گېپىڭدە تۇرمىدىڭ، ھامان مۇشۇنداق قىلىشىڭدىن ئەنسىرەيتتىم، ئەمما بىخۇدلىشىپتىمەن، ئۆزۈم ئىشلەپ تاپقان پۇل ئىدى، ئالساڭچۇ، يېرىمىنى بولسىمۇ...

— شۇنداق قىلىشنى خالىدىم، شۇنداق بەخت ئاخىرى ماڭا نېسىپ بولدى، ئاۋۋال سەن ئۇچۇن، ئاندىن بالىلىرىڭ ئۇچۇن، ئاخىرى ئۇنىڭ ئۇچۇن! ئۆزۈمچە سەن بىلەن ياشاۋاتقاندەك تەسەككىن تاپىدىكەنمەن... ياخشى ياشا لەيلى!

— ئۆتۈنەي، ئازراق بولسىمۇ ئالساڭ... كېرەك بولۇپ

قالار ئىدى.

— گەپ بىر، قوْلاق ئىككى! قارا، پۇت - قولۇم ساپمۇ ساق، — ئالىقانلىرىنى يېيىپ، بوغۇچلۇق ئايغىنىنى كۆتۈرۈپ قويدى ئىسمائىل. ئارىلىقىمىز بىر قەدەم، ياق ئۇنىڭدىن سەل - گىنە نېرى، ئەمما قەلبىمىز، يۈرىكىمىز بىر - بىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن، تۇتاشقان بىر پۈتۈنلۈكتە كىچىككىنە گۇ - مان، زەررىچە شەك - شۇبهە يوق ئىدى، — ئىشلەپ تاپقۇچىلى - كىم بار، نۆۋىتى كەلگەندە ئۇنى تېخىمۇ ئېھتىياجلىقلارغا ئىش - لەت! مېنى ئۇنىڭ بىلەن ئۆلچىسەڭ، ئۆزۈڭ بولماي قالىسەن قارا قۇمچاق... ئەجرىمنى بىر پۇل قىلما!

— چۈشەندىم!

— چۈشەنگەن بولساڭ ياخشى، ئارقاڭغا بۇرۇل! — ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈسكە كىردى، — ساناق سانايمەن، بىلىسەن، مەن دېگەن ساۋاتسىز ئادەم، ئۆزۈن ساناتما... كەي - نىڭگە ئۆرۈل، — مارشالدەك بۇيرۇق قىلدى ئۇ بىردىنلا، — ئارقاڭغا پەقەت قارىغۇچى بولما، ئاڭلىدىڭمۇ؟!

— ئاڭ... ئاڭلىدىم! باغ... رى... باغرى تاش... قاتتىق ئۆ - تۈك! — ئىچىمدىكى قىيان دەھشەتلىك يوپۇرۇلدى...

— بىر...

— ئىككى..

— ئىككى يېرىم...

— توختا!! سەندىن ئۆتۈنەي، دەقىقە توختاپ تۇر ئىسما - ئىل! — يۇمۇپ تۇرغان كۆزلىرىمنى ئېچىپ، ئاسماننى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېغىر كىرپىكلىرىمنى لەپ قىلىپ ئاجراتتىم. دۇنيا چاقپەلەكتەك چۆرگىلەۋاتاتتى، ۋاقىتنىڭ بۇزۇلغان ئىستىرېل - كىسىدەك مۇشۇ نۇقتىدا قېتىپ قېلىشىنى تىلەيتتىم، — سەن بىلەن يەنە كۆرۈشەرمەنمۇ؟!

— هامان بىر كۈنى كۆرۈشىمىز...

— قاچانلىقا، قاچان ئىسمائىل؟!

— سەن پەرىگە ئايلانغاندا...ئاندىن سەن، ئىگەمدىن باشقىغا تەۋە بولمىغان چاغدا.

— مېنى ئالامسەن؟

— ماڭا تېگەمسەن؟

— ئىسمائىل!

— ئۇن بالا تۇغۇپ بېرىسەن لەيلى، ۋەدە بەرگىن ئۇننى.

— ۋەدە بېرىمەن، ماقۇل، ئۇنىڭ بىرى مىركايىلنىڭ...

— ئۇچ!

تەڭلا كەينىمىزگە بۇرۇلدۇق، قەدەملىرىمىز بەكمۇ ئاستا، بەكمۇ ئېغىر ئىدى. كەينىمگە قارىماسلىق ئۈچۈن چىشلىرىمنى چىشلىرىمغا چىشلەيتتىم... بەلكىم ئۇمۇ ھەم قارىمىدى... ئىككى تەرەپكە سوزۇلغان بىر ئۇلۇغ رىشتە بارا ـ بارا سوزۇلۇپ باراتتى... قەدەملەر ئۈزلۈكسىز ئۈزىراپ باراتتى... ئىلاھا! مەنزىللەر قانچە ئۇزارغىنى بىلەن تۇتاشقان بىر پۈتۈن رىشتىلەرنى ئەمدى ھېچكىم، ھېچنېمە ئۈزەلمەيتتى...

شامال سوقۇپ تۇراتتى... مەغرىبتىكى قىزغۇچ قۇياش، كۆلگەن بۇلۇتلار قېتىغا چۆكۈشكە باشلىغانىدى.

... ئەتە يېڭى بىر تاڭ ئاتاتتى... سۈبھى قەلبىمدەك سۈزۈلۈشكە باشلايتتى...

2013 ـ يىل 14 ـ فېۋرال.

مەسئۇل مۇھەررىر : ئابلەت ئەيسا
تەكلىپلىك تەھرىر: ئىمرھەسەن مەخمۇت
مەسئۇل كوررېكتور: ئاينۇرقىز مەمتىمىن

GÖTTINGEN

# ئاق ۋە قارا



| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ |
| پوچتا نومۇرى | : | 100013 |
| تېلېفون نومۇرى | : | 010—64290862 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ يىخۇي باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتى |
| نەشرى | : | 2015 ـ يىل 9 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2015 ـ يىل 9 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 850×1168م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 13 |
| باھاسى | : | 35.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-13920-0/I・2652 维 378

图书在版编目(CIP)数据

白与黑 : 维吾尔文 / 阿拉屯古丽·热杰甫著. --北京 : 民族出版社, 2015.6
ISBN 978-7-105-13920-0

Ⅰ. ①白… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 151790 号

责任编辑：阿卜莱提·艾萨
特约编辑：依米尔艾山·买合木提
责任校对：阿依努尔克孜·买买提
出版发行：民族出版社 http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京艺辉印刷有限公司
版　　次：2015 年 9 月第 1 版　　2015 年 9 月北京第 1 次印刷
开　　本：850×1168 毫米 1/32
印　　张：13
定　　价：35.00 元

ISBN 978-7-105-13920-0/I·2652　维 378